بسم الله الرّحمن الرّحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٢

سورة آل عمران والنساء

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

2

## ئال ئىمران ۋە نىسا سۈرىلىرى

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


**مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن**

محمد يوسف محمد تورسون



ئىككىنچى توم | المجلد الثاني

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024 / 1446هـ

*ISBN:978–625–00–1246–8*

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل–تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بىشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇراززاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:

ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە

ئال ئىمران سۈرىسى ..... 009

مەنىسى ئېنىق ۋە كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر ..... 015
مال – دۇنيا ۋە بالىلار بىلەن كۆرەڭلەشنىڭ ئاقىۋىتى ..... 023
ئىنسان ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ..... 026
ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات ھەممىدىن ياخشىدۇر ..... 028
ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان دىن – ئىسلامدۇر ..... 033
پەيغەمبەرلەرنى ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغانلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى ..... 037
ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش ..... 039
ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى ..... 041
كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ گۇناھى ..... 044
ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ ..... 049
ھەزرىتى مەريەمنىڭ تۇغۇلۇشى ..... 052
زەكەرىييا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى ..... 056
ھەزرىتى مەريەم ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ قىلغان ئىنئاملىرى ..... 060
ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 062
ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان ئەھۋالى ..... 068
ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دېگۈچىلەرگە رەددىيە ..... 074
تەۋھىد كەلىمىسى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ..... 078
ئەھلى كىتابنىڭ مەۋقەسى ..... 081
يەھۇدىيلاردىكى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ۋە ئامانەتنى ساقلاش دەرىجىسى ..... 085

يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن يالغان سۆزلىشى ........ 090
ئەھلى كىتابنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسىگە رەددىيە ........ 091
ئەھلى كىتابتىن ئېلىنغان ئەھدە ........ 093
مۇئمىنلەرنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىمانى ........ 096
ئىماندىن كېيىن كۇفرىغا قايتقانلارنىڭ جازاسى ........ 098

## تۆتىنچى پارە

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ........ 102
يەھۇدىيلارنىڭ بەزى يېمەكلىكلەرنى هارام دەۋالغانلىقى ........ 104
مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەج پەرزى ........ 107
ئەھلى كىتابنىڭ تەرسالىقى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشى ........ 113
كاپىرلارغا ئىتائەت قىلماسلىق ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا چىڭ تۇرۇش ........ 114
ئىلاھىي تەلىمات ........ 119
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ........ 124
ئەھلى كىتابتىن مۇئمىن بولغانلار ........ 129
كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ........ 131
مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا ساداقەت باغلىشىنىڭ خەتەرلىرى ........ 133
بەدرى غازىتى ........ 136
ئۇھۇد غازىتى ........ 137
بەدرى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشلىرى ھەققىدىكى ئايەتلەر ........ 138
مۇئمىنلەرگە كۆرسەتمىلەر ۋە بېشارەتلەر ........ 144
ئاللاھ تائالا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت ۋە ياخشى ئاقىۋەتنىڭ مۇئمىنلەرگە خاسلىقى ........ 149
ئۇھۇد غازىتىدىن ساۋاقلار ........ 154
ئىلاھىي تەلىمات ........ 158
ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭىلىش سەۋەبى ........ 162
مۇئمىنلەردە قۇربان بېرىش ۋە جىھاد قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ........ 168
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن نەمۇنىلەر ........ 171

مۇناپىقلارنىڭ نومۇسسىزلىقى 177
ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ مۇكاپاتى 181
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى ۋە بەزى ئەھكاملار 187
بېخىللىق ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ زىيانلىرى 193
ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ سىناقلىرى 198
ئەھلى كىتابنىڭ بەزى رەزىللىكلىرى 201
ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدە
تەپەككۇر قىلىش 205
مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتلىرى ۋە كاپىرلارنىڭ جازالىرى 212

نىسا سۈرىسى 218

ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش ماددىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى 218
يېتىملەر ۋە ئۇلار توغرۇلۇق ئەھكاملار 221
كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادالەت 223
كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش 225
يېتىملەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى قوللىرىغا تاپشۇرۇش ۋاقتى 228
يېتىملەر ۋە ئاياللارنىڭ مىراس ھەقلىرى 232
مىراس ئايەتلىرى 235
ئەر-ئاياللارنىڭ ھەقلىرى 241
زىنا ۋە ئۇنىڭ جازاسى 243
تەۋبە قاچان قوبۇل بولىدۇ؟ 245
ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ 248
نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار 252

## بەشىنچى پارە

نىكاھنىڭ ئەھكاملىرى 256
پاھىشە قىلغان چۆرىلەرنىڭ جازاسى 259
يۇقىرىقى ئەھكاملارنىڭ ھېكمەتلىرى 262
مۇھىم بەلگىلىمىلەر 265
ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنىڭ رەتكە سېلىنىشى 272

ۋەز-نەسىھەت ........ 277
تەرغىب ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ........ 282
نامازنىڭ بەزى شەرتلىرى ۋە تەيەممۇم رۇخستى ........ 284
يەھۇدىيلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى ........ 289
ئەھلى كىتابنى ئاگاھلاندۇرۇش ........ 293
ئەھلى كىتابنىڭ جازاسى ........ 297
كۇفرىنىڭ جازاسى ۋە ئىماننىڭ مۇكاپاتى ........ 304
ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي سىياستى ........ 306
مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ........ 312
ئۇرۇش ۋە تىنچلىق پرىنسىپلىرى ........ 317
ئىسلامدا ئۇرۇش سىياستى ........ 322
ئىرادىسىزلارنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ........ 327
ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........ 331
«قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر ........ 334
ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ خەتىرى ........ 337
جىھاد چاقىرىقى ........ 339
قۇرئاننىڭ ئەدەپ-ئەخلاق دەستۇرلىرىدىن ........ 341
مۇناپىقلار ۋە ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ........ 346
مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى ........ 350
كىشىلەرگە ئالدىراپ باھا بېرىشنىڭ خاتالىقى ........ 355
ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ........ 358
ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭدىن قېلىپ
قالغۇچىلار ........ 360
ھىجرەتنىڭ مەنىسى ........ 363
ھىجرەتنىڭ باسقۇچلىرى ........ 364
ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟ ........ 365
ھىجرەتنىڭ شەرتى ........ 365
سەپەر ۋە جىھاد ئەسناسىدا ناماز ئوقۇش كەيپىيتى ........ 367
دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىش ........ 373
ھەق- ھوقۇقلارنى قوغداشتا ۋە ھۆكۈم ئىجرا قىلىشتا يۈز-

خاتىرە قىلماسلىق.......... 375
ئىلاھىي تەلىماتلار.......... 381
ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ خەتىرى ۋە شەيتاننىڭ پالاكىتى.... 384
قۇرۇق ئارزۇنىڭ پايدىسىزلىقى ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى...... 389
ئاجىزلارنىڭ ھەقلىرى ۋە ئەر- ئاياللارنىڭ جىدەللىرى.......... 392
ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى.......... 399
ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا
ئىمان كەلتۈرۈش.......... 402
مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى.......... 406
كاپىرلارغا تەرەپدار بولۇشنىڭ ۋە مۇناپىقلىقنىڭ جازاسى.......... 413

## ئالتىنچى پارە

يامان سۆزنى ئاشكارىلاشنىڭ زىيىنى.......... 417
ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ نەتىجىسى.......... 419
يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسىم قىلمىشلىرى.......... 422
ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى...... 430
خرىستىيان دىنىغا چاقىرغۇچىلارنىڭ سەپسەتىسى.......... 431
يەھۇدىيلارنىڭ ئاسىيلىقى.......... 433
پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ھېكمىتى.......... 435
كاپىرلارنىڭ جازاسى.......... 442
«قۇرئان كەرىم»دىكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام.......... 445
ئومۇمىي دەۋەت.......... 453
مىراستا قېرىنداشلارنىڭ ھەقلىرى.......... 455

# ئال ئىمران سۈرىسى

ئال ئىمران سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 200 ئايەتلىك سۈرىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ 34-ئايىتىدىن 37-ئايەتلىرىگىچە بولغان بايانلار ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئاتىسى ئىمران ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ھەققىدە بولغانلىقتىن،

سۈرىنىڭ ئىسمى ﴿آل عمران﴾ «ئال ئىمران» يەنى (ئىمران ئائىلىسى) دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇئمىنلەرنى ئىسلام ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ۋە ئەھلى كىتابنىڭ، خۇسۇسەن خرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى بەزى شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓمٓ ﴿١﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُ ﴿٢﴾ نَزَّلَ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ
بِٱلۡحَقِّ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَأَنزَلَ ٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ ﴿٣﴾ مِن
قَبۡلُ هُدٗى لِّلنَّاسِ وَأَنزَلَ ٱلۡفُرۡقَانَۗ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ
لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٞ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٤﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَخۡفَىٰ
عَلَيۡهِ شَيۡءٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ ﴿٥﴾ هُوَ ٱلَّذِي يُصَوِّرُكُمۡ فِي
ٱلۡأَرۡحَامِ كَيۡفَ يَشَآءُۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٦﴾﴾

◄ **تەرجىمىسى**

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ

بېشىدا ئۆتتى).

2ـ ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، (ھەممىنى) ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

3ـ4ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولغۇچى كىتاب (قۇرئان)نى ھېكمەت بىلەن تەدرىجىي نازىل قىلدى. ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى؛ ئەمدى بولسا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا قاتتىق ئازاب بار. ئاللاھ غالىبتۇر، (كاپىرلارنى) جازالىغۇچىدۇر.

5ـ شەكسىزكى، ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر.

6ـ ئۇ سىلەرنى بالىياتقۇدىكى چېغىڭلاردا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدىغان زاتتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، يۇقىرىقى ئايەتلەر نەجراندىن[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن خرىستىيانلار ھەيئىتى ھەققىدە نازىل بولغان[2].

ئۇ ۋاقىتتا نەجران خرىستىيانلىرىدىن ئاتمىش كىشىلىك بىر ھەيئەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەبىلە مۆتىۋەرلىرى، ئۆلىمالىرى ۋە نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن تەشكىللەنگەن 14 كىشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھىم ئىككى ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ، ئىسمى ئابدۇلمەسىھ ئىدى، قەبىلىدىكىلەر ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي ئىش قىلمايتتى. يەنە بىرى، بۇ ھەيئەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئىسمى ئەيھەم ئىدى. بۇ ئىككىسى پەيغەمبەر

---

[1] نەجران– ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، يەمەن بىلەن چېگرالىنىدۇ ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئون ئۈچ چوڭ شەھىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامدىن ئىلگىرى بۇ رايوندا خرىستىيانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى، ھازىر كۆپ سانلىقنى شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيە تارمىقى ئىگىلەيدۇ.

[2] «التفسير الواضح» 1ـ توم، 205 ـبەت.

ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئىمان ئېيتىڭلار» دېگەندە، ئۇلار: «بىز سەندىن بۇرۇنلا ئىمان ئېيتىپ بولغان» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر. سىلەرنى ئىمان ئېيتىشتىن توسقان نەرسە سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلىشىڭلار، كرىستقا چوقۇنۇشۇڭلار ۋە چوشقا گۆشىنى يېيىشىڭلاردۇر» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەگەر ئىيسانىڭ ئاتىسى ئاللاھ بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاتىسى كىم؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىشكە چۈشۈپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر بالىنىڭ ئاتىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەلۋەتتە بىلىمىز» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك ھايات ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچ ئۆلمەيدىغانلىقىنى، ئەمما ئىيسانىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى بىلمەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەلۋەتتە بىلىمىز» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «رەببىمىزنىڭ ھەممىنى باشقۇرۇپ ۋە ھەممە جانلىققا رىزىق بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار «ئەلۋەتتە بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «ئىيسا مۇشۇلارنىڭ بىرەرسىنى قىلالامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار «ياق، قىلالمايدۇ» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «رەببىمىز ئاللاھ ئىيسانى ئانىسىنىڭ قارنىدا ئۆزى خالىغان شەكىلدە ياراتقان زاتتۇر، رەببىمىز يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ھاجەتكە بارمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار «ئەلۋەتتە شۇنداق» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئىيسانىڭ ئانىسى مەريەمنىڭ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئىيساغا ھامىلىدار بولغانلىقىنى، ئاندىن باشقا ئاياللار تۇغقاندەك ئۇنى تۇغقانلىقىنى، ئاندىن ئىيسانىڭ باشقا بوۋاقلارغا ئوخشاش ئۆز ئانىسىنى ئەمگەنلىكىنى، ئاندىن باشقا بالىلارغا ئوخشاش يەپ، ئىچىپ ۋە ھاجەتكە بېرىپ چوڭ بولغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار «ئەلۋەتتە بىلىمىز» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇنداق بىرى قانداقمۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ بولسۇن؟!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىم بولۇپ قالىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ بېشىدىن باشلاپ 80 دىن كۆپرەك ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

[1] «أسباب النزول للواحدي» 100-بەت.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى ۋە ئۇلى بولغان تەۋھىد (ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش) ئەقىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان ئازغۇنلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدىكى ئويدۇرمىلارنى پاش قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەجەللىك رەددىيە بېرىش بىلەن باشلىغان. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا، ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا قورقۇشقا، بويسۇنۇشقا، تايىنىشقا لايىق، كىشىلەرگە پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بىرەر سەلتەنەت ئىگىسى يوقتۇر. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىسى يېگانە ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا ھەمىشە ھايات بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ياكى تۈگەنچىسى يوقتۇر. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ پەرۋىشى ۋە ئىدارە قىلىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. خرىستىيانلارنىڭ «ئىيسا – ئاللاھتۇر» دېگەن سەپسەتىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنىڭ ئاددىي بىر دەلىلى شۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشتىن بۇرۇنمۇ ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئويئوچۇق ھەقىقەتتۇر. ئۇنداقتا ئۇلارنى كىم ياراتقان؟ ئۇلارنىڭ نىزام-سىستېمىلىرى بۇزۇلماستىن قانداق داۋاملىشىپ كەلگەن؟ ئۇلارنى كىم ئىدارە قىلىپ كەلگەن؟ تەبىئىيكى، ئۇلارنى ياراتقان ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئۇلارنى ئاخىرىغىچە ئىدارە قىلىدىغان زاتمۇ يەنىلا ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ باشلىنىشى بولمىغاندەك، ئۇنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتىمۇ يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەمىشە ھاياتتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ياراتقان بىر ئىنساندۇر، ئۇ ھەرگىز ئىلاھ ئەمەس»[1].

ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى كىتابلاردۇر. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئۆز ئىلمى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغاندەك، مەزكۇر كىتابلارمۇ

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 205- بەت.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچىدۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» مەزكۇر كىتابلاردىكى خەۋەرلەر ۋە بېشارەتلەرگە مۇۋاپىقلاشقان ھالدا كەلگەن ساماۋى كىتابتۇر.

ئى ئەھلى كىتاب! ئاللاھ تائالا ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىنجىل»نى نازىل قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان. سىلەرگىمۇ مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ۋەھيىلەرنى نازىل قىلدى، شەرىئەتلەرنى بەلگىلىدى. سىلەر ئېتىقاد قىلغاندەك ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىلاھ ئەمەس، ئۇ پەقەت باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئۆز نۆۋىتىدىكى بىر پەيغەمبەردۇر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىدۇر. ئەھۋال مۇنداق تۇرسا، سىلەر ئۇنى قانداقمۇ ئىلاھ دەۋالىسىلەر؟!

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ھەق كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى، توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئەقىل بىلەن ۋىجداننى ئاتا قىلدى. ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىر بەندە، ئۇ كىشىلەرگە ئەقىل ياكى ۋىجدان ئاتا قىلغۇچى ئەمەس. ئۇ قانداقمۇ ئىلاھ بولسۇن؟! ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بەندە ئىكەنلىكىنى ھەمىشە تىلغا ئېلىپ كەلگەن ۋە ئىلاھلىق سۈپەتلەردىن بىرەر سۈپەتكىمۇ ئىگە بولمىغان بىر بەندىنى قانداقمۇ ئىلاھ دەۋالىسىلەر؟! ئەي ئەخمەق مۇنازىرىچىلەر! سىلەر بۇنداق مۇنازىرىلىرىڭلار بىلەن ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چەتنەپ كەتتىڭلار!

ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى، كامالىي سۈپەتلىرىنى ۋە چەكسىز ئىلىم ـ ھېكمەتلىرىنى بايان قىلغان روشەن ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بار. چۈنكى، مۇنداق كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشنى ئۇنتۇغان ھالدا، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلاردۇر.

ئى خىرىستىيانلار ھەيئىتى! سىلەرمۇ بۇ سەپسەتىلىك مۇنا- زىرىلىرىڭلار سەۋەبلىك مۇشرىكلاردىن سانىلىسىلەر. چۈنكى، سىلەر «ئىيسا غەيبنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئىلاھتۇر» دېگەن سۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان بولدۇڭلار. ئىلاھ ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچقانداق بىر

نەرسە مەخپىي ئەمەس. ھالبۇكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام غەيبلەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلارنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ قانداقمۇ ئىلاھ بولسۇن؟!

سىلەرنىڭ «ئىيسا ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئىلاھ بولۇشقا ۋە ئاللاھنىڭ ئوغلى بولۇشقا تېگىشلىكتۇر» دېگەن گېپىڭلار نە ئەقىلگە، نە مەنتىقىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سەپسەتىدۇر. چۈنكى، بىراۋنىڭ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز دۇنياغا كېلىشى ئۇنىڭ ئىلاھ بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان بولسا، نە ئاتىنىڭ، نە ئانىنىڭ ۋاستىسىسىز دۇنياغا كەلگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىلاھ بولۇشقا ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن بەكرەك ھەقلىق ئەمەسمىدى؟ ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، ئىيسا ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنىڭ ھېچبىرى ئىلاھ ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىلاھلىق دەۋاسىدىمۇ بولغان ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىدۇر.

مەخلۇقات قايسى تەرىقىدە يارىتىلغان بولسۇن، ئۇلار بەربىر ئاللاھ تائالا ياراتقان مەخلۇقات قاتارىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ياراتقۇچى زات ئۇلارنى قانداق ئۇسۇل ۋە قانداق شەكىل بىلەن يارىتىشتا مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانني ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىكى چېغىدا ئۆزى خالىغانچە شەكىللەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىر جانلىقنى ياراتقان ئەمەس. بەلكى ئۇ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنىڭ قورسىقىدا ئاللاھ تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن بەندىدۇر. ئانىدىن تۇغۇلغان بىر ئىنسان قانداقمۇ ئىلاھ بولسۇن؟!

ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بىردۇر، بارلىق مەۋجۇدات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بىرەر مەخلۇقاتقا ئاتا بولۇشتىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە مۇنداق تۆھمەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ﴿ئەلىف، لام، مىيم﴾ – مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ھەرپلەردىن بولۇپ، كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالا بۇ ھەرپلەر بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن مەغرۇر ئەرەبلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ، گويا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «ئى

ئەرەبلەر! قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىشتىن نىمە ئۈچۈن ئاجىز كەلدىڭلار؟ ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئايەتلىرى «ئەلىف»، «لام»، «مىم» قاتارلىق ئەرەب ئېلىپبەسىدىن تەركىب تاپقان ئەمەسمۇ؟ شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندىن كېيىن، نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيسىلەر؟».

2. ئاللاھ تائالا بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى بالىسى يوقتۇر.

3. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى يېگانە ئاللاھتۇر.

4. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

5. «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر.

6. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى «تەۋرات» بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى «ئىنجىل» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى كىتابلاردۇر.

7. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولغۇچىلاردۇر.

8. ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ھەممە ئىشتىن ۋە ھەممە نەرسىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ھېچقانداق شەيئى ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر.

9. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىكى چېغىدا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزگۈچىدۇر.

10. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئىشتا غالىب ۋە ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

## ◄ مەنىسى ئېنىق ۋە كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر

﴿هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ مِنۡهُ ءَايَٰتٞ مُّحۡكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ
ٱلۡكِتَٰبِ وَأُخَرُ مُتَشَٰبِهَٰتٞۖ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمۡ زَيۡغٞ فَيَتَّبِعُونَ
مَا تَشَٰبَهَ مِنۡهُ ٱبۡتِغَآءَ ٱلۡفِتۡنَةِ وَٱبۡتِغَآءَ تَأۡوِيلِهِۦۗ وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ

إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ
رَبِّنَاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٧﴾ رَبَّنَا لَا تُزِغۡ قُلُوبَنَا بَعۡدَ إِذۡ
هَدَيۡتَنَا وَهَبۡ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةًۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡوَهَّابُ ﴿٨﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ
جَامِعُ ٱلنَّاسِ لِيَوۡمٖ لَّا رَيۡبَ فِيهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ﴿٩﴾

## تەرجىمىسى

7ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭدا مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان) ئايەتلەر بار. دىللىرىدا ئەگرىلىك بولغان كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئايەتلەرنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇكى: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى رەببىمىز تەرىپىدىن كەلگەن». (بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند-نەسىھەت ئالىدۇ.

8ـ(ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇ:) «ئى رەببىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن دىلىمىزنى توغرا يولدىن بۇرۇۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن. چۈنكى، سەن بەكمۇ ئاتا قىلغۇچىسەن.

9ـئى رەببىمىز! كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان(قىيامەت) كۈنىدە كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن». شەكسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

## تەپسىرى

خىرىستىيانلار «قۇرئان كەرىم»دىكى ﴿إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرۡيَمَ وَرُوحٞ مِّنۡهُۖ﴾ يەنى ﴿مەسىھ - مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئاللاھنىڭ مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر، ئاللاھ تەرىپىدىن بىر روھتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش سىياقتىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ قالىدىغان بەزى ئايەتلەرنى دەلىل

---

[1] نىسا سۈرىسى: 171ـئايەت.

قىلىپ تۇرۇپ، «ئىيسا – ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر» دەيدىغان سەپسەتىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەنىسى ئېنىق، بىرلا مەنىگە دالالەت قىلىدىغان، بەزىسىنىڭ كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان، مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

﴿مُّحۡكَمَٰتٌ﴾ يەنى «مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر» دېگىنىمىز: بىرلا مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەر دېگەنلىك بولۇپ، ھالال-ھارامنى، ئىبادەتلەرنى، شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى، ۋەز-نەسىھەتلەرنى بايان قىلغان ئايەتلەرگە ئوخشاش[1]. مەسىلەن: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنًاۚ﴾ يەنى ﴿رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى﴾[2] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش، شۇ مەنىدىن باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلىمەيدىغان ئايەتلەردۇر. بۇنداق ئايەتلەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ۋە ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

﴿مُتَشَٰبِهَٰتٌ﴾ يەنى «كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر» دېگىنىمىز: دالالىتى بىرلا مەنىگە قارىتىلغان ئەمەس، كۆپلىگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىشى مۇمكىن بولغان، پەقەت مەنىسى ئېنىق بولغان ئايەتلەر ئارقىلىقلا مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى بىلگىلى بولىدىغان ئايەتلەر دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: بەزى سۈرىلەرنىڭ باشلىنىشىغا، غەيبكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە ئوخشاش[3]. دېمەك، كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر ﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ عَلَى ٱلۡعَرۡشِ ٱسۡتَوَىٰ﴾ يەنى ﴿رەھمان ئاللاھ ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىدى﴾ [4]، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نازىل بولغان: ﴿وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرۡيَمَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر﴾[5] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش لەۋزىدىكى ئوچۇق مەنىسىدىن باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان، ھەقىقىي مەنىسىنى

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1- توم، 286- بەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 23-ئايەت.
[3] «أيسر التفاسيرلكلام العلي الكبير» 1- توم، 286- بەت.
[4] تاھا سۈرىسى: 5-ئايەت.
[5] نىسا سۈرىسى: 171-ئايەت.

ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئايەتلەردۇر.

كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ بەزىسى، يەنە شۇ ماۋزۇدا نازىل بولغان مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر ئارقىلىق چۈشىنىلىدۇ. مەسىلەن: نىسا سۈرىسىدىكى: ﴿وَرُوحٌ مِّنۡهُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى زۇخرۇف سۈرىسىدىكى: ﴿إِنۡ هُوَ إِلَّا عَبۡدٌ أَنۡعَمۡنَا عَلَيۡهِ﴾ يەنى ﴿ئۇ (ئىيسا) پەقەت بىز (پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشتۈرگەن بىر بەندىدۇر﴾[2] دېگەن ئايەت بىلەن چۈشىنىلگىنىگە ئوخشاش.

ئاللاھ تائالا نەجراندىن كەلگەن خىرىستىيانلار ھەيئىتىگە كايىپ دەيدۇكى: ئى خىرىستىيان مۇنازىرىچىلىرى! سىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس، كۆپ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، بۇ ئايەتلەرنى ئۆزۈڭلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان يەردە، نېمە ئۈچۈن يەنە شۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿لَّن يَسۡتَنكِفَ ٱلۡمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبۡدًا لِّلَّهِ وَلَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ٱلۡمُقَرَّبُونَ﴾ يەنى ﴿مەسىھمۇ، (ئاللاھقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ﴾[3] دېگەن مەنىسى ئېنىق ئايەتكە ئىشەنمەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ، باتىلغا ئەگەشكەن كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەۋىل قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە-ئىغۋا قوزغاش، دىندا شەك پەيدا قىلىش، ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنى ئازدۇرۇش قاتارلىق ئۆزلىرىنىڭ رەزىل غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. سىلەرمۇ شۇنداق بۇزغۇنچىلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىسىلەر. سىلەر مۇنازىرە ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىزدەشنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى بۇرمىلاشنى كۆزلەيسىلەر. چۈنكى سىلەر كىشىلەرنى ئازدۇرۇش خىيالىدا بولۇۋاتىسىلەر.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدىكى ئىختىلاپىنى بايان قىلىپ مۇنداق

[1] نىسا سۈرىسى: 171-ئايەت.
[2] زۇخرۇف سۈرىسى: 59-ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى: 172-ئايەت.

دېگەن: «ئۆلىمالار ﴿وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ﴾ دېگەن سۆز ئالدىنقى ﴿وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ﴾ دېگەن سۆزدىن مۇستەقىل سۆزمۇ ياكى ئالدىنقىسىغا باغلىنىشلىقمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ سۆزنى ئالدىنقىسىدىن مۇستەقىل دەپ قارىغان. ئۇلار: ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئائىشە، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردۇر. شۇڭا ئۇلار ئايەتنىڭ ﴿وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ﴾ دېگەن يېرىدە توختاپ: ﴿وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ...﴾ دېگەن كېيىنكى قىسمىنى ئايرىم ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئىلىمدە تونۇشقانلارنىڭ ئىلمى ﴿ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ﴾ دېگەن يەرگىچە بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئەللامە تەبەرىيمۇ مالىك ئىبنى ئەنەستىن بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزنى رىۋايەت قىلغان. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ﴿وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ﴾ دېگەن يەردە توختاپ، ﴿وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ...﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ ئوقۇش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما مۇجاھىد قاتارلىق بەزى ئۆلىمالار ئايەتنى توختىماي ئوقۇشنى، يەنى ﴿وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ...﴾ دەپ ئۇلاپ ئوقۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن. چۈنكى ئۇلار «بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئىلىمدا تونۇشقانلارمۇ بىلىدۇ» دەپ قارىغان»[1].

مەزكۇر ئايەتنى توختاپ ئوقۇش لازىم دەيدىغان ئۆلىمالارنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئىلىمدە تونۇشقانلار كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر توغرۇلۇق: ﴿ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى رەببىمىز تەرىپىدىن كەلگەن﴾ دېيىش ئارقىلىق كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىغا، گەرچە ئۆزلىرى باشقىلارغا نىسبەتەن كۆپرەك بىلسىمۇ، يەنىلا ئاللاھ تائالا مەقسەت قىلغان مەنىلەرنى بىلىشتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز كېلىدىغانلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىقرار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختىشىدىكى سەۋەبمۇ، ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىم بىلەن بىلگىلى بولىدىغان قىسمىغا كۇپايە قىلىپ، مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرنىڭ ۋە غەيبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانلىقى ۋە ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىن-

[1] «تفسيرالقرطبي» 4- توم، 17- بەت.

غانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى ئۇلاپ ئوقۇغاندا، «مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئاللاھ تائالا بىلگەندەك، ئىلىمدە توشقانلارمۇ بىلىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئېھتىيات يۈزىسىدىن بۇ ئايەتنى ئۇلاپ ئوقۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن.

ئايەتنى يۇقىرىقى ئورۇندا توختىماستىن، ئۇلاپ ئوقۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى شۇكى، ئاللاھ تائالا مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆز خاھىشى بويىچە تەۋىل قىلغۇچىلارنى ئەيىبلىگەن. ئەمما ئىلىمدە توشقانلار ئەيىبلەنگەنلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. چۈنكى، بۇلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئىلىم-مەرىپەت، ئىلھام ۋە ئەقىل-پاراسەتلىرى بىلەن مەنىسى ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرنىڭمۇ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا دۇئا قىلىپ: «اللّٰهُمَّ فَقِّهْهُ فِي الدِّينِ وَعَلِّمْهُ التَّأْوِيلَ» يەنى «ئى ئاللاھ! ئۇنى دىندا ئالىم قىلغىن، ئۇنىڭغا تەپسىر ئىلمىنى بىلدۈرگىن»[1] دېگەنلىكىنىڭ سىرى ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە ئىلىم ئىگىلىرىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئۇلارنى تەقلىد قىلىشىنى رەت قىلغان. بۇ مەسىلىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز رايىنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىللىرى بار. ئەمما كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ئالدىنقى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرگەن.

سوئال: نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەر ئورۇن ئالغان؟ ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسى ئېنىق ۋە ئوچۇق بولۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟

جاۋاب: «قۇرئان كەرىم»دىكى مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. مۇنداق ئايەتلەر مۇتلەق كۆپلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن مەسىلىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ

[1] «مسند أحمد» 4- توم، 225-بەت، 2397- ھەدىس، «المستدرك على الصحيحين للحاكم» 3-توم، 615-بەت، 6280-ھەدىس.

ھېكمىتىگە ئاساسەن، ئىنسانلارغا كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان (مەنىسى ئېنىق ئەمەس) ئايەتلەرنىمۇ نازىل قىلغان. بۇنىڭدىكى سىر ھەقىقىي ئىمان بىلەن تەقلىدىي ئىماننى پەرقلەندۈرۈش ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئىماننى كۈچەيتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ، ئالىملارنىڭ ئىزچىل ئىزدىنىشى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر ئىشارەت بولسا كېرەك. شۇڭا ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە: «دىندا توشقانلار دېمەستىن»، ﴿وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ﴾ يەنى ﴿ئىلىمدە توشقانلار﴾ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا «مَنْ برّت يمينُه، وصدق لسانُه، واستقامَ قلبُه» يەنى «ئۇ دىلى دۇرۇستلۇق بىلەن، تىلى راستچىللىق بىلەن تولغان، يالغان گەپ قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان كىشىدۇر» [1] دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇنداق ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېگانە ھىدايەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەنىسى ئېنىق، ھەرقانداق كىشى چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ، ھەركىمنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا، بىلىم سەۋىيەسىگە يارىشا خىتاب قىلىنغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار دۇئالىرىدا: «ئى رەببىمىز! سەن بىزنى ئۇلۇغ ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، دىلىمىزنى بۇ توغرا يولدىن ھەرگىز بۇرۇۋەتمىگىن، بىزگە ئۆز دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن. چۈنكى، سەن ھەقىقەتەن بەكمۇ ئاتا قىلغۇچى رەببىمىزسەن. ئى رەببىمىز! كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان شۇ قىيامەت كۈنىدە، ياخشىلىقلا مۇكاپات ۋە يامانلىققا جازا بېرىش ئۈچۈن ئىنسانلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدىغانلىقىڭ ھەق ۋە راستتۇر» دەپ مۇناجات قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىم ياكى دۇنيالىق ئىلىم ۋە ئاخىرەتلىك ئىلىم دەپ ئايرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئىلىمدۇر، ھەممىسى ئاخىرەتلىك ئىلىمدۇر. ئەكسىچە، گەرچە تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئوقۇسىمۇ، ئۇنى زالىملارغا خىزمەت قىلىش ياكى ئابرۇي قازىنىش ۋەياكى دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈنلا ئوقۇسا، ئۇ دىنىي ئىلىم ھېسابلانمىغاندەك، ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە بىيولوگىيەگە ئوخشىغان تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا

---

[1] «أيسرالتفاسير لكلام العلي الكبير» 1- توم، 286- بەت.

خىزمەت قىلدۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇسا، ئۇمۇ دىنىي ئىلىم ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇلغان ئاخىرەتلىك ئىلىم بولىدۇ. دېمەك، نىيەت ھەممىدىن ئەلا. ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ئىلىملەر تۈرلەرگە ئايرىلمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بىرۇنىي، خارەزمىي، فارابىي، ئىبنى رۇشد، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى سىنا قاتارلىق سان ـ ساناقسىز ئالىملارنىڭ ھەربىرى دىندا ئالىم بولغىنىنىڭ سىرتىدا، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدە ئەڭ ئاۋۋال پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋىي ئاساسلىرىنى تۇرغۇزغان كىشىلەر ئىدى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئىچىدە، مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر بولغاندەك، ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەنىسى ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرمۇ بار. مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى ۋە دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەنىسى ئېنىق ئەمەس ئايەتلەر بولسا مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىلمىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئايەتلەردۇر.

2. دىللىرى ئازغۇنلۇققا مايىل بولغانلار «قۇرئان كەرىم»دىكى مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، پىتنە ـ ئىغۋا قوزغاش ۋە بۇ ئايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يامان مەقسەت ۋە رەزىل غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەۋىل قىلغۇچىلاردۇر.

3. مەنىسى ئىنسانلارغا ئېنىق ئەمەس ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

4. ئىلىمدە توشقانلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا، ئايەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنىدۇ، ئىنسانلارغا بېرىلگەن ئىلىم ۋە ئەقىل دائىرىسىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە بىلمىگەنلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىگە تاپشۇرىدۇ.

5. ئەقىل ئىگىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدۇ.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى ئاللاھ تائالادىن ھەمىشە تىلەش ۋە شۇ يولدا ئىزچىل مېڭىش ئەقىل ۋە ئىلىم ئىگىلىرىگە خاس بىر ئەۋزەللىكتۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى تەلەپ قىلىش ئىبادەتتۇر.

8. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئەڭ مېھرىبان ۋە ھەمىشە ئۇلارغا رەھمەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

9. ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن ئىنسانلارنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان بارلىق قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك مۇكاپات-جازالارنى بېرىدىغانلىقى ھەقتۇر.

10. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھ تائالا قىلغان ۋەدىلىرىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغۇچىدۇر.

### ◄ مال - دۇنيا ۋە باللار بىلەن كۆرەڭلەشنىڭ ئاقىۋىتى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن تُغْنِيَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ
شَيْـًٔاۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمْ وَقُودُ ٱلنَّارِ ﴿١٠﴾ كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْۚ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْۗ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ
﴿١١﴾ قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ سَتُغْلَبُونَ وَتُحْشَرُونَ إِلَىٰ جَهَنَّمَۖ وَبِئْسَ
ٱلْمِهَادُ ﴿١٢﴾ قَدْ كَانَ لَكُمْ ءَايَةٌ فِى فِئَتَيْنِ ٱلْتَقَتَاۖ فِئَةٌ تُقَٰتِلُ فِى
سَبِيلِ ٱللَّهِ وَأُخْرَىٰ كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُم مِّثْلَيْهِمْ رَأْىَ ٱلْعَيْنِۚ وَٱللَّهُ يُؤَيِّدُ
بِنَصْرِهِۦ مَن يَشَآءُۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّأُوْلِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿١٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

10-شەكسىزكى، كاپىرلارنىڭ پۇل-ماللىرى، باللىرى ئاللاھنىڭ (ئازابى) ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر.

11 ـ (ئۇلارنىڭ ھالى) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقاردى، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى، ئاللاھنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر.

12 ـ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!».

13 ـ (ئى يەھۇدىيلار! بەدرى غازىتىدا) ئۇچراشقان شۇ ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار ئىدى، بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى كۆزلىرىگە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدەك ئىككى ھەسسە كۆرۈنۈپ كەتكەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

## ◄ تەپسىرى

نەجران خرىستىيانلىرىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىقىدا چىڭ تۇرغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە پىتنە ـ ئىغۋالارنى قوزغاشقا ئۇرۇنغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مەيلى خرىستىيان بولسۇن، مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسۇن ۋە مەيلى باشقا كاپىرلار بولسۇن، بارلىق كاپىرلار گۇرۇھىنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى، كاپىرلار قىيامەت كۈنىدە چوقۇم دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسە قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا يىغقان مال ـ دۇنيالىرى، ئىشەنچ قىلغان پەرزەنتلىرى ئۇلارغا ھەرگىز ئەسقاتمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھالى ۋە ئاقىۋىتى خۇددى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ھالىغا ۋە ئاقىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ھەق دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ جازاسىغا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولغان ئىدى. بۇ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. كاپىرلار قانداقلا دەۋرگە ئائىت بولسۇن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بەدرى غازىتىدا مەككە مۇشرىكلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن،

ھەممە بىردەك مەدىنىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ بازىرىغا توپلاپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى سۇيىقەستلىرىنى، بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ۋە دۈشمەنلىكلىرىنى توختاتمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ خۇددى مەككە مۇشرىكلىرىدەك مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تىل ئۇزىتىپ، «ئى مۇھەممەد! سەن ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى يەڭگەنلىكىڭگە مەغرۇرلىنىپ كەتمە. ئەگەر بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بولساڭ، بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى شۇ چاغدا بىلىپ قالىسەن» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى: ﴿قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟...﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿... لِّأُو۟لِى ٱلْأَبْصَـٰرِ ﴿١٣﴾﴾ دېگەن ئايەتكىچە بولغان ئىككى ئايەتنى نازىل قىلىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ پات يېقىندا يېڭىلىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن يەھۇدىيلار مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ، قالغانلىرى مەدىنىدىن شام تەرەپكە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەدىنە شەھىرى يەھۇدىيلاردىن تازىلىنىدۇ. كېيىنكى ئايەتتە يەنە، يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى يەھۇدىيلار! سىلەر ئۈچۈن بەدرى غازىتىدا ئىبرەت بار. چۈنكى، بۇ غازاتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ۋە قورال-ياراقلىرى مۇشرىكلارنىڭكىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئاز ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ كۆزىگە مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئۆزلىرىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ كۆرسىتىش (ياكى بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىر قىلغىنىدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزلىرىگە كاپىرلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرسىتىش) بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، كاپىرلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئالدى بىلەن كاپىرلارنى مەنىۋىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بولسا كۆتۈردى، ئاندىن كاپىرلارنى يېڭىلدۈردى. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ئۆز دەرگاھىدىن ياردەم قىلىپ قوللايدۇ. ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىپ قوللاپ كەلدى، كاپىرلارنى بولسا ھەمىشە مەغلۇپ قىلىپ كەلدى.

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 51 ـ بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر. دوزاخ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىدۇر.

2. كىشىگە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر. كاپىرلارنى ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىيلارنى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئىشەنچ قىلغان مال-دۇنياسى، پەخىرلەنگەن پەرزەنتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن توسۇپ قالالمايدۇ. شەكسىزكى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇ كۈندە ھۆكۈم چىقارغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر.

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۇنى سادىر قىلغۇچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان ئامىللاردۇر.

4. بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ كۆرەڭلەپ كېتىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەسرەت ۋە نادامەتتۇر.

5. يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىن خەۋەر بېرىشتە تولىمۇ راستچىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

### ئىنسان ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكى

﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ ٱلشَّهَوَٰتِ مِنَ ٱلنِّسَآءِ وَٱلۡبَنِينَ وَٱلۡقَنَٰطِيرِ ٱلۡمُقَنطَرَةِ مِنَ ٱلذَّهَبِ وَٱلۡفِضَّةِ وَٱلۡخَيۡلِ ٱلۡمُسَوَّمَةِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ وَٱلۡحَرۡثِۗ ذَٰلِكَ مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلۡمَـَٔابِ ﴿١٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

14-ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن تويلانغان كۆپ پۇل-ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا (ياخشىلار) قايتىدىغان گۈزەل جاي بار.

### بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە نەجران خرىستىيانلىرى ۋە باشقا

كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى بەزى ئىنسانلار مال-دۇنيانى، شان-شۆھرەتنى، مەنسەپنى ۋە ھەرقانداق بىر دۇنيا مەنپەئەتىنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ناۋادا ئىمان ئېيتسا بۇ مەنپەئەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ، ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كاتتىباشلارنىڭ ۋە دۆلەتمەنلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققانلىقى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاياللار، پەرزەنتلەر، مال-دۇنيا، شانۇ-شەۋكەت قاتارلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىنسانلارغا چىرايلىق ۋە يېقىملىق كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارغا بېرىلىش گۇناھ سانىلىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى تەلەپ قىلىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ يەردە مەنئى قىلىنغان ۋە سۆكۈلىدىغان نەرسە، ئىنسانلارنىڭ يۇقىرىقى دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ياخشى كۆرۈشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىشىدۇر.

ئىنساندا شەھۋانىيلىقتىن ئىبارەت ھايۋانلارغا خاس سۈپەت بىلەن روھانىيلىقتىن ئىبارەت پەرىشتىلەرگە خاس خىسلەت مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئىنسان بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا بۇيرۇلغاندۇر. شەھۋانىيلىققا بېرىلىپ روھانىيلىقتىن ئايرىلىپ قېلىش خاتا بولغاندەك، روھانىيلىققىلا بېرىلىپ دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈشمۇ توغرا ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشىدۇر. ئىسلام دىنى كىشىلەرگە دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىكنى ئوخشاش تەرغىب قىلىدىغان، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، ئۇلارغا ئۇيغۇنلۇقنى خالايدىغان بىر ئېسىل ۋە مۇكەممەل دىندۇر. ئىسلام دىنى تەركىدۇنيالىقنى ياقتۇرمىغاندەك، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ دۇنياپەرەس بولۇپ كېتىشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ھەر ئىشتا ئوتتۇراھال بولۇشنى ياقتۇرىدىغان ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە تامامەن ماس دىندۇر.

ئاياللار بىلەن باللار دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننەتلىرىدۇر. ئەمما ئاياللار بىلەن باللارنىڭ مۇھەببىتى كىشىنى ئاخىرەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل

بۆلمەسلىك دەرىجىسىگە ئېلىپ بارماسلىقى لازىم. مال-دۇنيا ۋە ئابروي-شۆھرەتلەر بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدۇر. ئەمما بۇ ئىككىسى كىشىنى ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن توسۇپ قالماسلىقى لازىم. مال-دۇنيا بەزى كىشىلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولسا، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مال-دۇنيا ئۇنىڭ زاكات، سەدىقە ۋە خالىسانە ياردەمدىن ئىبارەت ھەققىنى ئادا قىلغان ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ بىر ۋاستىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئاۋارىچىلىققا، ئاخىرەتتە بولسا ئازابقا سەۋەب بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە قىزىقىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ دۇنيالىققىلا بېرىلىپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇش ئىنتايىن خاتا بولغىنىدەك، تەركىدۇنيا بولۇۋېلىپ ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نېمەتلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىشمۇ خاتالىقتۇر. ئەڭ ياخشىسى ئاخىرەتلىك بىلەن بۇ دۇنيالىق ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشتۇر.

2. مال-دۇنيا ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالىغانلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك كاتتا نېمەت بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئاۋارىچىلىق، ئاخىرەتتە ئازابتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر ۋە ياخشىدۇر.

## ◄ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات ھەممىدىن ياخشىدۇر

﴿قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَٰلِكُمْ ۚ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ
تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ
مِّنَ اللَّهِ ۗ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ ﴿١٥﴾ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا
فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ﴿١٦﴾ الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ
وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ ﴿١٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15-(ئى پەيغەمبەر! مۆئمىنلەرگە) ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە يۇقىرىقىلار-دىنمۇ ياخشى نەرسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈلۈك يەرلىشىپ قالىدىغان جەننەتلەر، پاك جۈپلەر، (ئەڭ كاتتىسى) ئاللاھنىڭ رازىلىقى بار». ئاللاھ بەندىلىرى(نىڭ ئەمەللىرى)نى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

16-ئەنە شۇ تەقۋادارلار: «ئى رەببىمىز! بىز شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدىغان كىشىلەردۇر.

17-ئۇلار سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، (ئىمانىدا) راستچىللاردۇر، (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا) پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر.

### ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، كىشىلەرگە ئاياللار، باللار، مال-دۇنيا ۋە باشقا دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ مۇھەببىتى چىرايلىق كۆرسىتىلگەنلىكىنى، بىراق ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلەر بولۇپ، مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە دۇنيا نېمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشى بولغان، قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلىك، ئېسىل جەننەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتقان تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرگە ئالدىنقى ئايەتتە بايان قىلىنغان دۇنيا زىننەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەڭگۈلۈك بولغان ئاخىرەت مۇكا-پاتلىرىدىن خەۋەر بەرگىن.

تەقۋادارلار ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان، قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك يەرلىشىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا جايغا يۆتكىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلارغا بۇ جەننەتلەردىكى نازۇنېمەتلەر قاتارىدا پاك جۈپلەرمۇ بار. تەقۋادارلارغا

جەننەتتىن باشقا يەنە ئەڭ كاتتا بىر مۇكاپات بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن كاتتا نېمەت يوقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى ھەممىگە ئېرىشكەن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان كىشى ھەممىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى ھېچقاچان ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىمايدۇ.

تەقۋادارلىق قەلبتە بولىدىغان، ئۇنى ئاللاھتىن باشقىسى بىلمەيدىغان نەرسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە تەقۋادارلىقنى چۈشەندۈرۈپ: «التَّقْوَى هَاهُنَا» يەنى «تەقۋادارلىق بۇ يەردە» دەپ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆكسىگە ئىشارەت قىلغان[1]. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سىز تىكەنلىك يولدىن مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «ھەئە» دېگەندە، ئۇبەي يەنە ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇبەي ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[2] دېگەن.

يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىيان-زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ، يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرىدۇ.

«ئاللاھ تائالا تەقۋادارلار ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك مۇكاپات ھازىرلايدۇ: بىرى ماددىي مۇكاپات بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ جەننەتتۇر، يەنە بىرى، مەنىۋى مۇكاپات بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. بۇ پۈتۈن نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر كىشىدىن رازى بولغانلىقى ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈ غەزەپ قىلمايدىغانلىقى دېگەنلىكتۇر. «قۇرئان كەرىم» بۇنى «تەۋبە سۈرىسى»دە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ

[1] «صحيح مسلم» 4ـتوم، 1986ـبەت، 2564ـھەدىس، «مسند أحمد» 13ـتوم، 159ـبەت، 7727ـھەدىس.

[2] () «تەپسىرى ئىبنى كەسىر»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1ـ توم، 28ـ بەتتىن.

وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ أَكْبَرُۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىملىق قارارگاھى بولغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى، ئاللاھنىڭ (ئۇلاردىن) رازى بولۇشى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر، مانا بۇ چوڭ بەختتۇر﴾[1]»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَقُولُ لِأَهْلِ الجَنَّةِ: يَا أَهْلَ الجَنَّةِ؟ فَيَقُولُونَ: لَبَّيْكَ رَبَّنَا وَسَعْدَيْكَ ، فَيَقُولُ: هَلْ رَضِيتُمْ؟ فَيَقُولُونَ: وَمَا لَنَا لاَ نَرْضَى وَقَدْ أَعْطَيْتَنَا مَا لَمْ تُعْطِ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ ، فَيَقُولُ: أَنَا أُعْطِيكُمْ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ ، قَالُوا: يَا رَبِّ ، وَأَيُّ شَيْءٍ أَفْضَلُ مِنْ ذَلِكَ؟ فَيَقُولُ: أُحِلُّ عَلَيْكُمْ رِضْوَانِي ، فَلاَ أَسْخَطُ عَلَيْكُمْ بَعْدَهُ أَبَدًا» يەنى «ئاللاھ جەننەت ئەھلىگە خىتاب قىلىپ، ‹ئى جەننەت ئەھلى!›دەيدۇ، جەننەت ئەھلى‹خۇش، ئى رەببىمىز!› دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلاردىن: ‹رازى بولدۇڭلارمۇ؟› دەپ سورايدۇ، ئۇلار: ‹ئى رەببىمىز! سەن بىزگە ھېچكىمگە بەرمىگەن ئېسىل نېمەتلەرنى بەرگەن تۇرساڭ، بىز قانداقمۇ رازى بولمايلى؟› دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا: ‹مەن سىلەرگە بۇلاردىنمۇ ئەۋزەلنى بېرىمەن›دەيدۇ. ئۇلار:‹ئى رەببىمىز! زادى بۇلاردىنمۇ ئەۋزەل نېمە بار؟›دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا: ‹سىلەرگە رازىلىقىمنى بەردىم، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىز غەزەپلەنمەيمەن› دەيدۇ»[3].

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا يۇقىرىقى ئايەتتە ۋە باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەردە ھەر تۈرلۈك جەننەت نېمەتلىرىنى ۋەدە قىلغان. ئەمما بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ پۈتۈن مۇكاپاتلاردىن چوڭ ئىكەنلىكىنى، دىنىي ۋە ئەخلاقىي ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ يۇكسەك غايىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، جەننەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق نېمەتلىرى نەپسىمىزنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرسا، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بىزنىڭ روھىمىزنىڭ تەلپىنى قاندۇرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش پۈتۈن نېمەتلەرنىڭ كاتتىسى ۋە

[1] تەۋبە سۈرىسى: 72ـ ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 1ـ توم، 214ـ بەت.

[3] «صحيح البخاري» 8ـتوم، 114ـبەت، 6549ـھەدىس.

ئەڭ ئەھمىيەتلىكتۇر.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مەنىدىكى تەقۋادارلارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ساناش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ «ئى رەببىمىز! بىز ساڭا، پەيغەمبەرلىرىڭگە، كىتابلىرىڭغا، پەرىشتىلىرىڭگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق-يامانلىق سېنىڭ تەقدىرىڭ بىلەن بولىدىغانلىقىغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە بۇلاردىن باشقا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق، ئى رەببىمىز! بۇ ئىمانىمىزنىڭ يۈزىسىدىن بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەپ ئاللاھ تائالادىن تىلەيدىغان زاتلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆلپەتلەرگە، جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىدىغان، ئىبرەتچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان، نەپسى خاھىشىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىشتا چىدامچانلىق بىلەن ئىش قىلىدىغان، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان، ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، يوقسۇللارغا، موھتاجلارغا ياردەم قىلىدىغان، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن قاچمايدىغان، سېخى، قولى كەڭ، گۇناھلىرى ئۈچۈن سەھەرلەردە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيدىغان ئالىيجاناب كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

سەۋرچانلىقنىڭ ۋە چىدامچانلىقنىڭ شەھۋەتلەرگە قارشى ئۆزىنى تىزگىنلەشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭدۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئارقىلىق نەپسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ ئۆزىنى ھالاكەتتىن ۋە گۇناھلاردىن ساقلاپ قالالايدۇ. ئەسىر سۈرىسىدىكى ﴿وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ﴾ يەنى ﴿بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر- بىرىگە (تائەت-ئىبادەتتە) چىدامىلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان...﴾ دېگەن ئايەتتە تائەت-ئىبادەتلەردە ۋە دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا ھەممىشە چىدامىلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىشنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق كەلتۈرۈلگەنلىكى چىدامچانلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

دۇئانىڭ ۋاقتىنى سەھەرلەرگە خاس قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش كىشىلەرگە ئېغىر تۇيۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەجرى-ساۋابىمۇ كۆپ بولىدۇ ھەمدە سەھەر ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئا ۋە تەۋبە قوبۇل بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغپارنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىنى بايان قىلىپ مۇنداق

دېگەن: «سەييىدۇلئىستىغپار (ئىستىغپارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى) شۇكى، «اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ ، وَأَبُوءُ لَكَ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي ، فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ» يەنى «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بۇ دۇنيانىڭ بارچە مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

2. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ۋە مۇكاپاتلىرى تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خاستۇر.

3. تەقۋادارلىق ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسىدۇر.

4. سەھەر ۋاقىتلىرىدا قىلىنغان دۇئالار ۋە ئېيتىلغان تەۋبە-ئىستىغپارلار قوبۇل بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر.

5. تەقۋادارلار ئۈچۈن خاس بولغان بارلىق سۈپەتلەر مۇسۇلمان كىشىنىڭ سۈپەتلىنىشى زۆرۈر بولغان سۈپەتلەردۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش پۈتۈن نېمەتلەرنىڭ كاتتىسىدۇر ۋە ئالاھىدە مۇھىم نېمەتتۇر.

### ◄ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان دىن — ئىسلامدۇر

﴿شَهِدَ ٱللَّهُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَأُو۟لُوا۟ ٱلْعِلْمِ قَآئِمًۢا

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 67-بەت، 6306-ھەدىس.

بِٱلۡقِسۡطِۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٨﴾ إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ
ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ وَمَا ٱخۡتَلَفَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ
ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ
ٱلۡحِسَابِ ﴿١٩﴾ فَإِنۡ حَآجُّوكَ فَقُلۡ أَسۡلَمۡتُ وَجۡهِيَ لِلَّهِ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِۗ
وَقُل لِّلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡأُمِّيِّـۧنَ ءَأَسۡلَمۡتُمۡۚ فَإِنۡ أَسۡلَمُواْ فَقَدِ
ٱهۡتَدَواْۖ وَّإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٢٠﴾

### تەرجىمىسى

18-ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەردى، پەرىشتىلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ (شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەردى). ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

19-ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (قوبۇل بولىدىغان) دىن ئىسلامدۇر. كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. كىمكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر (ئۇلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئەلۋەتتە جازالايدۇ).

20-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن (ئۇلارغا): «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە ۋە ساۋاتسىزلارغا (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ؛ ئەگەر (ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتىن) باش تارتسا، ئۇ ھالدا، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەمەللىرى) نى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئۆزىدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە ئىلاھلىقتا ئۆزىنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىگە ئۆزىنىڭ گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى، پەرىشتىلەر بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭمۇ شۇنداق دەپ

گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دىن، قانۇن، كائىنات ۋە تەبىئەتتە ئادالەتنى تولۇق بەرپا قىلغان ھالدا شۇنداق گۇۋاھلىق بەردىكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا، ئىتائەت قىلىشقا، بويسۇنۇشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە مەخلۇقاتنىڭ ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى ئادالەت بىلەن بەلگىلىگۈچىدۇر. ئۇ ھەممىگە قادىر بولۇپ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. ئۇ بارلىق تەدبىرلىرىدە، تەقدىرلىرىدە، شۇنداقلا بارلىق ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. پەرىشتىلەر بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئادالەت بىلەن، چىن سەممىيەت ۋە راستچىللىق بىلەن شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەردى.

ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان دىن بىرلا ئىسلام دىنىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە بارچە ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خاس قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق نۇقتىدا بىردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈممەتلىرىنى ئىسلام دىنىغا (يەنى ئىسلام دىنىدا مۇكەممەللەشكەن تەۋھىد ئەقىدىسىگە) چاقىرغان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە كەلگەن نەجران خىرىستىيانلىرى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇتقان سەلبى مەۋقەسىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئەگەشمەسلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولۇشى ھەقىقەتنى بىلمىگەنلىكتىن ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇماي قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت ھەسەت قىلغانلىقتىن ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى، بۇنداقلارنى ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچى بارلىق زالىملارنى ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم جازالايدىغانلىقىنى ۋە زالىملاردىن تېز ھېساب ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئۇنى ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىشنى خالىمىغان بارلىق يەھۇدىيلارغا، خىرىستىيانلارغا ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىغا، خۇسۇسەن ئۇنىڭ بىلەن بۇ

يېڭى دىن توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشمەكچى بولغان كاپىرلارغا «مەن ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ئۆزىمىزنى تاپشۇرغان ھالدا، ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغۇچىلارمىز. سىلەر مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ماڭا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولغان بولاتتىڭلار» دەپ رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتسا ھىدايەت تاپىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن باش تارتسا، چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئۇلارغا ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، نىيەت-ئىقباللىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتە شۇنىڭغا قاراپ ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا، بويسۇنۇشقا، ئىلتىجا قىلىشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ راستچىل گۇۋاھلىقتۇر. شۇنداقلا پەرىشتىلەر بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ ئەڭ ئېتىبارلىق گۇۋاھلىقتۇر.

3. ئادالەتلىك گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا بىردەك قوبۇل قىلىنىدۇ.

4. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

5. كۆرەلمەسلىك (ھەسەتخورلۇق) شۇنداق خەتەرلىك ئىللەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

6. ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان ئادەم ئۆزىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىقلارغا يەتكۈزىدىغان يولنى تاپقان بولىدۇ.

7. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## ◄ پەيغەمبەرلەرنى ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغانلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ حَقّٖ
وَيَقۡتُلُونَ ٱلَّذِينَ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡقِسۡطِ مِنَ ٱلنَّاسِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ
أَلِيمٍ ٢١ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمَا
لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٢٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

21ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن.

22ـ ئەنە شۇلار دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغانلىقى يۈزىسىدىن ئۆلتۈرگەن، كىشىلەرنى ئادالەتلىك بولۇشقا چاقىرىدىغان، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن يېنىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدىغان دىني ئالىملارنى ناھەق ئۆلتۈرگەن يەھۇدىيلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. بىشارەت ـ كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان، ياخشىلىق خەۋەرلىرىنى بېرىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆزنى ئەكسى مەنىسىدە ئىشلىتىش ئىستىلىستىكا قائىدىسىدە «ئىستىئارە تەھەككۇمىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ﴿فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿فَبَشِّرۡهُم﴾ دېگەن سۆز خۇش خەۋەر بېرىش دېگەندىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئەكسى مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، كاپىرلارنى كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارغا ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن خەۋەر بەرگىن

دېگەنلىكتۇر.

يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار ئاقىۋەتتە چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە، ئاخىرەتتە بولسا ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىكاردۇر، ئاخىرەتتە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار ياكى دوست يوقتۇر.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا دەۋەت قىلغان پەيغەمبەرلەرنى، ئۆلىمالارنى ۋە ھەر ئىشتا ھەققانىي، ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. بۇنداق ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

ياخشىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەجرى ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەجرىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر. زامانىمىزدا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە ئىسلام دىيارلىرىنى قوغداش يولىدا شېھىت بولۇۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن زالىملار، خائىنلار ۋە ساتقۇنلار ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرغان قاتتىق ئازابقا ئۇچرىغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەنلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى دۇنيالىققا تېگىشكەن ئەخمەقلەردۇر. بالىلار، پۇل - مال ۋە مەنسەپ ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ تارتىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كۇفرى بىلەن ئازغۇنلۇق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

2. كىشىلەرنى ھەر ئىشتا ئادالەتلىك بولۇشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرغۇچىلارنى، ئۆلىمالارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش خۇددى پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇلارغا

ئازار بەرگەنگە ئوخشاش ئېغىر جىنايەتتۇر. چۈنكى، «إِنَّ الْعُلَمَاءَ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَآءِ» يەنى «ئۆلىمالار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر»[1].

3. كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرىنىڭ ئاخىرەتتە پايدىسى يوقتۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەم يېڭىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا خار قىلغاننى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا لايىق بولغانلارنى ھېچكىم ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇۋالالمايدۇ.

## ◄ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ يُدْعَوْنَ إِلَىٰ كِتَٰبِ
ٱللَّهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ وَهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٢٣﴾ ذَٰلِكَ
بِأَنَّهُمْ قَالُوا۟ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامًا مَّعْدُودَٰتٍ ۖ وَغَرَّهُمْ فِى دِينِهِم
مَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٢٤﴾ فَكَيْفَ إِذَا جَمَعْنَٰهُمْ لِيَوْمٍ لَّا رَيْبَ فِيهِ
وَوُفِّيَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٢٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

23-(ئى پەيغەمبەر!) كىتاب (يەنى تەۋرات بىلىملىرى)دىن نېسىۋە بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆز ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسىلا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئارقىغا چېكىنىدۇ.

24-ئاشۇ (يۈز ئۆرۈش) ئۇلارنىڭ: «دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دېگەنلىكىدىن ۋە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى دىنىدا ئالداپ قويغانلىقىدىن بولدى.

25-(كېلىدىغانلىقىدا) ھېچ شەك بولمىغان(قىيامەت) كۈنىدە بىز ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) توپلىغان ۋە ھەربىر كىشىگە قىلغان ئەمەلىنىڭ جازاسى ياكى مۇكاپاتى قىلچە ئۇۋال قىلىنماي تولۇق بېرىلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟

---

[1] «سنن أبي داود» 3-توم، 317- بەت، 3641-ھەدىس.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مەدرىسىلىرىدىن بىرىگە كىرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىن نەئىم ئىبنى ئەمر ۋە ھارىس ئىبنى زەيد قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹سەن قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسەن؟› دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ‹مەن ئىبراھىمنىڭ دىنىدا› دەيدۇ، ئۇلار: ‹ئىبراھىم يەھۇدىي ئىدىغۇ› دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا تەۋرات بار، كېلىڭلار ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىپ كۆرەيلى› دەيدۇ. شۇ چاغدا ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَـٰبِ يُدْعَوْنَ إِلَىٰ كِتَـٰبِ ٱللَّهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ وَهُم مُّعْرِضُونَ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارنىڭ ھالى نېمە دېگەن ئەجەبلىنەرلىك؟! ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ توغرۇلۇق كەلگەن روشەن بېشارەتلەر تۇرۇقلۇق، ئۇلار ساڭا ئەگىشىشنى خالىمايدۇ، ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ ۋە ئۇنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسىلا، ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ئۇلارنىڭ نەپسى-خاھىشلىرىغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئەگەشمەسلىككە ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشكە سەۋەب بولغان نەرسە دەل ئۇلارنىڭ «بىز دوزاخقا كىرگەن تەقدىردىمۇ دوزاخ ئوتى بىزنى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا كەتكەندە موزايغا چوقۇنغان قىرىق كۈنلۈك گۇناھىمىز تۈگىگەنگە قەدەر پەقەت شۇ قىرىق كۈنلا كۆيدۈرىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب كۆرمەيمىز» دەيدىغان بۇزۇق ئېتىقادى ۋە ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 75-بەت.

چىققان سەپسەتىلىرىدۇر.

يەھۇدىيلار ئۇمۇمەن ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈش ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك شۇنچىلىك ئېغىر جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن تۇرۇپ، يەنە «بىز چوقۇم جەننەتكە كىرىمىز، چۈنكى، بىز ئاللاھنىڭ تاللانغان خەلقىمىز» دەپ كۆرەڭلەيدۇ. بۇ پەقەت يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ئۆز خاھىشىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئاۋام خەلقنى ئازدۇرۇپ كەلگەن سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ئاللاھ تائالادىن قورقماي ئۇنىڭ نامىدىن ئاغزىغا كەلگەن يالغانلارنى توقۇيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ ھېساب ئالىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟ ئۇ كۈنىدە ئادالەت تارازىسى قويۇلىدۇ. ئۇ كۈنىدە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن باشقىسى ئەسقاتمايدۇ. ھېچكىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى كېمەيتىلمەيدۇ ياكى گۇناھلىرى كۆپەيتىلمەيدۇ، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق كۆرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن باش تارتىش ئەمەلىيەتتە دىندىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ۋە ئاللاھ تائالاغا كۇفرىلىق قىلغانلىقتۇر.

2. ھەقىقەتنى يوشۇرۇش، دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى بۇرمىلاش ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولۇپ، بۇرۇنقى دىنلارنىڭ بۇزۇلۇشى بۇ سەۋەبتىن بولغان.

3. قىيامەت كۈندىكى ھېساب بېرىش ئىشلىرىنى ھېچقاچان ئۇنتۇماي، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈش ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

### ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى

﴿قُلِ ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ
مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ إِنَّكَ عَلَىٰ

كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٢٦ تُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَتُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۖ
وَتُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَتُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّۖ وَتَرۡزُقُ مَن
تَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ٢٧

## ◄ تەرجىمىسى

26ـئايەتنىڭ «ئى ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ! سەن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. شەكسىزكى، سەن ھەممىگە قادىرسەن.

27ـكېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن؛ جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن».

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ۋاھىدىي ئىبنى ئابباس ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق كېلەچىكىدىن خۇش بېشارەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ ئىمپېراتورلۇقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇ جايلاردا ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار بۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەرنى نازىل قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

[1] «أسباب النزول للواحدي» 102ـبەت.

خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! خىرىستىيانلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ھىدايەت تېپىشتىن ئەۋزەل كۆرگەن بولسا، بۇ ئىشىنىڭ ساڭا ھېچبىر زىيىنى يوق. چۈنكى، سەن ئۇلارغا ھەق دىنىنى يەتكۈزدۈڭ، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمىدى، شۇڭا سېنىڭ بىلەن سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمىدى. ئى پەيغەمبەر! سەن ئىسلام دىنىنىڭ كېلەچىكىدىن ئۈمىدسىزلەنمىگىن، ھەرگىز مەيۇسلەنمىگىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان، ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان، چەكسىز قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالاغا تايىنىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغىن ۋە مۇنداق دېگىن: «ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئۇلۇغ ئاللاھ! سەن خالىغان بەندەڭگە پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلىق ۋە مال-مۈلۈك ئاتا قىلىسەن، خالىغان بەندەڭدىن خالىغان ۋاقىتتا ئۇنى تارتىۋالىسەن، سەن خالىغان بەندەڭنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان بەندەڭنى خار قىلىسەن. چۈنكى، سەن ھەممىگە قادىر ئىلاھسەن. ھەممە ئىش سېنىڭ خاھىشىڭ بىلەن بولىدۇ. سەن خالىساڭ ئەزىزنى خار، خارنى ئەزىز قىلىسەن. كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىسەن، جانلىقنى جانسىزدىن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن، خالىغان بەندەڭگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن. چۈنكى، ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ۋە جىمى ياخشىلىقلارنىڭ خەزىنىسى سېنىڭ ئىلكىڭدە بولۇپ، خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىسەن».

«﴿وَتُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ چۆجىنى تۇخۇمدىن، زىرائەتنى داندىن، مۇئمىننى كاپىردىن چىقىرىدىغانلىقىنى، ﴿وَتُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّ﴾ دېگەن ئايەت ئۇنىڭ تۇخۇمنى توخۇدىن، داننى زىرائەتتىن كاپىرنى مۇئمىندىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ»[1]. «مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، توخۇ بىلەن تۇخۇمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن. چۈنكى، ئۆتمۈشلەردە ئىسپىرما بىلەن تۇخۇمدا ھاياتلىق بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇڭا بۇ ئىككىسى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە جانسىز نەرسىلەر قاتارىدىن سانىلاتتى. ئەمما ھازىرقى ئىلمي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، ئىسپىرما بىلەن تۇخۇمدا ھاياتلىق بارلىقى ئىسپاتلاندى. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ»[2].

بەزى مۇپەسسىرلەر ئېيتقاندەك، ئەگەر بۇ ئايەتتىكى «جانلىق بىلەن

---

[1] «تيسر الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 115- بەت.
[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 221- بەت.

جانسىز» دېگەن سۆزدىن مەنىۋى تىرىكلىك بىلەن مەنىۋى ئۆلۈكلۈك مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ مەنىسى، «ئى ئاللاھ! سەن نادان كىشىنىڭ ئائىلىسىدىن ئالىمنى، ئالىمنىڭ ئائىلىسىدىن نادانىنى، مۆئمىن كىشىنىڭ ئائىلىسىدىن كاپىرنى، كاپىرنىڭ ئائىلىسىدىن مۆئمىننى چىقىرىسەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ قۇرۇق دانلاردىن ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى، جانسىز ماددىلاردىن جانلىقلارنى چىقارغىنىدەك، مەنىۋى ئۆلۈكلەردىن بولغان مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئىلىم-ھېكمەت مەنبەسىنى، ئەجدادلىرى پەيغەمبەر بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن ھازىرقى يەھۇدىيلاردەك رەزىل مەخلۇقلارنى چىقىرىشقا قادىردۇر. يۇقىرىقى مىساللار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر، يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىرىستىيانلار دەۋا قىلغاندەك ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يۇقىرىقى ئايەتلەر ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن دۇئالار بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى مۆئمىنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەدىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

3. «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر ۋە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر» دېگەن ئەقىدە ئۇيئۇچۇق باتىل ئەقىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بالىغا ئەسلا موھتاج ئەمەس. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

### ◄ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ گۇناھى

﴿لَّا يَتَّخِذِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۖ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَلَيْسَ مِنَ ٱللَّهِ فِى شَىْءٍ إِلَّآ أَن تَتَّقُوا۟ مِنْهُمْ تُقَىٰةً ۗ

وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨﴾ قُلۡ إِن تُخۡفُواْ مَا
فِي صُدُورِكُمۡ أَوۡ تُبۡدُوهُ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي
ٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٩﴾ يَوۡمَ تَجِدُ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ
مِنۡ خَيۡرٖ مُّحۡضَرٗا وَمَا عَمِلَتۡ مِن سُوٓءٖ تَوَدُّ لَوۡ أَنَّ بَيۡنَهَا وَبَيۡنَهُۥٓ
أَمَدَۢا بَعِيدٗاۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَٱللَّهُ رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٣٠﴾

## ◄ تەرجىمىسى

28ـ مۆئمىنلەر مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى قالمايدۇ. پەقەت (دوستتەك كۆرۈنۈپ) ئۇلاردىن (كېلىدىغان يامانلىقتىن) ساقلىنىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، (ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

29ـ ئېيتقىنكى، «دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر».

30ـ ھەر ئىنسان قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى، يامان ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا كۆرىدىغان (قىيامەت) كۈندە، (ئىنسان) ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەر ﴿لَّا يَتَّخِذِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەر بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى چاغلىرىدا كاپىرلارنىڭ كۈچ ۋە سان جەھەتتىكى ئارتۇقلۇقىدىن قورقۇپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزەلمىگەنلىكى، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ كاپىر تۇغقانلىرى ۋە كاپىر دوستلىرى بىلەن چەك-چېگرانى ئايرىمىغانلىقى، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ كاپىرلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەرنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ[1]. ئەمما شۇ ئېنىقكى، ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئومۇمغا قارىتىلغانلىقىدا شەك يوق.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ھەججاج ئىبنى ئەمر، كەھمەس ئىبنى ھۇقەيق ۋە قەيس ئىبنى زەيد يەھۇدىيلاردىن بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن مەدىنىلىك بەزى مۇسۇلمانلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى قۇرغان ۋە ئۇلار بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈرەتتى. رىفائە ئىبنى مۇنزىر، ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ۋە سەئىد ئىبنى خەيسەمە قاتارلىق مۇئمىنلەر ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار بىلەن دوستلۇق ئورناتقان ھېلىقى مۇسۇلمانلارغا: «ئاشۇ يەھۇدىيلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، ئۇلار بىلەن دوستلاشماڭلار، ئۇلار سىلەرنى دىنىڭلارنى ياندۇرۇۋەتمىسۇن» دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمىغان. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ﴿لَّا يَتَّخِذِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[2].

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«قۇرئان كەرىم» ئالدىنقى ئايەتلەردە ھەممە ياخشىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، بىرىش ياكى بەرمەسلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقنى خالىغان بەندىسىگە بېرىپ، خالىغان بەندىسىدىن تارتىپ ئېلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتلەردە بولسا، كۈچ – قۇۋۋەت، ياخشىلىق ۋە ئەزىز قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ئىكەن، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا تايىنىش، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەش ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا كاپىرلارنىڭ تەرىپىنى تۇتۇشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشىنى قەتئىي چەكلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنى دوست

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 222-بەت.
[2] «أسباب النزول للواحدي» 104-بەت.

تۇتۇش، ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىش، ئۇلارغا يان بېسىش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر گۇناھ ئىشلاردۇر. بۇنداق قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلىقى سىرتىدا، ئۇنىڭ ياردىمىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخ ئوتى بىلەن ئازابلىنىشقا تېگىشلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتقان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغان بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن تامامەن يىراقلاشقان، ئۇنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنى دوست تۇتمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىمانغا زىت كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ يُوَآدُّونَ مَنْ حَآدَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَوْ كَانُوٓاْ ءَابَآءَهُمْ أَوْ أَبْنَآءَهُمْ أَوْ إِخْوَٰنَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ كَتَبَ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلْإِيمَـٰنَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ ۖ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا ۚ رَضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ حِزْبُ ٱللَّهِ ۚ أَلَآ إِنَّ حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنى ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ياكى قېرىنداشلىرى، ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن. ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىمانىنى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان ياردەم بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈردى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى چوقۇم مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر﴾[1].

«كاپىرلارنى دوست تۇتۇش دىنىمىزدا قەتئىي چەكلەنگەن ئىش بولۇپ، پەقەت بىرلا ھالەتتە ئاغزاكى دوست تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنغان، ئۇ بولسىمۇ، كاپىرلار ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالغان ۋاقىتتا، ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قېلىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى تىلىنىڭ ئۇچىدا سۆزلىسە بولىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ يۇرتىدا بولسىڭىز، ئۇلارغا

[1] مۇجادەلە سۈرىسى: 22ـ ئايەت.

قەلبىڭىزدىن ئەمەس، تىلىڭىزدا دوستلۇق ئىزهار قىلىپ قويسىڭىز بولىدۇ»[1].

چۈنكى ئاللاھ تائالا كاپىرلىققا مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ كۇفرىنى ئاغزاكى سۆزلەپ قويۇپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىغا رۇخسەت قىلغان يەردە، ئۇنىڭ كۇفرىدىن تۆۋەن سۆزلەرنى سۆزلەپ كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزىنى قوغدىغان كىشىنى ئەلۋەتتە ئەپۇ قىلىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمىز. ﴿مَن كَفَرَ بِٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِهِۦٓ إِلَّا مَنۡ أُكۡرِهَ وَقَلۡبُهُۥ مُطۡمَئِنُّۢ بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَٰكِن مَّن شَرَحَ بِٱلۡكُفۡرِ صَدۡرٗا فَعَلَيۡهِمۡ غَضَبٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن(ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ). قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ، مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، لېكىن، كىمكى كۆڭلىنى كۇفرىغا ئاچىدىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ﴾[2]. ئەمما كاپىرلارغا چىن يۈرەكتىن بېرىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس، چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مۆئمىنلەرنىڭ دوستلىرى مۆئمىنلەردۇر. دىنىي جەھەتتىكى دوستلۇق قىيامەت كۈنىمۇ داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك دوستلۇقتۇر. باشقا جەھەتتىكى دوستلۇقلار ئاخىرەت كۈنىدە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇ-شىدىغان دوستلۇقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا كاپىرلار بىلەن بىرلىشىشتىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇ-رىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا قىلغانلىرىنى ۋە قەلب قاتلىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، دىللاردىكى مۇھەببەت، نەپرەتلەرنىمۇ ئەلۋەتتە تولۇق بىلىدۇ، كاپىرلارنى دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ. چۈنكى ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاشكارا- يوشۇرۇن ھېچقانداق نەرسە ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ تەرىپىنى تۇتۇش، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلار بىلەن بىرلىشىش قاتارلىق ئىشلاردىن توسقان بولسىمۇ، ئۇلارنى كاپىرلارغا ئىنسانىي نۇقتىدىن ياخشىلىق قىلىش، ئادىللىق قىلىش ۋە

[1] «التفسير الواضح» 1- تو، 223- بەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 106- ئايەت.

مۆئمىنلەردە دۆرۈس بولۇش قاتارلىق ياخشىلىقلاردىن توسقان ئەمەس. كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەسلىك دېگەنلىك ئۇلارغا دۈشمەن بولۇش لازىم دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلمىغان كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان كاپىرلارغا قارشى كۆرەش قىلىش ۋە ئۇلارنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە مۆئمىنلەرنى دەھشەتلىك قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇردى، گۇناھكارلار قىلمىشلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن قىلمىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ قالىدىغان، ھەركىمنىڭ ياخشىلىقتىن ۋە يامانلىقتىن قىلغان-ئەتكەنلىرى ئالدىغا قويۇلىدىغان شۇ قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن تەييارلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتتى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش ئېغىر گۇناھتۇر.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىكى ئاجىز شارائىتلىرىدا، كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاغزاكى دوستلۇق ئىزهار قىلىشى جائىزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا كاپىرلار بىلەن بىرلەشكەنلەرگە ۋەدە قىلغان ئازابى ھەقىقەتەن ھەقتۇر.

4. قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىش ھەقتۇر. ھېساب بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللەردىن ئىبارەتتۇر. ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ۋە جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر.

### ◄ ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ

﴿قُلۡ إِن كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ
ذُنُوبَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣١﴾ قُلۡ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَۖ فَإِن

تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾

## تەرجىمىسى

31ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

32ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (سېنىڭ دەۋىتىڭدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئۇلار شۇنى بىلسۇنكى) ئاللاھ كاپىرلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كەلگەن بىر قانچە رىۋايەتنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر رىۋايەتنىلا كۈچلۈك دەپ قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن كەلگەن نەجران خرىستىيانلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ‹ئىيسا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنى ئۇلۇغلاش ۋە بۇ ئىككىسىگە چوقۇنۇش بىزنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر› دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىگە رەددىيە بەرگەن ھالدا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغان»[1].

مەلۇمكى، بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش بىلەنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاۋۋالقى ئايەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نەجران خرىستىيانلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋە ئۇلارغا ئوخشاش پەيغەمبەرگە ئەگەشمەي تۇرۇپ، بىز ئاللاھنى ياخشى كۆرىمىز دەۋالغان ئازغۇنلارغا رەددىيە بېرىپ، ئەگەر سىلەر راستىنلا ئاللاھ تائالانى

---

[1] «تفسير الطبري»، «أسباب النزول للواحدي» 205ـ بەت.

ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار ماڭا ئەگىشىپ، مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولىسىلەر، شۇ چاغدا ئاللاھ تائالامۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۆتكەنكى بارلىق گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش دەۋاسى ئاستىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئەجەللىك رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن دىننى تولۇق قوبۇل قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نەجرانلىق خىرىستىيانلاردىن، مۇشرىكلاردىن ۋە يەھۇدىيلاردىن بولغان بارلىق كاپىرلارنى «قۇرئان كەرىم»گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىشقا، ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلاردەك ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان، تەپەككۇر قىلمايدىغان ۋە ھىدايەتنى خالىمايدىغان كاپىر قەۋمنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغانلىقىنى جاكارلاشقا بۇيرۇغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالانى سۆيۈش، ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلىش ۋە چىن ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا تايىنىش (يەنى تەۋەككۇل قىلىش) ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ثَلَاثٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ وَجَدَ بِهِنَّ حَلَاوَةَ الْإِيمَانِ: مَنْ كَانَ اللهُ وَرَسُولُهُ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِمَّا سِوَاهُمَا ، وَأَنْ يُحِبَّ الْمَرْءَ لَا يُحِبُّهُ إِلَّا لِلَّهِ ، وَأَنْ يَكْرَهَ أَنْ يَعُودَ فِي الْكُفْرِ بَعْدَ أَنْ أَنْقَذَهُ اللهُ مِنْهُ ، كَمَا يَكْرَهُ أَنْ يُقْذَفَ فِي النَّارِ» يەنى «كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ ئالامەت تېپىلسا، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ. ئۇلار: ئۇنىڭغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەممىدىن بەك سۆيۈملۈك بولۇشى، بىراۋنى ياخشى كۆرسە پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشى، ئاللاھ كۇفرىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، كاپىرلىققا قايتىشنى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەك يامان كۆرۈشىدۇر» [1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] «صحيح البخاري» 1ـ توم، 12ـ بەت، 16ـ ھەدىس، «صحيح مسلم» 1ـ توم، 66ـبەت، 43ـ ھەدىس.

2. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئەقلى بار ھەربىر مۇئمىننىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي تىلىكىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى «قۇرئان كەرىم» بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىمەن دېگەنلىك قۇرۇق دەۋادۇر. بۇنداقلار ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

### ◄ ھەزرىتى مەريەمنىڭ تۇغۇلۇشى

﴿إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰٓ ءَادَمَ وَنُوحٗا وَءَالَ إِبۡرَٰهِيمَ وَءَالَ عِمۡرَٰنَ عَلَى
ٱلۡعَٰلَمِينَ ٣٣ ذُرِّيَّةَۢ بَعۡضُهَا مِنۢ بَعۡضٖۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٣٤ إِذۡ
قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ عِمۡرَٰنَ رَبِّ إِنِّي نَذَرۡتُ لَكَ مَا فِي بَطۡنِي مُحَرَّرٗا فَتَقَبَّلۡ
مِنِّيٓۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٣٥ فَلَمَّا وَضَعَتۡهَا قَالَتۡ رَبِّ إِنِّي
وَضَعۡتُهَآ أُنثَىٰ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا وَضَعَتۡ وَلَيۡسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلۡأُنثَىٰۖ وَإِنِّي
سَمَّيۡتُهَا مَرۡيَمَ وَإِنِّيٓ أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ٣٦
فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٖ وَأَنۢبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنٗا وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّاۖ
كُلَّمَا دَخَلَ عَلَيۡهَا زَكَرِيَّا ٱلۡمِحۡرَابَ وَجَدَ عِندَهَا رِزۡقٗاۖ قَالَ يَٰمَرۡيَمُ
أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَاۖ قَالَتۡ هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ إِنَّ ٱللَّهَ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ
حِسَابٍ ٣٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

33-شەكسىزكى، ئاللاھ ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى جاھان ئەھلىگە ئۈستۈن قىلىپ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى.

34-ئۇلار بىر-بىرىنىڭ نەسلىدىندۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

35-ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى: «ئى رەببىم! مەن قورسىقىمدىكى

پەرزەنتىمنى ساڭا خالىس قىلىپ ئاتىدىم، بۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دېگەن ئىدى.

36ـ ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى رەببىم! مەن قىز تۇغۇپ قالدىم،ـ ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇـ (مەن تەلەپ قىلغان) ئوغۇل قىزغا ئوخشاش ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا مەريەم [1] دەپ ئات قويدۇم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سىغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېدى.

37ـ رەببى ئۇنى گۈزەل بىر رەۋىشتە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنى زەكەرىييانىڭ كاپالىتىگە تاپشۇردى. زەكەرىييا ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىبادەتگاھىغا كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» دەيتتى.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن قانداق تاللاپ چىقىرىلغان زاتلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

«ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەمنى ئۆز قولى بىلەن يارىتىپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. كېيىن ئىلاھىي ھېكمەتكە ئاساسەن ئۇنى جەننەتتىن چىقاردى. ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسا-لامنى ئىنسانىيەتكە تۇنجى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغانلارنى توپان بالاسىدا غەرق قىلىپ جازالىدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن

---

[1] مەريەم ـ ئىبرانى تىلىدا «ئاللاھنىڭ خىزمەتكارى» دېگەن مەنىدە.

نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى چىقاردى. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئىدى. ئىمران ئەۋلادىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئىمران ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئاتىسى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسىدۇر»[1].

ئىمراننىڭ ئايالى ھەننە ئەسلىدە تۇغماس ئايال ئىدى. كېيىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھامىلىدار بولۇپ قالغاندا، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ئى رەببىم! قورسىقىمدىكى بالامنى دۇنيالىق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلغان ھالدا خالىس ساڭا بېغىشلاپ، ئۇنى ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئاتىۋەتتىم، ئى رەببىم! مېنىڭ بۇ نەزرەمنى قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئاڭلاپ، نىيەتلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن، دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاخىر ئۇ تۇغىدۇ. بىراق ئۇ قىز تۇغىدۇ. ئۇنىڭ كۈتكىنى ئوغۇل ئىدى. چۈنكى، ئىبادەتخانىنىڭ خىزمەتكارلىقىغا پەقەت ئوغۇللارلا قوبۇل قىلىناتتى. قىزلار ھەيز كۆرۈش، تۇغۇش قاتارلىق ئۆزرىلىرى سەۋەبلىك ئىبادەتخانىدا خىزمەت قىلىشقا لايىق كۆرۈلمەيتتى. شۇڭا ھەننە ئۆزىنىڭ قىز تۇغۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق بىئارام بولغان ۋە ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ﴿رَبِّ إِنِّي وَضَعۡتُهَآ أُنثَىٰ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! مەن قىز تۇغۇپ قالدىم﴾ دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلەتتى.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَيۡسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلۡأُنثَىٰۖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى سۆزنىڭ كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، سەييىد قۇتۇب، جەزائىري، بەغەۋي، تەبەري قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى ھەننەنىڭ سۆزى دەپ تەپسىر قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: ھەننە ئاللاھقا ئۆزرىسىنى بايان قىلىپ دېدىكى «مەن تەلەپ قىلغان ئوغۇل ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا مەن تۇغقان قىزغا ئوخشاش ئەمەس، چۈنكى ئوغۇل دېگەن كۈچلۈكتۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ھەننە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. تەپسىرى مۇيەسسەردىمۇ شۇنداق تەپسىر قىلىنغان[2]. شەئراۋي قاتارلىق بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى دەپ تەپسىر قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىمراننىڭ ئايالى ھەننە تەلەپ قىلغان ئوغۇل ئاللاھ تائالا

[1] «التفسير الواضح» 1ـ تو، 226ـ بەت.

[2] «التفسير الميسر» 54 ـ بەت.

ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان قىزغا ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى بۇ قىز ئۇنىڭدىن ئەۋزەلدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمراننىڭ ئايالى ھەننە يەنە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿مەن ئۇنىڭغا مەريەم دەپ ئات قويدۇم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ بَنِي آدَمَ مَوْلُودٌ إِلَّا يَمَسُّهُ الشَّيْطَانُ حِينَ يُولَدُ ، فَيَسْتَهِلُّ صَارِخًا مِنْ مَسِّ الشَّيْطَانِ ، غَيْرَ مَرْيَمَ وَابْنِهَا» يەنى «ھەربىر بوۋاق تۇغۇلغان چاغدا، ئۇنى شەيتان چىمدايدۇ. ئۇنىڭ چىمدىشىدىن بوۋاق چىرقىراپ يىغلايدۇ، پەقەت مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسانىلا شەيتان تۇتالمىغان»[1]. ھەدىسنىڭ مەنىسى: شەيتان ھەرقانداق ئادەمنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن پەقەت ئاللاھ تائالا ساقلىغان كىشىلەرلا ساقلىنىپ قالالايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئىمراننىڭ ئايالى ھەننەنىڭ نەزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەزرىتى مەريەممۇ پۈتۈن دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن كېچىپ، ئىبادەتخانىدا بىر ئۆمۈر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا رازى بولىدۇ. ھەزرىتى مەريەمنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈش ئىشى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام – ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھاممىسىنىڭ ئېرى – غا تاپشۇرۇلىدۇ. چۈنكى، ھەزرىتى مەريەمنى ئانىسى ئاللاھ ئۈچۈن ئاتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن تۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. ھەزرىتى مەريەم زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە تەربىيەلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېشى چوڭايغاندىن كېيىن ئۇنى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كىرىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى ھەزرىتى مەريەم مېھراپتا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بولىدۇ. زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ يوقلاپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە، ھەزرىتى مەريەمنىڭ يېنىدا يېمەكلىكلەر بىلەن مېۋىلەرنى ئۇچرىتاتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ: ﴿يَٰمَرۡيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَاۖ﴾ يەنى ﴿ئى مەريەم! بۇلار ساڭا قەيەردىن كەلدى؟﴾ دەپ سورايتتى، ھەزرىتى مەريەم ئۇنىڭغا: ﴿هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ﴾ يەنى ﴿بۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى﴾ دەپ جاۋاب بېرەتتى. مەريەم

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 164-بەت، 3431-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 1839-بەت، 2366-ھەدىس.

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى كۆرۈپ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٍ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾ دېيىتتى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ تاللانغان بەندىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇخشاش بولمىغان مىللەت ۋە ئۇرۇقتىن تاللىغان. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار بىلجىرلىغاندەك، پەيغەمبەرلىك بىرەر مىللەتكە مىراس ئەمەس.

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالام خرىستىيانلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا چىن دىلىدىن ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئەلۋەتتە ئىجابەت قىلىدۇ ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ.

4. ھەزرىتى مەريەمگە ئىبادەتخانىدىكى ھۇجرىسىدا غەيبتىن كەلتۈرۈلگەن تائاملار ۋە مېۋىلەر ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسى ئىدى.

5. ئاللاھ يولىدا ياخشى ئىش قىلىشنى نەزىر (بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ۋەدە) قىلىش ياخشى ئىشتۇر. قىلىنغان نەزىرگە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## ◄ زەكەرىييا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى

﴿هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُۥۖ قَالَ رَبِّ هَبۡ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةٗ طَيِّبَةًۖ
إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ٣٨ فَنَادَتۡهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَهُوَ قَآئِمٞ يُصَلِّي فِي
ٱلۡمِحۡرَابِ أَنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحۡيَىٰ مُصَدِّقَۢا بِكَلِمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَسَيِّدٗا
وَحَصُورٗا وَنَبِيّٗا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٣٩ قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ
وَقَدۡ بَلَغَنِيَ ٱلۡكِبَرُ وَٱمۡرَأَتِي عَاقِرٞۖ قَالَ كَذَٰلِكَ ٱللَّهُ يَفۡعَلُ مَا يَشَآءُ
٤٠ قَالَ رَبِّ ٱجۡعَل لِّيٓ ءَايَةٗۖ قَالَ ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ ثَلَٰثَةَ
أَيَّامٍ إِلَّا رَمۡزٗاۗ وَٱذۡكُر رَّبَّكَ كَثِيرٗا وَسَبِّحۡ بِٱلۡعَشِيِّ وَٱلۡإِبۡكَٰرِ ٤١﴾

### تەرجىمىسى

38ـ شۇ ۋاقىتتا زەكەرىييا رەببىگە دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! سەن ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن» دېدى.

39ـ ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇپ تۇرۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ساڭا ئاللاھنىڭ («بول!» دېگەن) كەلىمىسى (ئارقىلىق تۆرەلگەن ئىيسانىڭ پەيغەمبەرلىكى)نى ئېتىراپ قىلغۇچى، پېشۋا، ناھايىتى پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى.

40ـ ئۇ: «ئى رەببىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغماس تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» دېدى. (پەرىشتىلەر): «ئاللاھ شۇنىڭدەك (ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ئىشلاردىن) خالىغىنىنى قىلىدۇ» دېدى.

41ـ ئۇ: «ئى رەببىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) بىر بەلگە ئاتا قىلغىن» دېدى. ئاللاھ: «ساڭا بېرىلىدىغان بەلگە شۇكى، سەن ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن، پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن. رەببىڭنى كۆپ ياد ئەتكىن، ئەتىگەن - كەچتە تەسبىھ ئېيتقىن» دېدى.

### تەپسىرى

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىستىقامىتىنى ۋە ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان كارامەتنى - ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىشتا يازنىڭ مېۋىلىرىنى، يازدا قىشنىڭ مېۋىلىرىنى ئاتا قىلىۋاتقان مۆجىزىسىنى - كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەگەر خالىسا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىپ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىگە بولغان ئىمانى تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ- دە، ئۆزىنىڭ پەرزەنت كۆرۈشكە بولغان ئىستىكى كۈچىيىپ، ياشىنىپ قالغانلىقىغا ۋە ئايالىنىڭ تۇغماس بىر ئايال ئىكەنلىكىگە قارىماي ئاللاھ تائالادىن پەرزەنت تىلەشكە بەل باغلاپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئىبادەتخانىنىڭ مېھرابىدا ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا يەھيا دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ پەرزەنتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ «بول!» دېگەن كەلىمىسى ئارقىلىق تۆرەلگەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۆلگىلىك

بولباشچى، گۇناھتىن پاك، تەقۋادار، ئەخلاقلىق ۋە ئىلىم-مەرىپەتلىك ياخشى كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «كەلىمەتۇللاھ – ئاللاھنىڭ كەلىمىسى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، ئۇنىڭ ئاتا بىلەن ئانىدىن تۇغۇلۇشتىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ «كُنْ – بول!» دېگەن كەلىمىسى ئارقىلىق يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

يۇقىرىقى ئايەتتە «پېشۋا » دەپ تەرجىمە قىلىنغان ﴿سَيِّدًا﴾ دېگەن سۆز خەلق ئىچىدە گېپى ئۆتىدىغان، بۇيرۇقى ئورۇندىلىدىغان، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئىلىم- ھېكمەتلىك كىشى دېگەنلىكتۇر[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿حَصُورًا﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە كۆپلىگەن مەنىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغىنى چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلاردىن پاك بولغۇچى، جىنسىي قۇۋۋىتى بار تۇرۇپ، ئايال جىنسىدىن يىراق تۇرغۇچى دېگەنلىكتۇر[2].

ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ مۇنداق دېگەن: «زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مەريەمگە ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ مەلەكۇتى (پادىشاھلىقى) ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا چۆكۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى ۋە قۇدرىتىنى مۇلاھىزە قىلىشقا غەرق بولىدۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، ئاللاھ تائالاغا ﴿رَبِّ هَبْ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾ دەپ دۇئا قىلىدۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەلەكۇتىغا قىلغان مەنىۋى سەپىرىدىن سەۋەبلەر ئالەمىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىگە كېلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن ئۆزىدەك ياشىنىپ قالغان ۋە ئايالى تۇغماس بىر ئادەمگە پەرزەنت ئاتا قىلىشىنىڭ قانداق تەرىقىدە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى جىبرىل ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ﴿كَذَٰلِكَ ٱللَّهُ يَفْعَلُ مَا يَشَآءُ ۝٤٠﴾ يەنى ﴿ئاللاھ شۇنىڭدەك (ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ئىشلاردىن) خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾ دەيدۇ»[3].

---

[1] «التفسير الواضح» 1- تو، 228- بەت.

[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1- توم، 315- بەت.

[3] «التفسير المنار» 3- توم، 243- بەت.

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام يەنە ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ، ئايالىنىڭ هامىلدار بولغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرەر بەلگە، بىرەر ئالامەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ كۈنگىچە تىلى سۆزگە كەلمەس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئاللاھقا زىكىر، تەسبىھلەرنى ئېيتىشتىن باشقا گەپ قىلىشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئىشارەت بىلەنلا مەقسىتىنى چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامغا قانداق شۈكۈر قىلىشنى ئۆگىتىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىشكە، ئەتىگەن-كەچتە ئۇنىڭغا تەسبىھ، تەھلىللەرنى كۆپ ئېيتىشقا ئەمر قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسىنى بايان قىلىشتا يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئەرەبلەردىن پەيغەمبەر چىققانلىقىغا ئەجەبلىنىپ ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىغا رەددىيە بېرىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ئىختىيارغا ئىگە زات بولۇپ، خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. باشقىلارنىڭ ئىستىقامىتىدىن تەسىرات ئېلىپ، ياخشىلىقنى بەس-بەستە قىلىش پەزىلەتلىك ئىشتۇر. زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى مەريەمدىن تەسىرات ئالغانلىقى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

2. دۇئا – ئىبادەتتۇر. ئۇنى مەخپىي ھالدا قىلىش ئاشكارا قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. ناماز جەريانىدا، خۇسۇسەن سەجدىدە ۋە نامازدىن كېيىن قىلىنغان دۇئالار ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَقْرَبُ مَا يَكُونُ الْعَبْدُ مِنْ رَبِّهِ ، وَهُوَ سَاجِدٌ ، فَأَكْثِرُوا الدُّعَاءَ» يەنى «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. شۇڭا سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[1].

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلىيالارغا (يەنى ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىگە) كارامەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەقتۇر.

4. ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ-تەھلىل ئېيتىشنىڭ ساۋابى چوڭ، پەزىلىتى كۆپتۇر.

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 350-بەت، 482-ھەدىس.

## هەزرىتى مەريەم ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ قىلغان ئىنئاملىرى

﴿وَإِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰكِ وَطَهَّرَكِ وَٱصْطَفَىٰكِ عَلَىٰ نِسَآءِ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٢﴾ يَٰمَرْيَمُ ٱقْنُتِى لِرَبِّكِ وَٱسْجُدِى وَٱرْكَعِى مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾ ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ ۚ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَٰمَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ ﴿٤٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

42-پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىدىن ئەۋزەل قىلدى.

43-ئى مەريەم! رەببىڭگە ئىتائەت قىلغىن، سەجدە قىلغىن ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلغىن».

44-(ئى پەيغەمبەر!) بۇ بىز ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقان غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. ئۇلار مەريەمنى كاپالەتكە ئېلىشنى تالىشىپ (چەك تاشلاش ئۈچۈن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدىمۇ ۋە ئۇلار (بۇ ھەقتە) دەتالاش قىلىشقان چاغدىمۇ سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.

### تەپسىرى

«ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مەريەمنى بىرەر ئىنئامغا ئېرىشسە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئىبادەتكە غەرق بولىدىغان، ماختالسا تېخىمۇ كەمتەر بولۇپ كېتىدىغان، ئەخلاقى گۈزەل، دىلى پاك، ئىتائەتچان، مۇئمىنە قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى»[1].

پەرىشتىلەر ھەزرىتى مەريەمگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىشارەت ئېلىپ كېلىپ، ئى مەريەم! ئاللاھ تائالا سېنى ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىگە تاللىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىبادەتخانا خىزمىتىگە ئەرلەردىن باشقىسى قوبۇل قىلىنمايتتى. ئاللاھ تائالا سېنى جىسمانىي ۋە روھىي ھەر تەرەپتىن پاك قىلدى ۋە سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئەۋزەل ۋە ئارتۇق قىلدى. ئى

[1] «التفسير الواضح» 1- تو، 230- بەت.

مەريەم! سەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر قىلىپ ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسىڭ بىلەن تائەت-ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن، ناماز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە سەجدە ۋە رۇكۇلارنى تولۇق ئادا قىلىپ ناماز ئوقۇغىن، دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ۋە مەريەم توغرۇلۇق ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقىنىمىز سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان غەيىب خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنى بىزنىڭ ئىشەنچلىك ئەلچىمىز جىبرىل ئارقىلىق ساڭا ۋەھيى يولى بىلەن بىلدۈرۈۋاتىمىز. ئىمراننىڭ ئايالى ھەننە ھەزرىتى مەريەمنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇ جايدىكى يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ھەزرىتى مەريەمنى ئۆز تەربىيەسىگە ئېلىش شەرىپىگە ئىگە بولۇشنى تالىشىپ چەك تاشلاش ئۈچۈن قەلەملىرىنى سۇغا تاشلىغان ۋە ئۇلار بۇ ھەقتە دەتالاش قىلىشقان چاغدىمۇ، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. ئۇلار قەلەملىرىنى دەرياغا تاشلاپ، قايسىسىنىڭ قەلىمى سۇدا ئاقماي توختاپ قالسا، شۇ كىشى ھەزرىتى مەريەمنى ئۆز تەربىيەسىگە ئېلىشقا كېلىشكەن بولۇپ، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشلىغان قەلىمى سۇدا توختىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەزرىتى مەريەمنى تەربىيەسىگە ئېلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدى.

يۇقىرىقى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ بۇ خەۋەرلەرنى پەقەت ۋەھيى يولى بىلەن ئاڭلاپ بىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كارامەتكە نائىل بولغان ۋە پۈتۈن جاھان ئاياللىرىنىڭ ئەۋزىلى بولغان ئۇلۇغلۇق ئايالدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلەر ھەقىقىي تەقۋادارلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى ھەمىشە ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شەنىنى كۆتۈرىدۇ.

3. ناماز ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشنىڭ شوتىسىدۇر.

4. ئۆزئارا كېلىشەلمىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە چەك تاشلىشىش جائىزدۇر. چۈنكى، مۇنداق قىلىش تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىشنىڭ يولىدۇر.

## ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿إِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِّنْهُ ٱسْمُهُ ٱلْمَسِيحُ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ وَجِيهًا فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ وَمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿٤٥﴾ وَيُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِى ٱلْمَهْدِ وَكَهْلًا وَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٤٦﴾ قَالَتْ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِى وَلَدٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِى بَشَرٌ قَالَ كَذَٰلِكِ ٱللَّهُ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ إِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٧﴾ وَيُعَلِّمُهُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ﴿٤٨﴾ وَرَسُولًا إِلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَنِّى قَدْ جِئْتُكُم بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ أَنِّىٓ أَخْلُقُ لَكُم مِّنَ ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ فَأَنفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيْرًۢا بِإِذْنِ ٱللَّهِ وَأُبْرِئُ ٱلْأَكْمَهَ وَٱلْأَبْرَصَ وَأُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ بِإِذْنِ ٱللَّهِ وَأُنَبِّئُكُم بِمَا تَأْكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِى بُيُوتِكُمْ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٤٩﴾ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَىَّ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَلِأُحِلَّ لَكُم بَعْضَ ٱلَّذِى حُرِّمَ عَلَيْكُمْ وَجِئْتُكُم بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿٥٠﴾ إِنَّ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٥١﴾﴾

### تەرجىمىسى

45-ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ («بول!» دېگەن) كەلىمىسى (ئارقىلىق تۆرىلىدىغان بىر پەرزەنت) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى مەريەم ئوغلى مەسىھ ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولىدۇ.

46-ئۇ بۆشۈكتىمۇ، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (ھەقىقەتنى) سۆزلەيدۇ ۋە ياخشىلاردىن بولىدۇ».

47-مەريەم: «ئى رەببىم! ماڭا ھېچبىر ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا، مېنىڭ قانداقمۇ بالام بولىدۇ؟» دېدى. (پەرىشتە ئېيتتى): «ئاللاھ خالىغىنىنى

شۇنداق يارىتىدۇ. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ‹بول!› دەيدۇ ـ دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ».

48ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ.

49ـ ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ:) «شەكسىزكى، مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەر ئۈچۈن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ قۇش بولىدۇ. يەنە (ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن) تۇغما كورنى، بەرەس كېسەللىكىنى ساقايتىمەن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يېگەن ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلاپ قويغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن. شەكسىزكى، ئەگەر (ئاللاھنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىغا) ئىشەنسەڭلار، بۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) ئالامەت بار.

50ـ مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم). مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

51ـ شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭمۇ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر».

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى مەريەم، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام، يەھيا ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بېرىشكە باشلايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى ئەسلەتكىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ ئەلچىمىز جىبرىل مەريەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، رەببىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ «كُنْ – بول!» دېگەن كەلىمىسى ئارقىلىق تۆرەلىدىغان، مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىيسا دەپ ئاتىلىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق بولىدىغان بىر پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بەرگەن ئىدى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ كەلىمىسى» دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ

ئاللاھ تائالانىڭ «كُنْ – بول!» دېگەن كەلىمىسى ئارقىلىق يارىتىلغان زاتتۇر. بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر كەلىمىسى ئارقىلىق يارىتىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «ئاللاھنىڭ كەلىمىسى» دەپ ئاتىغان.

مەسىھ – ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەخىرلىك ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام «مەريەم ئوغلى ئىيسا» دەپ سۈپەتلەندى ۋە شۇنداق تىلغا ئېلىندى. ئۇنى مۇشۇ سۈپىتى بىلەن تىلغا ئېلىش ۋە شۇنداق ئېتىقاد قىلىش، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلاشتۇرۇۋالماقچى بولغانلارغا رەددىيە بەرگەنلىك ۋە ئۇنىڭ دادىسى بولمىسىمۇ ھەزرىتى مەريەمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانلىقتۇر. بۇمۇ ھەزرىتى مەريەم بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئورنىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى، ئۇنىڭ بۆشۈكتىكى چېغىدىمۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان مۆجىزە سايىسىدا كىشىلەرگە سۆزلەش ئارقىلىق ئانىسىنى يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمىتىدىن ئاقلىغانلىقى، كېيىن چوڭ بولغان چاغلىرىدىمۇ ھەقىقەتنى دادىل سۆزلەيدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن سانالغانلىقىدۇر.

جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمگە ئېسىل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ۋە ئۆرنەكسىز يارىتىلغان ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بېشارەت بەرگىنىدە، ھەزرىتى مەريەم جىددىيلەشكەن ھالدا: ﴿رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي وَلَدٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! ماڭا ھېچبىر ئىنساننىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا، مېنىڭ قانداقمۇ بالام بولىدۇ؟﴾ دەپ سورىغان. «ھەزرىتى مەريەمنىڭ بۇ سوئالى: ‹مەن ئۇ بالىنى ياتلىق بولۇش ئارقىلىق تۇغامدىمەن ياكى باشقا بىر يول بىلەنمۇ؟› دەپ سورىغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سوئالىنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ھەيران قالغانلىقتىن شۇنداق دېگەن دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ»[1]. ھەزرىتى مەريەمنىڭ بۇ سوئالىغا پەرىشتىلەر مۇنداق جاۋاب بەردى: ﴿كَذَٰلِكِ ٱللَّهُ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۚ إِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٧﴾﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ‹بول!›

[1] «التفسير الواضح» 1ـ توم، 233ـ بەت.

دەيدۇ- دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق قۇدرەت ئىگىسىدۇر، ئۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق مىسلىسىز ياراتقاندەك، خالىغىنىنى يارىتىدۇ. ئۇ سەن كۆرۈۋاتقان ئاسماننى ۋە يەرنى ئۈرنەكسىز ياراتتى، ئادەمنى ئانىسىز ۋە ئاتىسىز ھالدا تۇپراقتىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا «كُنْ – بول!» دېۋىدى، ئۇ شۇ ھامان بولدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئېسىل تەبىرىگە قاراڭ، يۇقىرىدا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توختالغاندا، ﴿كَذَٰلِكَ ٱللَّهُ يَفۡعَلُ مَا يَشَآءُ ۝٤٠﴾ يەنى ﴿ئاللاھ شۇنىڭدەك (ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ئىشلاردىن خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾[1] دېگەن بولسا، بۇ ئورۇندا ﴿كَذَٰلِكِ ٱللَّهُ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ﴾ دېدى. بۇنىڭدا، ياشىنىپ قالغان ئەر-ئايالدىن بالا يارىتىش بىلەن ئاتىسىز بالا يارىتىشنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىگە ئىشارەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا «خَلَقَ – ياراتتى» دېگەن سۆزنى يەھيا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئەمەس، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئىشلەتكەن. شۇڭا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىنلا يارىتىلىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە پەرمانىنىڭ ئورۇندىلىشىنىڭ ئىنتايىن تېزلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇنۇ ئايەتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنىڭ ھەر زامان دەرھال ئورۇندىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: ﴿ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ وَهِيَ دُخَانٞ فَقَالَ لَهَا وَلِلۡأَرۡضِ ٱئۡتِيَا طَوۡعًا أَوۡ كَرۡهٗا قَالَتَآ أَتَيۡنَا طَآئِعِينَ﴾ يەنى ﴿ئاندىن ئۇ ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى. ھالبۇكى، ئۇ (ئاسمان) تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا كېلىڭلار» دېۋىدى، ئىككىلىسى: «ئىختىيارىي ھالدا كەلدۇق» دېدى﴾[2].

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىنىڭ ۋاستىسىز تۇغۇلغانلىق مۆجىزىسىنى قايتا بىر قېتىم تىلغا ئالساق زىيىنى يوق. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا ۋە ئانىسىز ياراتتى: ﴿إِنَّ مَثَلَ عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَۖ خَلَقَهُۥ مِن تُرَابٖ ثُمَّ قَالَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى،

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 40- ئايەت.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 11-ئايەت.

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ (ئاتىسىز) يارىتىلغانلىقى ئادەم (ئەلەيھىسسالام)نىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ ئادەمنىمۇ (ئاتىسىز ھالدا) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «بول!» دېدى ـ دە، ئۇ دەرھال بولدى﴾[1]

ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئەسلىنى ۋە ئەڭ ئاۋۋالقى ئۆرنىكىنى يوقتىن بار قىلدى، بۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى بىرەر سەۋەبكە باغلىمىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى سەۋەب بىلەن يارىتىشقا موھتاج ئەمەس. بىز ھەر كۈنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمىز، ھەتتا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت ئىشلارنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز، بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىمىز.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى، پايدىلىق ئىلىمنى ۋە «تەۋرات»نى ئۆگەتكەنلىكى ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنەتتى، «تەۋرات»نىڭ تېكىستلىرىنى يەھۇدىيلارغا قارشى دەلىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇلارنى ئۇنىڭغا پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆگەتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا كېيىن ئۇنىڭغا «ئىنجىل»نى ئاتا قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ راستچىللا ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپات ئورنىدا ئۆزىنىڭ قولىدا ۋۇجۇدقا چىققان بەزى مۆجىزىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيتتى: ﴿أَنِّيٓ أَخۡلُقُ لَكُم مِّنَ ٱلطِّينِ كَهَيۡـَٔةِ ٱلطَّيۡرِ فَأَنفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيۡرَۢا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۖ وَأُبۡرِئُ ٱلۡأَكۡمَهَ وَٱلۡأَبۡرَصَ وَأُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۖ﴾ يەنى ﴿مەن سىلەر ئۈچۈن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن- دە، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ قۇش بولىدۇ. يەنە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تۇغما كورنى، ئاق كېسەلنى ساقايتىمەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن...﴾.

ئەمما ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى، ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىغا چىن پۈتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿وَأُنَبِّئُكُم بِمَا تَأۡكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِي بُيُوتِكُمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ﴾

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 59 – ئايەت.

يەنى ﴿سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن. شەكسىزكى، ئەگەر (ئاللاھنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىغا) ئىشەنسەڭلار، بۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) ئالامەت بار﴾ يەنى ئەگەر سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەردىن بولساڭلار، بۇ مۆجىزىلەردە ئەلۋەتتە مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك دەلىللەر بار.

مەريەم ئوغلى ئىيسا ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن «تەۋرات»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغان ھالدا كەلگەن پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ «تەۋرات»نى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىدە ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئەقىدىدە بولغان «تەۋرات»نى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ بويۇنتاۋلىقى ۋە يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن سىلەرگە ھارام قىلىنغان چاۋا ياغ، شەنبە كۈنىدە بېلىق تۇتۇش قاتارلىقلارنى سىلەرگە ھالال قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئوپئوچۇق مۆجىزە ۋە دەلىل-ئىسپات ئېلىپ كەلدىم. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ تائالا مېنىڭمۇ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، شۇڭا بارلىق ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىڭلار.

كۆرگىنىمىزدەك، ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا بۇيرۇغان. ئۇ سۆزىنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭمۇ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر﴾ دېگەن تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن ئاياغلاشتۇرغان، ئاندىن ئەڭ توغرا يول مۇشۇ ئىكەنلىكىنى، كىمكى بۇنى بىلگەندىن كېيىن، يەنە ھەقىقەتنى بۇرمىلايدىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىنى ۋە ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. غەيبنىڭ خەزىنىسى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلىرىدىن بەزىلىرىگە خالىغانلىرىنى بىلدۈردۇ.

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ھەقتۇر، بۇ مۆجىزىلەرنى ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاتا قىلغان.

3. «ئىنجىل» بولسا «تەۋرات»نى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇنىڭدا ھارام قىلىنغان بەزى شەيئىلەرنى ھالال قىلغۇچى، شۇنداقلا يەھۇدىيلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان ھۆكۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى ئىلاھىي كىتابتۇر.

4. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتى ۋە ئالدىنقى ۋەزىپىسىدۇر.

### ◄ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان ئەھۋالى

﴿فَلَمَّآ أَحَسَّ عِيسَىٰ مِنۡهُمُ ٱلۡكُفۡرَ قَالَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى ٱللَّهِۖ قَالَ
ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَٱشۡهَدۡ بِأَنَّا مُسۡلِمُونَ ﴿٥٢﴾
رَبَّنَآ ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلۡتَ وَٱتَّبَعۡنَا ٱلرَّسُولَ فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٣﴾
وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ ﴿٥٤﴾ إِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَىٰٓ
إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَجَاعِلُ
ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوكَ فَوۡقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ ثُمَّ إِلَيَّ
مَرۡجِعُكُمۡ فَأَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ فِيمَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٥٥﴾ فَأَمَّا
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَأُعَذِّبُهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمَا لَهُم
مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٥٦﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمۡ
أُجُورَهُمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٧﴾ ذَٰلِكَ نَتۡلُوهُ عَلَيۡكَ مِنَ
ٱلۡأٓيَٰتِ وَٱلذِّكۡرِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٥٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

52ـ ئىيسا ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى سەزگەن چاغدا: «ئاللاھ

يولىدا ماڭا كىملەر ياردەمچى بولىدۇ؟» دېدى. ھاۋارىيلار[1] ئېيتتى: «ئاللاھ يولىدا ساڭا بىز ياردەمچى بولىمىز، بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز شەكسىز مۇسۇلمانلارمىز.

53-ئى رەببىمىز! سەن نازىل قىلغان (ئىنجىل)غا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق. بىزنى (ھەقىقەتكە) گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قاتارىدا قىلغىن».

54-(يەھۇدىيلار ئىيسانى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئاللاھ ئۇلارغا قارشى تەدبىر قوللاندى. ئاللاھ تەدبىر قوللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

55-ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىيسا! مەن سېنى ئېلىپ كېتىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، سېنى كاپىرلاردىن قۇتقۇزىمەن. ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر. شۇ چاغدا، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىيسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن.

56-كاپىرلارنى بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلايمەن، ئۇلارغا ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ».

57-ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

58-(ئى پەيغەمبەر!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقەنى بايان قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى ئىمانغا چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان بولسا، بەزىسى ئىنكار يولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم»گە خاس بولغان ئىجاز (يەنى ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىنى ئۇقتۇرۇش) ئۇسۇلى بويىچە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىش قىسسىسى ئۈستىدە توختالمايلا، قىسسىنىڭ پەقەت پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بولىدىغان قىسمىنىلا بايان

[1] ھاۋارىيلار- ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەردۇر.

قىلغان. بۇ ئايەتلەردە يەنە، مۆجىزىلەر ۋە كائىناتتىكى ئالامەتلەر نەقەدەر چوڭ ھەم تەسىرلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسان ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلمىسا، توغرا يولنى تېپىشقا ئىنتىلمىسە، ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## ◄ تەپسىرى

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار بولغاندەك، ئۇنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر «ھاۋارىيلار» دەپ ئاتالغان. ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا سۈيىقەست پىلانلىغانلار ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلىقىدا قالغانلار ئىدى. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلار ئىدى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىدىغان، دىلى ئىمان نۇرى بىلەن پارلىغان كىشىلەرنى ئىزدەشكە باشلايدۇ، ئاندىن ئۇلارغا يۈزلىنىپ: ﴿ئاللاھ يولىدا ماڭا كىملەر ياردەمچى بولىدۇ؟﴾ دەپ نىدا قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھاۋارىيلار: ﴿ئاللاھ يولىدا ساڭا بىز ياردەمچى بولىمىز﴾ دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەرگە ياردەمچى بولغانلىق ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلغانلىقتۇر. بۇ ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىقلىشىدۇ.

ھاۋارىيلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغۇچى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇۋاھ بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ۋەھيىنىڭ راستلىقىغا، بىرلىگەن

[1] نىسا سۈرىسى: 80- ئايەت.

مۇقەددەس كىتابىنىڭ ھەقلىقىغا چىن ئىمان ئېيتقانلىقىنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ كەلىمە تەييىبەنى ئېيتىپ مۇئمىن بولغان ۋە ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قاتارىدىن بولۇشىنى تىلەيدۇ.

يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىلان تۈزگەن بولۇپ، تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ يامان نىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تۈزگەن سۈيىقەستلىرىنى بىكار قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئىشقا ئاشمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەنلەرگە قارشى تەدبىر قوللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن مۇكەممەلدۇر. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئالدىن خۇش خەۋەر بېرىپ: ﴿إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىيسا! مەن سېنى ئېلىپ كېتىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، سېنى كاپىرلاردىن قۇتقۇزىمەن﴾ دېگەن. نەتىجىدە، يەھۇدىيلار ساڭا يامانلىق قىلالمايدۇ، سېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئەجىلىڭ توشقان ۋاقىتتا سېنى ۋاپات قىلدۇرۇش مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر. شۇڭا ھېچكىم سېنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرەلمەيدۇ، سېنى مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ كېتىمەن، سېنى مېنىڭ دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، دېگەن ئىدى.

مۇپەسسىرلەر ﴿مُتَوَفِّيكَ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُتَوَفِّيكَ﴾ دېگەن ئايەت «تَوَفِّي» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ بەزىدە «ھەممىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىش» دېگەن مەنىدە كەلسە، بەزىدە «ئۇخلىتىش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، ئەمما «جېنىنى ئېلىش» مەنىسىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

﴿وَهُوَ ٱلَّذِى يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيۡلِ وَيَعۡلَمُ مَا جَرَحۡتُم بِٱلنَّهَارِ ثُمَّ يَبۡعَثُكُمۡ فِيهِ لِيُقۡضَىٰٓ أَجَلٞ مُّسَمّٗىۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ مَرۡجِعُكُمۡ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدىغان، كۈندۈزدە قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە (ياشىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدىغان زاتتۇر. ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاندىن ئۇ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴾[1]. بۇ ئايەتتە كەلگەن «تَوَفِّي»

[1] ئەنئام سۈرىسى: 60- ئايەت.

دېگەن سۆز «ئۇخلىتىش» مەنىسىدە كەلگەن.

﴿ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا وَٱلَّتِي لَمۡ تَمُتۡ فِي مَنَامِهَاۖ فَيُمۡسِكُ ٱلَّتِي قَضَىٰ عَلَيۡهَا ٱلۡمَوۡتَ وَيُرۡسِلُ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى توشقۇچە) قويۇپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾[1] بۇ ئايەتتە كەلگەن «تَوَفِّي» دېگەن سۆز «جېنىنى ئېلىش» مەنىسىدە كەلگەن.

«توفى» دېگەن سۆز يەنە لۇغەتتە بىر نەرسىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبلەر ئادەتتە بىراۋدىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى ساق تاپشۇرۇپ ئالغانلىقنى «استوفيت حقي» دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنى لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن تەپسىر قىلغان. ئەللامە شەئراۋىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ﴿إِنِّي مُتَوَفِّيكَ﴾ دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى: مەن سېنى ساق-سالامەت پىلانلا-ۋاتقانلارنىڭ يېنىدىن ساق-سالامەت ئېلىپ كېتىمەن، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، سېنى روھىڭ ۋە بەدىنىڭ بىلەن بىرلىكتە مېنىڭ دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ساڭا سۈيىقەست قىلماقچى بولغانلار مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر»[2].

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿إِنِّي مُتَوَفِّيكَ﴾ دېگەن ئايەتنى «مەن سېنى ۋاپات قىلدۇرىمەن» دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلغان. ئاندىن ئۇلاردىن بەزىسى ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ۋاپات قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئاسمانغا ئېلىپ كەتكەن دېسە، يەنە بەزىسى ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قىيامەتكە ئاز قالغاندا ۋاپات قىلدۇرىدۇ، دېگەن.

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تىرىك ھالىتىدە ئاسمانغا ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئاخىر زاماندا يەر يۈزىگە چۈشىدۇ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاندىن ئەجىلى توشقاندا ۋاپات بولىدۇ.

---

[1] زۇمەر سۈرىسى: 42- ئايەت.

[2] «تفسير الشعراوي» 4- توم، 1514- بەت.

«ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلغانلىقىدۇر. بۇ يەردىكى ئۈستۈنلۈكتىن مەقسەت مەنىۋى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەلۋەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئۈستۈنلۈكنى ھاكىمىيەت ۋە ھۆرمەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي تەرەپتىن كاپىرلاردىن ئۈستۈن ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۆز دىنىغا سادىق بولغان، ئەخلاقىي تەرەپتىن مۇستەھكەم بولغان قانداقلا بىر جەمئىيەتنىڭ دۇنيادا باشقىلاردىن ئۈستۈن بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر»[1].

ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. بۇ دۇنيادا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلغانلار بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولغۇچىلاردۇر. ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەرلەرگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگەشكەن ۋە ئۇلار باشلىغان توغرا يولدا ئىزچىل ماڭغان مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ تەييارلىغان مۇكاپاتلىرى ھەقىقەتەن كاتتىدۇر. ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا كۇفرىلىقنى تاللاش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنى ھىدايەتتىن ئىبارەت كاتتا نېمەتتىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئىيسا توغرۇلۇق ساڭا بايان قىلىنغان بۇ قىسسىلەر سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە دالالەت قىلىدىغان روشەن قۇرئان ئايەتلىرىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر بولۇپ، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئىككى

---

[1] «التفسير الواضح» 1- تو، 237- بەت.

ئالەملىك بەخت-سائادەتلەرگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەكسىچە قىلغانلار دۇنيادا خارلىققا، ئاخىرەتتە بولسا ئازابقا دۇچار بولغۇچىلاردۇر.

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر «هاۋارىيلار» دەپ ئاتالغان، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قەست قىلغانلار تارىختىن بېرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قەست قىلىپ كەلگەن يەھۇدىي جوھۇتلىرىدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان هالدا ھەرىكەت قىلغانلار ئىككىلا ئالەمدە ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك بولغۇچىلاردۇر.

4. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ جايى دوزاخ بولۇپ، دوزاخ ھەرقانداق زالىمنى جازالاشقا يېتەرلىك جايدۇر.

5. ياخشىلارنىڭ جايى جەننەتلەر بولۇپ، نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر ئۇلارنى كۈتىدۇ.

6. ئىسلام دىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە جىمى ئىنسانىيەتنىڭ دىنىدۇر.

7. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تىرىك ھالىتىدە ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، ئاخىر زاماندا دۇنيا ئالەمگە چۈشىدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ قالغان قىسمىنى ياشاپ ئاندىن ۋاپات بولىدۇ.

### ◄ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دېگۈچىلەرگە رەددىيە

﴿إِنَّ مَثَلَ عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَ ۖ خَلَقَهُۥ مِن تُرَابٍ ثُمَّ قَالَ
لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٥٩﴾ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُن مِّنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿٦٠﴾
فَمَنْ حَآجَّكَ فِيهِ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ فَقُلْ تَعَالَوْا۟ نَدْعُ
أَبْنَآءَنَا وَأَبْنَآءَكُمْ وَنِسَآءَنَا وَنِسَآءَكُمْ وَأَنفُسَنَا وَأَنفُسَكُمْ ثُمَّ
نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَتَ ٱللَّهِ عَلَى ٱلْكَـٰذِبِينَ ﴿٦١﴾ إِنَّ هَـٰذَا لَهُوَ ٱلْقَصَصُ
ٱلْحَقُّ ۚ وَمَا مِنْ إِلَـٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُ ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦٢﴾ فَإِن
تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٦٣﴾﴾

## تەرجىمىسى

59ـ شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ (ئاتىسىز) يارىتىلغانلىقى ئادەم (ئەلەيھىسسالام)نىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ ئادەمنىمۇ (ئاتا-ئانىسىز ھالدا) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «بول!» دېدى ـ دە، ئۇ دەرھال بولدى.

60ـ بۇ ھەقىقەت (يەنى توغرا خەۋەر) رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەندۇر، شۇڭا سەن شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

61ـ ساڭا (ئىيسا توغرۇلۇق ھەقىقىي) مەلۇمات كەلگەندىن كېيىن، كىمكى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار! ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى چاقىرايلى، ئاندىن ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلايلى» دېگىن.

62ـ شەكسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە راست قىسسىلەردۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

63ـ ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرۈسە (يەنە باش تارتسا (ئۇلار چوقۇم بۇز-غۇنچىلاردۇر)، شەكسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بىر كۈنى نەجران خرىستىيان-لىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوئال قويۇپ: سەن ئىيسا ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئىيسا ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئەلچىسى ۋە مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر» دېيدۇ. ئۇلار غەزەپلەنگەن ۋە ھەددىدىن ئاشقان ھالدا: «سەن ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز تۇغۇلغان بىر بالىنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟ ئەگەر بۇ سۆزۈڭ توغرا بولىدىغان بولسا، بىزگە بىر مىسال كەلتۈرۈپ باقمامسەن!» دېيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿إِنَّ مَثَلَ عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَۖ...﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ (ئاتىسىز) يارىتىلغانلىقى ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ[1].

[1] «أسباب النزول للواحدي»، «أسباب النزول للزغلول» 111ـ بەت، 213ـ ھەدىس.

## تەپسىرى

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا، ئاجايىپ بىر مۆجىزانە ئۇسۇل بىلەن ياراتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتىسىز ۋە ئانىسىز ھالدا تۇپراقتىن ياراتتى. ئۇنىڭ جىسمىنى لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزدى. ئاندىن ئۇنىڭغا «بول!» دېۋىدى، ئۇ دەرھال بولدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامۇ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز يارىتىلدى.

بۇ ئايەتتە، يارىتىلىشى ئاجايىپ بولغان ئىيسا ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشى تېخىمۇ ئاجايىپ بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىتىلغان. بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقىي بايان، راست خەۋەر بولۇپ، بۇنىڭدا قىلچە شەك-شۈبھە يوقتۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ئۈممىتىڭ بۇ ھەقىقەتكە ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولماڭلار. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئۇسلۇبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتىنى ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە چىن ئىشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ھەركىمنى قايىل قىلىدىغان گۈزەل ئۇسلۇبتۇر.

نەجرانلىق خرىستىيانلارنىڭ ئالدىغا بارچە مۆجىزىلەر، ئايەتلەر ۋە دەلىل-ئىسپاتلار تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ، يەنە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قايىل بولماي، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئوغۇللىرىنى ۋە ئاياللىرىنى ئېلىپ چىقىپ، «ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن» دەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى نەۋرىسى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار، قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە كۈيئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلارنى ئېلىپ چىقىدىغان بولدۇ، خرىستىيانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ۋە ئاياللىرىنى ئېلىپ چىقىدىغان بولدۇ. خرىستىيانلار دەسلەپتە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە ئازراق مۆھلەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ، بۇ ئارىدا ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىدۇ، ئۇلار ئاخىرىدا «پەيغەمبەر بىلەن

ئېلىشىپ ھالاك بولمىغان بىرمۇ قەۋم يوقتۇر» دېيىشىدۇ ۋە بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، جىزيە (يىللىق سېلىق) تۆلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ ماۋزۇغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر رىۋايەتمۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجرانلىق خىرىستىيان ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن «يالغانچىلارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن» دەپ ئائىلىسىدىكىلىرىنى ۋە جامائەتلىرىنى ئېلىپ مەيدانغا چىققانلىقى، ئەمما خىرىستىيانلارنىڭ مەيدانغا ھازىر بولۇشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئۇنى خۇددى ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك ئېنىق تونۇيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ.

بۇ ئەلۋەتتە راست خەۋەردۇر، ھەقىقىي قىسسىلەردۇر. بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك-شۈبھە يوقتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار يەنىلا ئىماندىن ئېيتىشتىن باش تارتسا، بىلىڭلاركى، ئۇلار چوقۇم بۇزغۇنچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا بۇزغۇنچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ جازاسىنى بەرمەي قالمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەيدىغان ئېتىقادىنىڭ باتىل ئېتىقاد ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر.

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىككىلىسى تونۇشلۇق بولغان تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئاجايىب مۆجىزانە ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان زاتلاردۇر. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ يارىتىلىشى بىر-بىرىگە ئوخشىتىلغان.

3. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغان جازاسى ھەقتۇر، زالىملار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## ◄ تەۋھىد كەلىمىسى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى

﴿قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ تَعَالَوْا۟ إِلَىٰ كَلِمَةٍ سَوَآءٍۭ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا
نَعْبُدَ إِلَّا ٱللَّهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهِۦ شَيْـًٔا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًا
مِّن دُونِ ٱللَّهِ ۚ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُولُوا۟ ٱشْهَدُوا۟ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ ﴿٦٤﴾ يَٰٓأَهْلَ
ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تُحَآجُّونَ فِىٓ إِبْرَٰهِيمَ وَمَآ أُنزِلَتِ ٱلتَّوْرَىٰةُ وَٱلْإِنجِيلُ إِلَّا
مِنۢ بَعْدِهِۦٓ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٦٥﴾ هَٰٓأَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ حَٰجَجْتُمْ فِيمَا لَكُم
بِهِۦ عِلْمٌ فَلِمَ تُحَآجُّونَ فِيمَا لَيْسَ لَكُم بِهِۦ عِلْمٌ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ
وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦٦﴾ مَا كَانَ إِبْرَٰهِيمُ يَهُودِيًّا وَلَا نَصْرَانِيًّا وَلَٰكِن
كَانَ حَنِيفًا مُّسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٦٧﴾ إِنَّ أَوْلَى ٱلنَّاسِ
بِإِبْرَٰهِيمَ لَلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ وَهَٰذَا ٱلنَّبِىُّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ وَلِىُّ
ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٦٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**64**ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان كەلىمە (تەۋھىد)گە كېلىڭلار» دېگىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئۇلار (بۇ گۈزەل دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتسا، (ئۇلارغا): «ئۇنداقتا، سىلەر بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار» دەڭلار.

**65**ـئى ئەھلى كىتاب! نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ (ئىبراھىم قانداقمۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا بولسۇن؟).

**66**ـسىلەر شۇنداق كىشىلەر ئىكەنسىلەركى، ئۆزۈڭلار بىلىدىغان نەرسىلىرىڭلار توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتىڭلار، ئەمدى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسە توغرىسىدا نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (بۇنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

**67ـئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، خرىستىيانمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى (ئىتائەتمەن) مۇسۇلمان ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.**

**68ـشەكسىزكى، ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر. ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ھەقىقىي قىسسىنى بايان قىلىپ بەردى. ئەھلى كىتابتىن بەزىسىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقىنى، بەزىسىنىڭ ئۇنى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلىگەنلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خرىستىيانلارغا «ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن!» دەپ ھەممە بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش تەكلىپىنى قويۇشىغا قەدەر بېرىپ يەتتى. ئەمما خرىستىيانلار بۇ تەكلىپنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ كېيىن يېنىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى مات قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» خرىستىيانلارغا قارشى ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتتى ۋە ئۇلارنى باش تارتالمايدىغان بىر ئىشقا، يەنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھ تائالانى قويۇپ بىر-بىرىنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىگە ئورتاق بولغان بىر تەۋھىد كەلىمىسىگە كېلىشكە چاقىردى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتى بولغان تەۋھىد كەلىمىسىگە كېلىشكە چاقىرىشقا، ئەگەر ئۇلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن يەنىلا باش تارتسا، ئۇنداقتا، سىلەر بىزگە گۇۋاھ بولۇڭلاركى، بىز ھەقىقىي مۇسۇلمانلارمىز، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغۇچىلارمىز، بىز بارچە ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغىلا ئىخلاس قىلىمىز، دەپ ئېلان قىلىشقا

بۇيرىدى.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلىشقان. يەھۇدىيلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىسا، خىرىستىيانلار ئۇنىڭ خىرىستىيان ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بۇ توغرىدا ھۆكۈم قىلىپ بېرىشىنى سورىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ...﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، ئى ئەھلى كىتاب!...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دىنى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ، ھەربىرىڭلار ئۇنى ئۆز دىنىڭلارغا مەنسۇپ قىلىۋالىسىلەر؟ سىلەر قايسى دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسلىنىپ شۇنداق قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولغان، يەھۇدىي دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنى شۇ ئىككى كىتاب بىلەن بارلىققا كەلگەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى دىن كېلىشتىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن تۇرسا، قانداقمۇ ئۇ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ بولسۇن؟ سىلەر ئويلاپ كۆرمەمسىلەر؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ سۆزۈڭلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ سىلەر قايسى دەلىلگە ئاساسلىنىپ ئۇنى ئۆزۈڭلارغا مەنسۇپ قىلىۋالىسىلەر؟ سىلەر ھېچقانداق ئاساسسىز ھالدا شۇنداق دەۋالىسىلەر. ھالبۇكى، ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى راست قىسسىنى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دەيدىغان يەھۇدىيلاردىنمۇ ئەمەس، «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دەيدىغان خىرىستىيانلاردىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئىتائەتمەن مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ بولۇشقا ھەقلىق بولغانلار ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى بولغان ئىسلام ئەھلىدۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد

---

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 240-بەت.

ئەقىدىسىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىردۇر. قىسقىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلار «ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە ھەرقانداق بىر قانۇن ياكى شوئار ئاستىدا بىر-بىرىگە زوراۋانلىق قىلماسلىق» پرىنسىپىغا قايتمىغۇچە، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئوڭشالمايدۇ.

2. ئەھلى كىتابنىڭ «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ دىنىمىزدا ئىدى» دەيدىغان قۇرۇق دەۋالىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كەسكىن ئايەتلىرى بىلەن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرى بارلىققا كېلىشتىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەنلىكى ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرىنىڭ پۇچەكلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىتتۇر.

3. مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر، دىنىي قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن كۈچلۈك ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. چۈنكى دىنىي قېرىنداشلىق قىيامەت كۈنىدىمۇ داۋاملىشىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلارنى ۋەتەن، تىل، رەڭ پەرقلىرى بىر-بىرىدىن ھەتتىي ئايرىيالمايدۇ.

### ◄ ئەھلى كىتابنىڭ مەۋقەسى

﴿وَدَّت طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يُضِلُّونَكُمْ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ
أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٦٩﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ
وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ ﴿٧٠﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَلْبِسُونَ ٱلْحَقَّ بِٱلْبَٰطِلِ
وَتَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٧١﴾ وَقَالَت طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ
ءَامِنُوا۟ بِٱلَّذِىٓ أُنزِلَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَجْهَ ٱلنَّهَارِ وَٱكْفُرُوٓا۟ ءَاخِرَهُۥ
لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٧٢﴾ وَلَا تُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّا لِمَن تَبِعَ دِينَكُمْ قُلْ إِنَّ ٱلْهُدَىٰ
هُدَى ٱللَّهِ أَن يُؤْتَىٰٓ أَحَدٌ مِّثْلَ مَآ أُوتِيتُمْ أَوْ يُحَآجُّوكُمْ عِندَ رَبِّكُمْ ۗ قُلْ

إِنَّ ٱلۡفَضۡلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٧٣﴾ يَخۡتَصُّ
بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

## تەرجىمىسى

69-ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ، ئۇلار بۇلسا (بۇنى) تۇيمايدۇ.

70-ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە كىتابىڭلاردا كەلگەن) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

71-ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر نېمە ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىسىلەر ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرىسىلەر؟

72-ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى: «مۇئمىنلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار (ئىمانىدىن) يېنىشى مۇمكىن.

73-پەقەت سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگىلا ئىشىنىڭلار» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، توغرا يول ئاللاھنىڭ يولىدۇر». (يەھۇدىيلار يەنە ئۆز ئارىسىدا) «سىلەرگە بېرىلگەن (ئىلىمنىڭ) باشقا قانداقلا بىر كىشىگە بېرىلگەنلىكىگە ياكى ئۇلارنىڭ رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋېلىشىغا (ھۆججەت بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىلگىنىڭلارنى ئۇلارغا ئاشكارىلىماڭلار)» (دېيىشتى). (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «پەزل – كەرەم ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ». ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

74-ئاللاھ رەھمىتىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلار مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە ھۇزەيفە ئىبنى يەمان قاتارلىق ساھابىلەرنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلغان ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿وَدَّت طَّآئِفَةٌ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَوۡ يُضِلُّونَكُمۡ...﴾

دېگەن ئايەت ۋە كېيىنكى ئايەتلەر نازىل بولغان[1].

## تەپسىرى

ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى سىلەرنى دىنىڭلاردىن ياندۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پاتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن چارىلەرنى قوللاندى. ئۇلار سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇش يولىدا قىممەت-ئەرزان ھەممە نەرسىسىنى سەرپ قىلىشتىن يالتايمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار سىلەرنى ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرماقتا. بۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزلىرى تارتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەقلىنى، پۇل-مېلىنى ۋە ۋاقتىنى پايدىسىز ۋە نەتىجىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلدى. ئەمما ئۇلار بۇنى ھېس قىلىشمايدۇ. شۇڭا ئۇلار قاتمۇقات ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پاتماقتا. ئۇلارغا ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان جازانىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ئى ئەھلى كىتاب! مەن سىلەرگە كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتىم، كىتابلارنى نازىل قىلدىم. ئۇ كىتابلاردا ئىمان ۋە ئەمەلگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان بىر ئۈممى (ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن) پەيغەمبەر توغرۇلۇق بېشارەتلەر بار ئىدى. «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»دا نازىل قىلىنغان بۇ بېشارەتلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئىنكار قىلىسىلەر؟ سىلەر بۇ بېشارەتلەرنى يوشۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبىرىڭلارغا خىيانەت قىلدىڭلار، سىلەر بۇ بېشارەتلەرنى بۇرمىلىدىڭلار. ئەمدى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنىمۇ ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر. نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، سىلەر كىتابلىرىڭلاردا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بېشارەتلەرنى ئوقۇغان ۋە بىلگەن تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر.

ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر نېمە ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىسىلەر ۋە كىتابىڭلارنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئىشنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، سىلەر سادىر قىلىۋاتقان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خىيانەتنىڭ

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 72- بەت، «أسباب النزول للزغلول» 1-توم، 222-بەت.

نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنىڭغا پۇشايمان قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىۋاتىسىلەر.

ئۆز ۋاقتىدا ئەھلى كىتابتىن بىر گۇرۇپپا كىشى مۇنداق بىر قارارغا كېلىشىدۇ: ئەتىگەندە مۇھەممەدكە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، بۇنداق قىلىشىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق سىلەردىن سورىغۇچىلارغا «بىز مۇھەممەدكە ئىمان ئېيتقان ئىدۇق، بىراق ‹تەۋرات› بىلەن ‹ئىنجىل›غا قارىغىنىمىزدا، ‹تەۋرات› بىلەن ‹ئىنجىل›دا بېشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ مۇھەممەد ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۇق» دەڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، مۇھەممەدكە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ بىر تۈركۈمى دىنىدىن يېنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن باشقا مىللەتكىمۇ پەيغەمبەرلىك كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەقىقەتنى ۋە ‹تەۋرات›تا سىلەرگە بىلدۈرۈلگەن ئىلىم-ھېكمەتلەرنى دىلىڭلاردا بىلسەڭلارمۇ ئۇنى مۇ-سۇلمانلارغا ھەرگىز ئۇچۇق سۆزلىمەڭلار، چۈنكى سىلەر ھەقىقەتنى ئوچۇق سۆزلىسەڭلار، بەزى ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلساڭلار ۋە بىلگىنىڭلارنى ئېيتساڭلار، مۇسۇلمانلارمۇ ئىلىم- ھېكمەتتە سىلەر بىلەن تەڭ بولۇپ قالىدۇ، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن باشقا مىللەتلەردىنمۇ پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ، ياكى مۇسۇلمانلار سىلەرنىڭ بۇ ئېتىراپىڭلارنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا سىلەرگە قارشى ھۆججەت قىلىپ كۆرسىتىپ سىلەرنى يېڭىۋالىدۇ.

«يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن باشقا بىر مىللەتتىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مۇتەكەببىرلىكى ۋە ھەسەتخورلۇقىدىن ئەرەبلەردىن پەيغەمبەر چىققانلىقىنى قوبۇل قىلالمىغانلىقى، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغانلىقىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى پەقەت ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرگىلا ئاشكارىلايتتى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم بولماسلىقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىسلامغا كىرمەسلىكى ئۈچۈن قوللانغان چارىلىرى ئىدى. ئۇلار يەنە ئۆز تەۋەلىرىگە تەۋسىيە قىلىپ: ‹سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا بولمىغان كىشىلەردىن ھېچكىمگە ئىشەنمەڭلار، ئۇلارغا راست گەپ قىلماڭلار، دىلىڭلاردىكىنى ئۇلارغا ئېيتماڭلار، چۈنكى، ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، مۇسۇلمانلار قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە قارشى پاكىتلارنى تۇرغۇزۇپ، سىلەرنى يېڭىپ قويىدۇ› دەيتتى. ﴿إِنَّ ٱلۡهُدَىٰ هُدَى ٱللَّهِ﴾ يەنى

﴿ھەقىقەتەن، توغرا يول ئاللاھنىڭ يولىدۇر﴾ دېگەن ئايەت شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى يوشۇرساڭلارمۇ ياكى ئاشكارىلىساڭلارمۇ ھېچكىمنى ھىدايەتتىن توسالمايسىلەر. بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ھىدايەتكە ھېچقانداق تەسىرى يوقتۇر. چۈنكى، ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ پەزل - كەرەمىدۇر. بۇ پەزل-كەرەم ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇ»[1].

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى تولىمۇ ئېغىردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداقلارغا ھازىرلىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ھەقتۇر.

2. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە نەيرەڭۋازلىققا ئوخشاش رەزىل سۈپەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ خاراكتېرىگە ئەزەلدىن يۇتۇلۇپ كەتكەن بىر تەبىئەت بولغىنىدەك، ھەقىقەتنى يوشۇرۇش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدۇر.

## يەھۇدىيلاردىكى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ۋە ئامانەتنى ساقلاش دەرىجىسى

﴿وَمِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ مَنْ إِن تَأْمَنْهُ بِقِنطَارٍ يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيْكَ وَمِنْهُم مَّنْ إِن تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لَّا يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيْكَ إِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَآئِمًا ۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا۟ لَيْسَ عَلَيْنَا فِى ٱلْأُمِّيِّـۧنَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ بَلَىٰ مَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِۦ وَٱتَّقَىٰ فَإِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ ٱللَّهِ وَأَيْمَـٰنِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلًا أُو۟لَـٰٓئِكَ لَا خَلَـٰقَ لَهُمْ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ وَلَا يَنظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٧﴾﴾

### تەرجىمىسى

75-ئەھلى كىتابنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭغا كۆپ

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 243- بەت.

پۇل-مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭغا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تىكىلىپ تۇرمىغۇچە ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ساۋاتسىزلارنىڭ بىزگە قارشى يولى يوق (يەنى دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ پۇل-مېلىنى يېۋالساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ)» دەيدۇ. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.

76-ئىش ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك بولمايدۇ، كىمكى ئەھدىسىگە ۋاپا قىلسا ۋە گۇناھتىن ساقلانسا، ئاللاھ (ئەنە شۇنداق) تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

77-ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە تېگىشىدىغانلارغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا )ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) گەپ قىلمايدۇ، قاراپمۇ قويمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھتىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئەھلى كىتابتىن بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان رەزىل ئىللىتى توغرۇلۇق بايانلار ئۆتتى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇپ يولدىن چىقىرىشقا ھېرىسمەنلىكى ۋە پىتنە-پاسات چىقىرىشقا ئۇستىلىقىدۇر. ئۇلار بۇنداق رەزىللىكنى ھەر زامان سادىر قىلىپ كەلگەن.

بۇ ئايەتلەردە ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدە ئىشەنچكە يارايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولغىنىدەك، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان، ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان ۋە يەھۇدىي بولمىغانلارنىڭ، خۇسۇسەن ئەرەبلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ناھەق يېيىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالال سانايدىغانلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتلەردە ئەھلى كىتابنى ئىككى تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سەمۇئىل ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىشەنچلىك كىشىلەر باركى، ئۇلارغا كۆپ مىقداردا مال ئامانەت قويۇلسىمۇ، ئامانەت قويغۇچىنىڭ قايسى دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى سالامەت قايتۇرۇپ بېرىدۇ. دېمەك، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ سانلىقى خىيانەتچى ۋە يامان نىيەتلىك بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاپادار، ياخشى

ئىنسانلارمۇ بار.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلغىنىمىزدا، «قۇرئان كەرىم» «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىسى» دېمەستىن ﴿ئەھلى كىتابنىڭ ئارىسىدىن بەزىسى﴾ دېيىشتە، ئەھلى كىتابنىڭ بۇنداق يولسىزلىق قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى ئۆزگەرتىلگەن كىتابقا تايانغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى بۇرمىلانغان «تەۋرات»قا تايىنىپ تۇرۇپ، يەھۇدىي بولمىغانلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالال سانايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە «تەۋرات» بىزنى پەقەت ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىيانەت قىلىشتىنلا مەنئى قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بۇنىڭغا بىنائەن، باشقا دىندىكىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى يولسىزلىق بىلەن يېۋېلىشنى «تەۋرات»قا تايىنىپ تۇرۇپ ھالال سانايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان بىر مىللەتمىز، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە ھېچقانداق ئېتىبارى ياكى قىممىتى يوق، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان مىللەتلەردۇر، شۇڭا ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى يېۋېلىش ھالالدۇر، دەپ قارايتتى.

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق رەزىل قىلمىشى ۋە يالغان سۆزلىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇماقتىدۇر. ھەقىقەت شۇكى، مىللەتلەرنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە بىر-بىرىدىن ھۆرمەتلىك بولۇشى پەقەت تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ: ﴿إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر﴾[1]. يەھۇدىيلارنى بۇنداق رەزىل قىلمىشلارنى سادىر قىلىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇشقا ئېلىپ بارغان نەرسە ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى بىلەن ئازغۇن موللىلىرىنىڭ پەتىۋالىرىدۇر. چۈنكى «تەۋرات»نى بۇرمىلىغانلار دەل ئاشۇ ئازغۇن موللىلاردۇر.

﴿ٱلۡأُمِّيِّـۧنَ﴾ «أمي» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، «ساۋاتسىز» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن«أمي» دېگەن سۆزدىن ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇيەسسىرلەرنىڭ كۆپ سانلىقى يەھۇدىيلارنىڭ ﴿لَيۡسَ عَلَيۡنَا فِي ٱلۡأُمِّيِّـۧنَ

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 13 – ئايەت.

سَبِيلٌ﴾ دېگەن سۆزنى «ئەرەبلەرنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق بىلەن يېۋالساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇشرىكلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى بىزگە ھالال قىلىپ بەرگەن» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدىكى ﴿ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴾ دېگەن قىسمى بۇ تەپسىرنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار بىلەن سودا مۇئامىلىسى قىلىشسا، ئۇلارنى ئالداپ ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ھارام يوللار بىلەن يېۋېلىشقا ئۇرۇناتتى، سودىدا ئادىللىق قىلمايتتى. ئۇلار مۇنداق يولسىزلىق قىلىشنى بىزنىڭ كىتابىمىز «تەۋرات»تا بار دەپ، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيتتى.

«قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى، قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى، ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئىلاھىي قانۇن شۇكى، گېپىدە تۇرىدىغان، ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئامانەتنى ساقلايدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە يارىشا تولۇق مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. بۇ ماۋزۇدىكى ئەھدە ئىلىم-سېتىم ۋە باشقا بارلىق مۇئامىلىلەردىكى ئەھدىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئەھدىگە ۋاپا قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى بۇنداق بولغان يەردە، دىندا ۋە ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدىكى ئىشلاردا ئەھدىگە ۋاپا قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتلىرى ئەلۋەتتە كاتتا بولىدۇ.

﴿ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە تېگىشىدىغانلارغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، قاراپمۇ قويمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھتىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار﴾ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قەسىمىنى بۇزىدىغان، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ جازاسىنى ۋە ئۇلارنى بۇ خىيانەتكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى بايان قىلغان. «بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ئىلاھىي كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەرنى يوشۇرغان، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۆزلىرى توقۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنى ئاللاھ تەرىپىدىن دەيدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى يېۋېلىش ئۈچۈن يالغاندىن قەسەم ئىچىدىغان يەھۇدىيلار

ھەققىدە نازىل بولغان»[1]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانلاردىن ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ھەققىدە ئەھدە ئالغان بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا مەزكۇر ئەھدە ئۈستىدە سوئال-سوراق قىلىنىدۇ.

ئەھدىگە ۋاپا قىلمىغانلارنىڭ بۇ قىلمىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەبىرى بىلەن ﴿ئازغىنە مەنپەئەتكە تېگىشىش﴾ دەپ ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش، ئەھدىنى بۇزۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق بەدىلىگە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئۇلارنىڭ شۇ ئارقىلىق ئىشلىگەن گۇناھلىرىنىڭ ئېغىرلىقىغا ۋە كۆپلۈكىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەھدىسىنى بۇزغانلارنىڭ ئاخىرەتتە مۇكاپاتتىن، ياخشىلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەزەپ قىلغانلىقتىن، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت ۋە مەرھەمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ھەتتا ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان قاتتىق ئازابلار بار.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمنىڭ كىشىلەرگە يالغان سۆزلىشى ناھايىتى ئوڭايدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن قورقمىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھايا قىلمىغان ئادەم ئىنسانلاردىنمۇ ھايا قىلمايدۇ.

2. يەھۇدىيلارنىڭ «بىز ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىمىز، يەھۇدىي بولمىغانلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققان قۇللاردۇر، شۇڭا ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكى يەھۇدىيلارغا ھالالدۇر» دەيدىغان سەپسەتىسى يەھۇدىي دىنىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە ئايرىم بىر دەلىلدۇر.

3. ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش يەھۇدىيلىقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ، يەھۇدىيلار بىلەن تۈزۈلگەن ھەرقانداق ئىتتىپاق ياكى كېلىشىم خىيانەتكە ئۇچرىماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇرمىلانغان دىنىي تەلىماتى باشقىلارغا خىيانەت قىلىشنى راۋا كۆرىدۇ.

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 73- بەت.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن يالغان سۆزلىشى

﴿وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيقًا يَلْوُونَ أَلْسِنَتَهُم بِٱلْكِتَٰبِ لِتَحْسَبُوهُ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَمَا هُوَ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٨﴾﴾

### تەرجىمىسى

78ـ ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن تىللىرىنى تولغاپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان، دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.

### تەپسىرى

يەھۇدىي مولللىرىدىن بىر تۈركۈمى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەزلىرى ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىنى دەپ، «تەۋرات»نى قەستەن بۇرمىلايتتى. ئۇلار ئاۋاملارغا «تەۋرات» تېكىستلىرىنى ئوقۇپ بېرىشتە «تەۋرات»تا بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ، بارلىرىنى چىقىرىۋېتىپ تۇرۇپ، بەزىدە سۆزلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ ئوقۇيتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرغانلىرىنى تىللىرىنى تولغاپ تۇرۇپ ئوقۇش ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارغا بۇلار «تەۋرات»نىڭ تېكىستلىرى ئوخشايدۇ، دېگەننى ھېس قىلدۇراتتى. كىشىلەر بۇ ئويدۇرمىلارنى«تەۋرات»تا بار ئىكەن، دەپ ئىشەنسۇن دەپ، ««تەۋرات»تا مۇشۇنداق كەلگەن» دەپ چۈشەندۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرى «تەۋرات»تىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيتتى ۋە ئۇلار ھازىرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىلى گۇناھ-مەئسىيەتلىرى بىلەن شۇنچىلىك قارىيىپ كەتكەنكى، ئۇلار باتىلنى ھەق كۆرسىتىشتە، ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتا ناھايىتى ھەددىدىن ئاشقان.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى دىن نامىدىن ئالداش ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يالغان

پەتىۋالارنى توقۇپ چىقىش ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت بولۇپ، بۇ يەھۇدىي مولللىرىنىڭ رەزىل قىلىقلىرىدىن بىرىدۇر.

2. مۇسۇلمانلار، خۇسۇسەن كىشىلەرگە دىنىي ئىشلاردا ئۈلگە بولىدىغان زاتلار يەھۇدىيلارنىڭ قىلىقىنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

3. يالغاننىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىشتۇر.

### ◄ ئەھلى كىتابنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسىگە رەددىيە

﴿مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُؤْتِيَهُ ٱللَّهُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحُكْمَ وَٱلنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ
لِلنَّاسِ كُونُوا۟ عِبَادًا لِّى مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِن كُونُوا۟ رَبَّٰنِيِّۦنَ بِمَا
كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ ٱلْكِتَٰبَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ ﴿٧٩﴾ وَلَا يَأْمُرَكُمْ أَن
تَتَّخِذُوا۟ ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ وَٱلنَّبِيِّۦنَ أَرْبَابًا ۗ أَيَأْمُرُكُم بِٱلْكُفْرِ بَعْدَ إِذْ
أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿٨٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

79ـ ئاللاھ كىتابنى، ھۆكۈمنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلغان بىر ئىنساننىڭ كىشىلەرگە: «ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن (ئۇ ئىنسان): «سىلەر كىتابنى ئۆگىنىش ۋە (باشقىلارغا) ئۆگىتىشىڭلار ئارقىلىق رەببانىي ئالىم بولۇڭلار» (دەيدۇ).

80ـ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىشىڭلارغا بۇيرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن (پەيغەمبىرىڭلار) سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟!

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي ئۆز تەپسىرىدە يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق بىر قانچە رىۋايەتنى كەلتۈرگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى يەھۇدىيلاردىن رەفى ئەل قۇرەزى دېگەن بىرى بىلەن نەجران خىرىستىيانلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ كاتتىبېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار، مېنى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار دېمەكچىمۇ؟› دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ‹ئاللاھ ساقلىسۇن! ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئىنسانلارنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئاللاھ مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتكىنى يوق ۋە سىلەر دېگەندەك قىلىشىمنى ماڭا بۇيرۇغىنىمۇ يوق› دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەتلەر نازىل بولىدۇ»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىپ، كىتاب نازىل قىلىش، ھۆكۈمدارلىق ئاتا قىلىش ۋە توغرا يولنىڭ باشلامچىسى قىلىش بىلەن شەرەپلەندۈرگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇنداق بىر پۈتۈن ئىلاھىي نېمەتلەرگە ئېرىشىپ تۇرۇقلۇق، ئىنسانلارغا «ئاللاھنى قويۇپ ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار، ياكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ماڭىمۇ چوقۇنۇڭلار» دېيىشى قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان، ئۇلارنىڭ شەنىگە ھەرگىز ياراشمايدىغان بىر ئىشتۇر. بىر پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق دېيىش ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. ھالبۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق كۈرەشلىرى ۋە جىھادلىرى شېرىك ئەقىدىسىگە قارشى تۇرۇش ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇ پەيغەمبەرلەر مۇنداق دەيدىغان زاتلاردۇر: «ئى ئىنسانلار! سىلەر ھەق دىنغا ئەگەشكەن دىندارلار بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا ياردەم تىلەڭلار، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى باشقىلارغا ئۆگەتكەندىغان ۋە ئۆزۈڭلارمۇ ئوقۇپ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىدىغان كىشىلەر بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن بۇ كىتابنىڭ تەلىماتى بويىچە ئۆگەنگىنىڭلارغا ئەمەل قىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا سالالايدىغان ئىخلاسمەن ئالىملار بولۇڭلار». يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى، خرىستىيانلار ئىيسانى ئىلاھ قىلىۋالغاندەك، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياكى باشقا بىرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئى ئىنسانلار! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى – پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟! سىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 8-توم، 270-بەت، «أسباب النزول للواحدي» 115-بەت.

كەلگەن ۋە سىلەرمۇ ئىنسانلىقتا خاس ساغلام تەبىئەتىڭلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش يولىغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە كۇفرى، ئازغۇنلۇق ۋە ئاسىيلىقلارنى ئۆگىتىشى مۇمكىنمۇ؟!

«بۇ ئايەتتىن شۇ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇكى، كىشىلەرگە دىنىنى ئۆگەتكەن ئادەمنىڭ ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىشى زۆرۈردۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، ئوقۇغان ئىلمى ئۆزىگە بالا بولىدۇ. بۇنداق ئادەم كىشىلەرگە يورۇق بېرىپ، ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدىغان شامغا ئوخشاپ قالىدۇ»[1]. شۈبھىسىزكى، ئۆگىتىش تۈرلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگىتىش ئەڭ ئۈنۈملۈكتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرۇشى ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا چوقۇنۇشقا دەۋەت قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغۇچى ئەلچىلەردۇر، ئۇلار گۇناھ قىلىشتىن، گۇناھقا بۇيرۇشتىن ئەلۋەتتە پاك زاتلاردۇر.

2. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ سەرخىللىرى بولۇپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، ئۇلارغا ئىلىم-ھېكمەت ئۆگىتىدىغان زاتلاردۇر.

### ◄ ئەھلى كىتابتىن ئېلىنغان ئەھدە

﴿وَإِذْ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ لَمَآ ءَاتَيْتُكُم مِّن كِتَٰبٍ وَحِكْمَةٍ
ثُمَّ جَآءَكُمْ رَسُولٌ مُّصَدِّقٌ لِّمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِۦ وَلَتَنصُرُنَّهُۥ
قَالَ ءَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَىٰ ذَٰلِكُمْ إِصْرِى قَالُوٓا۟ أَقْرَرْنَا قَالَ
فَٱشْهَدُوا۟ وَأَنَا۠ مَعَكُم مِّنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨١﴾ فَمَن تَوَلَّىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ
فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٨٢﴾ أَفَغَيْرَ دِينِ ٱللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُۥٓ أَسْلَمَ مَن
فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾﴾

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 248 -بەت.

### تەرجىمىسى

81_ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن: «مەن سىلەرگە قانداقلا بىر كىتاب ۋە ھېكمەت ئاتا قىلسام، كېيىن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىكى شۇ كىتابنى تەستىقلىغۇچى پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشىڭلار ۋە چوقۇم ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» دەپ چىن ئەھدە ئالغان ئىدى. ئاللاھ «بۇ ئەھدەمنى ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «قوبۇل قىلدۇق» دېگەن ئىدى. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىنمەن» دېدى.

82_كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن ئەھدىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، مۇنداقلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىققۇچىلاردۇر.

83_ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنۇۋاتقان تۇرسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ (شۇ چاغدا ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ).

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن تارتىپ بۇ يەرگە قەدەر بولغان ئايەتلەر پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يۇقىرىقى ئۈچ ئايەتتە، ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن «پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش توغرۇلۇق ئەھدە ئېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە ئەھلى كىتابنىڭ بۇ ئەھدىنى بۇزغانلىقى قاتتىق ئەيىبلەنگەن.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! شۇ ۋاقىتنى ئەسلىگىنكى، رەببىڭ بارلىق پەيغەمبەر-لەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىدىن شۇنداق بىر مەھكەم ئەھدە ئالغانكى، ئى ئىنسانلار! سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلسام، كېيىن سىلەرگە بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشىڭلار ۋە چوقۇم ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك. ئۇ پەيغەمبەر پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئابدۇللاھ ئوغلى

مۇھەممەدتۇر. ئۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ساماۋى كىتابنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئىسپاتلىغۇچىدۇر. بۇ پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىڭلار كېرەك ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟ بۇ ئۇلۇغۋار ئەھدىنى ئېتىراپ قىلدىڭلارمۇ؟ سۆزۈمنى ئاڭلىغانلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولدۇڭلارمۇ؟

ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەھدىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دېدىكى، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ بۇ ئەھدىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇڭلار! مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ بىرىمەن. ھېچنەرسە مېنىڭ ئىلمىم سىرتىدا قالمايدۇ، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن. كىمكى ئېلىنغان بۇ ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاخىر زاماندا كېلىدىغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمايدىكەن ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدىكەن، ئۇنداقلار رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى دىنىنىڭ ئەزەلدىن بىر ئىكەنلىكى ئوپئوچۇق تۇرغان يەردە، ھازىرقى زاماندىكى ئەھلى كىتابقا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئىنسانلار بۇ بايانلاردىن كېيىن يەنە ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىنى قويۇپ باشقا دىن ئىزدەمدۇ؟ ھالبۇكى، بىر تەرەپتىن زامانىمىزدا كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم-پەن سايىسىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئىي پەندە يېتىشكەن ئالىملار ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتماقتا. يەنە كېلىپ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارچە مەخلۇقات ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە پۈتۈنلەي بويسۇنۇۋاتقان تۇرسا، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارمۇ ئەقلى بار ئىنسانلار تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈسە بولامدۇ؟ كائىناتتىكى جانسىز مەۋجۇداتمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆز دىنلىرىغا خىيانەت

قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ساماۋى كىتابلىرى ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى قوللايدىغان، بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدىغان زاتلاردۇر. يەھۇدىيلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلماسلىقى، خىرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىنىڭ تەلىماتىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە بەختسىزلىكنى تاللىغانلىقىدۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشى كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغۇچىدۇر.

### ◄ مۇئمىنلەرنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىمانى

﴿قُلْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْمَٰعِيلَ
وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِىَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَٱلنَّبِيُّونَ مِن
رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿٨٤﴾ وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ
ٱلْإِسْلَٰمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٨٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

84-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)گە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان(ۋەھيى)گە، مۇساغا، ئىيساغا ۋە (بارلىق) پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن(ۋەھيى)گە ئىمان ئېيتتۇق، (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».

85-كىمكى ئىسلامدىن باشقا دىننى ئىزدەيدىكەن، ئۇ دىن ئۇنىڭدىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ئۈممىتىڭ ئەھلى كىتابقا شۇنداق دېگىلكى، بىز

ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە چىن دىلىمىزدىن ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارغا ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن «تەۋرات»قا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن «ئىنجىل»غا، داۋۇد، سۇلەيمان ۋە ئۇلاردىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىمان ئېيتتۇق. بىز ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن (يەنى بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلماستىن) ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئىمان ئېيتىمىز، ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىمىز.

ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى قىلىنغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيى-«قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش باشقا پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن زات ئاللاھ تائالادۇر، ئىمان ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باشلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» مەرىپەت مەنبەسى ۋە ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغۇچى، شۇنداقلا ئۇ كىتابلاردىكى ئۆيدۇرمىلارنى پاش قىلغۇچى ئىلاھىي كىتابتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش باشقا ساماۋى كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

بىز بۇ ئايەتلەردە، ئىككى ئىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئىككىنچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىمان ئېيتىدۇ. جىمى پەيغەمبەر-لەرگە ئىمان ئېيتىش مۇسۇلماننىڭ ئىمانىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس، ئۇ مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ
وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ ٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيَقُولُونَ نُؤۡمِنُ بِبَعۡضٖ وَنَكۡفُرُ بِبَعۡضٖ
وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ١٥٠ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ حَقّٗاۚ وَأَعۡتَدۡنَا

لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿١٥١﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەكچى (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلماقچى) بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ۋە ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار-ئەنە شۇلار راستتىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق﴾[1].

ئىسلام دىنى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنغان، ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇلۇغ دىندۇر. (چۈنكى، يەھۇدىيلىق بىلەن خرىستىيانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان ئاتالغۇلار بولۇپ، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىن ئىسلام دىنىدۇر). ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دىنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ.
2. ئىسلام – ئاللاھ تائالاغا تامامەن بويسۇنۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش دېمەكتۇر.
3. ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىدىغان دىن-بىرلا ئىسلام دىنىدۇر.

### ◄ ئىماندىن كېيىن كۇفرىغا قايتقانلارنىڭ جازاسى

﴿كَيْفَ يَهْدِى ٱللَّهُ قَوْمًا كَفَرُوا۟ بَعْدَ إِيمَٰنِهِمْ وَشَهِدُوٓا۟ أَنَّ ٱلرَّسُولَ
حَقٌّ وَجَآءَهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ ۚ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٦﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ
جَزَآؤُهُمْ أَنَّ عَلَيْهِمْ لَعْنَةَ ٱللَّهِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿٨٧﴾
خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٨٨﴾ إِلَّا

[1] نىسا سۈرىسى: 150- 151- ئايەتلەر.

ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٨٩﴾ إِنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعۡدَ إِيمَٰنِهِمۡ ثُمَّ ٱزۡدَادُواْ كُفۡرٗا لَّن تُقۡبَلَ تَوۡبَتُهُمۡ
وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلضَّآلُّونَ ﴿٩٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٞ
فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡ أَحَدِهِم مِّلۡءُ ٱلۡأَرۡضِ ذَهَبٗا وَلَوِ ٱفۡتَدَىٰ بِهِۦٓۗ أُوْلَٰٓئِكَ
لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٩١﴾

## تەرجىمىسى

86ـ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ۋە ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى ئاللاھ قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن؟! ئاللاھ (بۇنداق) زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

87ـ ئەنە شۇلارنىڭ جازاسى ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشتۇر.

88ـ ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئازاب ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

89ـ پەقەت (كۇفرىدىن) كېيىن تەۋبە قىلغانلار ۋە ئەمەللىرىنى تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

90ـ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان، ئاندىن كاپىرلىقتا تېخىمۇ چىڭ تۇرغانلارنىڭ (سەكراتقا چۈشكەندە قىلغان) تەۋبىسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار ئازغۇنلاردۇر.

91ـ شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغان ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزى تولغۇدەك ئالتۇن فىديە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار، ئۇلارغا ھېچبىر مەدەتكار چىقمايدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كۆپ رىۋايەتلەر كەلگەن بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەر بۇ ئايەتلەرنىڭ ئەھلى كىتاب توغرۇلۇق

نازىل بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئايەتلەردىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئايەتلەرنىڭ ئەھلى كىتاب ھەققىدە توختالغانلىقى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەمما ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كەلگەن بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەتلەر ئەنسارلاردىن مۇرتەد بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم توغرۇلۇق نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ ئادەم ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇشرىكلىككە يېنىپ كەتكەن، ئاندىن قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ «مۇرتەد بولغان ئادەم ئۈچۈن تەۋبە بارمۇ؟» دەپ سورىتاتقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ۋە ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى ئاللاھ قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن؟!﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

ئەمما بۇ ئايەتلەر ئالدى بىلەن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[2]. چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بېشارەتلەرنى ئۆز كىتابلىرىدا كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك بېشارەتلەرنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، مۇشرىكلارغا قارشى ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيتتى. بىراق ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ ئۇلار كۈتكەندەك ـ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ بۇ شەرەپكە ئىگە بولۇشىغا چىداپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇن كەلتۈرگەن ئىماندىن يېنىۋېلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولدى.

## ◄ تەپسىرى

يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا ئوخشاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئۆز كىتابلىرى ئارقىلىق ئېنىق بىلىپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ راستچىللىقىغا دائىر ئوپئوچۇق ئايەتلەر ۋە دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلغان قەۋمنى ئاللاھ تائالا قانداقمۇ ھىدايەت

[1] «تفسير القرطبي» 4ـ توم، 129ـ بەت.
[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1ـ توم، 343ـ بەت.

قىلسۇن؟! ئېنىقكى، كۇفرىلىق بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان مۇنداق زالىم قەۋمنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز ھىدايەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان كاپىرلاردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلارنىڭ جازاسى ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشتۇر. چۈنكى ئۇلارغا لەنەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئازاب ئۇلاردىن يەڭگىللىتىلمەيدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ جازا ئىسلامدىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەرنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا بۇلار مۇرتەدلەرنىڭ جازاسىدۇر. ئەمما گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئىمانغا قايتقان ۋە بۇرۇنقى قىلمىشلىرىنى تۈزىتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىنى ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تولىمۇ ياقتۇرىدىغان، تولىمۇ شەپقەتلىك زاتتۇر.

«بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كاپىرلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان، ئاندىن سەممىي تەۋبە قىلىپ ئىمانغا قايتقانلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان زاتتۇر.

ئىككىنچىسى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان، ئاندىن تەۋبە قىلىپ قايتا ئىمان ئېيتقان، ئاندىن يەنە ئىماندىن يېنىۋېلىپ كاپىر بولغان، ئاندىن سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا تەۋبە قىلغانلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئىمان ئېيتىشنىڭ ۋە تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ. ئەمما ئۆزىگە ئۆلۈمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانى خۇددى پىرئەۋننىڭ ئىمانىغا ئوخشاش قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، كۇفرىلىق ھالىتىدە ئۆلگەن كاپىرلار بولۇپ، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار تېپىلمايدۇ. ھەتتا ئۇلار گۇناھلىرىنىڭ فىديەسى ئۈچۈن يەر يۈزى تولغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئالتۇن كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار، ئۇلارنى

ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان بىرەر مەدەتكار ياكى شاپائەتچى چىقمايدۇ»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا كۇفرىنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتقانلارنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇلار ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابلىرىغا دۇچار بولىدۇ.

2. كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ھەركىمگە مۇشۇ دۇنيادا ئېيتقان ئىمانى ۋە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن باشقىسى ئەسقاتمايدۇ.

4. كۇفرىدىن يېنىپ، ئىمان ئېيتىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىپ، گۇناھىنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

### ◄ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش

﴿لَن تَنَالُوا۟ ٱلْبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُوا۟ مِمَّا تُحِبُّونَ ۚ وَمَا تُنفِقُوا۟ مِن شَىْءٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٩٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

92-سىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان، دوزاختىن يىراق قىلىدىغان ئەمەلدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان نەرسىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ھالال، پاك نەرسىلەردىن سەرپ قىلىشتۇر، يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقىغا،

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 251-252 -بەتلەر.

مۇكاپاتىغا ۋە ئېھسانىغا ئېرىشىش ئاللاھ يولىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، قىممەتلىك نەرسىلىرىنى سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ، ئەمما ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ۋەياكى قوتۇلالماي قالغان نەرسىلىرىنى سەدىقە قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا، جەننىتىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتا نىيەت خالىس بولۇپ، بەرمەكچى بولغان نەرسە ھالالدىن بولسىلا، مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا يارىشا ئەجىر ـ مۇكاپات بېرىدۇ. ناچار نەرسىلەرنى، ئۆزى ئۈچۈن راۋا كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنى كىشىلەرگە سەدىقە قىلىدىغانلارنىمۇ ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ. بىراۋ ئۆزى ئۈچۈن راۋا كۆرمىگەن ناچار نەرسىنى باشقىلارغا راۋا كۆرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى ياخشى ئەمەل قاتارىدىن سانىمايدۇ.

بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىدىن سەدىقە قىلىشقا باشلايدۇ. بىر كۈنى ئەنسارلاردىن (يەنى مەدىنىلىك ساھابىلەردىن) ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «يارەسۇلۇللاھ! ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿لَن تَنَالُوا۟ ٱلْبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُوا۟ مِمَّا تُحِبُّونَ﴾ دېدى، شۇڭا مەن ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بېغىمنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلاي دەپ كەلدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا خۇشاللىنىپ: «بَخٍ ، ذَلِكَ مَالٌ رَابِحٌ ، ذَلِكَ مَالٌ رَابِحٌ ، وَقَدْ سَمِعْتُ مَا قُلْتَ ، وَإِنِّي أَرَى أَنْ تَجْعَلَهَا فِي الأَقْرَبِينَ» يەنى «نېمىدېگەن ياخشى ئىش بۇ! بۇ نەق پايدىدۇر، بۇ نەق پايدىدۇر. مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە سەن ئۇنى يېقىن تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىلغىن»[1] دېدى. ئەبۇ تەلھە شۇنىڭ بىلەن بۇ باغنى ھەسسان ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئب قاتارلىق كىشىلەرگە سەدىقە قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمىغۇچە جەننەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

---

[1] «صحيح البخاري» 2 ـ توم، 119 ـ بەت، 1461 ـ ھەدىس.

2. ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەرگىز زايە كەتمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە ئۆزىگە يارىشا مۇكاپات بېرىدۇ.

3. مالنىڭ ناچارلىرىدىن تاللاپ سەدىقە ياكى زاكات بېرىش توغرا ئەمەس.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ بەزى يېمەكلىكلەرنى ھارام دەۋالغانلىقى

﴿كُلُّ ٱلطَّعَامِ كَانَ حِلًّا لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِلَّا مَا حَرَّمَ إِسۡرَٰٓءِيلُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ مِن قَبۡلِ أَن تُنَزَّلَ ٱلتَّوۡرَىٰةُۗ قُلۡ فَأۡتُواْ بِٱلتَّوۡرَىٰةِ فَٱتۡلُوهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٩٣ فَمَنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ٩٤ قُلۡ صَدَقَ ٱللَّهُۗ فَٱتَّبِعُواْ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ٩٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

93ـ تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەردىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (يەئقۇب ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەرنى ئاللاھ ھارام قىلغان دەيدىغان سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار».

94ـ شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر.

95ـ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ راست ئېيتتى، ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى».

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن ئۈچىنچى پارىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك بولغان ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلاش، شۇنداقلا ئەھلى كىتابنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە ئەھلى كىتابنىڭ ئىككى شۈبھىسىگە رەددىيە بېرىلگەن بولۇپ، بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ «ئى مۇھەممەد! سەن ئۆزۈڭنى قانداقمۇ ئىبراھىمنىڭ دىنىدا دەيسەن؟ ھالبۇكى، سەن تۆگە گۆشى ۋە ئۇنىڭ سۈتىگە ئوخشاش ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يەيسەن» دېگەن سۆزى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿كُلُّ ٱلطَّعَامِ كَانَ حِلًّا لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِلَّا مَا حَرَّمَ إِسۡرَٰٓءِيلُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ مِن قَبۡلِ أَن تُنَزَّلَ ٱلتَّوۡرَىٰةُۗ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ. ئىككىنچىسى ئۇلارنىڭ مەككىگە مۇناسىۋەتلىك سەپسەتىسىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئىلگىرى ئىسرائىل ئەۋلادى يەيدىغان ھالال يېمەكلىكلەر ئىچىدە ھارام قىلىنغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. پەقەت تۆگىنىڭ گۆشى ۋە ئۇنىڭ سۈتىگە ئوخشاش بەزى يېمەكلىكلەرنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىگىلا ھارام قىلىۋالغان ئىدى. ئەسلىدە تۆگە گۆشى بىلەن ئۇنىڭ سۈتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تائاملارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىدى، ئەمما يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قاتتىق كېسەل بولغاندا، «ئەگەر كېسەلدىن ساقايسام، ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلىرىمنى ئاللاھ ئۈچۈن تەرك ئېتىمەن» دەپ ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن (نەزر قىلغان) ئىدى. ئۇ كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ نەزرىسىگە ئەمەل قىلىپ، تۆگە گۆشى ۋە ئۇنىڭ سۈتىگە ئوخشىغان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان ئىدى. ئەمما ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن بۇ يېمەكلىكلەر ھارام قىلىنمىغان ئىدى، ھەتتا بۇ يېمەكلىكلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىمۇ ھارام ئەمەس ئىدى. كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن «تەۋرات»تا ئىلگىرى ئۇلارغا ھالال قىلىنغان بەزى يېمەكلىكلەر ھارام قىلىنغان ئىدى.

بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارغا مۇنداق رەددىيە بېرىلگەن: ئى يەھۇدىيلار! سىلەر قايسى دەلىلىڭلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۆگە گۆشى يېمەيتتى، تۆگە سۈتى ئىچمەيتتى، دەيسىلەر؟ ھالبۇكى، «تەۋرات» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن نازىل بولغان تۇرسا، ئاللاھ سىلەرگە «تەۋرات»تا ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟! سىلەر

«تەۋرات»نى ئوبدان ئوقۇپ چىقىڭلار، ئەگەر سىلەر «تەۋرات»نى ئوقۇپ چىقساڭلار، شۇ چاغدا، ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارغا هارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ يولسىزلىقى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن هارام قىلىنغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر. بۇ ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىنكى ئىشتۇر.

ھەقىقەت شۇكى، «تەۋرات» كېلىشتىن ئىلگىرى ئىسرائىل ئەۋلادىغا هالال يېمەكلىكلەرنىڭ ھېچبىرى چەكلەنمىگەن ئىدى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە يولسىزلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئۇلارغا «تەۋرات»تا بەزى يېمەكلىكلەرنى هارام قىلىۋەتكەن. ﴿فَبِظُلۡمٖ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ طَيِّبَٰتٍ أُحِلَّتۡ لَهُمۡ وَبِصَدِّهِمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ كَثِيرٗا ١٦٠ وَأَخۡذِهِمُ ٱلرِّبَوٰاْ وَقَدۡ نُهُواْ عَنۡهُ وَأَكۡلِهِمۡ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ مِنۡهُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا ١٦١﴾ يەنى ﴿يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان يولسىزلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ناھەق يېۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) هالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى هارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب هازىرلىدۇق﴾[1]، ﴿وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٖۖ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ وَٱلۡغَنَمِ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ شُحُومَهُمَآ إِلَّا مَا حَمَلَتۡ ظُهُورُهُمَآ أَوِ ٱلۡحَوَايَآ أَوۡ مَا ٱخۡتَلَطَ بِعَظۡمٖۚ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِبَغۡيِهِمۡۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ١٤٦﴾ يەنى ﴿يەھۇدىيلارغا تىرناقلىق جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىنى هارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا ۋە قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى هارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلۋەتتە راستچىلمىز﴾[2].

ئاللاھ تائالا «تەۋرات»نى نازىل قىلىشتىن ئىلگىرى مەيلى ئىسرائىل ئەۋلادى بولسۇن، مەيلى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە هالال نەرسىلەرنى هارام قىلغان ئەمەس، يەئقۇب، ئىبراھىم ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگىمۇ هالال نەرسىلەردىن ھېچ نەرسىنى هارام قىلغان ئەمەس. پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا «تەۋرات»تا بەزى هالال يېمەكلىكلەرنى

[1] نىسا 160ـ161 ئايەتلەر.

[2] ئەنئام سۈرىسى146ـئايەت.

ھارام قىلغۇچتەكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەھۇدىيلاردىن «تەۋرات»نى كەلتۈرۈپ ئۇنى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، يەھۇدىيلار بۇ تەلەپنى ئورۇنداشتىن باش تارتقان. چۈنكى «تەۋرات» يەھۇدىيلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى كۈچلەندۈرەتتى. يەھۇدىيلارمۇ بۇنى ئېنىق بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار «تەۋرات»نى كەلتۈرەلمىگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا بولمىغان نەرسىلەرنى يالغاندىن ئۇنىڭدا بار دېيىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلغانلارنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملار ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارغا رەددىيە بېرىپ: ئاللاھ تائالا بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەقىقەتەن راستچىلدۇر، چۈنكى ئۇ پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىدۇ. ئەگەر سىلەر ھەقىقەتنى ئىزدىسەڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىڭلار. مانا مەنمۇ ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچىمەن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ھەق دىندا ئىدى، دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىدە بەلگىلەنگەن ئەھكاملارنىڭ بەزىسى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

2. يەھۇدىيلارنىڭ «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا تۆگە گۆشى قاتارلىق يېمەكلىكلەر ھارام ئىدى» دېگەن سۆزى يالغاندۇر. چۈنكى «تەۋرات» كېلىشتىن ئىلگىرى ھالال يېمەكلىكلەردىن ھېچ نەرسە ھارام قىلىنغان ئەمەس. «تەۋرات» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن نازىل بولغان.

3. يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلگەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر.

## ◄ مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەج پەرزى

﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِى بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَٰلَمِينَ

﴿فِيهِ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ مَّقَامُ إِبۡرَٰهِيمَۖ وَمَن دَخَلَهُۥ كَانَ ءَامِنٗاۗ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلۡبَيۡتِ مَنِ ٱسۡتَطَاعَ إِلَيۡهِ سَبِيلٗاۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٩٧﴾ ٩٦

## تەرجىمىسى

96ـ شەكسىزكى، جاھان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سېلىنغان تۇنجى ئۆي مەككىدىكى ئۆي (كەئبە)دۇر.

97ـ ئۇنىڭدا ئوپئوچۇق ئالامەتلەر بار، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرىدۇر، مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ كەئبىگە (كېلىپ) ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. كىمكى (بۇنى) ئىنكار قىلىدىكەن، (بىلىپ قويسۇنكى)، ئاللاھ ئالەملەردىن بىھاجەتتۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەر مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «بىر كۈنى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار قىبلە توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىپ قالغان بولۇپ، يەھۇدىيلار ‹بەيتۇلمۇقەددەس كەئبىدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن جايدۇر› دېگەن. مۇسۇلمانلار ‹ئۇنداق ئەمەس، بەلكى كەئبە ئەۋزەلدۇر› دېگەن. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيۡتٖ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكٗا وَهُدٗى لِّلۡعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[1].

## تەپسىرى

مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۇلۇغ كەئبە پۈتكۈل دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ۋە دۇئالىرىدا يۈزلىنىدىغان قىبلىسى، ئۇلارنىڭ قەلبى ھەمىشە تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان جايدۇر. كەئبە يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم بىنا قىلىنغان ئىبادەت ئۆيىدۇر. كەئبە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىبلىسى بولغان بەيتۇلمۇقەددەستىنمۇ بۇرۇن بىنا قىلىنغان ئىبادەت ئۆيىدۇر. پەلەستىننىڭ قۇددۇس شەھىرىدىكى مەسجىدى

[1] «أسباب النزول للواحدي» 230 ـ بەت، «تفسير البغوي» 2ـ توم، 69ـ بەت.

ئەقسا (يەنى ئېرۇسالىمدىكى بەيتۇلمۇقەددەس) مەككىدىكى كەئبىنىڭ بىنا قىلىنىشىدىن قىرىق يىل كېيىن بىنا قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ ، أَيُّ مَسْجِدٍ وُضِعَ فِي الأَرْضِ أَوَّلَ؟ قَالَ: «الْمَسْجِدُ الْحَرَامُ» قَالَ: قُلْتُ: ثُمَّ أَيٌّ؟ قَالَ «الْمَسْجِدُ الأَقْصَى» قُلْتُ: كَمْ كَانَ بَيْنَهُمَا؟ قَالَ: «أَرْبَعُونَ سَنَةً، ثُمَّ أَيْنَمَا أَدْرَكَتْكَ الصَّلاَةُ بَعْدُ فَصَلِّهْ ، فَإِنَّ الفَضْلَ فِيهِ» يەنى «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەر يۈزىدە تۇنجى سېلىنغان مەسجىد قايسى؟ دەپ سورىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹يەر يۈزىدە تۇنجى سېلىنغان مەسجىد مەسجىدى ھەرەمدۇر› دېدى. ئاندىن مەن يەنە ‹ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟› دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مەسجىدى ئەقسادۇر› دېدى. ئاندىن يەنە مەن ‹بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانچە يىل ئۆتكەن؟› دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹قىرىق يىل ئۆتكەن. سەن بۇ ئىككى مەسجىدنىڭ قايسىسىدا بولغىنىڭدا نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە، شۇنىڭدا ئوقۇغىن، چۈنكى ئەڭ چوڭ ساۋاب شۇنىڭدىدۇر› دەپ جاۋاب بەردى»[1]. كېيىن خۇددى كەئبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلىپ چىققاندەك، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ئەقسانى قايتا بىنا قىلىپ چىققان. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كەئبىگە يۈزلەنگەنلىكى ئۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قىبلىسىگە يۈزلەنگەنلىكىدۇر. كەئبە ئەڭ دەسلەپ بىنا قىلىنغان تۇنجى ئىبادەت ئۆيى بولغانلىقتىن، ئۇ ھۆرمەت ۋە شەرەپتىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. كەئبىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئۆزگىچىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى كۆپتۇر.

«كەئبىنى تۇنجى قېتىم كىمنىڭ بىنا قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، كەئبىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بىنا قىلىپ بەرگەن دېگەنلەرمۇ، پەرىشتىلەر بىنا قىلغان دېگەنلەرمۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان دېگەنلەرمۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىس ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان دېگەنلەرمۇ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان دېگەنلەرمۇ بار. يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قاراشنىلا توغرا دېيىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ بىرى، كەئبىنى تۇنجى قېتىم بىنا قىلغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، دېگەن قاراش بولۇپ، ئەللامە ئىبنى كەسىر قاتارلىق ئۆلىمالار بۇنى

[1] «صحيح البخاري» 4- توم، 145-بەت، 3366- ھەدىس.

كۆچلەندۈرگەن. ئۇلار بىز تەپسىرىنى قىلىۋاتقان بۇ ئىككى ئايەت بىلەن بىرلىكتە تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرگەن: ﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَٰهِيمَ مَكَانَ ٱلْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِى شَيْـًٔا وَطَهِّرْ بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلْقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿٢٦﴾﴾ يەنى ﴿بىز ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بېرىپ، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن»﴾[1]، ﴿وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَٰهِـۧمُ ٱلْقَوَاعِدَ مِنَ ٱلْبَيْتِ وَإِسْمَٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى سېلىۋېتىپ: «ئى رەببىمىز! (بۇ ئەمەلىمىزنى) بىزدىن قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (بەندىلىرىڭنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾[2]. ئەللامە ئىبنى كەسىر ﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِى بِبَكَّةَ...﴾ دېگەن ئايەتكە ‹ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىنا قىلغان تۇنجى ئىبادەت ئۆيى مەككىدىكى كەئبىدۇر›[3] دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بىرى، كەئبىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان دەيدىغان قاراش بولۇپ، ئىمام بەيھەقى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى ئەساكىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى بىنا قىلغانلىق قىسسىسىنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى شەرھلىگەن ئەللامە زەرقانىي بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن. بۇ رىۋايەتلەر بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ»[4].

ئاللاھ تائالانىڭ بەيتى (ئۆيى) بولغان ھەرەم بەرىكەتلىك جايدۇر. ئۇ ھېچ نەرسە ئۆنمەيدىغان قاقاسلىق چۆل بولسىمۇ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن ھەرخىل شېرىن مېۋىلەر ۋە تۈرلۈك لەززەتلىك رىزىقلار كېلىپ تۇرىدۇ. بەيتۇللاھ ياخشىلىقتا بەرىكەتلىك جاي بولغىنىدەك، ساۋاب ۋە ئەجىردىمۇ بەرىكەتلىك جايدۇر. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنىڭ بۆشۈكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىدۇر. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا ۋە دۇئالىرىدا بۇ جايغا يۈزلىنىدۇ، ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنى بۇ جايدا قىلىدۇ. ﴿رَّبَّنَآ إِنِّىٓ أَسْكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِى بِوَادٍ غَيْرِ ذِى زَرْعٍ عِندَ

---

[1] ھەج سۈرىسى: 26- ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 127- ئايەت.

[3] «تفسير ابن كثير» 2- توم، 77- بەت.

[4] «إسلام ويب» 17346- نومۇرلۇق پەتىۋا.

بَيْتِكَ ٱلْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجْعَلْ أَفْـِٔدَةً مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهْوِىٓ إِلَيْهِمْ وَٱرْزُقْهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭ (كەئبە)نىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، ئى رەببىمىز! (بۇ ئىشنى) ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئوقۇسۇن (دەپ قىلدىم). ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن﴾[1].

ھەرەمدە نۇرغۇن ئۇلۇغۋار ئالامەتلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مەقامى ئىبراھىم (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كەئبىنى بىنا قىلغاندا دەسسەپ تۇرغان جاي)دۇر. ھەرەمگە كىرگەن ئادەم ھەر تەرەپتىن خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، جېنىغا، مال-مۈلۈككە زىيان-زەخمەت يېتىشتىن ئامانلىقتا بولىدۇ. ھەتتا ھەرەمگە كىرگەن ئادەمدە بىراۋنىڭ قىساسى بولسىمۇ، بۇ قىساس ھەرەم ئىچىدە تەلەپ قىلىنمايدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرمۇ ھەرەمنىڭ ئىچىدە قىساس ئالمايتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئەھۋال ئۆزگەرمەي كەلمەكتە. ھەتتا مەككە ئازاد بولغان كۈندىمۇ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىۋالغانلارنىڭ ئامانلىقتا بولىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىلىرى ئىسلام قوشۇنى مەككىگە يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن: «مَنْ دَخَلَ دَارَ أَبِي سُفْيَانَ فَهُوَ آمِنٌ ، وَمَنْ أَغْلَقَ عَلَيْهِ دَارَهُ فَهُوَ آمِنٌ ، وَمَنْ دَخَلَ الْمَسْجِدَ فَهُوَآمِنٌ» يەنى «كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇ ئامانلىقتا بولىدۇ، كىمكى ئۆز ئۆيىدە تۇرسا، ئۇ ئامانلىقتا بولىدۇ ۋە كىمكى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىۋالسا، ئۇ ئامانلىقتا بولىدۇ»[2] دەپ جاكارلىغان ئىدى.

قادىر بولالىغان كىشىنىڭ ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىشى پەرزدۇر. بىراۋنىڭ ھەج قىلىشقا قادىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەجنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەج چىقىملىرىغا، ئۇ ھەجگە بېرىپ كەلگۈچە ئۆيىدە قالغان بالىچاقىلىرىنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىغا يەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشى، تېنىنىڭ ساق بولۇشى، ھەج يولىنىڭ ئامان ۋە ئوچۇق بولۇشى شەرتتۇر.

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 37- ئايەت.

[2] «سنن أبي داود» 3-توم، 162-بەت، 3022-ھەدىس.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ۋە ھەرقانداق بىر پەرزنى ئادا قىلىشى ئۇلارنىڭ دىيانىتىگە ۋە ۋىجدانىغا تاپشۇرۇلغان ئىشتۇر. ھەج يولى ئەمىن بولغان ۋە بېرىپ كېلىشكە يېتەرلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولغان، تېنى ساق ئادەملەر ئۈچۈن ھەج قىلىش پەرزدۇر، دېگەنلىكىمىز يەنىلا شۇ دىيانەتكە باغلىقتۇر. چۈنكى پۇل مېلى كۆپ، شارائىتىمۇ تولۇق بولغان بىلەن دىيانىتى ئاجىز، ئىخلاسى كەمچىل كىشىلەر ھەج پەرزنى ئادا قىلىشقا ئىنتىلمەيدۇ، ھەتتا بەزىسى ئۇنى كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدۇ. ئاللاھقا شۈكرىكى، ھەج سەپىرى ھازىرقى زاماندا زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنىڭ سايىسىدا جاپا - مۇشەققەتسىز بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۆتمۈشلەردە بۇ سەپەر ناھايىتى جاپالىق ئىدى. ھەج يولىمۇ خاتىرجەم يول ئەمەس ئىدى. ھەج سەپىرىگە چىققانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى يول ئۈستىدە قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھالاك بولسا، يەنە نۇرغۇنلىرى ئاغرىق - سىلاق، ئاچلىق ۋە سوغۇق سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتەتتى. بولۇپمۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدەك ھەرەمگە يىراق جايلاردىن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىدىغانلار ئات - ئۇلاغلار بىلەن بىر قانچە ئاي يول مېڭىش جەريانىدا كۆپ جاپالارنى تارتىدىكەن، بەزىسى يولدا ۋاپات بولۇپ كېتىدىكەن. دېمەك، ھەج سەپىرى ئىمان ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەر چىقىدىغان سەپەر بولۇپ، ئۆتمۈشلەردە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ، ھەج قىلىشقا شارائىتى بار تۇرۇقلۇق ھەج قىلمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلىرىگە قەتئىي موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە ئىنسانلار ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كەئبە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم بىنا قىلىنغان ئىبادەت ئۆيىدۇر.

2. ئاللاھنىڭ بەيتى بولغان كەئبىگە كېلىپ ھەج قىلىش ھەرقانداق ئاقىل، بالىغ ۋە قۇدرىتى يەتكەن مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن پەرزدۇر. شەرت-شارائىتى تولۇق بولغان كىشىنىڭ ھەجنى كېچىكتۈرمەي دەرھال قىلىشى ئايرىم بىر پەرزدۇر. چۈنكى شارائىت ۋە ئىمكانىيەت ھەمىشە بىر خىل تۇرمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ، ئەمما ئۇنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتقان ئادەم قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. شەرت-شارائىتى بار تۇرۇپ ھەج پەرزنى ئادا قىلمىغانلار ئەلۋەتتە گۇناھكار بولىدۇ.

## ئەھلى كىتابنىڭ تەرسالىقى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشى

﴿قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا
تَعْمَلُونَ ﴿٩٨﴾ قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنْ
ءَامَنَ تَبْغُونَهَا عِوَجًا وَأَنتُمْ شُهَدَآءُ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٩٩﴾﴾

### تەرجىمىسى

98-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: «ئى ئەھلى كىتاب! ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغان تۇرسا (سىلەر بۇنى بىلىپ تۇرۇپ)، نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟».

99-ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئەگرى كۆرسىتىپ، ئىمان ئېيتقانلارنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر».

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرگەن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئۇلارغا كايىغان.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى، مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىسىلەر؟ سىلەر قايسى پاكىتىڭلارغا ئاساسلىنىپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ بۇ ھەقتە پاكىتىڭلار بولسا كەلتۈرۈڭلار، ئەگەر بولمىسا، شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە جازا بېرىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئەگرى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ قىڭغىر بولۇشىنى تىلىسەڭلەرمۇ ئۇنىڭ دىنى ھەقتۇر، توغرىدۇر، قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ.

ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر قەۋمىڭلار ئىچىدە ئالىم سانىلىدىغان كىشىلەر بولغىنىڭلار ئۈچۈن ئۇلار سىلەرگە ئەگىشىدۇ، دىنىي مەسىلىلەرنى سىلەردىن سورايدۇ. ئەمما سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىۋاتىسىلەر. ھەسەتخورلارغا ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇنكى، سىلەر ئى يەھۇدىي ۋە خرىستىيان مولللىرى! پەيغەمبەرلىك نۇۋتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەرەبلەرگە يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىگە ھەسەت قىلىپ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى كىشىلەردىن يوشۇرۇۋاتىسىلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر. ئەمما شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشىڭلاردىن ھەرگىز غاپىل ئەمەس، ئۇ سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلارغا ئىبرەتلىك جازا بەرمەي قالمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىشنىڭ گۇناھى ئىنتايىن ئېغىردۇر.

2.كىشىلەرنى ھەق دىنغا ئەگىشىشتىن توسقانلار ئۇلارنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە ۋە ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىشى، سودىدا ئالدامچىلىق قىلىشى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقى، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنى ھەق دىنغا ئەگىشىشتىن توسقانلىقىدۇر. بۇنداق قىلمىشلار دىندار ياكى تەقۋادار كۆرۈنگەن كىشىلەردىن سادىر بولسا خەتىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلمىشلار مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ ئىسلامغا قىزىقماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلمىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر ۋە شۇنىڭغا يارىشا جازا بەرگۈچىدۇر.

## ◄ كاپىرلارغا ئىتائەت قىلماسلىق ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا چىڭ تۇرۇش

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تُطِيعُواْ فَرِيقًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَـٰبَ
يَرُدُّوكُم بَعْدَ إِيمَـٰنِكُمْ كَـٰفِرِينَ ﴿١٠٠﴾ وَكَيْفَ تَكْفُرُونَ وَأَنتُمْ تُتْلَىٰ

عَلَيْكُمْ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ وَفِيكُمْ رَسُولُهُۥۗ وَمَن يَعْتَصِم بِٱللَّهِ فَقَدْ
هُدِىَ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٠١﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ حَقَّ
تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٠٢﴾ وَٱعْتَصِمُوا۟ بِحَبْلِ ٱللَّهِ
جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا۟ۚ وَٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَآءً
فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِۦٓ إِخْوَٰنًا وَكُنتُمْ عَلَىٰ شَفَا
حُفْرَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ
لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠٣﴾

### تەرجىمىسى

100-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بولغان قايسىبىر پىرقىگە ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى (ئۇنىڭدىن) قايتۇرۇپ كاپىر قىلىۋېتىدۇ.

101-سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ كاپىر بولۇپ كېتىسىلەر؟! كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ.

102-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ئۆلۈڭلار.

103-ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئۇنىڭ نېمىتى بىلەن سىلەر ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە (كۇفرى ئىچىدە) ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام بىلەن) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مانا شۇنداق بايان قىلىدۇ.

### نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى ھىشام، تەبەرىي، بەغەۋىي، شەۋكانى، ئىبنى مۇنزىر قاتارلىق ئۆلىمالار بايان قىلىدۇكى، شاس ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر يەھۇدىي

مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەۋس بىلەن خەزرەجدىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇشقاق قەبىلىنىڭ ئىسلام نۇرى ئاستىدا بىرلىشىپ قېرىنداشلاردىن بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەسەت قىلىپ، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قانلىق ئاداۋىتىنى، دۈشمەنلىكىنى، ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى خاتىرىلىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاددىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇرۇشۇشقا كۈشكۈرتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككى قەبىلىدىن بەزىلەر بىر-بىرىگە قىلىچ تەڭلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، پۈتۈن ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارنى توپلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «يا معشر المسلمين! الله ، الله.. أبدعوى الجاهلية ، وأنا بين أظهركم ، بعد إذ هداكم الله إلى الإسلام ، وأكرمكم به ، وقطع به عنكم أمر الجاهلية ، واستنقذكم به من الكفر ، وألّف به بينكم ، ترجعون إلى ما كنتم عليه كفاراً ؟!» يەنى «ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! مەن تېخى ھايات تۇرسام سىلەر جاھىلىيەتكە قايتماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىپ ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ۋە ئاراڭلاردىكى دۈشمەنلىكنى يوق قىلىپ، دىلىڭلارنى ئىماندا بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى كاپىرلىقىڭلارغا يېنىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتامسىلەر؟»[1]. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە قوللىرىنى چىشلىشىدۇ، ئاندىن ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ، ھەتتا بۇ قىلمىشىغا ئەپسۇسلىنىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا شاس ئىسىملىك يەھۇدىي توغرۇلۇق مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: «ئى ئەھلى كىتاب! ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغان تۇرسا (سىلەر بۇنى بىلىپ تۇرۇپ)، نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟». ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئەگرى كۆرسىتىپ ئىمان ئېيتقانلارنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»﴾[2]. ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر توغرۇلۇق ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بولغان قايسىبىر پىرقىگە ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى (ئۇنىڭدىن) قايتۇرۇپ كاپىر

[1] «تفسير الطبري» 5-توم، 627-بەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 98-99- ئايەتلەر.

قىلىۋېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿سىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلارغا چوڭ ئازاب بار﴾[1] دېگەن ئايەتكىچە بولغان ئالتە ئايەت نازىل بولغان»[2].

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئەھلى كىتابتىن بولغان پىرقىلەرنىڭ سۆزىگە كىرمەڭلار، ئۇلارغا ئالدانماڭلار، ئۇلارغا ھەرگىز ئىتائەت قىلماڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزئارا قان تۆكۈشۈش، ئاداۋەتلىشىش ئارقىلىق ئاراڭلاردىكى دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى بۇزۇپ ئىماندىن كېيىن كۇفرىغا قايتىپ كېتىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سىلەرگە كەلگەن ئامەتلەرگە ھەسەت قىلغانلىقتىن، سىلەرنى كۇفرىلىققا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. رەسۇلۇللاھ يېنىڭلاردا بار تۇرسا، ئۇ سىلەرنى ھىدايەتكە چاقىرىپ تۇرسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىپ تۇرۇۋاتسا، سىلەر قانداقمۇ كاپىرلىققا قايتىپ كېتەرسىلەر؟ قانداقمۇ دۈشمەنلەرگە ئالدىنىپ كېتەرسىلەر؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرخىلى، ياخشىلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى، سىلەرنى ھىدايەتكە باشلايدىغان بىردىنبىر ئۇلۇغۋار يېتەكچى تۇرسا، ئۇنى قويۇپ، ئازغۇن قەۋملەرنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىش ۋە ئالدىنىپ كېتىش سىلەرگە يارىشامدۇ؟!

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا مەھكەم ئېسىلىپ، ئۇنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدىكەن ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەتنى چىڭ تۇتىدىكەن، ئۇ ئادەم روشەن ۋە توغرا يولغا مۇۋەپپەق بولغان بولىدۇ، ئۇ ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا چىن مەنىدە تەقۋالىق قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەردىن تەلەپ قىلغان تەقۋالىقنى ھەقىقىي ماھىيىتى بويىچە ئورۇنداڭلار، سىلەر رەببىڭلارنىڭ ﴿فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ﴾ يەنى ﴿كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[3] دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تەقۋادارلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈڭلار. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھەرگىز مۇسۇلمان بولماي

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 100-105- ئايەتلەر.

[2] «صفوة التفاسير»1-توم، 198-بەت.

[3] تەغابۇن سۈرىسى: 16-ئايەت.

ئۆلۈپ كەتمەڭلار، ئۆلۈم سىلەرنى ئىسلامدىن باشقا ئەھۋال ئاستىدا تاپمىسۇن. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە ھەقىقەتنىڭ مەشئىلى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى چىڭ تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار، ھەرگىز ئايرىلماڭلار، پىرقىلەرگە بۆلۈنمەڭلار. چۈنكى دۇنيادا تەپرىقىچىلىك ۋە ئىناقسىزلىقتىن ئېغىر پالاكەت يوقتۇر.

﴿وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ﴾ يەنى ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ دەستۇرى بولغان«قۇرئان كەرىم»گە چىڭ ئېسىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پالاكەتلىرىدىن ساقلىنىش گويا خەتەر ئاستىدا قالغاندا ئۈزۈلمەس، مەھكەم ئارغامچىغا ئېسىلىۋېلىش ئارقىلىق ھالاكەتتىن قوتۇلۇپ قېلىشقا ئوخشىتىلغان.

جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ئۆمرىنى ئۆزئارا قان تۆكۈشۈش، بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش بىلەنلا ئۆتكۈزەتتى، ئۇلارنىڭ رەقىبلىرىگە قارشى ئۆچمەنلىكى ۋە ئاداۋىتى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. خۇسۇسەن مەدىنىدىكى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ھەمىشە بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈشەتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى بىلەن ئەرەب قەبىلىلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى بىر-بىرىگە قارشى ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ئورنىنى مۇھەببەت، سەمىمىي قېرىنداشلىق ۋە ئىناقلىق ئالدى. ئاخىر ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن بىر-بىرى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىدىغان ئالىيجاناپ قېرىنداشلاردىن بولۇپ كەتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ ﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِخۡوَةٞ﴾ يەنى ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾[1] دېگەن پىرىنسىپىغا ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تَرَى المُؤْمِنِينَ فِي تَرَاحُمِهِمْ وَتَوَادِّهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ ، كَمَثَلِ الجَسَدِ ، إِذَا اشْتَكَى عُضْوًا تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ جَسَدِهِ بِالسَّهَرِ وَالحُمَّى» يەنى «مۆئمىنلەر بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشتا، دوستلۇقتا ۋە ھېسداشلىق قىلىشتا بىر تەنگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، قالغان ئەزالىرىمۇ ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتما بىلەن بىئارام بولىدۇ»[2] دېگەن سۆزىگە چىن

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 10-ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 8-توم، 10-بەت، 6011-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 199-بەت، 2586-ھەدىس.

ئىمان ئېيتقان ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولۇپ قالدى.

ئۇلار ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ھالاكەتتە ئىدى. ئىسلام دىنى ئۇلارنى بۇ ھالاكەتلەردىن قۇتقۇزدى. خۇسۇسەن ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى ۋە شېرىك ئەقىدىلىرى تۈپەيلىدىن ئەڭ خەتەرلىك ھالاكەتتە ئىدى. ئىسلام دىنى ئۇلارنى كۇفرى ئازغۇنلۇقىنىڭ ھالاكەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئامانلىقىغا ئېلىپ چىقتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام دىنىنى ئاتا قىلىش بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە ئىنئاملىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ: ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾[1] دەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس بىردىنبىر ھىدايەت مەنبەسى بولۇپ، بۇ ئىككىسىگە ئەمەل قىلغان ئادەم قەتئىي ئېزىپ كەتمەيدۇ.

2. ئىناقسىزلىق ۋە تەپرىقىچىلىك بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر.

3. كۇفرى ۋە زالالەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوڭ ھالاكەتتۇر.

4. ئىسلام دىنىغا ئىزچىل ئەگىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى تولۇق ئىجرا قىلغان ئادەم بارلىق بەختسىزلىكلەردىن ۋە زىيان-زەخمەتلەردىن ئامان قالىدۇ.

## ◄ ئىلاھىي تەلىمات

﴿وَلۡتَكُن مِّنكُمۡ أُمَّةٞ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلۡخَيۡرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ
وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٠٤ وَلَا تَكُونُواْ
كَٱلَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَٱخۡتَلَفُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ
لَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ١٠٥ يَوۡمَ تَبۡيَضُّ وُجُوهٞ وَتَسۡوَدُّ وُجُوهٞۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ
ٱسۡوَدَّتۡ وُجُوهُهُمۡ أَكَفَرۡتُم بَعۡدَ إِيمَٰنِكُمۡ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا
كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ١٠٦ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱبۡيَضَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فَفِي رَحۡمَةِ ٱللَّهِۖ

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 34-ئايەت.

هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١٠٧﴾ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۗ وَمَا
ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلۡمٗا لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٨﴾ وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ
وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ﴿١٠٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

104ـ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

105ـ سىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار. ئەنە شۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

106ـ بەزى يۈزلەر ئاقىرىپ كېتىدىغان، بەزى يۈزلەر قارىداپ كېتىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە، يۈزى قارىداپ كەتكەنلەرگە: «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

107ـ يۈزى ئاقىرىپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى (بولغان جەننەت) دە بولىدۇ، ئۇلار ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

108ـ مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، (ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇنى ساڭا ھەقىقەتتى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئاللاھ ئالەملەرگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ.

109ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئىشلار ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇئمىنلەرنى «قۇرئان كەرىم»گە چىڭ ئېسىلىش، ئۇنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئىسلام دىنىغا تولۇق ئەمەل قىلىشقا ھەمدە بىرلىكنى ساقلاپ، بۆلۈنمەسلىككە چاقىرغان بولسا، ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن دۇنيانىڭ

ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرىدىغان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ئۈلگىلىك بىر جامائەتنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا كىشىلەرگە دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگىتىدىغان، پەند-نەسىھەت قىلىدىغان، ئۇلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان بىر جامائەنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغاندەك، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىدىغان ئىسلامىي دەۋەتچى بولۇش سالاھىيىتىگە يېتەرلىك دىنىي ئىلىمگە ئىگە بولۇشى، دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشنىڭ يوللىرىنى ياخشى بىلىشى، شۇنداقلا دەۋەتچىنىڭ پەيغەمبەرلەر سۈپەتلەنگەن ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى، تەقۋادارلىقتا، ئىلىم-ھېكمەتتە ۋە ئېغىر-بېسىقلىقتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. مۇشۇنداق بىر جامائەسى بولغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بۇ دۇنيادا ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە، ئاخىرەتتە بولسا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئېسىل جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرۇشقا سازاۋەر بولىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتىكى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ھەرگىز ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى، كىشىلەرنى توغرا يولغا، بىرلىككە چاقىرىدىغان روشەن ۋەز-نەسىھەتلەر كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماستىن، ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ پىرقىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلاردەك بولماڭلار. ئۇلارنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ، بىرلىكىنى يوقىتىپ ئازغۇنلۇق يوللىرىغا كىرىپ پىرقىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا بۇيرۇغان ئەمرلىرىنى تەرك ئەتكەن، ئۇلارنى ئورۇندىمىغان. شۇڭا ئۇلاردا كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بۇ خىل ئېسىل خىسلەت ئومۇملاشمىغان. ﴿لُعِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُۥدَ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ٧٨ كَانُواْ لَا يَتَنَاهَوۡنَ عَن مُّنكَرٖ فَعَلُوهُۚ لَبِئۡسَ مَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ٧٩﴾ يەنى

﴿ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾[1].

ئىسلام دىنىدا مەنئى قىلىنغان ئىختىلاپ دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ، شەخسىي غەرەزلەرنى دىنغا سۆرەپ كىرىپ نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش، دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىدا ۋە ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ھالال – ھارام ئاساسلىرى قاتارلىق دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس مەسىلىلىرىدە ئىختىلاپ قىلىشتۇر. ئەمما ئىسلام مەزھەپلىرى ئارىسىدىكى فىقھىي ئىختىلاپلار ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ بەزى ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرى توغرىسىدىكى بەزى ئوخشاشماسلىقلار مەنئى قىلىنغان ئىختىلاپ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئېتىراپ قىلىنغان ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە تايانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئالغان چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئىش كۆرگەن ۋە شۇنى تەشۋىق قىلغان.

مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە نەسىھەت قىلىش ۋە بىر-بىرىنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل خىسلەتنى يوقاتقان ۋە مۇھىم بولمىغان قوشۇمچە مەسىلىلەر بىلەن بەند بولۇپ قېلىپ، دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ھەرخىل پىرقىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىش ئارقىلىق ئۆزئارا بىرلىكىنى يوقاتتى ۋە خار ھەم زەبۇنلۇققا يۈزلەندى. شۇ ئېنىقكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ئىلغار ۋە ئۈلگىلىك جامائىتى بولغان جەمئىيەت خەلقى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر. شۇنىڭدەك، بۇ خىسلەتتىن مەھرۇم قالغان خەلقلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پالاكەتلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى سائادەتمەنلىكتىن، پارلاپ ئاقىرىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدە، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش پەرزىنى تەرك قىلغان ۋە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ بىرلىكىنى يوقاتقان يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئازغۇنلارنىڭ يۈزى

[1] مائىدە سۈرىسى: 78-79- ئايەتلەر.

دەرد-ئەلەمدىن ۋە قورقۇنچتىن قارىيىپ كېتىدۇ. يۈزى قارىيىپ كەتكەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغا، ئاندىن قاتتىق ئازابىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما يۈزى ئاقىرىپ كەتكەنلەر بولسا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئېسىل جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك هۇزۇر-هالاۋەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ھەقىقەتنى بىلەن تولۇق ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. بىز ساڭا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق. ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزرە يوق. ئەگەر سېنىڭ ئۈممىتىڭ ئىناقسىزلىق ۋە تەپرىقچىلىقنىڭ جازاسىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، ھەق دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ، پىرقىلەرگە بۆلۈنسە، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش پەرزىنى تەرك ئەتسە، شەكسىزكى، ئۇلار چوقۇم جازاغا يولۇقىدۇ. ئۇ چاغدا، ئۇلار بۇ جازانى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشىدىن كۆرسۇن! چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە زۇلۇم قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالاغا قايتۇرۇلىدۇ.

ئەللامە تەنتاۋىنىڭ «التفسير الوسيط» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق كەلگەن: «زۇلۇملار زۇلۇمنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرگەن بولۇپ، زۇلۇمنىڭ بىرىنچى تۈرى، ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى زۇلۇمدۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا گۇناھ سادىر قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ خىل زۇلۇمنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. ﴿يَٰبُنَيَّ لَا تُشۡرِكۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّ ٱلشِّرۡكَ لَظُلۡمٌ عَظِيمٞ﴾ يەنى ﴿ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ خىل زۇلۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى تۈرى، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ: ﴿إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَظۡلِمُونَ ٱلنَّاسَ وَيَبۡغُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ۝٤٢﴾ يەنى ﴿ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ناھەق زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار﴾[2]. ئۈچىنچى تۈرى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپقان: ﴿ثُمَّ أَوۡرَثۡنَا ٱلۡكِتَٰبَ ٱلَّذِينَ ٱصۡطَفَيۡنَا مِنۡ عِبَادِنَاۖ فَمِنۡهُمۡ ظَالِمٞ لِّنَفۡسِهِۦ وَمِنۡهُم مُّقۡتَصِدٞ وَمِنۡهُمۡ سَابِقُۢ

[1] لۇقمان سۈرىسى: 13- ئايەت.
[2] شۇرا سۈرىسى: 42- ئايەت.

بِٱلۡخَيۡرَٰتِ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَضۡلُ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٣٢﴾ يەنى ﴿ئاندىن بىز كىتاب (قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر، يەنە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ كاتتا ئىنئامدۇر﴾[1]»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، ياخشى-ياماننى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا ئاتالغان بىر جامائە كىشىلەرنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

3. كاپىرلار ۋە قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپ ئىش قىلىدىغان گۇناھكارلار قىيامەت كۈنىدە يۈزى قارىيىپ كەتكەن ھالدا قوپىدۇ.

4. كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر. ھەركىم ئۆز ئىقتىدارى بويىچە، شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىشى لازىم. ھەربىر شەھەر، يېزا ۋە قىشلاقلاردا كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماملىقتىن توسىدىغان مەخسۇس ئورگان ۋە جامائە بولۇشى زۆرۈردۇر.

## ◄ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەۋزەللىكى

﴿كُنتُمۡ خَيۡرَ أُمَّةٍ أُخۡرِجَتۡ لِلنَّاسِ تَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَتَنۡهَوۡنَ
عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَتُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِۗ وَلَوۡ ءَامَنَ أَهۡلُ ٱلۡكِتَٰبِ لَكَانَ خَيۡرٗا
لَّهُمۚ مِّنۡهُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَأَكۡثَرُهُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿١١٠﴾ لَن يَضُرُّوكُمۡ إِلَّآ

---

[1] فاتىر سۈرىسى: 32- ئايەت.

[2] «التفسير الوسيط لطنطاوي» 2-توم، 211-بەت.

أَذًىۖ وَإِن يُقَٰتِلُوكُمۡ يُوَلُّوكُمُ ٱلۡأَدۡبَارَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ١١١ ضُرِبَتۡ
عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ أَيۡنَ مَا ثُقِفُوٓاْ إِلَّا بِحَبۡلٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَحَبۡلٖ مِّنَ ٱلنَّاسِ
وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَسۡكَنَةُۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ بِغَيۡرِ حَقّٖۚ ذَٰلِكَ بِمَا
عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ١١٢

### ◄ تەرجىمىسى

110ـ(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا (مۇكەممەل) ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتابمۇ ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى (دىندىن چىقىپ كەتكەن) پاسىقلاردۇر.

111ـئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان–زەخمەت يەتكۈ-زەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ تىكى-ۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.

112ـقەيەردە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىما-يىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا مەھكۇم قىلىندى، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى، موھتاجلىققا چۆمدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىندۇر. (يەنە) بۇ ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە (ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن) چەتنەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ئىسلام ئۈممىتى! سىلەر يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. چۈنكى باشقا ئۈممەتلەردە بۇزۇقچىلىق ۋە دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كېتىش قاتارلىق ئىللەتلەر ئومۇملاشقان، بىر-بىرىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان

ئىشلاردىن توسۇش خىسلىتى يوقالغان. سىلەر بولساڭلار كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ئۆزئارا سەمىمىي نەسىھەت قىلىشىدىغان، ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قەلبتىن ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ سىلەرگە ئاتا قىلىنغان ئالاھىدە خىسلەتتۇر.

﴿وَتُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِۗ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە، مۇكەممەل ئىمان ئېيتىسىلەر دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام دىنىدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىمان ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىگە تولۇق ئىمان ئېيتمىغاندا، ئۇ ئىمان ھېسابلانمايدۇ. ئايەتتە كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئەھلى كىتابمۇ ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەپ سانايدۇ، ئەمما ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل خىسلەتتىن مەھرۇمدۇر. بۇ خىسلەت ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل خىسلەتنى تەرك ئەتكەنلىكتىن، ئۇلار ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان. ئۇلارنىڭ ئەسلى دىنىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە خۇراپاتلارغا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبمۇ، ئۇلاردا بۇ خىسلەتنىڭ يوقالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سادىر قىلىنىۋاتقان يامانلىقلارغا كۆز يۇمۇپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى.

ئەگەر ئەھلى كىتابمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە مۇكەممەل ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا چىن ئىشەنچ قىلىپ ئىتائەت قىلسا، بىر-بىرىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسسا ۋە ئۆز دىنىغا سادىق بولسا ئىدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، خىرىستىيانلار بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس، بەلكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىللار»دا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان بېشارەتلەر ئورۇن ئالغان.

«قۇرئان كەرىم» ئەھلى كىتابتىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوخشاش ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن ئۆز دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان كاپىرلارنىڭمۇ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ.

يەھۇدىيلار «قۇرئان كەرىم»دە ئۈچ خىل سۈپەت بىلەن تونۇشتۇرۇلغان:

بىرىنچىسى، يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەشەددىي دۈشمەندۇر. ئەمما ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

ئىككىنچىسى، يەھۇدىيلار نەق مەيداندا مەردلەرچە ئۇرۇشۇشتىن قاچىدىغان قورقۇنچاق ۋە توخۇ يۈرەك مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار تارىختىن بۇيان مەردلىك قىلىپ باققان ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ھەمىشە سۈيىقەست پىلانلاش ۋە ھىيلە-مىكىردۇر.

ئۈچىنچىسى، يەھۇدىيلار ھەرگىز غەلىبە قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ پەلەستىندە ۋاقىتلىق دۆلەت قۇرغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن غەلىبە ئەمەس، بەلكى قورقۇنچنىڭ ۋە ئامانسىزلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا باشقىلارنىڭ زېمىنىدە قۇرۇۋالغان دۆلىتىدە خاتىرجەم ياشىيالمايۋاتقانلىقى ۋە پۈتۈنلەي ئامانسىزلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

يەھۇدىيلار ئەنە شۇنداق قورقۇنچاق مەخلۇقلاردۇر. ئەمما ئۇلار كىمدىن قورقۇپ قاچىدۇ؟ كىملەر بىلەن ئۇرۇشقاندا يېڭىلىدۇ؟ جاۋاب: ئىمانىدا مۇستەھكەم بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغدىغان ۋە ئۇنىڭ بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش يولىدا جېنىنى، پۇل-مېلىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى ئاتىغان، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە سازاۋەر بولغان ۋە نۇسرىتىگە ئېرىشكەن قەۋم بىلەن ئۇرۇشقان چاغدا شۇنداق قورقۇپ قاچىدۇ ۋە يېڭىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿إِن يَنصُرۡكُمُ ٱللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمۡۖ وَإِن يَخۡذُلۡكُمۡ فَمَن ذَا ٱلَّذِي يَنصُرُكُم مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرمىسە، ئۇ چاغدا سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا كىم ياردەم بېرىدۇ؟﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلام ئۈممىتى ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە مۇكەممەل ئىمان

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 160-ئايەت.

ئىبتىقان، ئۇنىڭ نۇسرىتىگە چىن دىلىدىن ئىشەنچ قىلغان ۋە كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ساقلىيالىغان زامانلاردا، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ زور كۈچ ئىدى، ئەزىز ئىدى، ئۇلارنى يېڭەلەيدىغان بىرەر كۈچ يوق ئىدى. ئەپسۇسكى، ئىسلام ئۈممىتى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغان، ئۆزىدىكى ئاساسلىق خىسلەتلەرنى يوقاتقان ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تائالادىن ھەم ئۇنىڭ دىنىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ۋە نۇسرىتىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» يەنە، يەھۇدىيلارغا خارلىقنىڭ پۈتۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەھۇدىيلارغا خارلىق ۋە زەبۇنلۇق قىيامەتكە قەدەر شۇنداق پۈتۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، گەرچە ئۇلار بايلىقتا، تەرەققىياتتا ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانلىقتا مۇسۇلمانلاردىن ئېشىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار خارلىقنى، قورقۇنچاقلىقنى، نامەردلىكنى ۋە ئىرادىسىزلىكنى تارىختىن بېرى ئاتا-بوۋىلىرىدىن مىراس ئالغانلىقتىن، ئۇلار بۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇلاردا ئاخىرەتنىڭ غېمىنى يېيىش يوق، مال-دۇنيا ئۈچۈن ئۆز شەرىپىنى ۋە بارچە نەرسىسىنى سېتىش ئۇلارغا ئادەتتىكى بىر ئىشتۇر. شۇڭا ئۇلار مەڭگۈلۈك خارلىققا مەھكۇمدۇر. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. شۇڭا يەھۇدىيلارغا دۈشمەنلىك مەقسىدە بولۇش، ئۇلارنى يامان كۆرۈش ئىمانىنىڭ تەلىپىدۇر. ئەمما كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش، ئادالەتلىك ئىش كۆرۈش، كىشىلەرگە ئازار قىلماسلىق، ئۇلارنى خورلىماسلىق قاتارلىق ئىنسانىي ھوقۇقلاردا ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلىنمايدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتى ۋە ئۇلۇغلىقىدۇر.

«ھازىرقى يەھۇدىيلارنى بۇرۇنقىلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىگە شېرىك قىلىشتىكى سەۋەبمۇ، ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ بۇرۇنقىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى، يولسىزلىقلىرىنى قوللىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغانلىقى سەۋەبتىندۇر»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام ئۈممىتى يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەتتۇر. پەيغەمبەر

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 267- بەت.

ئەلەيھىسسالام: «أَنْتُمْ تُتِمُّونَ سَبْعِينَ أُمَّةً أَنْتُمْ خَيْرُهَا وَأَكْرَمُهَا عَلَى اللَّهِ» يەنى «سىلەر يەتمىشىنچى ئۈممەت بولۇپ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكى ھېسابلىنىسىلەر»[1] دېگەن.

2. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەلدۇر.

3. مۇسۇلمانلار قاچانكى ئۆز دىنىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى يەھۇدىيلارنىڭ ۋە بارلىق كاپىرلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

4. يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرگە سۇيىقەست پىلانلاشتىن ئىبارەت رەزىل ئەخلاقى ئۆزگەرمەيدۇ.

## ◄ ئەھلى كىتابتىن مۆئمىن بولغانلار

﴿لَيْسُوا۟ سَوَآءً ۗ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ أُمَّةٌ قَآئِمَةٌ يَتْلُونَ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ ﴿١١٣﴾ يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُسَـٰرِعُونَ فِى ٱلْخَيْرَٰتِ ۖ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ مِنَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿١١٤﴾ وَمَا يَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَلَن يُكْفَرُوهُ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلْمُتَّقِينَ ﴿١١٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

113ـ ئەھلى كىتاب ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان، دىنغا مەھكەم بىر بۆلۈك كىشى بار.

114ـ ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ياخشى ئىشلاردا (بىر-بىرى بىلەن) بەسلىشىدۇ. ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر.

115ـ ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ مۇكاپاتسىز قالمايدۇ. ئاللاھ

[1] «سنن الترمذي» 5ـ توم، 226ـ بەت، 3001ـ ھەدىس.

تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئەھلى كىتابنىڭ، خۇسۇسەن يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان مۇئمىنلەر بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىقلارنىڭمۇ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە ئۇلاردىن بولغان مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە بايان قىلغان.

## ◄ تەپسىرى

ئەھلى كىتابنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەشەددىي كاپىرلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىقلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تائەت-ئىبادىتىدە بولىدىغان مۇئمىنلەرمۇ بار. بۇ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار كېچىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەيدۇ. ئۇلار كېچىلەردىكى تەھەججۇد نامازلىرىدا دۇئانى كۆپ قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەربىيەسى بىلەن ئۆزلىرىنى يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، باشقىلارنىمۇ شۇنداق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغان، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ياخشى ئىشلارنى بەس-بەستە قىلىشىدىغان كىشىلەردۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغانلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشىلار قاتارىدىن سانالغان ۋە جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىگە لايىق بولىدىغان زاتلاردۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ «بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلار ئازغۇنلاردۇر» دەيدىغان سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەرگەن. ئاللاھ تائالا تائەت-ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ ۋە ياخشى ئىشلارنى بەسلىشىپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر، ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا تاتلىق ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. تەھەججۇدنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَفْضَلُ الصِّيَامِ، بَعْدَ رَمَضَانَ، شَهْرُ اللهِ الْمُحَرَّمُ، وَأَفْضَلُ الصَّلَاةِ، بَعْدَ الْفَرِيضَةِ، صَلَاةُ اللَّيْلِ» يەنى «رامىزاننىڭ روزىسىدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل روزا ئاللاھنىڭ ئېيى بولغان مۇھەررەم ئاينىڭ روزىسىدۇر، پەرز نامازلاردىن قالسا، ئەڭ ئەۋزەل ناماز كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ئوقۇلىدىغان (تەھەججۇد) نامىزىدۇر»[1].

3. ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغانلار ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئەجىر ۋە ساۋابقا ھەقلىق بولغۇچىلاردۇر.

4. كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر.

### كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن تُغْنِيَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ
شَيْـًٔاۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ١١٦ مَثَلُ مَا
يُنفِقُونَ فِي هَٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَثَلِ رِيحٍ فِيهَا صِرٌّ أَصَابَتْ
حَرْثَ قَوْمٍ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمْ فَأَهْلَكَتْهُۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِنْ
أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ١١٧﴾

### تەرجىمىسى

116ـ شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنىڭ پۇل ـ ماللىرى، بالىلىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ؛ ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىدۇر.

117ـ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا سەرپ قىلغان نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قەۋمنىڭ سوغۇق بوران نابۇت قىلىۋەتكەن زىرائىتىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ

[1] «صحيح مسلم» 2ـ توم، 821ـ بەت، 1163ـ ھەدىس، «صحيح ابن خزيمة» 2ـ توم، 176ـ بەت، 1134ـ ھەدىس.

ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

## تەپسىرى

كاپىرلار ھەمىشە «بىز سان ۋە بايلىق جەھەتتە كۆپ، شۇڭا يېڭىلمەيمىز» دەپ كۆرەڭلەيتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر «بۇ ئايەتتىكى ﴿كاپىرلار﴾دىن يەھۇدىيلارنىڭ بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى نەزىر قەبىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ»[1]، دېگەن، يەنە بەزىسى «ئۇلاردىن يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ»[2]، دېگەن. گەرچە ئايەتتىكى ﴿كاپىرلار﴾دىن يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىسلام دىنىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ئەشەددىي كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنىڭ پۇل-ماللىرى، باللىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە كىتابلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى مەيلى يەھۇدىي بولسۇن ياكى خرىستىيان ۋەياكى ئاتېست بولسۇن، ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ پەخىرلەنگەن باللىرى ۋە ئىشەنچ قىلغان مال-دۇنياسى ئاخىرەتتە ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھى بولىدۇ. بۇ شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

ئاللاھ تائالا پۇل-مېلىنى يامان يوللارغا سەرپ قىلىدىغان، قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىمەي، ئۆزىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش، ھەتتا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇش ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىدىغانلار ئۈچۈن تولىمۇ ئېسىل بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: ئاللاھ رازىلىقىدىن باشقا مەقسەتنى كۆزلەپ پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى شىۋىرغانلىق سوغۇق بوراندا نابۇت بولغان زىرائەتكە ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرىنى شۇنداق بەربات قىلىۋېتىدۇ. پۇل-مېلىنى يامان يوللارغا، رىياكارلىققا، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇش ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىشقا سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ بۇ يامان قىلمىشى ئۆزلىرىنى

---

[1] «الوجيز في تفسير الكتاب العزيز للواحدي».

[2] «التفسير الواضح» 1- توم، 269 – بەت.

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئادىل پوزىتسىيەدە بولۇشتىن توسىدۇ. بۇنداق مال-دۇنيا مېۋە بېرىشتىن ئۈمىد كۈتۈلۈپ تۇرغاندا قاتتىق بوران نابۇت قىلىۋەتكەن زىرائەتلەرگە ئوخشايدۇ. دېمەك، پۇل-مېلىنى رىياكارلىققا ۋە ھەرقانداق بىر يامان يولغا سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ساۋاب كۆزلىگەنلەر، زىرائەت تېرىپ مېۋىسىنى كۈتكەن بولسىمۇ، قاتتىق بوران بىلەن زىرائىتى نابۇت بولۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەمەللىرىگە تولۇق ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەمما ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ يولسىزلىقى، ئاسىيلىقى ۋە ئازغۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ مال-دۇنيالىرى ۋە قەۋم قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

2. كاپىرلارنىڭ جايى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاخلاردا مەڭگۈ قالىدۇ.

3. شېرىك ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان ئەمەل-ئىبادەت، يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىللە بۇتلارغا ياكى مازارلاردىكى ئاتالمىش ئەۋلىيالارغا چوقۇنغان كىشىنىڭ ئەمەلى بىكاردۇر، شۇنداقلا كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلەرنىڭ جايى دوزاختۇر.

## ◄ مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا ساداقەت باغلىشىنىڭ خەتەرلىرى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمۡ لَا يَأۡلُونَكُمۡ
خَبَالٗا وَدُّواْ مَا عَنِتُّمۡ قَدۡ بَدَتِ ٱلۡبَغۡضَآءُ مِنۡ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَمَا تُخۡفِي
صُدُورُهُمۡ أَكۡبَرُۚ قَدۡ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِۖ إِن كُنتُمۡ تَعۡقِلُونَ ١١٨ هَـٰٓأَنتُمۡ
أُوْلَآءِ تُحِبُّونَهُمۡ وَلَا يُحِبُّونَكُمۡ وَتُؤۡمِنُونَ بِٱلۡكِتَٰبِ كُلِّهِۦ وَإِذَا لَقُوكُمۡ
قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوۡاْ عَضُّواْ عَلَيۡكُمُ ٱلۡأَنَامِلَ مِنَ ٱلۡغَيۡظِۚ قُلۡ مُوتُواْ
بِغَيۡظِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ١١٩ إِن تَمۡسَسۡكُمۡ حَسَنَةٞ

تَسُؤْهُمْ وَإِن تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُواْ بِهَاۖ وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لَا
يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْـًٔاۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ ﴿١٢٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

118-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن بولمىغانلارنى ئۆزۈڭلارغا سىرداش قىلىۋالماڭلار. ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۇشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتىدىغان بولساڭلار، (بۇ ھەقتە) سىلەرگە نۇرغۇنلىغان دەلىل-پاكىتلارنى بايان قىلدۇق.

119-سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار سىلەرنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىسىلەر، سىلەر ھەممە (ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر. ئۇلار بولسا سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغان چاغدا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاچچىقىڭلاردىن ئۆلۈڭلار!» شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر.

120-ئەگەر سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر سەۋر قىلساڭلار ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرسەڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان شەرىئەت قانۇنىغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشۇڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس، ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا سىرداش قىلىۋېلىش سىلەرگە ھەرگىز لايىق كەلمەيدۇ، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ «مۇئمىن»لىكتىن ئىبارەت ئىسىل ئۇنۋانىڭلارغا ياراشمايدۇ. ھالبۇكى، كاپىرلار سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتا بوشاڭلىق قىلمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ئۇلارغا ساداقەت

باغلايسىلەر؟ ئۇلار سىلەرگە ئۇرۇشتا تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، قولىدىن كېلىدىغان ئازار ۋە ئاھانەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سىلەرگە قانچىلىك ئۆچلۈكى ۋە سىلەرگە كەلگەن ئامەتكە ھەسەت قىلىۋاتقانلىقى ئېغىزىدىن چىققان سۆزلىرىدە مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان يامانلىقلىرى ئېغىزلىرى بىلەن ئېيتقانلىرىدىن ئەلۋەتتە كۆپ ۋە چوڭدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى، كاپىرلارنىڭ سىلەرگە دۈشمەن ئىكەنلىكى ھەققىدىكى دەلىل- پاكىتلىرىمىزنى سىلەرگە تولۇق بايان قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە ياخشى يولنى كۆرسەتتۇق، ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىدىغان بولساڭلار، سىلەر كاپىرلارنى قەتئىي دوست تۇتماڭلار، سىلەرگە قىلىنىۋاتقان بۇ ۋەز- نەسىھەتنى قوبۇل قىلىڭلار.

ئى كاپىرلارغا يۈرەكتىن بېرىلىش بىلەن خاتالاشقان مۆئمىنلەر! سىلەر كاپىرلارنى چىن كۆڭلۈڭلاردىن دوست تۇتقىنىڭلار بىلەن ئۇلار سىلەرنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ، سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، سىلەر تېخىچە بۇنى بىلمەمسىلەر؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

سىلەر پۈتۈن ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىسىلەر، ئەمما ئۇلار سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارنى ۋە كىتابىڭلارنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىسى ئۈچۈن شۇنچىۋالا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ئۇنى جېنى بىلەن قوغدايدۇ. سىلەر بولساڭلار، ھەقىقەتكە ئەگەشكەن ۋە ھەقىقەتنى سۆيىدىغان مۆئمىنلەر تۇرۇپ، ئۆز دىنىڭلارنى ۋە ئەقىدەڭلارنى ھىمايە قىلىش يولىدا ئاجىزلىق كۆرسىتىۋاتىسىلەر. ئۇ مۇناپىقلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ سىلەر بىلەن سەمىمىي دوست ۋە مەقسەت-غايىدە بىر ئىكەنلىكىنى ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدا ئېيتىپ قويغان بىلەن، ئۆزلىرى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا بولسا، سىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىر دوستلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا بولسا، سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىرلەرنى پىلانلايدۇ.

ئەھلى كىتاب، خۇسۇسەن يەھۇدىيلار ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق قوللىرىنى چىشلىگەن ھالدا ئۆلىدۇ، ئۇلار يامان نىيەتلىرىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارغا «ئاچچىقىڭلاردىن ئۆلۈڭلار!» دېگىن.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. سىلەرگە كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىيمەت قاتارلىق بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر سىلەرگە ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ئۇلار خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ئەمىن بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈش، سەۋر-تاقەتلىك بولۇش ۋە تەقۋادارلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر سىلەر سەۋر بىلەن تەدبىرلىك ئىش قىلىدىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقىدىغان تەقۋادارلاردىن بولساڭلار، دۈشمەنلەر سىلەرگە ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەقۋادارلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن بەندىلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ مۆئمىنلەرگە قارشى ھىيلە- مىكىرلىرىنى بەربات قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى چوقۇم قوغداپ قالىدۇ.

### ◄ بەدرى غازىتى

بەدرى غازىتى ھىجرىيەنىڭ 2-يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان «بەدرى» دېگەن جايدا بولغان. «بەدرى» ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە قاراشلىق بىر ناھىيەدۇر.

ئىسلام تارىخىدا چوڭ كۆلەملىك ۋە ھەل قىلغۇچ تۇنجى ئۇرۇش بەدرى غازىتى بولۇپ، مەككىلىك مۇسۇلمانلار مەككىدىكى ئائىلىلىرى، ئۆي - ماكانلىرى ۋە ھەر نەرسىسىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ يولىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ ئىگىدار- چىلىقىدىكى پۈتۈن نەرسىلىرىنى تالان - تاراج قىلىدۇ، ئۆيلىرىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئالىدۇ، بەزىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ بۇ جىنايەتلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى كەلمىگۈچە ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بەرمەيدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا زۇمەر سۈرىسىنىڭ: ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمۡ ظُلِمُواْۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ نَصۡرِهِمۡ لَقَدِيرٌ ٣٩﴾ يەنى ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر﴾[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولۇشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. بۇ ئۇرۇش «بەدرى غازىتى» دەپ ئاتالدى.

بەدرى غازىتىغا قېتىلغان مۇسۇلمان جەڭچىلەرنىڭ سانى 314 كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئاران ئىككى كىشى ئاتلىق، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى پىيادە ئىدى. ئەمما مەككىلىك مۇشرىك جەڭچىلەرنىڭ سانى 1300 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاتلىقلار 100دىن كۆپرەك ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن 14 كىشى شېھىت بولغان. مۇشرىكلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە 70 كىشى ئەسىرگە ئېلىنغان. بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى مۇسۇلمانلار تەرىپىگە بولغان.

بەدرى غازىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم غەلىبىسى مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قۇدرەتلىك بىر كۈچ دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى.

مۇسۇلمانلار بەدرى غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىك جەڭچىلىرىگە ئەڭ ئېسىل ئىنسانىي مۇئامىلىدە بولدى، ئەسىرلەردىن ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەر بىرىنى مۇسۇلمانلاردىن 10 بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويۇش بەدىلىگە قويۇپ بېرىش، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغانلاردىن مەلۇم مىقداردا فىدىيە (ماددىي تۆلەم) ئېلىپ قويۇپ بېرىش سىياسىتىنى قوللاندى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا بەدرىدە نۇسرەت بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ بِبَدۡرٖ وَأَنتُمۡ أَذِلَّةٞۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ﴾ يەنى ﴿بەدرى غازىتىدا سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار ئاجىز بولسىمۇ، ئاللاھ سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. شۇڭا، سىلەر شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار﴾[2].

### ◄ ئۇھۇد غازىتى

ئۇھۇد غازىتى ھىجرىيەنىڭ 3-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7-كۈنى (مىلادىيە 625-يىلى 23-مارت) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى ئۇھۇد

[1] ھەج سۈرىسى: 39- ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 123- ئايەت.

تېغىدا بولغان. ئۇھۇد غازىتى مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ بەدرى غازىتىدا يېڭىلگەنلىكىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدىنە شەھىرىگە بېسىپ كېلىشى سەۋەبلىك يۈز بەرگەن.

ئۇھۇد غازىتىغا مۇسۇلمان جەڭچىلەردىن 700 كىشى، مۇشرىك كۈچلىرىدىن 3000 كىشى قاتناشقان ئىدى. ئۇھۇد غازىتى ئىككى يۆنىلىش بىلەن بولغان بولۇپ، بىرىنچى يۆنىلىشتە مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغان، ئىككىنچى يۆنىلىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ «مۇداپىئەنى قەتئىي بوشاتماڭلار» دەپ بۇيرۇغان ئوقچى قوشۇنلىرىنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاخىردا مۇشرىكلارنى چېكىندۈرگەن. بۇ ئۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزە بىلەن بىرلىكتە 70 مۇجاھىد شېھىت بولغان، مۇشرىكلاردىن 22 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۆلەت ئىشلىرىدا كاپىرلاردىن مەسلىھەتچىلەرنى ئىشلىتىشكە ۋە كاپىرلارغا دۆلەت سىرىنى بىرىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن ئەزىزدۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋالىق قىلسا، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كاپىرلاردىن ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك قىلىدۇ.

3. كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، ئۇلار بىلەن دوست بولماسلىق مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

4. مۇناپىقلارنىڭ ۋە ھەرقانداق بۇزغۇنچىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى سەۋرچانلىق بىلەن تەدبىرلىك ئىش كۆرۈش ۋە تەقۋادارلىقتۇر.

### ◄ بەدرى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشلىرى ھەققىدىكى ئايەتلەر

﴿وَإِذۡ غَدَوۡتَ مِنۡ أَهۡلِكَ تُبَوِّئُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ مَقَٰعِدَ لِلۡقِتَالِۗ وَٱللَّهُ
سَمِيعٌ عَلِيمٌ ١٢١ إِذۡ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ مِنكُمۡ أَن تَفۡشَلَا وَٱللَّهُ
وَلِيُّهُمَاۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١٢٢ وَلَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ بِبَدۡرٖ

وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ ۖ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ١٢٣ إِذْ تَقُولُ لِلْمُؤْمِنِينَ
أَلَن يَكْفِيَكُمْ أَن يُمِدَّكُمْ رَبُّكُم بِثَلَٰثَةِ ءَالَٰفٍ مِّنَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ
مُنزَلِينَ ١٢٤ بَلَىٰٓ ۚ إِن تَصْبِرُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ وَيَأْتُوكُم مِّن فَوْرِهِمْ هَٰذَا
يُمْدِدْكُمْ رَبُّكُم بِخَمْسَةِ ءَالَٰفٍ مِّنَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ مُسَوِّمِينَ ١٢٥ وَمَا
جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشْرَىٰ لَكُمْ وَلِتَطْمَئِنَّ قُلُوبُكُم بِهِۦ ۗ وَمَا ٱلنَّصْرُ
إِلَّا مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَكِيمِ ١٢٦ لِيَقْطَعَ طَرَفًا مِّنَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓا۟ أَوْ يَكْبِتَهُمْ فَيَنقَلِبُوا۟ خَآئِبِينَ ١٢٧ لَيْسَ لَكَ مِنَ ٱلْأَمْرِ
شَىْءٌ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ أَوْ يُعَذِّبَهُمْ فَإِنَّهُمْ ظَٰلِمُونَ ١٢٨ وَلِلَّهِ مَا فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ يَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ
غَفُورٌ رَّحِيمٌ ١٢٩

### ◄ تەرجىمىسى

121ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن چىقىپ، (ئۇھۇدتا) مۆئمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىڭ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

122ـئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئادەم مەدەتكارى ئاللاھ بولغان تۇرۇقلۇق، (ئۇرۇش مەيدانىدىن) چېكىنمەكچى بولغان ئىدى (ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى چېكىنىشتىن ساقلىدى). مۆئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن.

123ـبەدرى غازىتىدا سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار ئاجىز بولسىمۇ، ئاللاھ سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. شۇڭا، سىلەر شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار.

124ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆئمىنلەرگە: «رەببىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسىمۇ يەتمەمدۇ؟» دېگەن ئىدىڭ.

125ـئەلۋەتتە يېتىدۇ. ئەگەر چىدامچانلىق كۆرسەتسەڭلار ۋە تەقۋادار بولساڭلار، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، رەببىڭلار سىلەرگە ئالاھىدە بەلگىلىك بەش مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ.

126ـئاللاھ ئۇنى پەقەت سىلەرگە خۇش خەۋەر بولۇشى ۋە دىلىڭلارنىڭ شۇنىڭ

بىلەن خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ.

127ـ(ئاللاھ يەنە بۇنى) كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولۇپ قايتىشى ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى).

128ـ(ئى پەيغەمبەر!) بۇ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنى يا تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ ياكى ئۇلارنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن) ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار زالىملاردۇر.

129ـئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۆز ۋاقتىدا سەن ھىجرىيەنىڭ 3ـيىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7ـكۈنى شەنبە ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن چىقىپ، ئۇھۇدقا بېرىپ مۇسۇلمان جەڭچىلەرنىڭ سەپلىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەن ھۇجۇمىغا قارشى ئوق ئېتىش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى بەلگىلىنىپ بولدى. سېنىڭ ساھابىلىرىڭ بىلەن ئېلىپ بارغان كېڭەشلىرىڭنى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ھەمدە سۆزىدە سەمىيمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ ھەممىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. شۇ چاغدا ئەنسارلارنىڭ خەزرەج قەبىلىسىدىن بەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن ئەۋس قەبىلىسىدىن بەنى ھارىسە ئايمىقى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىقنىڭ ئىغۋاگەرلىكى سەۋەبلىك قاتتىق قورقۇنچقا چۈشىدۇ، ھەتتا ئۇرۇش مەيدانىغا بارماي تۇرۇپلا، يولدىن قايتىپ كېتىش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇنىڭدىن ساقلىدى، ئۇلارنى خارلىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سېنىڭ سېپىڭدىن ئايرىلمىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى ۋە ھىمايىچىسىدۇر. شۇڭا، مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە چىن دىلىدىن ئىشەنچ باغلاپ ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشى ۋە ياردەمنى ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا تىلىشى لازىم. بۇ دېگەنلىك سەۋەب قىلىشقا، دۈشمەنگە قارشى زاماننىڭ تەرەققىياتىغا لايىق ھالدا، مۇناسىپ ماددىي تەييارلىقلارنى قىلىشقا، زامانىۋى قوراللارغا

ئىگە بولۇشقا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى تەۋەككۈل قىلىش دېگەنلىك بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولدىن كەلگەن بارچە سەۋەبلەرنى قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەش، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىش دېگەنلىكتۇر. ئىنسان قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەتىجىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە بەدرى غازىتىنى ئەسلىتىدۇ. بەدرى غازىتىدا مۇئمىنلەر كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا مۇسۇلمان جەڭچىلەرنىڭ سانى 314 نەپەر، كاپىرلارنىڭ سانى مىڭدىن ئوشۇق بولۇشىغا قارىماي مۇسۇلمان جەڭچىلەر غەلىبە قىلغان ئىدى، بۇ غەلىبىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى مۇسۇلمان جەڭچىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلىپ تايانغانلىقى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي تۈردە ئەمەل قىلغانلىقى ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ھەمىشە تەقۋادار بولۇشقا ۋە ئۇرۇش مەيدانىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ ئارقىغا چېكىنمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى تەقۋالىق ئىتائەتچانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئىتائەتچانلىق بولسا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىشنىڭ يولىدۇر، شۈكۈر بولسا، غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ كېپىلىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سان ۋە كۈچ جەھەتتىكى ئارتۇقلۇقىنى كۆرگەن چېغىدا ئۇلارغا ئېيتقانلىرىڭنى ئەسلىگىنكى، ئۇ چاغدا مۇئمىنلەر بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشكەن ئىدى. ئەمما سەن ئۇلارغا بۇ مەنىدە خىتاب قىلدىڭكى، «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئۈچ مىڭ كىشىلىك پەرىشتە قوشۇنى بىلەن ياردەم قىلىشى يەتمەمدۇ؟ ئەگەر سىلەر جىھادقا بەرداشلىق بېرىپ، غەنىيمەت ئېلىشقا ئالدىراپ قالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلساڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى ئاتلىنىپ كەلگەن شۇ تىزلىكىدە مەغلۇپ بولۇپ ئارقىسىغا تىكىۋېتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىن بەش مىڭ كىشىلىك ئالاھىدە بەلگىلىك پەرىشتە قوشۇن چۈشۈرىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەقۋادارلىق قىلغان ھالدا ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنىڭدا چىدامچانلىق كۆرسەتسەڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسى، كۈچ-قۇۋۋىتى سىلەرنى ھەرگىز

مەغلۇپ قىلالمايدۇ».

ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بەرگەنلىكى ھەق ۋە راستتۇر. ئاللاھ تائالا ئەنفال سۈرىسىدە ﴿إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَٱسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّى مُمِدُّكُم بِأَلْفٍ مِّنَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ مُرْدِفِينَ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلاردىن ياردەم تىلىگەن ئىدىڭلار، رەببىڭلار: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ تىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى﴾[1] دېگەن.

ئۇھۇد غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرگە ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەقۋادار بولسا، ئۇرۇشتا چىدامچانلىق كۆرسەتسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئۈچ مىڭ، ھەتتا بەش مىڭ پەرىشتە قوشۇنى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. لېكىن مۆئمىنلەر ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە لايىق بولالمىغان ئىدى. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغان بولسا ئىدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرەتتى ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ قىلاتتى.

«بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىشى: ماددىي جەھەتتە قوشۇن ئەۋەتىش ئارقىلىق بولۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك، مەنىۋى جەھەتتىن ئۇلارنى كۈچلەندۈرۈش بىلەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاللاھ تائالانىڭ مەنىۋى ياردىمى مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىدىن قورقۇنچ ۋە ئەندىشىنى پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىدامچانلىق، جاسارەت، قورقماسلىق ۋە شىجائەت روھىنى سېلىشى ۋە كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىشى بىلەن بولىدۇ. ھازىرقى كۈندىمۇ بۇ خىل ئۇسۇل ئۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى ئۈنۈملۈك نەتىجە بېرىپ كەلمەكتە. بۇ ئۇرۇش تاكتىكىسىدۇر. ئۇرۇشتا ھەرقايسى تەرەپ ئۆز تەۋەلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن، يېڭىلغانلىق خەۋەرلىرىنى تارقاتماستىن، يالغاندىن بولسىمۇ، ھەر تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ يەڭگەنلىكىنى ۋە غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇلنىڭ پايدىسى كۆپ ۋە ئەھمىيىتى زوردۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆئمىنلەرگە: ﴿رەببىڭلار سىلەرگە ئۈچ

[1] ئەنفال سۈرىسى: 9-ئايەت.
[2] التفسير الواضح» 1- توم، 279- بەت.

مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسىمۇ يەتمەمدۇ؟﴾ دېگەن سۆزى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر بېشارىتى ئىدى. چۈنكى ياردەم پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا كېلىدۇ. دۈشمەن قانچىلىك كۈچلۈك بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك زامانىۋى قورال-لارغا ئىگە بولغان بولسۇن، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشنى خالىغان ئىكەن، مۇئمىنلەرنى چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بەكمۇ ئاسان ئىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر ۋە ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر.

ئاللاھ تائالاغا ئىسىلىش، ئۇنىڭغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى تىلەش دېگەنلىك «تەۋەككۇل قىلدىم» دەپ، سەۋەب قىلماسلىق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ يارلىق سەۋەبلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ ئۇھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيىتىمۇ، قوماندانىنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىغانلىق سەۋەبتىن كېلىپ چىققانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بەدرى غازىتىدا سىلەرگە ياردەم بېرىشى كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ ياكى ئەسىرگە ئېلىش ياكى ئۇلارنى ھەممىدىن چارىسىز غەمكىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋەياكى ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىش، ئەگەر كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالسا ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالاش ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما ئى پەيغەمبەر! بەندىلەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت كىشىلەرگە ھەقىقەتنى چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بېرىشتۇر. ئەمما بەندىلەردىن ھېساب ئېلىش، خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىش، خالىغان كىشىنى جازالاش بىزگە خاستۇر. شۇڭا، سەن ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئېچىنىپ، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىدىن ئۈمىدسىزلەنمىگىن، چۈنكى ھىدايەت رەببىڭنىڭ ئىلكىدىدۇر.

ھەقىقەتەن ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭدۇر. ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى جازالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى كەچۈرگۈچىدۇر، بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سەۋر، چىدام ۋە تەقۋادارلىق ھاياتلىقتا مەقسەتكە يېتىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ، ئاسىيلارغا تەييارلانغان ئازابتىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

4. مۇسۇلمان جەڭچىلەرنىڭ ئۇھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيىتى ئۇلاردا غەنىيمەت يىغىشتىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىپ غەلىبىنىڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىش روھىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمان جەڭچىلەر دەسلەپكى غەلىبىگە ئالدىنىپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «يەڭسەكمۇ، يېڭىلسەكمۇ ئورنۇڭلاردىن قەتئىي ئايرىلماڭلار» دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا، غەنىيمەت يىغىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشمىگەن بولسا ئىدى، دۈشمەن ئارقىدىن ئۇلارغا زەربە بېرەلمىگەن بولاتتى.

5. غەلىبە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە، ئاللاھ تائالا غەلىبىنى خالىغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ. غەلىبە سان، كۈچ ۋە قورال جەھەتتە ئۈستۈن بولغانلارغا تەۋەدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشەنچ باغلاپ، غەلىبىگە يېتىدىغان بارلىق سەۋەبلەرنى مۇكەممەل ئورۇندىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ياردەم قىلغان قەۋم ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدۇ.

6. بەدرى غازىتىدا ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەردىن بولغان جەڭچىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلغانلىقى ھەقتۇر.

## ◄ مۇئمىنلەرگە كۆرسەتمىلەر ۋە بېشارەتلەر

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَأْكُلُوا۟ ٱلرِّبَوٰٓا۟ أَضْعَـٰفًا مُّضَـٰعَفَةً ۖ وَٱتَّقُوا۟

ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ١٣٠ وَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِيٓ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ ١٣١
وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ١٣٢ ۞ وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ
مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣
ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ
عَنِ ٱلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٣٤ وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةً
أَوۡ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ لِذُنُوبِهِمۡ وَمَن يَغۡفِرُ
ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمۡ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ١٣٥ أُوْلَٰٓئِكَ
جَزَآؤُهُم مَّغۡفِرَةٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَجَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ
فِيهَاۚ وَنِعۡمَ أَجۡرُ ٱلۡعَٰمِلِينَ ١٣٦

### ◄ تەرجىمىسى

130-ئى ئىمان ئېيتقانلار! جازانى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، نىجاتلىققا ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

131-كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

132-سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.

133-رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە (ئېرىششكە) ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە (كىرىشكە) بەسلىشىڭلار.

134-تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، ئىنسانلارنى ئەپۇ قىلالايدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

135-تەقۋادارلار بىرەر چوڭ گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ قالسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ، گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم كەچۈرەلەيدۇ؟ ئۇلار قىلغان (گۇناھ) ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ.

136-ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە

ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇئمىنلەرنى كاپىرلارغا ساداقەت باغلاپ ئۇلارغا ئەقىدە قىلىشنىڭ خەتەرلىرى ۋە زىيانلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلسا ۋە چىدامچان بولۇپ تەدبىرلىك ئىش قىلىدىغان بولسا، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇھۇد ۋە بەدرى ئۇرۇشلىرىدىكى چىدامچانلىقنىڭ نەتىجىلىرىنى بىلدۈرگەن. بىز توختىلىۋاتقان بۇ ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى جازانىخورلۇقنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىمانىڭلار نۇرى سىلەرنىڭ دىلىڭلارنى يورۇتقان ۋە سىلەر «مۇئمىن»لىكتىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل سۈپەتكە ئىگە بولغان تۇرۇپ، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە ئوخشاش قاتمۇقات جازانە يېيىش سىلەرگە ھەرگىز ياراشمايدۇ، ھەرگىز ھالال بولمايدۇ. شۇڭا، سىلەر ھەرگىز جازانە يېمەڭلار، جازانىدىن ۋە جازانە مۇئامىلىسىدىن يىراق تۇرۇڭلار. بۇ جازانە توغرۇلۇق نازىل بولغان ئىككىنچى ئايەت بولۇپ، بىرىنچىسى بەقەرە سۈرىسىدە ئۆتكەن.

جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر بىر-بىرىگە قەرز بېرىپ، قايتۇرۇش ۋاقتى كەلگەندە، قەرز ئالغان ئادەم قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىش ياكى قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى ئاشۇرۇپ ئارتۇق تۆلەشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولاتتى. ئالغان قەرزنى كېلىشكەن ئۆسۈمى بىلەن ۋاقتى قەرەلىدە تاپشۇرۇپ بېرەلىسە، ئۇنىڭ ئىشى پۈتەتتى. ئەگەر ۋاقتىدا بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرز مىقدارى ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈپ بېرىپ ئاخىرى تۆلەپ بولۇش مۇمكىن بولمايدىغان زور مىقدارغا يېتىپ قالاتتى. مانا بۇ خىلدىكى جازانە «نېسى جازانىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھاراملىقىغا «قۇرئان كەرىم»دە كەسكىن دەلىل كەلگەن جازانە تۈرىدۇر.

نېسى جازانىسى-قەرز بەرگۈچىگە مەيلى نەق بولسۇن، ياكى نېسى

بولسۇن، مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن بىرەر مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان قەرز دېمەكتۇر. يەنى قەرز بەرگەن ئادەم قەرز ئالغان ئادەمدىن قەرز بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن قانداقلا بىر مەنپەئەت كۆرسە، بۇ نېسى جازانىسى بولىدۇ.

ئەمما ئاشۇرۇش جازانىسى-ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز تۈرىگە ئالماشتۇرغاندا كەم-زىيادە قىلىش دېمەكتۇر. مەسىلەن: ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولغان ھالدا، بىر كىلو ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينى ئىككى كىلو ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ياكى كۆپرەك ناچار سۈپەتلىك بۇغدايغا ئالماشتۇرغانغا ئوخشاش. ئەمما بىر كىلو قوناققا ئىككى كىلو بۇغداي ئالماشتۇرۇش ياكى ئەكسىچە قىلىش جائىزدۇر. چۈنكى بۇغداي بىلەن قوناق بىر تۈر ئەمەس. زاكات كېلىدىغان ھەرقانداق ئاشلىق، زىرائەت، كۆكتات، ھەتتا ئالتۇن، كۈمۈشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹لَا تَبِيعُوا الذَّهَبَ بِالذَّهَبِ إِلَّا مِثْلًا بِمِثْلٍ، وَلَا تُشِفُّوا بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ، وَلَا تَبِيعُوا الْوَرِقَ بِالْوَرِقِ إِلَّا مِثْلًا بِمِثْلٍ، وَلَا تُشِفُّوا بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ، وَلَا تَبِيعُوا مِنْهَا غَائِبًا بِنَاجِزٍ› يەنى ‹ئالتۇننى ئالتۇنغا ئالماشتۇرماقچى بولساڭلار، ئۇنى كەم-زىيادە قىلماستىن ھەر ئىككىسىنى باراۋەر، ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇڭلار، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ئالماشتۇرماقچى بولساڭلار، ئۇنى كەم-زىيادە قىلماستىن ھەر ئىككىسىنى باراۋەر، ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇڭلار، ئۇلاردىن نەقنى نېسىغا ساتماڭلار›[1]. مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى قەغەز پۇل ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ ئورنىدىدۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەر ئىككى تۈردىكى جازانىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بەخت-سائادىتىگە زىيانلىق ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل جازانە گۇناھ جەھەتتە ئوخشاشتۇر. ئىككىلىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەت دەلىللىرى ئارقىلىق ھارام قىلىنغان نەرسىلەردۇر. ئايەتتە جازانىنىڭ قاتمۇقات ئۆسۈم دەپ ئىپادىلىنىشىدە جاھىلىيەتتىكى ئەھۋالنى بايان قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇنىڭدىن قاتمۇقات بولمىغان ئاز جازانىنىڭ جائىزلىقىغا ياكى ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ يېنىكرەك بولۇشىغا ئىشارەت يوق. چۈنكى ھارامنىڭ ئېزىمۇ ھارام، كۆپىمۇ ھارامدۇر. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە،

---

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 79-بەت، 2177-ھەدىس.

نېسى جازانىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كەسكىن ئايەتلىرى بىلەن هارام قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەتىرى چوڭ، گۇناھى ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇ قەرز بەرگۈچىنىڭ پۇل-مېلىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرىدىغان، قەرز ئالغۇچىنى قەرزگە بوغۇش ئارقىلىق تۇگەشتۈرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنى يېگۈچىگە، گۇۋاھ بولغۇچىغا، پۈتكۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە لەنەت قىلغان ھەمدە ئۇنى قىلغۇچىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان جازانىدۇر.

ئەمما ئاشۇرۇش جازانىسى سەھىھ ھەدىس ئارقىلىق هارام قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ هارام قىلىنغانلىقى ئۆزىدە بولغان بىر سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى كەسكىن هارام بولغان نېسى جازانىسىغا ئېلىپ بارىدىغانلىق سەۋەبلىك هارام قىلىنغان جازانىدۇر. ئۇنىڭ هارام قىلىنغانلىقى «يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش» قائىدىسىگە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقان. ھەر ئىككى خىل جازانىنىڭ قەتئىي هاراملىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، جازانىدىن يىراق تۇرۇڭلار، كۆڭلۈڭلار يەھۇدىيلارنىڭكىگە ئوخشاش قاتتىق ۋە قارا بولۇپ كەتمىسۇن. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋادارلاردىن بولساڭلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تاپقۇچىلاردىن بولىسىلەر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يىراقلاشقۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ھەر ئىشتا ئىتائەتمەن بولۇپ، پەيغەمبەرگە ئەگىشىڭلار.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى جازانىدىن ئىبارەت ئېغىر گۇناھنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەشكە، شۇ ئارقىلىق ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىنچە كېلىدىغان، ئېسىل، نازۇنېمەتلىك جەننەتكە ئېرىشىشكە چاقىرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە جەننەتكە كىرىدىغان بەش تۈرلۈك كىشى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. باياشاتلىقتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ، كىشىلەرگە ئاللاھ يولىدا خەير-ئېھسان قىلغۇچىلار.

2. ئاچچىقى كەلگەندە غەزىپىنى بېسىۋالالايغان ۋە كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەر.

3. كىشىلەرگە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، كەچۈرۈمچان كىشىلەر.

4. ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش ۋە كىشىلەرنى كەچۈرۈم قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى ئىككى سۈپەتنى بېسىپ چۈشىدۇ. شۇڭىمۇ بۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دوست تۇتىدۇ.

5. قىلغان چوڭ-كىچىك ھەرقانداق گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيدىغان ۋە ھەمىشە تەۋبە قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا باشقۇرغۇچى يوقتۇر.

2. كىشىلەرنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ.

3. جازانىنىڭ ھەممە تۈرى قەتئىي ھارامدۇر.

4. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ يولى ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولى ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتۇر. بۇ جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت ۋە ياخشى ئاقىۋەتنىڭ مۇئمىنلەرگە خاسلىقى

﴿قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ
كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿١٣٧﴾ هَٰذَا بَيَانٌ لِّلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ
لِّلْمُتَّقِينَ ﴿١٣٨﴾ وَلَا تَهِنُوا۟ وَلَا تَحْزَنُوا۟ وَأَنتُمُ ٱلْأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم
مُّؤْمِنِينَ ﴿١٣٩﴾ إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ ٱلْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُۥ
وَتِلْكَ ٱلْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ ٱلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَآءَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٠﴾ وَلِيُمَحِّصَ
ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَيَمْحَقَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٤١﴾﴾

### تەرجىمىسى

137ـ سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى، شۇڭا سىلەر يەر يۈزىنى كېزىپ، (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار.

138ـ بۇ (قۇرئان) ئىنسانلارغا باياندۇر، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر.

139ـ ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، (دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، (ئۇھۇد غازىتىدىكى مۇسىبەت ئۈچۈن) قايغۇرماڭلار.

140ـ ئەگەر سىلەرگە (ئۇھۇد غازىتىدا) بىر تالاپەت يەتكەن بولسا، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى غازىتىدا) ئوخشاشلا تالاپەت يەتكەن ئىدى. بۇنداق كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، (بۇ) ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ۋە سىلەردىن شېھىتلەرنى چىقىرىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

141ـ بۇ يەنە ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىشى ۋە كاپىرلانى ھالاك قىلىشى ئۈچۈندۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇئمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ بەدرى ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىدىكى ئەھۋالى، بۇ ئىككى پىرقىدىن ھەربىرىنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە بولسا ئۆتمۈشلەردە كاپىرلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ نۇسرەتكە ئېرىشكەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بەلگىلىۋەتكەن قانۇنىيەت بويىچە ئەمەلگە ئاشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

### تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئىبرەت ئېلىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەرسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئاقىۋىتىگە قاراپ بېقىڭلار، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ كېزىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ خارابىگە ئايلانغان ماكان-جايلىرىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىڭلار.

ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئىمان ئېيتقانلارغا قانداق نۇسرەت بېرىدىغانلىقى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى توسماقچى بولغانلارنى قانداق ھالاك قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى قانۇنىيىتىنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر. ﴿سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا﴾ يەنى ﴿(بۇ) ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى (ئۈممەت) لەر ھەققىدىكى قانۇنىدۇر. ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغانلارنى ئەزەلدىن ئەزىز قىلغاندەك، كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە يەر يۈزىدە تەكەببۇرلۇق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئېچىنىشلىق جازالاپ كەلدى. ئەگەر سىلەر ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردەك توغرا يولدىن ئازغان ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ يولىغا كىرسەڭلار، سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلارمۇ ئەلۋەتتە شۇلارنىڭكىگە ئوخشاش ئېچىنىشلىق بولىدۇ، ئەگەر ياخشىلارنىڭ يولىنى تۇتساڭلار، ئاقىۋىتىڭلارمۇ ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ، ھەرگىز زىيان تارتمايسىلەر.

يۇقىرىقى ئايەتتە، ئۇھۇد غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. گويا مۇسۇلمانلار بەدرى غازىتىدا پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن تايانغانلىقى ئۈچۈن غەلىبە قىلغان، ئەمما ئۇھۇد غازىتىدا بولسا، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىغانلىقى ۋە غەنىيمەت ئېلىشقا ئالدىراپ ئىستىھكامنى بوشاتقانلىقى سەۋەبلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

«قۇرئان كەرىم» بىزگە كائىناتتا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاللاھ تائالا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت بويىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالا نەتىجىلەرنى سەۋەبلەرگە باغلىق قىلىپ بېكىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن سەۋەب قىلىشنىڭ نەتىجە قازىنىشتا ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا شۇ ئىشنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇش، سودا-سېتىق، دېھقانچىلىق قاتارلىق ھەرقانداق بىر ئىشتا، شۇ ئىشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە قائىدە - پىرىنسىپى بويىچە ئىش

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 62- ئايەت.

كۆرگەن ئادەم گەرچە ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلاردىن بولسىمۇ، قىلغان ئىشىدا نەتىجە قازىنالىغىنىدەك، قىلغان ئىشىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە قائىدە - پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرمىگەن ۋە يېتەرلىك سەۋەبنى قىلمىغان ئادەم گەرچە مۇسۇلمان ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن بولسىمۇ، قىلغان ئىشىدا نەتىجە قازىنالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلىق قىلغان. بىزدىمۇ «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ۋە ئۈگۈتلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال قوبۇل قىلىدىغانلار يەنىلا تەقۋادار مۇئمىنلەردۇر. شۇڭا بۇ بايانلار تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر. مۇئمىنلەر «قۇرئان كەرىم»دىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان كىشىلەر بولغان ئىكەن، غازاتلاردا ۋە ھەرقانداق بىر ئىشتا تەدبىرلىك ئىش قىلىشتىن ئاجىز كەلمەسلىكى، ئۇھۇد غازىتىدەك مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشلاردا شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى شېھىت بولغانلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھەمىشە ھايات تۇرىدىغان ۋە ئىززەت-ئىكراملارغا نائىل بولىدىغان ھۆرمەتلىك زاتلاردۇر. ئۇھۇد غازىتىدا يۈز بەرگەن مەغلۇبىيەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ساۋاق ۋە ئىبرەتتۇر. ئۇھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيەت مۇسۇلمانلارغا چوڭ ئاچچىق ساۋاقنى بەردى، مۇسۇلمانلار قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ۋە نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ دۇنيا مەنپەئەتىگە قىزىقىشنىڭ جازاسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى ۋە تېتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىگە زىتلاشقانلىق بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر قوماندانىدۇر. قوماندانغا بويسۇنۇلمىغان ئۇرۇشتا غەلىبە يوق. بۇ ھەركىم ياخشى بىلىدىغان ئەقەللىي ساۋاتتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاجىز ۋە ئاددىي سانىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئاخىرقى غەلىبىنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن خاس ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن ئۆلگەنلەر دوزاختا بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن شېھىت بولغانلار جەننەتلەردە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولساڭلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىگە جەزمەن ئىشەنسەڭلار، ئىمانىڭلار بىلەن بەدرى غازىتىدا ۋە باشقا غازاتلاردا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، دۈشمىنىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن قەتئىي بوشىشىپ قالماڭلار، ئۇھۇد غازىتىدا بېشىڭلارغا

كەلگەن مۇسىبەت ئۈچۈن قايغۇرۇپ كەتمەڭلار.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۇھۇد غازىتىدا يېڭىلگەنلىكىڭلارغا نېمانچە قايغۇرۇپ كېتىسىلەر؟ سىلەر ئۇھۇد غازىتىدا يېڭىلگەن بولساڭلار، رەقىبىڭلار بولغان كاپىرلار بەدرى غازىتىدا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئەلەم چەككەن بولساڭلار، ئۇلارمۇ سىلەردىن قاتتىقراق ئەلەم چەكتى ئەمەسمۇ؟ سىلەرگە يەتكەن تالاپەت ئۇلارغىمۇ يەتتى ئەمەسمۇ؟ كۈنلەر ئالمىشىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بىز بۇنداق كۈنلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىمىز، بەزىدە بىرلىرى غەلىبە قىلسا، بەزىدە يەنە باشقىلىرى غەلىبە قىلىدۇ. سىلەرنىڭ بەختلىك ئۇقۇڭلار سەۋەبلىك كاپىرلارنى بىر مۇددەت خۇشال قىلىمىز-دە، ئاندىن ئۇلارنى يېڭىلتىمىز. ئەمما سىلەر ھەقىقىي مۆئمىنلەردىن بولساڭلار، سىلەرنى بىز ئاخىرغىچە خۇشال قىلىمىز. چۈنكى ئاخىرقى غەلىبە مۆئمىنلەر ئۈچۈن خاس ئەمەسمۇ؟! ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ دۇنيا سەۋەب دۇنياسى. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنى سىناقلاردىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبىلەرگە ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزى بەندىلىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىلىرىنى يۇقىرى قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكۈزىدۇ، غازاتلارغا بېرىشقا نېسىپ قىلىپ شېھىتلىك بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش ھەم ئىسپاتلاش ۋە ھەقىقىي ئىمان بىلەن ئاغزاكى ئىمانىنى ئايرىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىشتا، خۇددى ئۇھۇد غازىتىدا قىلغىنىدەك، ئاۋۋال ئۇلارغا ئالدىدا ئازراق غەلىبە ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى بەختلاشتۇرىدۇ ۋە مەغرۇرلاندۇرىدۇ، ئاندىن بەدرى غازىتىدا قىلغىنىدەك ئاخىرقى مەغلۇبىيەتنى ئۇلارغا ئۇبدان تېتىتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر.

2. ھەقىقىي مۆئمىنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۈستۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالا كۈنلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنى بىلىدىغان مۆئمىنلەر ھەر زامان پايدا

تاپقۇچىلاردۇر.

4. سىناقلار ھەقىقىي ئەزىمەتلەرنى تاۋلاپ يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللاردۇر.

### ◄ ئۇھۇد غازىتىدىن ساۋاقلار

﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُوا۟
مِنكُمْ وَيَعْلَمَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٤٢﴾ وَلَقَدْ كُنتُمْ تَمَنَّوْنَ ٱلْمَوْتَ مِن
قَبْلِ أَن تَلْقَوْهُ فَقَدْ رَأَيْتُمُوهُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿١٤٣﴾ وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا
رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ ٱلرُّسُلُ ۚ أَفَإِي۟ن مَّاتَ أَوْ قُتِلَ ٱنقَلَبْتُمْ عَلَىٰٓ
أَعْقَٰبِكُمْ ۚ وَمَن يَنقَلِبْ عَلَىٰ عَقِبَيْهِ فَلَن يَضُرَّ ٱللَّهَ شَيْـًٔا ۗ وَسَيَجْزِى
ٱللَّهُ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٤﴾ وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن تَمُوتَ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ كِتَٰبًا
مُّؤَجَّلًا ۗ وَمَن يُرِدْ ثَوَابَ ٱلدُّنْيَا نُؤْتِهِۦ مِنْهَا وَمَن يُرِدْ ثَوَابَ ٱلْـَٔاخِرَةِ
نُؤْتِهِۦ مِنْهَا ۚ وَسَنَجْزِى ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

142-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ھەقىقىي جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپالىرىغا) چىداملىق بولغۇچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ، سىلەر جەننەتكە كىرىشىڭلارنى ئويلىغانمىدىڭلار؟

143-سىلەر ئۆلۈم بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار، مانا ئەمدى ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر.

144-مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر (ئىماندىن) يېنىۋالامسىلەر؟ كىمكى (ئىماندىن) يېنىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

145-ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ئۆلمەيدۇ، (ئاللاھ ھەربىر ئادەمنىڭ) ئەجىلىنى (ۋاقتى-سائىتى بىلەن) پۈتۈۋەتكەن. كىمكى دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيا مەنپەئەتىدىن بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ)؛ كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى

كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىدىن بېرىمىز. شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز.

## تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ يولىدا قىلىپ قويغان ئاز-تولا ئەمەللىرىڭلار بىلەن مەغرۇرلىنىپ قالماڭلار ۋە ھەقىقىي جىھاد ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ ئىخلاسىنى ۋە چىدامچانلىقىنى ئىسپاتلىماي تۇرۇپ، سىلەر ئاسانلا جەننەتكە كىرىپ كېتىمىز دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. جەننەتكە ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا مال-مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىسىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلغانلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىنى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ تەلىپىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەپسى شەيتانلىرى بىلەن ئېلىشىشتا غەلىبە قىلغانلار كىرىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ يولىدا جاپا تارتىشقا چىداش ۋە بۇ يولدا ئىزچىل مېڭىشقا بولغان مۇستەھكەم ئىرادە سىلەردە شۇنداق چىن ئورۇن ئالسۇنكى، دىنىڭ ھەرقانداق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىش ۋە شۇ يولدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن يارامىلىق بولۇڭلار.

ئايەتنىڭ ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ھەقىقىي جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپالىرىغا) چىدامىلىق بولغۇچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ...﴾ دېگەن قىسمى ئومۇمىي مۆئمىنلەردە ھەقىقىي چىدامچانلىقنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ﴿وَلِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَيَتَّخِذَ مِنكُمۡ شُهَدَآءَۗ﴾ يەنى ﴿(بۇ) ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ۋە سىلەردىن شېھىتلەرنى چىقىرىشى ئۈچۈندۇر﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەقىقەتتە ئاللاھ تائالا كىمنىڭ راست ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەندەك، كىمنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە جىھاد قىلىدىغان ۋە جىھادنىڭ جاپالىرىغا ئاخىرغىچە چىدايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىمام ھەسەن بەسرىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بەزى كىشىلەر «ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە جىھادقا چىقىدىغان

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 140- ئايەت.

بولساق، ئۇنداق باتۇرلۇق كۆرسەتمەيمىز، بۇنداق قىلمايمىز» دېيىشەتتى. ئاندىن ئۇلار جىھادقا چاقىرىلغان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ راستچىللاردىن ئەمەس ئىكەنلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق ﴿وَلَقَدۡ كُنتُمۡ تَمَنَّوۡنَ ٱلۡمَوۡتَ مِن قَبۡلِ أَن تَلۡقَوۡهُ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[1].

توغرا، سىلەردىن كۆپ كىشىلەر جىھادقا چىقىپ شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار. جىھاد باشلىنىپ رەسمىي ئۇرۇشقا كىرگەندە سىلەر خۇددى ۋەزىيەتنى ئانالىز قىلىۋاتقان كىشىلەردەك قاراپ تۇردۇڭلار، ئاندىن جېنىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن تاغلارغا چىقىۋالدىڭلار. پەيغەمبەر سىلەرنى جىھادقا چاقىرىۋاتسا ھېچكىم كەلمىدى.

بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن كايىشتۇر. ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلغانلاردىن بەزىلىرى شېھىت بولدى، بەزىلىرى بولسا ھايات قالدى. مۇسۇلمانلار يېڭىلگەن غازات (ئۇھۇد غازىتى) نىڭ قىسسىسى يۇقىرىدا ئۆتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتسۇن، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلار بۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلمىسۇن دەپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا پەند-نەسىھەت قىلىدۇ.

ۋاھىدىي مۇنداق دېگەن: «ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ۋاپات» بولدى دېگەن خەۋەر تارقىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ‹پەيغەمبىرىڭلار ۋاپات بولغان بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئۇچراشقانغا قەدەر ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرمامسىلەر؟› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر (ئىماندىن) يېنىۋالامسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىۋەتكەن كىشىلەر بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۆلپەتلەر ئالدىدا روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنى نازىل قىلغان»[3].

---

[1] «تفسير الطبري»7-توم، 250 -بەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 146-ئايەت.

[3] «أسباب النزول للواحدي» 129-بەت.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن مۇسا، ئىيسا، زەكەرىييا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاشلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق پەيغەمبەردۇر. ئۇ پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دىنى داۋاملاشقان، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ۋاپات بولسۇن، سىلەر ئۇنىڭ دىنىنى چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىم. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا ئىنسان، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى توگىگەن ۋە ئەجىلى توشقان هامان، ئۇمۇ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈنى بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزنى قالدۇرغان: «أَلَا مَنْ كَانَ يَعْبُدُ مُحَمَّدًا صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَإِنَّ مُحَمَّدًا قَدْ مَاتَ ، وَمَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللَّهَ فَإِنَّ اللَّهَ حَيٌّ لاَ يَمُوتُ» يەنى «بىلىڭلاركى، كىمكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىبادەت قىلغان بولسا، مۇھەممەد ۋاپات بولدى. كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ»[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئالەمدىن كەتسە، سىلەر دىنىڭلارنى تەرك ئەتمەكچىمۇ؟ ھالبۇكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن مۇئمىنلەر دىنىنى پەيغەمبەرلىرىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرغان. بۇ پەيغەمبەر سىلەردىن ئۆزىگە چوقۇنۇشۇڭلارنى سورىغىنى يوق، ئۆزىنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلغىنىمۇ يوق، ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، سىلەر ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن دىنىڭلاردىن يېنىۋالساڭلار بولاتتى.

كىمكى ئىماندىن يېنىۋېلىپ كۇفرىلىققا قايتىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن ئەلۋەتتە بىھاجەتتۇر. دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەم ئۆز كۇفرىلىقىنىڭ زىيىنىنى پەقەت ئۆزى تارتىدۇ. ئەمما دىنىدا سابىت قەدەم بولۇپ تۇرغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا تولۇق بېرىدۇ. بۇ ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسى بولۇپ، بۇ ئىمتىھاندىن ھەقىقي چىداملىق كىشىلەر ئۆتەلەيدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى

[1] «صحيح البخاري» 5- توم، 6- بەت، 1026 -ھەدىس.

ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. ئەجەل كەلگەن ۋاقىتتا ئۇ ھەرگىز كېچىكمەيدۇ. چۈنكى ئەجەل بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى- كېيىن بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كېلىدۇ. كىمكى قىلغان ئەمەللىرى ۋە دىن يولىدا تارتقان مۇشەققەتلىرى بەدىلىگە دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى تىلەيدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى بۇ دۇنيادا ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە مۇكاپاتتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ. كىمكى قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ۋە دىن يولىدا چەككەن مۇشەققەتلىرى بەدىلىگە ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىنى كۈتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپاتتىن چوقۇم بەھرىمەن قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سىناقلار ۋە ئىمتىھانلار مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ.

2. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىلغان زاتلاردۇر. ئۇلارمۇ ئەجىلى توشقاندا باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

3. جىھاد ۋە ئۇرۇشلار كىشىلەرنىڭ پۈتۈلگەن ئەجىلىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك جىھادتىن قېچىشمۇ ئۆمۈرنى ئۇزارتالمايدۇ.

4. ئەمەل-ئىبادەتلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار كىشىلەرنىڭ نىيەتلىرىگە قاراپ بېرىلىدۇ.

## ◄ ئىلاھىي تەلىمات

﴿وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَٰتَلَ مَعَهُۥ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُواْ لِمَآ أَصَابَهُمْ
فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَمَا ضَعُفُواْ وَمَا ٱسْتَكَانُواْۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٤٦﴾
وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّآ أَن قَالُواْ رَبَّنَا ٱغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِيٓ
أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَٱنصُرْنَا عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٤٧﴾ فَـَٔاتَىٰهُمُ
ٱللَّهُ ثَوَابَ ٱلدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ ٱلْـَٔاخِرَةِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٤٨﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تُطِيعُواْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَرُدُّوكُمْ عَلَىٰٓ

أَعۡقَٰبِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ خَٰسِرِينَ ١٤٩ بَلِ ٱللَّهُ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَهُوَ خَيۡرُ
ٱلنَّٰصِرِينَ ١٥٠ سَنُلۡقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلرُّعۡبَ بِمَآ أَشۡرَكُواْ
بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗاۖ وَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ وَبِئۡسَ مَثۡوَى
ٱلظَّٰلِمِينَ ١٥١

### تەرجىمىسى

146ـنۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىۋەتكەن كىشىلەر بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەر ئالدىدا روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ چىدامىلىق بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

147ـئۇلار پەقەت: «ئى رەببىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا گەپنى قىلمىدى.

148ـشۇڭا، ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى مۇكاپاتىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ (ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

149ـئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى كۇفرىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر تامامەن زىيان تارتقۇچى بولۇپ قالىسىلەر.

150ـ(كاپىرلار سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار ئەمەس) بەلكى ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

151ـكاپىرلار ئاللاھ (ئىلاھلىقىغا) ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، (كاپىرلىقنى تاللاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) بۇ زالىملارنىڭ تۇرار جايى نېمىدېگەن يامان!

### تەپسىرى

ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا

ئاتىۋەتكەن ياخشى كىشىلەر بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلدى. ئۇلار ئەڭ قىيىنچىلىق چاغلىرىدىمۇ پەيغەمبەرلىرىدىن ئايرىلماي پۈتۈن جەڭلەردە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بولدى، ئۇلار بوشىشىپ قالمىدى، دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە بېرىلىپ كەتمىدى، غەنىيمەت تالىشىمىز دەپ قوماندانلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمىدى، ئۇلار ئاخىرغىچە شۇنداق مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن جەڭ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ۋە ياردىمىگە نائىل بولدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا قىيىنچىلىقلار ئالدىدا چىداشلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، دوست تۇتىدۇ، توغرا يولغا ۋە ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ﴿ئى رەببىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾ دەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار قانچىلىك كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۆزلىرىنى يېتەرسىز دەپ قارايتتى ۋە ئاللاھ تائالادىن كەمچىلىكلىرى ئۈچۈن ھەمىشە مەغپىرەت تىلەيتتى. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى بەخت ـ سائادەتلىك، ئەزىز، ھۆرمەتلىك ۋە خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان بولسا، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ياخشى مۇكاپات بېرىدىغانلىقىغا، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولغان، ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالادىن مەمنۇن بولغان ھالدا، ئۇلارنى ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ ئۇتۇقتۇر. دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلارنى ئەنە شۇنداق قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە دوست تۇتىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىي ﴿وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ مۇئمىنلەر ياخشى ئەمەللەرنى قېتىرقىنىپ مۇكەممەل قىلغان، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشتىمۇ ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان، چوڭ-كىچىك گۇناھلىرى ۋە تائەت-ئىبادەتلەردە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەن، يەنە ئاللاھ تائالادىن جەڭ مەيدانلىرىدا ھەمىشە قەدەملىرىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى، كاپىرلارغا قارشى ياردەم بېرىشىنى تىلىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ

ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ئاتا قىلدى، ئاخىرەتنىڭ ياخشى مۇكاپاتىنى ۋەدە قىلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەمەللەرنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ﴿وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلصَّٰبِرِينَ﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ چىداملىق بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، ﴿وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللەرنى قېتىرقىنىپ، ياخشى ۋە مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. چىدامچانلىق بىلەن ئىشلەش ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندەك، ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ياخشى قىلىشمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن زۆرۈردۇر»[1].

ئى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئى ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان مۇسۇلمانلار! سىلەر يۇقىرىقىدەك ياخشى ئەمەللەرنى قېتىرقىنىپ قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر ئىنئاملىرىغا نائىل بولۇشقا لايىق بولغان كىشىلەرسىلەر.

﴿ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى كۇفرىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر زىيان تارتىپ قالىسىلەر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر بۇ كاپىرلارنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان بولساڭلار، ئۇلار سىلەرنى چوقۇم كۇفرىلىققا قايتۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى سىلەرنى ئىسلامدىن چىقىرىشتۇر. ئۇ ۋاقىتتا، سىلەر ھىدايەتنى كۇفرىغا تېگىشكەنلىكىڭلار ئۈچۈن زىيان تارتىپ قالىسىلەر. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئاللاھ تائالا يەنە مۇھەممەد سۈرىسىدە: ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ مَوْلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَأَنَّ ٱلْكَٰفِرِينَ لَا مَوْلَىٰ لَهُمْ﴾ يەنى ﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر﴾[2] دېگەن.

كاپىرلار ئاللاھ تائالا ئىلاھلىقىغا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇت

[1] «تفسير الشعراوي» 3-توم، 1812-بەت.
[2] مۇھەممەد سۈرىسى: 11- ئايەت.

قاتارلىق نەرسىلەرنى ھېچبىر ئاساسسىز ھالدا، ئۆز خاھىشلىرىچە ئىلاھ قىلىۋېلىپ ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز شۇنداق قىلاتتى، دەپ ئاقلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا ھەرگىزمۇ ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلالمايدۇ. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى ۋە مەڭگۈلۈك قارارگاھى دوزاختۇر.

«ئەگەر سىز بۇ ئايەتنىڭ ئەكسىچە، مۇئمىنلەرنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن قورقۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى، ئەمما كاپىرلارنىڭ ئامانلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان ۋە باشقىلارنى قورقۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، بىلىڭكى، ئۇ مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان مۇئمىنلەر ئەمەس، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالغان»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي مۇئمىنلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

2. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەدەتكارىدۇر. كاپىرلارغا ئاخىرەتتە مەدەتكار ياكى ياردەمچى چىقمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان، چىدامچان مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدۇ.

4. ھەر ۋاقىت، خۇسۇسەن مۇسىبەت يەتكەن ۋە بالا-قازالارغا يولۇققان چاغلاردا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىشنىڭ پەزىلىتى كاتتىدۇر.

### ◄ ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭىلىش سەۋەبى

﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ ٱللَّهُ وَعْدَهُۥٓ إِذْ تَحُسُّونَهُم بِإِذْنِهِۦ حَتَّىٰٓ إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَٰزَعْتُمْ فِى ٱلْأَمْرِ وَعَصَيْتُم مِّنۢ بَعْدِ مَآ أَرَىٰكُم مَّا تُحِبُّونَ مِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلدُّنْيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلْءَاخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنكُمْ وَٱللَّهُ ذُو فَضْلٍ

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 293-بەت.

عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٥٢ ۞ إِذۡ تُصۡعِدُونَ وَلَا تَلۡوُۥنَ عَلَىٰٓ أَحَدٖ وَٱلرَّسُولُ
يَدۡعُوكُمۡ فِيٓ أُخۡرَىٰكُمۡ فَأَثَٰبَكُمۡ غَمَّۢا بِغَمّٖ لِّكَيۡلَا تَحۡزَنُواْ عَلَىٰ مَا
فَاتَكُمۡ وَلَا مَآ أَصَٰبَكُمۡۗ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ١٥٣ ثُمَّ أَنزَلَ
عَلَيۡكُم مِّنۢ بَعۡدِ ٱلۡغَمِّ أَمَنَةٗ نُّعَاسٗا يَغۡشَىٰ طَآئِفَةٗ مِّنكُمۡۖ وَطَآئِفَةٞ
قَدۡ أَهَمَّتۡهُمۡ أَنفُسُهُمۡ يَظُنُّونَ بِٱللَّهِ غَيۡرَ ٱلۡحَقِّ ظَنَّ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِۖ
يَقُولُونَ هَل لَّنَا مِنَ ٱلۡأَمۡرِ مِن شَيۡءٖۗ قُلۡ إِنَّ ٱلۡأَمۡرَ كُلَّهُۥ لِلَّهِۗ يُخۡفُونَ
فِيٓ أَنفُسِهِم مَّا لَا يُبۡدُونَ لَكَۖ يَقُولُونَ لَوۡ كَانَ لَنَا مِنَ ٱلۡأَمۡرِ شَيۡءٞ
مَّا قُتِلۡنَا هَٰهُنَاۗ قُل لَّوۡ كُنتُمۡ فِي بُيُوتِكُمۡ لَبَرَزَ ٱلَّذِينَ كُتِبَ عَلَيۡهِمُ
ٱلۡقَتۡلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمۡۖ وَلِيَبۡتَلِيَ ٱللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمۡ وَلِيُمَحِّصَ
مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ١٥٤ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَلَّوۡاْ
مِنكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِ إِنَّمَا ٱسۡتَزَلَّهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ بِبَعۡضِ مَا
كَسَبُواْۖ وَلَقَدۡ عَفَا ٱللَّهُ عَنۡهُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٞ ١٥٥

### ◄ تەرجىمىسى

152 ـ شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. ئاللاھ سىلەر ئارزۇلىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن بوشاڭلىق قىلىپ، (پەيغەمبەر ئوقچى قوشۇنغا قىلغان) بۇيرۇق توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشتىڭلار، ئۇنىڭغا بويسۇنمىدىڭلار. بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەرنى ئۇلار بىلەن ئېلىشىشتىن چېكىندۈردى ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.

153 ـ ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر سىلەرنى ئارقاڭلاردىن چاقىرىپ تۇرسىمۇ، سىلەر ھېچكىمگە قارىماي قاچقان ئىدىڭلار. (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە، بېشىڭلارغا كەلگەنلەرگە قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى قاتمۇقات غەمگە مۇپتىلا قىلدى. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

154 ـ ئاندىن ئاشۇ غەمدىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە خاتىرجەملىك چۈشۈردىكى،

(بۇ خاتىرجەملىكتىن كەلگەن) مۈگدەك ھالىتى سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى مۇئمىنلەرنى) قاپلىۋالغان ئىدى. يەنە بىر قىسىملار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ قالغان ئىدى، بۇلار جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا قاراشتا بولدى. ئۇلار: «بىزگە (ئاللاھ ۋەدە قىلغان) غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر». ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ؛ ئۇلار: «ئەگەر بىزدە (ئۇرۇشقا چىقىشقا) ئازراق ئىختىيار بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا قالغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايىغا بارغان بولاتتى. (ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى تازىلاش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

155ـ(ئۇھۇدتا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلاردىن ئىبارەت) ئىككى قوشۇن بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئاراڭلاردىكى جەڭدىن چېكىنگەن كىشىلەرنى بەزى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شەيتان تېيىلدۇردى، ئاللاھ ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ۋاھىدىي مۇھەممەد ئىبنى كەئبدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئۇھۇد غازىتىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، بەزى كىشىلەر «بىز قانداق بولۇپ يېڭىلىدۇق، ئاللاھ بىزگە نۇسرەت بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدى؟» دېيىشكەن. شۇ چاغدا ﴿وَلَقَدۡ صَدَقَكُمُ ٱللَّهُ وَعۡدَهُۥٓ إِذۡ تَحُسُّونَهُم بِإِذۡنِهِۦ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، سىلەر دۈشمەندىن قورقماي باتۇرلارچە جەڭ قىلغان ۋە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان

[1] «أسباب النزول للواحدي»، «التفسير الواضح» 1ـتوم، 295ـ بەت.

ۋاقىتلىرىدا سىلەرگە ياردەم قىلغان ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەمىشە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ كەلدى، پەقەت سىلەر جىھادتىن قورققان، ئىرادەڭلار بوشاشقان، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقان ۋاقىتىڭلاردىلا سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشەلمەي قالدىڭلار. ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر سىلەرنى ئىستىھكامنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان ۋە «لاَ تَبْرَحُوا ، إِنْ رَأَيْتُمُونَا ظَهَرْنَا عَلَيْهِمْ فَلاَ تَبْرَحُوا ، وَإِنْ رَأَيْتُمُوهُمْ ظَهَرُواْ عَلَيْنَا فَلاَ تُعِينُونَا» يەنى «ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماڭلار، بىز يەڭسەكمۇ، يېڭىلسەكمۇ، ئورنۇڭلاردا تۇرۇڭلار، بىزگە ياردەم بېرىمىز دەپ كەلمەڭلار»[1] دەپ ئەمر قىلغان چاغدا، سىلەردىن بەزىلەر «دۈشمەنلىرىمىز مەغلۇپ بولغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرۇۋېرىمىز» دەپ تاغدىن ئايرىلدى، ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ئۆزىنىڭ ئازغىنە قوشۇنى بىلەن «بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمايمىز» دەپ مەۋقەنى ھېچ بوشاتمىدى. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلەر غەنىيمەت ئېلىشقا ئالدىراپ ئىستىھكامدا چىڭ تۇرمىدى، ئەمما ئاخىرەتلىك مۇكاپاتنى كۆزلىگەنلەر ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلمىدى، چىداشلىق بەردى، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي خىلاپلىق قىلمىدى.

شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا سىلەرنى شۇنداق بىر قىيىن سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، قولۇڭلارغا كېلىپ بولغان غەلىبىنى دۈشمەن تەرەپكە بۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبىدىن كېيىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدىڭلار. ئاندىن ئاللاھ تائالا سىلەردىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ خاتالاشقانلارنى ئەپۇ قىلدى، ئۇلارنىڭ قىلغان پۇشايمان ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچى ۋە بەندىلىرىگە تولىمۇ شەپقەتلىك، خۇسۇسەن مۇئمىنلەرگە ئالاھىدە مەرھەمەت قىلغۇچى زاتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىھكامنى بوشاتماي چىداشلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق قوشۇن ئارىسىدا سىلەرنى «إلى عباد الله فأنا رسول الله ، من يكر فله الجنة» «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مەن تەرەپكە كېلىڭلار، مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، كىمكى قايتىپ كەلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[2] دەپ چاقىرىۋاتقان تۇرسا، سىلەر تاغدىكى

---

[1] «صحيح البخاري» 5-توم، 94-بەت، 4043-ھەدىس، «صحيح ابن حبان»11- توم، 40-بەت، 4738-ھەدىس.

[2] «تفسير البغوي» 2-توم، 120-بەت.

ئىستىھكامىڭلارنى بوشىتىپ تۆۋەنگە قاراپ، ھېچكىمنىڭ سۆزىنى تىڭشىماي قاچتىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئا-سىيلىقىڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى قاتمۇقات غەم ـ قايغۇغا دۇچار قىلىپ سىنىدى. بۇ سىلەرنى قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە چېنىقتۇرۇش ۋە قولۇڭلاردىن كەتكەنگە قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ جىمى ئەھۋالىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇ قىيامەت كۈنىدە سىلەردىن شۇنىڭغا قارىتا ھېساب ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە مۇگدەك بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. مەلۇمكى بۇنداق ۋاقىتتىكى مۇگدەك ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن بىر نېمەتتۇر. چۈنكى قورققان ئادەم ئۇخلىيالمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقلار بۇنىڭدىن مەھرۇم ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم بۇ دىنغا نۇسرەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى غالىب قىلىشتىن ئىبارەت ۋەدىسىگە ئىشەنمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى مۇگدەكمۇ تۇتمىغان، خاتىرجەملىكمۇ بولمىغان، ئۇلار قورقۇنچ ئىچىدە قىينالغان، كاپىرلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ، دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ياكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن غەم قىلغان ئەمەس، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن غەم قىلغان ئىدى. مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىنى يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانچە قىياپەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: ﴿بىزگە (ئاللاھ ۋەدە قىلغان) غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟﴾ دەپ سورىغاندا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ: ﴿ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر﴾ يەنى بارچە ئىشلار، جۈملىدىن غەلىبە ۋە نۇسرەتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، غەلىبىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئاتا قىلالمايدۇ، دېيىشكە بۇيرۇغان.

مۇناپىقلار يەنە ھەددىدىن ئېشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى تەۋرىتىش ئۈچۈن ئىغۋاگەرلىك قىلىپ: ﴿ئەگەر بىزدە (ئۇرۇشقا چىقىشقا) ئازراق ئىختىيار بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق﴾ يەنى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى غازاتتا مەغلۇپ بولغانلىقىمىز مۇھەممەدنىڭ راست پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد راست پەيغەمبەر بولسا ئىدى، ئۇ ھەرگىز يېڭىلمىگەن بولاتتى، دېيىشىدۇ. مۇناپىقلار ئەقىلسىز ۋە نادان مەخلۇقلار بولغانلىقتىن، پەيغەمبەرلىك بىلەن غەلىبە

ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلىۋالغان. ئۇلار ياردەم ۋە نۇسرەتنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن، مەغلۇبىيەت ۋە يېڭىلىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بوشاڭلىقى ۋە قوماندانغا بويسۇنمىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن.

مۇناپىقلار قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقى ۋە ئەخلاقىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك، دىللىرى قۇلۇپلانغان، ئەقلى بۇلغانغان مەخلۇقلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ئەجەلنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە، غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ئۆلتۈرۈلۈشى ئالدىن بەلگىلەنگەنلەرنىڭ نەدە بولسا شۇ يەردە چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى، ئەجەلدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ۋە ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىن بەلگىلىشى بويىچە بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ﴿ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا قالغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايىغا بارغان بولاتتى﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا بۇنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى شەيتانىي ۋەسۋەسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە سىلەردىكى تەقۋالىق بىلەن ئىخلاس دەرىجىسىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئاللاھ تائالا كۆڭۈللەردە يوشۇرۇنغانلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. ھېچقانداق بىر سىر ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر. ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدىكى ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىناق قىلىشقا موھتاج ئەمەس، لېكىن كىشىلەرنى بىر ـ بىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالدىنىپ قېلىپ زىيان تارتمىسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالايدۇ، خالاس.

ئۇھۇدتا مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇچراشقان چاغدا قورقۇپ ئۆز مەۋقەلىرىنى بوشىتىپ قاچقانلارمۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن شۇنداق قىلغان. چۈنكى ئىنساننىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە قارا داغ تاشلاپ كېتىدۇ. شەيتان ئاشۇ قارا داغدىن يوچۇق تېپىپ ئىنساننى ئازدۇرۇش پۇرسىتىنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدى، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، كۆڭۈللىرىدىكى ۋەسۋەسىلەرنى تازىلاپ چىقىرىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قەلبىنى پاك قىلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۇرۇشتا قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش مەغلۇبىيەتنىڭ بىرىنچى سەۋەبىدۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ گۇناھى چوڭ بولۇپ، ئۇ بۇ دۇنيادا خارلىققا، مەغلۇبىيەتكە، ھاكىمىيەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا ۋە يەنە كۆپلىگەن بەختسىزلىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

3. بەزى چاغلاردىكى مەغلۇبىيەت كۆرۈنۈشتە ئاچچىق تۇيۇلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە نېمەت بولۇپ كېلىدۇ. چۈنكى بىر قېتىملىق ئاچچىق مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىشنى بىلگەنلەر كېيىنكى چوڭ غەلىبىلەرگە شەرت-شارائىت ھازىرلىغان بولىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ئامانلىق ئاتا قىلىدۇ.

5. كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار ئەڭ بىئارام ۋە بەختسىز ھايات كەچۈرىدىغان مەخلۇقلاردۇر. چۈنكى ئۇلاردا ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ھېچقانداق ھۇزۇرنى ياكى تىنچلىقنى ھېس قىلالمايدۇ.

6. ئاللاھ تائالا بېكىتكەن ئەجەل كېچىكىپ قالمايدۇ، ئىلگىرىمۇ كەلمەيدۇ، بەلكى دەل ۋاقتىدا كېلىدۇ. ئىنسان ئەجىلى توشقان يەردە چوقۇم ئۆلىدۇ.

## مۇئمىنلەردە قۇربان بېرىش ۋە جىھاد قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَقَالُواْ
لِإِخۡوَٰنِهِمۡ إِذَا ضَرَبُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَوۡ كَانُواْ غُزّٗى لَّوۡ كَانُواْ عِندَنَا مَا
مَاتُواْ وَمَا قُتِلُواْ لِيَجۡعَلَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ حَسۡرَةٗ فِي قُلُوبِهِمۡۗ وَٱللَّهُ يُحۡيِۦ
وَيُمِيتُۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ١٥٦ وَلَئِن قُتِلۡتُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوۡ
مُتُّمۡ لَمَغۡفِرَةٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَحۡمَةٌ خَيۡرٞ مِّمَّا يَجۡمَعُونَ ١٥٧ وَلَئِن مُّتُّمۡ أَوۡ
قُتِلۡتُمۡ لَإِلَى ٱللَّهِ تُحۡشَرُونَ ١٥٨﴾

## تەرجىمىسى

156ـئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئۇلار يېنىمىزدا قالغان بولسا، ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېيىشكەن كاپىرلارنى دورىماڭلار، ئاللاھ بۇ (بۇزۇق ئېتىقاد)نى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قاتتىق ھەسرەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سالىدۇ). ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

157ـشۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى ئۆلسەڭلار، شۈنى بىلىڭلاركى، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ياخشىدۇر.

158ـئەگەر سىلەر ئۆلسەڭلارمۇ ياكى ئۆلتۈرۈلسەڭلارمۇ چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر.

## تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر قەلبى پىچەتلەنگەن ۋە دىلى كور مۇناپىقلارنى ھەرگىز دورىماڭلار. مۇناپىقلارنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن پەردىلەنگەنلىكتىن، ئۇلار توغرا يول تاپالمايدۇ، ھىدايەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار غازاتلارغا ياكى تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەرلەرگە كېتىپ قېلىپ ۋاپات بولغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرى ۋە تۇغقانلىرى ھەققىدە: «ئەگەر ئۇلار بارمىغان بولسا ئۆلمىگەن بولاتتى» دەيدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئەقىلسىز مۇناپىقلار - ھە! ئۆلۈم پەقەت سەپەر بىلەن غازاتلاردىلا بولامدۇ؟ باشقا ۋاقىتلاردا ئۆلۈم يوقمۇ؟ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا: «مېنىڭ بەدىنىمنىڭ غازات مەيدانلىرىدا قىلىچ ۋە نەيزە تەگمىگەن ساق يېرىدىن بىرىمۇ يوق. شېھىت بولۇپ ئۆلۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق شېھىت بولمىدىم. ئەمدى مانا ئۆز ياتىقىمدا يېتىپ ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن» دېگەن ئىدى. بۇ مۇناپىقلار «ھېچقانداق جان ئىگىسى ئەجىلى كەلمىگۈچە ئۆلمەيدۇ» دەيدىغان ھەقىقەتنى چۈشەنمەمدىغاندۇ؟

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ھەرگىز بۇ مۇناپىقلارنى دورىماڭلار، ھەرگىز ئۇلاردەك بولۇپ قالماڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿كُلُّ نَفۡسٍ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۗ﴾ يەنى ﴿ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ

تەمىنى تېتىغۇچىدۇر﴾[1] دېگەن سۆزىگە چىن ئىشىنىڭلار. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھاياتنى بەرگۈچىمۇ ۋە ئۇنى ئالغۇچىمۇ پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقەتەن تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ئىكەنلىكىگە ۋە جاننى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئالالمايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىسىلەر. ﴿أَيْنَمَا تَكُونُوا۟ يُدْرِككُّمُ ٱلْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِى بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ﴾ يەنى ﴿سىلەر قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، ھەتتا مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ﴾[2]. ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئەھۋاللىرىڭلارنى، ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر. دىلىڭلاردا يوشۇرغانلىرىڭلارنى ئاللاھ تائالا ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ناۋادا سىلەر غازاتلارغا چىقىپ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولساڭلارمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاخىرەتتە بېرىدىغان كاتتا مۇكاپاتى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ئەقىدىنى قوغداش يولىدا جان پىدا قىلىش، ھەقىقەت يولىدا قۇربان بېرىش، پىداكارلىق كۆرسىتىش ۋە ئاللاھ يولىغا ئۆزىنى ئاتاش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئېسىل پەزىلەتلەرنى يەرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ يولىدا غازات قىلىپ شېھىت بولغانلار تىرىكتۇر، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنى ۋە مۇناپىقلارنى دوراش ئېغىر گۇناھتۇر.

2. مۇسۇلمانلار ئەجەلنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەختلىك ۋە خاتىرجەم ھايات كەچۈرىدۇ.

3. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلۈش ئۆلۈملەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرقانداق نەرسىدىن ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 185-ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى: 78- ئايەت.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن نەمۇنىلەر

﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ لِنتَ لَهُمْ ۖ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ ٱلْقَلْبِ
لَٱنفَضُّوا۟ مِنْ حَوْلِكَ ۖ فَٱعْفُ عَنْهُمْ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِى ٱلْأَمْرِ ۖ
فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَوَكِّلِينَ ﴿١٥٩﴾ إِن يَنصُرْكُمُ
ٱللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمْ ۖ وَإِن يَخْذُلْكُمْ فَمَن ذَا ٱلَّذِى يَنصُرُكُم مِّنۢ
بَعْدِهِۦ ۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٦٠﴾ وَمَا كَانَ لِنَبِىٍّ أَن يَغُلَّ ۚ وَمَن
يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ
لَا يُظْلَمُونَ ﴿١٦١﴾ أَفَمَنِ ٱتَّبَعَ رِضْوَٰنَ ٱللَّهِ كَمَنۢ بَآءَ بِسَخَطٍ مِّنَ ٱللَّهِ
وَمَأْوَىٰهُ جَهَنَّمُ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٦٢﴾ هُمْ دَرَجَٰتٌ عِندَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ
بِمَا يَعْمَلُونَ ﴿١٦٣﴾ لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ
أَنفُسِهِمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ
وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿١٦٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

159ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ ئاندىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. چۈنكى ئاللاھ تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

160ـئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرمىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۇئمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسۇن!

161ـھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن كېلىدۇ. ئاندىن ھەر كىشىگە قىلغان ئەمەلىنىڭ بەدىلى (مۇكاپاتى ياكى جازاسى) ئۇۋال قىلىنماستىن تولۇق بېرىلىدۇ.

162ـ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ۋە بارىدىغان جايى جەھەننەم بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟ جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

163ـ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ھەر خىل بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

164ـ ئاللاھ مۆئمىنلەرگە ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى (قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا كاتتا ئىنئام قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىلگىرى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۆئمىنلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك خىتاب قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قىلغان كاتتا ئىنئاملىرىنى ئەسلەتكەن ئىدى. بۇ ئايەتلەردە بولسا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرنى ئۆزىگە پەۋقۇلئاددە جەلپ قىلالايدىغان گۈزەل ئەخلاقنى ۋە ئېسىل پەزىلەتنى ئاتا قىلغانلىق نېمىتىنى ئەسلىتىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ھىدايىتى بىلەن ساھابىلىرىڭگە سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ، ئۇلارغا ئەپۇچان، سەۋرچان بولدۇڭ، ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەشتە ئىجابىي بولدۇڭ. ئەگەر سەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، باغرى قاتتىق، قوپال ۋە ئەخلاقىي تەرەپتىن يېتەرسىز بولغان بولساڭ، كىشىلەر سەندىن نەپرەتلىنەتتى ۋە ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى، قەلبلەرمۇ ساڭا تەلپۈنمەيتتى. لېكىن مەن سېنى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتىم. سېنىڭ گۈزەل ئەخلاقىڭغا ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىڭگە مەن ئۆزۈم بىۋاسىتە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى ۋە ھەر جەھەتتە كامالغا يەتكەن، تەڭداشسىز بىر نەمۇنە ئىدى.

[1] قەلەم سۈرىسى: 3ـ ئايەت.

ئى پەيغەمبەر! سەن يۇقىرىقىدەك ئېسىل پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغان ئىكەنسەن، قەۋمىڭنىڭ تەنتەكلىكىنى، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلارغا رەببىڭدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن. چۈنكى رەببىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىدە، شۇنداقلا ۋەھيى كەلمىگەن ئىشلاردا ساھابىلىرىڭ بىلەن كېڭەش قىلغىن. ئەمما دىنىي مەسىلىلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» يېتەرلىكتۇر. دىنىي ئىشلاردا ئۇلارنىڭ رايىنى ئالمايسەن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا ماڭىسەن. دىنىي مەسىلىلەردە سېنىڭ ئۆز خاھىشىڭ بىلەن گەپ قىلمايدىغانلىقىڭغا «قۇرئان كەرىم» ئۆزى گۇۋاھتۇر. سەن بەدرى ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىدا ساھابىلىرىڭ بىلەن كېڭەش قىلغاندەك، دۇنيالىق ئىشلاردا ئۇلار بىلەن كېڭەش قىلغىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى كەلمىگەن ئىشلاردا ساھابىلىرى بىلەن كېڭەش قىلىشنى تولىمۇ ياقتۇراتتى، كۆپ مەسىلىلەردە ساھابىلىرىنىڭ رايىغا باراتتى. ئىسلام ھۆكۈمىتى ئەنە شۇنداق «قۇرئان كەرىم»نى دەستۇر قىلىپ ھەر ئىشنى كېڭەش بىلەن قىلىدىغان ئادالەتلىك ھۆكۈمەتتۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ساھابىلىرىڭ بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، بىرەر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھ تائالاغا تايانغىن ۋە ئۇ ئىشقا قەدەم قويغىن. ئىنسان قانچىلىك ياخشى ئويلاپ ئىش قىلسىمۇ، ئۇ بەربىر كېلەچەكنى بىلمىگەچكە بەزى خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قالالمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن بەندىلىرىنى ئاللاھ تائالا چوقۇم توغرا يولغا ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا يېتەكلەيدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايانسۇن!). مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش دېگەن قولدىن كەلگەن بارچە تەدبىر ۋە چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ياخشى مەسلىھەت قىلىپ ئىشنى باشلىغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئىنسانلار ھەممە ئىشتا سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. بىراق مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئاساسلىق نەرسە سەۋەب ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسىدۇر.

شۇڭا، سىز سەۋەب قىلىش بىلەنلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بەلكى پۈتۈن سەۋەبلەرنىڭ ۋە بارلىق كۈچ – قۇۋۋەتلەرنىڭ ئۈستىدە تەڭداشسىز بىر قۇدرەت ۋە ئىرادە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ

تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسىدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياردەم بەرسە، دۇنيادا سىلەرگە غالىب كېلىدىغان ھېچقانداق كۈچ قالمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ياردىمىنى سىلەردىن توختىتىدىكەن، ئۇ چاغدا سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان ۋە نۇسرەت بېرىپ قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنلەر بىر ئاللاھقىلا تايانسۇن، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىسۇن! چۈنكى ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن باشقا ياردەم بەرگۈچى يوقتۇر.

كەلبىي ۋە مۇقاتىل[1] مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇھۇد غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئوقچى قوشۇن ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىيمەتنى كىم ئالسا شۇنىڭ بولىدۇ، دېيىشىدىن ۋە غەنىيمەتنى بەدرى غازىتىدا تەقسىم قىلمىغاندەك تەقسىم قىلىپ بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمىز› دەپ ئورۇنلىرىنى بوشىتىپ تاغدىن چۈشكەن ۋە غەنىيمەت ئېلىش ئۈچۈن بارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كايىپ: ‹مەن سىلەرگە مەندىن بۇيرۇق كەلمىگۈچە مۇداپىئەنى بوشاتماڭلار دېگەن ئەمەسمىدىم؟› دېگەندە: ئۇلار: ‹باشقا ھەمراھلىرىمىزنى قويۇپ كەتكەن ئىدۇق› دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ‹بەلكى سىلەر بىزنى غەنىيمەتنىڭ ھەممىنى ئېلىۋالىدۇ ۋە تەقسىم قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭلار› دەيدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ﴿وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَغُلَّ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[2].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنى ھەرقانداق بىر پەزىلەتلىك ئادەم ئۆزىنى يىراق تۇتىدىغان تۆۋەن ئىشلارنى قىلىشتىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە يىراق قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەخلاق-پەزىلەت بابىدا يېگانە ئۈلگىلەر ئىدى. غەنىيمەتنى باشقىلارغا بەرمەي ئۆزى ئېلىۋېلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالىي مەرتىۋىسىگە لايىق كەلمەيدىغان ۋە شەنىگە ياراشمايدىغان بىر ئىشتۇر. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا قانداقمۇ لايىق كەلسۇن؟ ئۇلار گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتلەردە ئىنسانىيەتكە ئۈلگە تۇرسا، ئۇلار باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋالغان ئادەمنىڭ يېۋالغان نەرسىسى قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى ئوبدان بىلىدىغان زاتلار تۇرسا، ئۇلار توغرىسىدا بۇنداق يامان گۇماندا

[1] مۇقاتىل- تولۇق ئىسمى مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى بەشىر ئەل بەلخى (150ھ/767م) ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھرىدىن بولۇپ، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھ قاتارلىق ئىلىملەردە يېتىشكەن ئالىمدۇر. ئۇنىڭ «تەپسىرى مۇقاتىل» ناملىق تەپسىرى بار.

[2] «أسباب النزول للواحدي» 131-بەت، «تفسير البغوي» 2-توم، 69-بەت.

بولۇش توغرىمۇ؟! ﴿يَٰبُنَيَّ إِنَّهَآ إِن تَكُ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٖ فَتَكُن فِي صَخۡرَةٍ أَوۡ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَوۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَأۡتِ بِهَا ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٞ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغلۇم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

قىيامەت كۈنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان بارلىق ئەمەلىدىن ھېساب بېرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قىلغان شۇ ياخشى-يامان ئەمەلىگە يارىشا جازاسى ياكى مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش يوقتۇر. ﴿وَوَجَدُواْ مَا عَمِلُواْ حَاضِرٗاۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمەلىگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[2].

قىيامەت كۈنىدە ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ جازا ۋە مۇكاپاتىنى تولۇق كۆرىدىغانلىقى ئېنىق بولغان يەردە، ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ باراۋەر بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنى ئەقىل قوبۇل قىلامدۇ؟ ﴿أَفَمَن كَانَ مُؤۡمِنٗا كَمَن كَانَ فَاسِقٗاۚ لَّا يَسۡتَوُۥنَ﴾ يەنى ﴿(ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ) مۆئمىن بولغان ئادەم (توغرا يولدىن چەتنەپ) پاسىق بولغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟! ئۇلار باراۋەر ئەمەس﴾[3]. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئەگىشىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، يامان ئىشلاردىن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرغان ۋە ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىدىغان كىشى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە لايىق بولغان گۇناھكار، ئالدامچى، پاسىق ئادەملەر ئوخشاشمۇ؟! بۇلار ئوخشاش مۇئامىلە كۆرەمدۇ؟ ئىشەنچىمىزكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىنى ھەرگىز باراۋەر قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ياخشى ئىش قىلغانلار بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلارنىڭ ھەربىرى

---

[1] لۇقمان سۈرىسى: 16-ئايەت.

[2] كەھف سۈرىسى: 49-ئايەت.

[3] سەجدە سۈرىسى: 18- ئايەت.

ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلەر ۋە قارارگاھلار بار. ئەڭ يۇقىرى دەرىجە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قارارگاھى بولغان ئالىي مەرتىۋىلىك جەننەت بولغاندەك، ئەڭ تۆۋەن دەرىجە مۇناپىقلار، كاپىرلار بارىدىغان ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتىكى دوزاختۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! پەيغەمبەرلەر ھەققىدە شۇنداق يامان گۇماندا بولساڭلار بولامدۇ؟! ئاللاھ تائالا ئۇنى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈن، بارچە ئىنسانىيەتكە ئومۇمىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن تۇرسا، يەنە كېلىپ، ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ۋە ئۆز مىللىتىڭلاردىن چىقارغان تۇرسا، ئۇنىڭ ھەققىدە قانداقمۇ بولمىغۇر گۇمانلاردا بولىسىلەر؟ مەلۇمكى، پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بىر ئەرەب پەيغەمبەردۇر. سىلەر ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، خاراكتېرىنى ۋە بارلىق پەزىلەتلىرىنى ياخشى بىلىسىلەر. شۇڭا سىلەر ئەڭ دەسلەپتە ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلار بولۇپ شەرەپلەندىڭلار. ئۇ پەيغەمبەر سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، نېمەتلىرىگە ۋە يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدۇ، سىلەرگە ئىلىم-ھېكمەتنى ۋە نۇرلۇق سۈننەتنى ئۆگىتىدۇ. ﴿إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى گۇناھلىرىڭلاردىن پاك قىلدى، ئۇ سىلەرنى شېرىك ئەقىدىسىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىسلامنىڭ پارلاق نۇرىغا يېتەكلىدى، ئۇ سىلەرنى قالاقلىق ھالىتىڭلاردىن چىقىرىپ مەشھۇر رىم ۋە پارىس ئىمپېراتورلۇقلىرىدىنمۇ كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەتكە ۋە مۇستەقىل سىياسەتكە ئىگە قىلدى. ئاللاھ تائالا سىلەردىن ھەر ساھە ئالىملىرىنى، قوماندانلارنى ۋە يولباشچىلارنى چىقاردى ۋە چىقىرىدۇ، ھالبۇكى، سىلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئازغۇنلۇقتا ئىدىڭلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنس-ئىنسلىرىدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 190-ئايەت.

تەڭداشسىز ئۆلگىدۇر.

2. كېڭىشىش ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

3. دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ئىبادەتتۇر.

4. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلغاندەك ئىشەنچ قىلىش خارلىق ۋە يېڭىلىشنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

5. غەنىيمەتنى ئۇلۇشۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ئوغرىلاش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئومۇمنىڭ ھەققىنى يېگەنلىكتۇر.

6. ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش، ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ھەزەر ئەيلەش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر. ئاۋۋالقىسى، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بولىدۇ، كېيىنكىسى، يامان ئىشلارنى، گۇناھلارنى تەرك ئېتىش بىلەن بولىدۇ.

7. ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتىدۇر. ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا شۈكۈر ئادا قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر.

8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

## ◄ مۇناپىقلارنىڭ نومۇسسىزلىقى

﴿أَوَلَمَّآ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَدۡ أَصَبۡتُم مِّثۡلَيۡهَا قُلۡتُمۡ أَنَّىٰ هَٰذَاۖ قُلۡ
هُوَ مِنۡ عِندِ أَنفُسِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٦٥ وَمَآ أَصَٰبَكُمۡ
يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِ فَبِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَلِيَعۡلَمَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٦٦ وَلِيَعۡلَمَ
ٱلَّذِينَ نَافَقُواْۚ وَقِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ قَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوِ ٱدۡفَعُواْۖ قَالُواْ
لَوۡ نَعۡلَمُ قِتَالٗا لَّٱتَّبَعۡنَٰكُمۡۗ هُمۡ لِلۡكُفۡرِ يَوۡمَئِذٍ أَقۡرَبُ مِنۡهُمۡ لِلۡإِيمَٰنِۚ
يَقُولُونَ بِأَفۡوَٰهِهِم مَّا لَيۡسَ فِي قُلُوبِهِمۡۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يَكۡتُمُونَ
١٦٧ ٱلَّذِينَ قَالُواْ لِإِخۡوَٰنِهِمۡ وَقَعَدُواْ لَوۡ أَطَاعُونَا مَا قُتِلُواْۗ قُلۡ فَٱدۡرَءُواْ
عَنۡ أَنفُسِكُمُ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ١٦٨﴾

### تەرجىمىسى

165ـ سىلەرگە يەتكەن تالاپەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن تالاپەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا، سىلەر يەنە: «بۇ تالاپەت قەيەردىن كەلدى؟» دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن بولدى». شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

166ـ ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە سىلەرگە كەلگەن تالاپەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

167ـ بۇ يەنە مۇناپىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى مۇداپىئەدە تۇرۇڭلار» دېيىلگەندە، ئۇلار: «ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگەشكەن بولاتتۇق» دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دەيدۇ. ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

168ـ ئۇ مۇناپىقلار (جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ، (ئۇھۇدتا شېھىت بولغان) قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرگەن بولسا ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلاردىن توسۇپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!».

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلاردىن پاك ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختالغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە مۇسۇلمان جەڭچىلەردىن بەزىلەرنىڭ ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈندە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نالايىق سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ناتوغرا سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن. ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئۇھۇد غازىتىدا پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ غەنىيمەت تالىشىش ئۈچۈن مۇداپىئەنى بوشاتقانلىقىڭلار ئۈچۈن يېڭىلدىڭلار. لېكىن دۈشمىنىڭلارغىمۇ سىلەرگە

يەتكەن تالاپەتنىڭ ئىككى ھەسسىسى يەتتى. چۈنكى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان بولسا، بەدرى غازىتىدا مۇشرىكلاردىنمۇ 70 كىشى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە 70 كىشى ئەسىرگە ئېلىندى. سىلەر «مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا خىلاپلىق قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە جەڭ تەييارلىقى قىلمىسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئۇلارغا كېلىۋېرىدۇ»، دېگەندەك خاتا چۈشەنچىدە بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك، ئۇھۇد غازىتىدا يېڭىلىپ قېلىپ: «بۇ تالاپەت بىزگە نەدىن كەلدى؟» دېدىڭلار. بىلىڭلاركى، بۇ تالاپەت پەقەت ئۆزۈڭلاردىن يەنى پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلاردىن كەلدى!

ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلاردىن بۇنداق چۈشەنچىدىكى كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار «بىز ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلساقمۇ، ئۇ بىزگە ياردەم قىلىۋېرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىسىگە رەددىيە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ﴿ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن بولدى﴾ يەنى ئۇ تالاپەت سىلەرنىڭ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن بولدى، دېيىشىنى ئەمر قىلىش بىلەن بىرگە بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى سىرتىدا ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا مەغلۇبىيەتنى ئىرادە قىلغانلىقى ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئېغىر سىناقلار ئارقىلىق تاۋلاپ چىقىش ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

«ئەمەلىيەتتە، ئۇھۇد غازىتىدا مۇئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقە بىر-بىرىدىن ئېنىق ئايرىلدى. مۇئمىنلەر گەرچە بۇ غازاتتا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئىماندا مۇستەھكەم تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سابىت قەدەم بولۇپ غازاتنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما مۇناپىقلار بۇ غازاتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ قويدى. مەدىنىدىن ئۇھۇدقا يۈرۈش قىلغان مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ سانى 1000 ئىدى. بۇلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىقنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە ئازدۇرۇشى بىلەن 300 كىشى يولدىن قايتىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىھادتىن قايتىپ كەتكەن بۇ كىشىلەرنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكى ۋە ئىمانىنىڭ ساختىلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغقا بەلگىلىگەن

ئوقچىلارنىڭ مۇداپىئەنى بوشىتىپ غەنىيمەت ئىزدەپ كەتكەنلىكىمۇ بىر چوڭ سىناق ئىدى. ئۇھۇد غازىتى بولمىغان بولسا ئىدى، ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ۋە مۇناپىقلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى. نەتىجىدە، ھەقىقىي چىداملىق مۇسۇلمان جەڭچىلەر بىلىنمىگەن ۋە ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتى بىلىنمىگەن بولاتتى»[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىق ھەمراھلىرى بىلەن غازاتتىن ۋاز كېچىپ يېرىم يولدىن قايتقاندا، جابىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «كېلىڭلار، دىنىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى تاجاۋۇزچى دۈشمەن كۈچلىرىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا غازات قىلايلى! ئەگەر ئاخىرەتلىك ساۋابنى خالىمىساڭلارمۇ ئورتاق ۋەتىنىمىز بولغان مەدىنە شەھىرىنى، ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلەڭلەرنى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن غازاتقا چىقىڭلار، سىلەرنىڭ بىز بىلەن بولغىنىڭلار دۈشمەنگە قارشى كۈچىمىزنى ئاشۇرىدۇ» دېگەندە، مۇناپىقلار ئۇنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ﴿ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگەشكەن بولاتتۇق﴾ دېيىشىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدۇ[2]. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، مۇناپىقلارنىڭ ﴿قَالُواْ لَوۡ نَعۡلَمُ قِتَالٗا لَّٱتَّبَعۡنَٰكُمۡۗ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: «مەدىنىدىن ئۇرۇش قىلىمىز دەپ چىقىش ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتقانلىقتۇر، سىلەر ھالاكەتكە كېتىپ بارىسىلەر، شۇڭا بىز سىلەر بىلەن بىللە ھالاك بولۇشقا بارمايمىز»[3] دېگەنلىكتۇر.

بۇ مۇناپىقلار غازاتقا كېتىپ بارغان يولدىن قايتقان ۋاقتىدا، ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا ئەڭ يېقىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى يوشۇرۇپ، ھەدەپ ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن كۆرسىتىشكە تىرىشقان بىلەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلب - قاتلىرىدا يوشۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ۋە يامان سۆزى بار بولۇپ، ئۇ

---

[1] التفسير الواضح» 1- توم، 305- بەت.

[2] تفسير الطبري» 7 – توم، 380 – بەت.

[3] «تفسير الشعراوي» 3-توم،1877- بەت.

بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ غازاتتا شېھىت بولغان قېرىنداشلىرى ھەققىدە: ﴿ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرگەن بولسا ئۆلتۈرۈلمەيتتى﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزگە قۇلاق سېلىپ غازاتقا چىقىشتىن ۋاز كەچكەن بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ھايات قالغان ۋە ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمىگەن بولاتتى، دېگەنلىكىدۇر. گويا ئۇلار ئۆلۈم بىلەن ھالاكەتنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ غازاتقا چىققانلىقىغا ئىخچاملىغان. ئۇلارغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇلار جەڭ مەيدانىدىن ساق-سالامەت قايتىپ كېلىدىغانلارنى ۋە ئۆز ئۆيىدە يېتىپ ئۆلىدىغانلارنى بىلمەمدۇ؟!

ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزلىرىدە راستچىل بولىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ باقسۇنچۇ، قېنى! ھالبۇكى، ئەجەل كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇ ئەجەل ئۇلارنى نەدە بولسا تاپىدۇ ئەمەسمۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش بەختسىزلىكنىڭ ئالدىنقى سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

2. قوماندانغا ئىتائەت قىلمىغان ئەسكەرلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇش نىسبىتى ئۈستۈندۇر.

3. كېلىشمەسلىكنىڭ كۆپىنچىسى گۇناھ-مەئسىيەت تۈپەيلىدىن بولىدۇ.

4. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

5. ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ئىنسان نەدە بولسا ئۆلىدۇ.

6. قورقۇنچاقلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتالمايدۇ.

### ◄ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ مۇكاپاتى

﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمْوَٰتًۢا ۚ بَلْ أَحْيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ ﴿١٦٩﴾ فَرِحِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِٱلَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا۟ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿١٧٠﴾ ۞ يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا

يُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٧١﴾ ٱلَّذِينَ ٱسْتَجَابُوا۟ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِ مِنۢ بَعْدِ
مَآ أَصَابَهُمُ ٱلْقَرْحُ ۚ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ مِنْهُمْ وَٱتَّقَوْا۟ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٢﴾
ٱلَّذِينَ قَالَ لَهُمُ ٱلنَّاسُ إِنَّ ٱلنَّاسَ قَدْ جَمَعُوا۟ لَكُمْ فَٱخْشَوْهُمْ
فَزَادَهُمْ إِيمَـٰنًا وَقَالُوا۟ حَسْبُنَا ٱللَّهُ وَنِعْمَ ٱلْوَكِيلُ ﴿١٧٣﴾ فَٱنقَلَبُوا۟
بِنِعْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضْلٍ لَّمْ يَمْسَسْهُمْ سُوٓءٌ وَٱتَّبَعُوا۟ رِضْوَٰنَ ٱللَّهِ ۗ
وَٱللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ ﴿١٧٤﴾ إِنَّمَا ذَٰلِكُمُ ٱلشَّيْطَـٰنُ يُخَوِّفُ أَوْلِيَآءَهُۥ
فَلَا تَخَافُوهُمْ وَخَافُونِ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٧٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

169ـئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ھەرگىز ئۆلۈك دەپ قارىمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنماقتىدۇر.

170ـئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن دائىم خۇشالدۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ يوق ئىكەنلىكىدىن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.

171ـئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزل-كەرەمدىن، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.

172ـئۇلار (ئۇھۇدتا) يارىلانغاندىن كېيىنمۇ، يەنە ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە تەقۋادار بولغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار.

173ـئۇلار (شۇنداق زاتلاركى، بىر قىسىم) كىشىلەر ئۇلارغا: «شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېگەندە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى.

174ـشۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن (بەدرى غازىتىدىن) ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماي قايتىپ كەلدى. ئۇلار

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.

175-پەقەت ئاشۇ شەيتان[1] سىلەرنى ئۆز دوستلىرى (بولغان كاپىرلار)دىن قورقۇتىدۇ. ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «لما أُصيب إخوانُكم بأُحد جعل الله عز وجل أرواحَهم في أجواف طير خُضْرٍ، ترد أنهارَ الجنة تأكلُ من ثمارها، وتأوي إلى قناديل من ذهب في ظل العرش، فلما وجدواْ طيب مشربهم ومأكِلهم وحسْنَ مُنْقَلَبهم قالوا: ياليت إخواننا يعلمون بما صَنع الله لنا، لئلا يزهدواْ في الجهاد ولا ينْكُلُواْ عن الحرب، فقال الله عز وجل: أنا أبلغهم عنكم»، فأنزل الله عز وجل هؤلاء الآيات على رسوله: ﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَاۚ ...﴾ يەنى «قېرىنداشلىرىڭلار ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى يېشىل قۇشلارنىڭ قورساقلىرىغا يەرلەشتۈردى. بۇ قۇشلار جەننەتنىڭ شېرىن سۇلىرىدىن ئىچىدۇ، جەننەت مېۋىلىرىدىن يەيدۇ. ئۇلار ئەرشنىڭ سايىسىدا ئېسىقلىق تۇرغان ئالتۇن پانۇسلارنىڭ ئاستىغا كېتىۋاتاتتى، شېھىتلەر يەپ-ئىچىدىغان نېمەتلەر ۋە ئارام ئالىدىغان جايلىرىنىڭ ئېسىللىكىنى كۆرگەندە: ‹كاشكى، ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان بۇ ئىززەت-ئىكراملىرىنى غازى (يەنى جىھادتا شېھىت بولماي ساق قايتىپ كەتكەن) قېرىنداشلىرىمىز بىلسە ئىدى، ئۇلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تۈرتكە بولغان بولاتتى› دېيىشىدى، ئاللاھ: ‹سىلەرنىڭ نامىڭلاردىن مەن بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا يەتكۈزىمەن› دېدى ۋە ئارقىدىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار...﴾[2] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى»[3].

---

[1] بۇ يەردىكى شەيتاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كۈچىنى مۇبالىغە قىلىپ يەتكۈزگەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. («شرح تفسير الجلالين»1- توم، 516-بەت).

[2] بەقەرە سۈرىسى: 154- ئايەت.

[3] «مسند أحمد» 3-توم، 92-بەت، 2388-ھەدىس، «السنن الكبرى للبيهقي» 9-توم، 275-بەت، 18520-ھەدىس، «سنن أبي داود» 3-توم، 15-بەت، 2520-ھەدىس، «التفسير الواضح» 1-توم، 308-بەت.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېرى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە ﴿ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرگەن بولسا ئۆلتۈرۈلمەيتتى﴾ دېگەن سۆزىگە ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلاردىن توسۇپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!﴾[1] دەپ رەددىيە بەرگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە مۇئمىنلەر مۇناپىقلارنىڭ سۆزلىرىگە ئالدانمىسۇن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا بولغان جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلسۇن، شۇنداقلا جىھاد مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرسۇن، دەپ مۇجاھىدلارنىڭ، خۇسۇسەن بۇ يولدا شېھىت بولغانلارنىڭ جەننەتتە ئېرىشىدىغان ئىززەت-ئىكراملىرى ۋە ئېسىل مۇكاپاتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولغانلارنى ھەرگىز ئۆلۈك دەپ قارىمىغىن، ھەرگىز ئۇلارنى ئۆلدى، تۈگەشتى، دەپ ئويلىمىغىن. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ ھەرگىز شېھىتلەرنى ئۆلۈكتۇر، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. بەلكى ئۇلار شېھىت بولۇپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا تىرىكتۇر، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئېسىل نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە لايىق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ھاياتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدىغان ۋە شېھىتنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ھېس قىلمايدىغان بىر خىل ھاياتتۇر. شېھىتلەرنىڭ ھاياتى بىزنىڭ ھاياتىمىزدەك جىسمانىي ۋە روھىي ھاياتمۇ ياكى پەقەتلا روھىي ھاياتمۇ بۇ توغرىدا ئىزدىنىش بىمەنىلىكتۇر. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىگە ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش بىزگە يېتەرلىكتۇر. شېھىتلەر جەننەتلەردە ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىنغان ئېسىل نېمەتلەر ۋە ئاتا قىلىنغان ئالىي دەرىجىلەردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولىدۇ. ئۇلار شېھىتلىق نېسىپ بولمىغان مۇجاھىد قېرىنداشلىرىغا ئاخىرەتتە تەييارلانغان بەختلىك ھايات، ئېسىل

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 168- ئايەت.

نېمەتلەر ۋە ئالىي مۇكاپاتلاردىن خۇشال بولۇپ سۆيۈنگۈچىلەردۇر ۋە ئارزۇ قىلغۇچىلاردۇر.

جەننەتتىكى ئېسىل ھايات بولسا، غەم-قايغۇ ۋە قورقۇنچتىن خالىي بولغان، بۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى سۆيگەنلىرىدىن ئايرىلغىنىغا ھەسرەتلەنمەيدىغان مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتتۇر. جەننەت ئەھلى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەرخىل ئېسىل نازۇ-نېمەتلەردىن رىزىقلىنىپ ھۇزۇرلانغۇچىلاردۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، «قۇرئان كەرىم» شېھىتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەردىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەمما بۇ نېمەت ئومۇمىي بىر نېمەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنكى ئايەتلەردە ئوچۇقلانغان. شېھىتلەر ئېرىشكەن مۇكاپاتلارنىڭ بىرقىسمى ئۆزلىرىگە خاس، يەنە بىر قىسمى غازاتتا بىرگە بولغان غازى قېرىنداشلىرىغا مەنسۇپتۇر. شېھىتلەر جىھاد مەيدانىدىن ساق قايتقان غازى قېرىنداشلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە تەييارلىغان ئىنئاملىرىدىن خۇشال بولغۇچىلاردۇر. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق غەم-قايغۇ ۋە قورقۇنچ يوق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئۆزلىرىمۇ ناھايىتى سۆيۈنگۈچىلەردۇر.

ئايەتتە شېھىتلەر ھەققىدە: ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ﴾ دېيىلگەن. بۇ ئايەتتىكى «مۇئمىنلەر» دىن مەقسەت غازاتقا چىقىپ شېھىت بولماي، مەدىنىگە سالامەت قايتقان غازىيلاردۇر. ئۇلار ئايەتتە: ﴿ئۇلار (ئۇھۇدتا) يارىلانغاندىن كېيىنمۇ، يەنە ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى﴾ دەپ تەرىپلەنگەن. چۈنكى ئۇلار يارىلانغان تۇرۇپ، «ھەمرائۇلئەسەد» غازىتىغا چىققان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزلىرى يارىدار تۇرۇپ جىھادتىن قېلىپ قالمىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا ئالدىرىغان ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگەنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. ئۇلارغا بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن: ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار﴾ يەنى قۇرەيش جامائەسى سىلەرگە قارشى چوڭ بىر قوشۇن تەييارلىدى، ھەرگىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقماڭلار، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئادەم سانى ۋە قورال كۈچى جەھەتتە ئۇلار سىلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈندۇر، دېيىلگەندە، ئۇلارنىڭ ئىمانى

تېخىمۇ كۈچلىنىپ كەتكەن، ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشقانلىقتىن، تەھدىتلەردىن ھېچ قورقۇپ قالمىغان ۋە ﴿بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!﴾ دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجرى ۋە مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ.

ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «﴿حَسۡبُنَا ٱللَّهُ وَنِعۡمَ ٱلۡوَكِيلُ﴾ دېگەن ئايەتنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان چاغدا ئېيتقانىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار﴾ دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان چاغدا ئېيتقان»[1].

مۇئمىنلەر ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە چىن دىلىدىن ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تۆت چوڭ مۇكاپاتنى ئاتا قىلغان. ئۇلار: نېمەت، يۇقىرى مەرتىۋە، يامانلىقتىن ساقلىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ زور ئۇتۇقتۇر. بۇنىڭدا غازاتقا چىقىشتىن قاچقان مۇناپىقلار ئۇچرايدىغان زىيان-زەخمەتلەرگە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى مۇناپىقلار بۇ كاتتا نېمەتلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغانلىقى سىرتىدا، دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئەنە شۇ ئادىمىي شەيتان-نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى بىلەن سىلەرنى قورقۇتماقچى بولىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىن بولىدىغان بولساڭلار، كاپىرلاردىن قەتئىي قورقۇپ قالماڭلار، چۈنكى مەن ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىمەن، ئۇلارغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن. شۇڭا سىلەر كاپىرلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار، پەيغەمبىرىڭلار بۇيرۇغاننى ئورۇنداشقا ئالدىراڭلار ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگىشىڭلار.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿إِنَّمَا ذَٰلِكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ يُخَوِّفُ أَوۡلِيَآءَهُۥ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار﴾ دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ ئادەم شەيتان قەلبىگە سالغان قورقۇنچ بىلەن سىلەرنى دۈشمىنىڭلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ، ئۇلار سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك دوستلىرى بولغان ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ يانتاياقلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ.

[1] «صحيح البخاري» 6- توم، 39- بەت، 4563- ھەدىس.

بۇ سىلەرنى ئۇرۇشتىن چېكىندۈرۈش ئۈچۈندۇر»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. سۇددىي[2] بۇ ئايەتنى «شەيتان مۇشرىكلارنىڭ كۈچىنى مۇناپىقلارنىڭ كۆزىدە چوڭ كۆرسىتىش ئارقىلىق سىلەرنى قورقۇتماقچى بولىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان[3].

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي مۆئمىن ئادەم ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن قورقمايدىغان جۈرئەتلىك بولىدۇ، قورقۇنچاق بولمايدۇ.

2. ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىلىرى ھەقىقەتەن كاتتىدۇر.

3. دۈشمەن قانچىلىك كۈچلۈك بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالا ياردەم قىلغان قەۋمنى مەغلۇپ قىلالمايدۇ.

4. شەيتانلار ھەمىشە مۆئمىنلەرنى ۋەسۋەسىگە سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى ۋە بەزى ئەھكاملار

﴿وَلَا يَحۡزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡكُفۡرِۚ إِنَّهُمۡ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ
شَيۡـٔٗاۚ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَلَّا يَجۡعَلَ لَهُمۡ حَظّٗا فِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٌ
١٧٦ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۖ وَلَهُمۡ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ١٧٧ وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ خَيۡرٞ
لِّأَنفُسِهِمۡۚ إِنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ لِيَزۡدَادُوٓاْ إِثۡمٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ١٧٨ مَّا
كَانَ ٱللَّهُ لِيَذَرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَىٰ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ ٱلۡخَبِيثَ مِنَ
ٱلطَّيِّبِۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُطۡلِعَكُمۡ عَلَى ٱلۡغَيۡبِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَجۡتَبِي
مِن رُّسُلِهِۦ مَن يَشَآءُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۚ وَإِن تُؤۡمِنُواْ وَتَتَّقُواْ

[1] «تفسير الطبري» 7- توم، 416- بەت.

[2] سۇددى-تولۇق ئىسمى ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇراھمان سۇددى، تابىئىنلاردىن بولۇپ، تەپسىر ۋە ھەدىس ئىلىملىرىدە تونۇلغان كاتتا ئالىم. 127- ھىجرىيە ۋاپات بولغان.

[3] «تفسير الطبري» 7- توم، 417- بەت.

فَلَكُمْ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٩﴾

### تەرجىمىسى

176ـ(ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتقانلار سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، شەكسىزكى، ئۇلار ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچبىر نېسىۋە بەرمەسلىكنى خالايدۇ؛ ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

177ـئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

178ـكۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ئۆزلىرىگە مۆھلەت بېرىشىمىزنى ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلارغا پەقەت گۇناھلىرىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈنلا مۆھلەت بېرىمىز. ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

179ـئاللاھ ياماننى ياخشىدىن ئايرىماي تۇرۇپ، سىلەر مۇئمىنلەرنى ھەرگىزمۇ ھازىرقى ھالىتىڭلارچە تاشلاپ قويمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنى غەيبتىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ، لېكىن ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللايدۇ (ئاندىن ئۇنىڭغا بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ). شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋالىق قىلساڭلار سىلەرگە كاتتا ئەجىر بار.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كۇفرىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان ۋە كاپىر بولۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كاپىرلىقى سېنى قىلچە غەمكىن قىلمىسۇن. مۇپەسسىرلەر ﴿ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡكُفۡرِۚ﴾ دېگەن ئايەتتىكى كاپىرلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي «ئۇلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، مۇشرىكلاردىن قورقۇپ ئىماندىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەردۇر»[1] دېگەن. كەلبىي مۇنداق دېگەن: «ئۇلار مۇناپىقلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى بولۇپ، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹تەۋرات›تىكى سۈپەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلگەن ئىدى، چۈنكى مۇشرىكلار يەھۇدىيلارنى

[1] «تفسير القرطبي» 4ـ توم، 267 ـ بەت.

ساماۋى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى دەپ ئۇلارنىڭ ئىغىزىغا قارايتتى، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار: «ئەگەر ئىسلام ھەق دىن بولسا ئىدى، يەھۇدىيلار ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولاتتى» دەيتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن﴿(ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتقانلار سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، شەكسىزكى، ئۇلار ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[1]. زەھھاك «ئۇلار قۇرەيش كاپىرلىرىدۇر»[2] دېگەن. مۇجاھىد «ئۇلار مۇناپىقلاردۇر»[3] دېگەن.

ئى پەيغەمبەر! مەيلى ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مەككىلىك مۇشرىكلار بولسۇن، ياكى يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ كۇفرىغا ئۆزىنى ئېتىشى، كۇفرىلىقنى تەرغىب قىلىشى، كۇفرىنى قوغداش يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشى، كۇفرىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن جان پىدا قىلىشى سېنى ھەرگىز غەمكىن قىلمىسۇن. چۈنكى ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ساڭا قارشى ئۇرۇش ئاچقان ۋە ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولغىنى بىلەن ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمىدى. چۈنكى ئۇلار ساڭا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالاغا قارشى ئۇرۇش ئاچماقچى بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

ئەللامە تەبەري ﴿إِنَّهُمۡ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۗ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئۇلار ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئۇلارنىڭ كۇفرىغا ئۆزىنى ئېتىشى ۋە كۇفرىنى كۆككە كۆتۈرۈشكە ئالدىرىشى ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئەگەر ئىمان ئېيتىشقا ئالدىرىسىمۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمىگەندەك، ئۇلار كۇفرىغا ئۆزىنى ئېتىش ئارقىلىقمۇ ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[4].

كاپىرلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار. ﴿سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيۡنِ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى ئىككى قېتىم ئازابلايمىز﴾[5]. ئۇلار ئاخىرەتتە دوزاختا تاشلىنىپ ئازابلانسا، بۇ دۇنيادا مەغلۇبىيەت ۋە روھىي جەھەتتىن

---

[1] ئالدىنقى مەنبەدىن.

[2] ئالدىنقى مەنبەدىن.

[3] «تفسير الطبري» 7- توم، 419 – بەت.

[4] «تفسير الطبري» 7- توم، 419 – بەت.

[5] تەۋبە سۈرىسى: 101-ئايەت.

ئازابلىنىش بىلەن ئازابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۇفرىلىقنى تەرغىب قىلغۇچى ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغۇچىلاردۇر. بۇ جازا كۇفرىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغانلارغىلا خاس ئەمەس، بەلكى كۇفرىلىقنى تاللىغان ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەنلىكتىن، كۇفرىنى ئىماندىن ئەۋزەل كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بەلكى بارچە زىيان ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. يامانلىق پەقەت يامانلىق ئەھلىگە خاستۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

كاپىرلارنىڭ ھالى بۇنداق بولغان تۇرسا، ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا بېرىۋاتقان نېمەتلىرىنى توختاتمايدۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ بۇ مەندە دەيدۇكى، كاپىرلار ئۆزلىرىگە بېرىدىغان جازانى كېچىكتۈرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشىلىق، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. چۈنكى ئەجىلنى كېچىكتۈرۈش ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغانلارغا نىسبەتەن ياخشىدۇر، ئەمما مەزكۇر كاپىرلارنىڭ ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشتە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۇفرىدا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كۆپرەك گۇناھكار بولۇشى ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك جازاسىنى تېتىشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى تېز جازالىماسلىقىمۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ يېنىشى ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن چوڭ پۇرسەت بولۇپ، بەزى كىشىلەر گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ توغرا يولغا قايتسا، بەزىلىرىنىڭ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرگە قەتئىي كەلمەيدىغانلىقى ئاللاھ تائالاغا ئەزەلدىن مەلۇمدۇر. مۇنداقلارغا خارلىغۇچى ئازاب باردۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿مَّا كَانَ ٱللَّهُ لِيَذَرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ عَلَىٰ مَآ أَنتُمْ عَلَيْهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ ٱلْخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى خىتابنىڭ كىملەرگە قارىتىلغانلىقى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، زەھھاك، مۇقاتىل، كەلبىي ۋە كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ خىتابنىڭ كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا قارىتىلغانلىقىنى قارارلاشتۇرغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئى كاپىرلار! ئى مۇناپىقلار! ئاللاھ مۇئمىنلەرنى سىلەرنىڭ ھازىرقى ھايات تەرزىڭلارغا تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇ يامانلىنى ياخشىدىن ئايرىپ ئوتتۇرىغا چىقارماي قالمايدۇ» يەنى ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەر بىلەن ئالدامچى مۇناپىقلارنى ئايرىپ ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ، مۇئمىنلەرنى سىلەردەك

كاپىرلارنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ ھايات تەرزىگە تاشلاپ قويمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.

تەپسىرى ۋەجىز، تەپسىرى ۋەسىت، تەپسىرى مۇيەسسەر ۋە تەپسىرى مۇختەسەر قاتارلىق تەپسىرلەردە يۇقىرىقى ئايەتتىكى خىتابنى مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان دەپ تەپسىر قىلىنغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئاللاھ ياماننى ياخشىدىن ئايرىماي تۇرۇپ، سىلەر مۇئمىنلەرنى ھەرگىزمۇ ھازىرقى ھالىتىڭلارچە تاشلاپ قويمايدۇ» يەنى ئاللاھ تائالا ئىماندا راستچىل مۇئمىنلەرنى ئالدامچى مۇناپىقلاردىن ئايرىپ، ھەر ئىككى پىرقىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقارماي قالمايدۇ[1]. ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالا سىلەرنى مۇناپىقلار بىلەن ئارىلاش بۇ ھالىتىڭلاردا ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ

مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىكى ئەھۋالىنى بىلىشى ۋە مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك. ئىنسان گاھىدا ئۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپ مەغرۇرلىنىدۇ. ئەمما ئۇ قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كەلگەن چاغدا ئۆزىنىڭ قانچىلىكلىكىنى، سەۋرچانلىقىنىڭ ۋە ئىمانىي كۈچىنىڭ قايسى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. چۈنكى سىناقلار ھەقىقىي ئەركەكلەرنى تاللاپ چىقىدىغان چوڭ ئىمتىھاندۇر. ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّىٰ نَعْلَمَ ٱلْمُجَٰهِدِينَ مِنكُمْ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَنَبْلُوَا۟ أَخْبَارَكُمْ﴾ يەنى ﴿بىز سىلەرنى تاكى ئاراڭلاردىن جىھادقا چىققۇچىلارنى ۋە بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە (ئوتتۇرىغا چىقارغانغا) ۋە ئەھۋالىڭلارنى تولۇق ئاشكارا قىلغانغا قەدەر ئەلۋەتتە (جىھاد ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن) سىنايمىز﴾[2]. ئاللاھ تائالا ئۇھۇد غازىتىدا كىشىلەرنى ياخشى سىنىدى. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىڭلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلارسىز تونۇشۇڭلارنى خالىمايدۇ، شۇڭا ئەمەلىي سىناقلار ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا تونۇتۇپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى يوقتىن ياراتتى، ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلدى. شۇڭا ئىنسان دىنىنىڭ يول كۆرسەتىشى ئاستىدا ئۆزى ئارزۇ قىلغان مەقسەتكە ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن يېتىشى لازىم.

مۇسىبەتلەر، تالاپەتلەر، قىيىنچىلىقلار ۋە ھەرتۈرلۈك بالايىئاپەتلەر بىلەن كىشىلەرنى سىناش ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ

[1] «تفسير القرطبي» 4- يوم، 270- بەت.

[2] مۇھەممەد سۈرىسى: 31-ئايەت.

كېلىۋاتقان قانۇنىيىتىدۇر. ﴿سُنَّةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا﴾ يەنى ﴿بۇ ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيىتىدۇر. سەن ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾[1]. لېكىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىدىن بەزىسىنى تاللاپ ئۇلارغا بىر قىسىم غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى غەيبتىن خەۋەردار بولۇش ئىمتىيازى يۇقىرى مەرتىۋىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە ھەممىلا پەيغەمبەر يېتەلمەيدۇ. ﴿عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ فَلَا يُظۡهِرُ عَلَىٰ غَيۡبِهِۦٓ أَحَدًا ٢٦ إِلَّا مَنِ ٱرۡتَضَىٰ مِن رَّسُولٖ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىگە خاس سىرلارنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ. پەقەت ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبلەرنى) ئاشكارىلايدۇ﴾[2].

بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەردىن بەزىسىگە غەيبلەردىن بىر قىسمىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ پەيغەمبەرلەر بەزى غەيبلەرنى كىشىلەرگە دەپ بېرىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاڭلىغان كىشىلەردىن بەزىسى ئۇنىڭغا چىن ئىشىنىپ ﴿ئۇلار غەيبكە ئىمان كەلتۈرگۈچىلەردۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇئمىنلەر قاتارىدىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتنى ﴿شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋالىق قىلساڭلار سىلەرگە چوڭ ئەجىر بار﴾ يەنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى خەۋەر بەرگەن ھەقىقەتلەرگە چىن ئىشىنىڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار، سىلەرگە ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپات بېرىلىدۇ، دېگەن سۆزلىرى بىلەن تۈگەتكەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ». توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان كىشى كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقىغا قاراپ غەمكىن بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ.

2. گۇناھكارلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتمىغانلىقىغا قاراپ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا جازانى كېچىكتۈرسىمۇ، ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ ۋە ھېسابسىز قويمايدۇ.

---

[1] فەتھ سۈرىسى: 23 – ئايەت.

[2] جىن سۈرىسى: 26-27 – ئايەتلەر.

3. سىناقلار ھەقىقىي ئەزىمەتلەرنى تاللاپ چىقىرىدىغان چوڭ ئىمتىھانلاردۇر.

### ◄ بېخىللىق ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ زىيانلىرى

﴿وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ هُوَ
خَيۡرٗا لَّهُمۖ بَلۡ هُوَ شَرّٞ لَّهُمۡۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِۦ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَلِلَّهِ
مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١٨٠﴾ لَّقَدۡ سَمِعَ
ٱللَّهُ قَوۡلَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ فَقِيرٞ وَنَحۡنُ أَغۡنِيَآءُۘ سَنَكۡتُبُ مَا قَالُواْ
وَقَتۡلَهُمُ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ بِغَيۡرِ حَقّٖ وَنَقُولُ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ﴿١٨١﴾ ذَٰلِكَ
بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيۡسَ بِظَلَّامٖ لِّلۡعَبِيدِ ﴿١٨٢﴾ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ
إِنَّ ٱللَّهَ عَهِدَ إِلَيۡنَآ أَلَّا نُؤۡمِنَ لِرَسُولٍ حَتَّىٰ يَأۡتِيَنَا بِقُرۡبَانٖ تَأۡكُلُهُ
ٱلنَّارُۗ قُلۡ قَدۡ جَآءَكُمۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِي بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَبِٱلَّذِي قُلۡتُمۡ فَلِمَ
قَتَلۡتُمُوهُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٨٣﴾ فَإِن كَذَّبُوكَ فَقَدۡ كُذِّبَ رُسُلٞ
مِّن قَبۡلِكَ جَآءُو بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُنِيرِ ﴿١٨٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

180-ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئەكسىچە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

181-«شەكسىزكى، ئاللاھ پېقىر، بىز بولساق باي» دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى، ئۇلارنىڭ (بارلىق) سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنى خاتىرىلەپ قويىمىز ۋە ئۇلارغا: «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار!» دەيمىز.

182-مانا بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن بولدى. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر.

**183ـئۇلار: «ئاللاھ بىزنى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر قۇربانلىق قىلىپ، قىلغان قۇربانلىقنى (ئۇنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ) بىر ئوت كېلىپ كۆيدۈرۈۋەتمىگۈچە ھېچقانداق پەيغەمبەر (نىڭ پەيغەمبەرلىكى)گە ئىشەنمەسلىكنى تاپىلىغان» دېدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەندىن ئىلگىرى سىلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى؛ ئەگەر سىلەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟».**

**184ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن، چۈنكى) سەندىن ئىلگىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى، سەھىپىلەرنى ۋە نۇرلۇق كىتابنى ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى.**

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مۆئمىنلەرنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىش ۋە ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىشقا ئۈندىگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئەڭ خەتەرلىك بىر مەنىۋى كېسەللىكنى داۋالاشقا قارىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بېخىللىقتۇر. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى، قەد كۆتۈرۈشى، ئۆزگە ئۆزى خوجا بولۇپ تۇرالىشى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنى، ۋەتىنىنى ۋە دىنىنى قوغداش يولىدا پۇل-माللىرىنى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلالايدىغان بولۇشىغا باغلىقتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۇھۇد غازىتى ھەققىدىكى قىسسە بۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ئاتا قىلغان پۇل-مالنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغانلار بۇ بېخىللىقنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق، سېخىيلىقنى بولسا زىيانلىق، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. چۈنكى، بېخىللىق ئەڭ زىيانلىق ئىللەتتۇر. بېخىللىق شەخسلەر ۋە مىللەتلەر ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك بىر ئىللەت بولۇپ، ئۇ تۇرلۇك بەختسىزلىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. مەلۇمكى، بۇ ئورۇندىكى بېخىللىقتىن مەقسەت بەلگىلەنگەن زاكاتنى بەرمەسلىك ۋە ئىختىيارىي سەدىقىلەرگە بېخىللىق قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى بىزنى قولىمىزدىكىنىڭ ھەممىنى چىقىرىشقا بۇيرۇغان ئەمەس، بەلكى مەلۇم مىقداردا بېرىشنى

بەلگىلىگەن.

بېخىللىقنىڭ بۇ دۇنيادىكى زىيىنى ۋە پالاكەتلىرى ھەممىگە مەلۇمكى، جەمئىيەتتىكى بايلار تەبىقىسىنىڭ بېخىللىقى ۋە شەپقەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بايلار بىلەن پېقىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۈچىيىپ، ئاخىر سوتسىيالىزم نامى بىلەن ئەۋجىگە چىققىشى نەتىجىسىدە، ھەر ئىككى تەبىقە كىشىلىرى ۋەيرانلىققا يۈزلىنىش ئارقىلىق يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى بىرگە تارتتى. بايلار كەمبەغەللىككە، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىققا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەبىقە كىشىلىرى ئوخشاش ئازابلاندى. قىسقىسى، مال-دۇنياسىغا بېخىللىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن مىللەتلەر ئاسارەتتىن قۇتۇلالماي كەلمەكتە. ئەمما بېخىللىقنىڭ ئاخىرەتتىكى زىيىنىغا كەلسەك، «قۇرئان كەرىم» بېخىللارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرى بېخىللىق قىلغان مال-دۇنيالىرى بويۇنلىرىغا تاقاق قىلىپ سېلىنغان ھالدا قوپىدىغانلىقىنى ۋە بېخىللىقنىڭ جازاسىنى ئېغىر چېكىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ آتَاهُ اللَّهُ مَالًا ، فَلَمْ يُؤَدِّ زَكَاتَهُ مُثِّلَ لَهُ مَالُهُ يَوْمَ القِيَامَةِ شُجَاعًا أَقْرَعَ لَهُ زَبِيبَتَانِ يُطَوَّقُهُ يَوْمَ القِيَامَةِ ، ثُمَّ يَأْخُذُ بِلِهْزِمَتَيْهِ - يَعْنِي بِشِدْقَيْهِ - ثُمَّ يَقُولُ أَنَا مَالُكَ أَنَا كَنْزُكَ» يەنى «كىمكى ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل-مالنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ پۇل-مېلى زەھەرگە توشقان تاز يىلانغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا يۆگىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىككى جاۋغىيىدىن تۇتۇپ ئازابلايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ‹مەن سېنىڭ دۇنيادا بېخىللىق قىلغان پۇل-مېلىڭدۇرمەن› دەيدۇ»[1].

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مال-دۇنياسىغا، يۈز-ئابرۇيىغا، شۆھرىتىگە ۋە بىلىمىگە بېخىللىق قىلىشىدۇ؟ ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟!

ئاسمان-زېمىننىڭ بايلىقى، كىشىلەر ئىگە بولغان ۋە ۋارىسلىرىغا قالدۇرۇپ كېتىدىغان بارلىق بايلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكى تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى «مېنىڭ موھتاج بەندىلىرىمگە بېرىڭلار» دەپ سورىسا، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن بېخىللىق قىلىپ ئۇنى بەرمەيدۇ؟

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 106-بەت، 1403-ھەدىس.

﴿ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَأَنفِقُواْ مِمَّا جَعَلَكُم مُّسْتَخْلَفِينَ فِيهِۖ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَأَنفَقُواْ لَهُمْ أَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى باشقۇرۇشقا ئىگە قىلغان نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىڭلار، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار﴾[1]. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان پۇل-مال، مەنسەپ، شۆھرەت، ئىلىم، كۈچ-قۇۋۋەت قاتارلىق ئىگىدارچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىگىدارچىلىقلار ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقتا. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ. ئىنسان گاھىدا پۇل-مالنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى باي قىلىش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا باي بولۇشنى ئىرادە قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ يىمەي-ئىچمەي بېخىللىق قىلىپ توپلىغانلىرى بىكارغا كەتكەن بولىدۇ. ئاسمانلار ۋە زېمىنىنىڭ مىراسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، بەندىلىرىگە خالىغانچە تەقسىم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

ئىكرىمە، سۇددىي ۋە مۇقاتىل قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھۇدىيلارنىڭ مەدرىسىلىرىدىن بىرىگە بارغان ئىدى، ئۇلارنىڭ فىنھاس ئىسىملىك ئۆلىماسى يەھۇدىيلارغا ۋەز قىلىۋاتاتتى. ئەبۇ بەكرى فىنھاسقا «ئاللاھتىن قورققىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقىن. چۈنكى سەن ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسەن، ئەگەر ئىمان ئېيتساڭ، سەن ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرگەن بولىسەن، ئاللاھ شۇنىڭ بىلەن سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دەيدۇ. فىنھاس ئەبۇ بەكرىگە «سەن رەببىمىزنى بىزدىن قەرز تەلەپ قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئەگەر ئاللاھ بىزدىن قەرز تەلەپ قىلسا، ئۇ چاغدا ئاللاھ پېقىر، بىز بولساق باي» دەيدۇ. ئەبۇ بەكرى يەھۇدىينىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىگە غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇۋېتىدۇ. ئاندىن بۇ يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىگە: «ئى ئەبۇ بەكرى! سەن نېمە قىلدىڭ؟» دېگەندە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يا رەسۇلۇللاھ! بۇ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ‹ئاللاھ پېقىر، بىز بولساق باي› دېدى» دېۋىدى،

---

[1] ھەدىد سۈرىسى: 7- ئايەت

ھېلىقى يەھۇدىي ئۇنىڭغا دېگەن سۆزىدىن تېنىۋالدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغان ۋە فىنھاسنىڭ بۇ كۇفرى سۆزىگە رەددىيە بەرگەن ھالدا ﴿«شەكسىزكى، ئاللاھ پېقىر، بىز بولساق باي» دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى يەھۇدىيلار تارىختىن بېرى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، نامەردلىك، قورقۇنچاقلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋالغان ۋە بىگۇناھ پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەن مىللەتتۇر. ھازىرقى يەھۇدىيلارمۇ ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى قوللاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايەت ئۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر يەھۇدىيلار ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ قېتىم سۇيىقەست پىلانلىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالغان. ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بۇ دۇنيانىڭ ئازابىنى تېتىتقان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ تۈگىمەس ئازابىنى تېتىتىدۇ ۋە ئۇلارغا «كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار، سىلەر بۇنىڭغا تېگىشلىك بولدۇڭلار. بۇ سىلەرنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرگە تەييارلانغان ئازابتۇر» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قىلچە ئۇۋال قىلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا زالىم ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ تولىمۇ رەھىم-شەپقەتلىك زاتتۇر. گۇناھكارلارنى جازالىماستىن، ئۇلارنى ياخشىلار بىلەن ئوخشاش كۆرۈش ياخشىلارغا ئۇۋال قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلىشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ قارا تارىخىدا پۇل-مالغا بېخىللىق قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەرنى توقۇپ چىقىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن خەلقتۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ﴿ئاللاھ بىزنى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر قۇربانلىق قىلىپ، قىلغان قۇربانلىقىنى (ئۇنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ) بىر ئوت كېلىپ كۆيدۈرۈۋەتمىگۈچە ھېچقانداق پەيغەمبەر (نىڭ پەيغەمبەرلىكى)گە ئىشەنمەسلىكنى تاپىلىغان﴾ دېگەن سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ

[1] «أسباب النزول للواحدي» 275- بەت.

بۇنداق يالغان سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ، قوبۇل بولغان قۇربانلىقنى ئوت كېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ۋەقەسىنىڭ بۇرۇنقى شەرىئەتلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ يەھۇدىيلارغا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى كۆپلىگەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقى ھەر تەرەپتىن ئىسپاتلانغان تۇرۇقلۇق، يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ۋە بەزىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، شۇنداقلا يەھۇدىيلارنىڭ يالغانچى مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئاخىردا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلىرى بار تۇرۇقلۇق، ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇ پەيغەمبەر-لەرنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن دەۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىر غەلىبە قىلغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەسلەتكەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن كۇفرىنى ئىماندىن ئەۋزەل كۆرىدىغان، دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاخىرەتلىكىنى ئوڭايلا سېتىۋېتىدىغان، ئەخلاقسىز ۋە تاش يۈرەك ئىنسانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدىكى بۇ ناچارلىقلار ئۇلارنىڭ ئاللاھ تالاغا قارىتا مۇئامىلىسىدە، پەيغەمبەرلەرگە قىلغان قوپاللىقىدا ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى سادىر قىلغان جىنايەتلىرىدە تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ.

2. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ۋەھشىي جىنايەتلىرى ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر ئەمەلىي ئىسپاتتۇر.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت يولىدا تارتقان قىيىنچىلىقلىرى ۋە جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش ھەربىر دەۋەتچىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن تەسەللىدۇر.

### ◄ ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ سىناقلىرى

﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِۖ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا

مَتَـٰعُ ٱلْغُرُورِ ﴿١٨٥﴾ ۞ لَتُبْلَوُنَّ فِىٓ أَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ
مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوٓا۟ أَذًى
كَثِيرًا ۚ وَإِن تَصْبِرُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ ٱلْأُمُورِ ﴿١٨٦﴾

### تەرجىمىسى

185 ـ ھەربىر جان ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلسە، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا ھاياتى پەقەت ئالدايدىغان مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

186 ـ سىلەر مال ـ مۈلۈكۈڭلار ۋە جانلىرىڭلار ئۈستىدە ئەلۋەتتە سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن ۋە مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر. ئەگەر (بۇلارنىڭ ھەممىسىگە) سەۋر قىلساڭلار، (گۇناھتىن) ساقلانساڭلار، مانا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئومۇمىي تەسەللى بېرىلگەن.

### تەپسىرى

ھەربىر جان ئىگىسى چوقۇم بىر كۈنى ئۆلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىيلىقتا يۇزلىنىپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇپ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ھەممىڭلار چوقۇم ئۆلىسىلەر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن يامان ئىش قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقى چەكلىكتۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ يامانلىقىغا غەمكىن بولۇپ كەتمەڭلار ۋە بىئارام بولماڭلار. چۈنكى ئۇلار ئەجىلى توشقان كۈنى چوقۇم ئۆلىدۇ ۋە ئاخىرەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ.

سىلەرگە يەتكەن ئاغرىق-سىلاق ۋە زىيان-زەخمەتلەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ كەتمەڭلار، ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈشتىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. قىيامەت كۈنى سىلەر بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇقى بىلەن ئالىسىلەر. قىيامەت كۈنى شۇڭا «ئادالەت كۈنى»، «مۇكاپات ۋە جازا كۈنى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۈندە ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ھەممە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق كۆرىدۇ.

﴿كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلسە، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە ئادەم بالىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بار. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدە ياخشىلىق خىسلەتلىرىدىن يامانلىق خىسلەتلىرى كۆپتۇر. گوياكى ھەممە كىشى دوزاخنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان. شۇڭا دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغان ئادەم ئالاھىدە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ. شەكسىزكى، دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئادەم دۇنيا ھاياتىدا ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاس بىلەن يۈزلەنگەن مۇئمىن ئادەمدۇر.

ئايەتتىكى «دۇنيا ھاياتى» دىن ھازىرقى ھاياتىمىز، يەنى پۇل-مال، يېمەك-ئىچمەككە ئوخشاش ماددىي مەنپەئەتلەر ۋە شۆھرەت، ئابرۇي، مەنسەپكە ئوخشاش مەنىۋى مەنپەئەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى مەغرۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇلارنى كۆرەڭلىتىدىغان، شۇنداقلا ئىنسانلارنى ئالدايدىغان مەنپەئەتلەردۇر.

بۇ ئايەتتە كىشىلەرنى ئالداپ كەتكەن دۇنيا تىرىكچىلىكى خۇددى مالنى تونۇماي ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئالدىنىپ كېتىپ قاتتىق زىيان تارتقان كىشىنىڭ سېتىۋالغان ئاشۇ مېلىغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى دۇنياغا ئالدىنىپ كەتكەنلەرمۇ ئۇنى شەيتان بىلەن نەپسى - خاھىشىنىڭ سەۋەبىدىن سېتىپ ئالىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قولىنى چىشلەپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئەقىللىق كىشىلەر دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىگە ئالدانماسلىقى، مەڭگۈلۈك بولغان ئاخىرەتلىك مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇشى، دۇنيالىقتىن ئېرىشكەنلىرىگە مەغرۇرلانماسلىقى، كۆرەڭلىمەسلىكى ۋە مال-دۇنيانى سۆيۈشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى مال-دۇنيانى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولغانلار ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كۈنى تۈگىشىدۇ ۋە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئۇرۇش ۋە تىنچلىق كۈنلىرىدە بېشىغا كېلىدىغان ئىشلار بىلەن تەسەللى بېرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئۇھۇد غازىتىدا كاپىرلار تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچرىغاندەك، جان ۋە مال جەھەتتىن كۆپ چىقىمغا ۋە زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش ۋە ئۇلارنى جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە يېتەكلەشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىق يوللىرىغا سېخىيلارچە پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ۋە ۋەتىنىنى، دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جان تىكىپ جىھاد قىلىشقا چاقىرىش ئارقىلىق سىنايدۇ. ئى مۇسۇلمانلار! بۇنىڭدىن كېيىن مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق كۆپ تۆھمەتلەرنى ئاڭلايسىلەر. بۇ ئەزىيەتلەرنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىش، شۇنداقلا تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەش ئورنىدۇر.

2. دوزاختىن ساقلىنىپ جەننەتكە كىرىش چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

3. دۇنيا تىرىكچىلىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئالدايدۇ.

4. سىناقلارغا مۇپتىلا بولۇشنى تىلىمەسلىك لازىم. ئەگەر باشقا كەلسە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىم.

### ◄ ئەھلى كىتابنىڭ بەزى رەزىللىكلىرى

﴿وَإِذْ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ
وَلَا تَكْتُمُونَهُۥ فَنَبَذُوهُ وَرَآءَ ظُهُورِهِمْ وَٱشْتَرَوْاْ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًاۖ
فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ ١٨٧ لَا تَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَفْرَحُونَ بِمَآ أَتَواْ وَّيُحِبُّونَ

أَن يُحۡمَدُواْ بِمَا لَمۡ يَفۡعَلُواْ فَلَا تَحۡسَبَنَّهُم بِمَفَازَةٖ مِّنَ ٱلۡعَذَابِۖ وَلَهُمۡ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٨٨﴾ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ
قَدِيرٌ ﴿١٨٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

187ـئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئازغىنە پۇلغا سېتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ سېتىۋالغىنى نېمىدېگەن يامان!

188ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۆزلىرىنىڭ (يامان) قىلمىشىدىن خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

189ـئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالغان ئەھدىسىنى ئەسكە ئالغىنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دىكى ھەقىقەتلەرنى ۋە ئەھكاملارنى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك ھالدا ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش ۋە ھېچ نەرسىنى يوشۇرماسلىق ھەم ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك ھەققىدە چىن ئەھدە ئالغان ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش ۋە يەڭگۈشلەش قاتارلىق جىنايەتلىرى سەۋەبلىك مەزكۇر ئەھدىنىمۇ ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى. ئۇلاردىن بەزى كىشىلەر بولغانكى، ئۇلار دىنىي دەستۇرلىرىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەستىن، ئۇنى خۇددى ئېشەك يۈك كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى بولغانكى، ئۇلار كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش ۋە ئازغىنە دۇنيا مەنپەئەتكە ئالدىنىپ بەزى ھەقىقەتلەرنى يوشۇرۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. چۈنكى ئۇ زامانلاردا «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ئىلاھىي كىتابلارنى شۇ دىنىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن باشقىلار ئوقۇيالمايتتى،

ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئىچىدە يېزىلغانلارنى چۈشەنمەيتتى. پەقەت دىنىي ئالىملىرى ئارقىلىقلا چۈشىنەتتى. شۇڭا دىنىي ئالىملارنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى. ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەر بار ئىدىكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، ئەمما دىنغا ئائىت ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان كىشىلەر ئىدى.

ئاخىرەتلىكىنى بۇ دۇنيانىڭ – مال – دۇنيا، مەنسەپ، شۆھرەت قا-تارلىق ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە تېگىشكەنلەر ھەقىقەتەن ئالدانغانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار مەڭگۈلۈك سائادەتنى ۋاقىتلىق ئازلا مەنپەئەتكە تېگىشكەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ تېگىشىپ ئالغان نەرسىسى نېمىدېگەن يامان! بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى قانچىلىك كۆپ ۋە قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسۇن، بەربىر ئۇ ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەستۇر. شۇڭا دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ، ئاخىرەتلىكتىن مەھرۇم قالغۇچىلار كۆپنى ئازغا تېگىشكەن ۋە بۇ سودىسىدا ئالدانغان ئەخمەقلەردۇر.

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇناپىقلاردىن بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتقا چىققاندا ئۆيلىرىدە قالاتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قالغانلىقىدىن كۆپ خۇشال بولۇشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتقىنىدا، ئۇلار يالغاندىن ئۆزرىلەرنى بايان قىلىشقا، قەسەملەرنى قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇ رىياكار مۇناپىقلار ئۆزلىرى قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿ئۆزلىرىنىڭ (يامان) قىلمىشىدىن خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ[1]. بۇ ئايەت ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەنە، يەنە بىرى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئەھۋالى بولۇپ، بىزلەرنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش ۋە ئۆچۈرۈپ تاشلاش قاتارلىق يامانلىقلارنى قىلالىغانلىقلىرى بىلەن خۇشاللىناتتى ۋە ئۆزلىرىنى «دىندا يېتەكچىلەرمىز» دەپ پەخىرلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ باتىل ئىشقا خۇشال بولۇشى ۋە گۇناھ بىلەن پەخىرلىنىشى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «دىنىي

[1] «صحيح البخاري» 6- توم، 40- بەت، 4567- ھەدىس، «صحيح مسلم» 4- توم، 2142- بەت، 2777- ھەدىس.

پېشۋالار» ۋە «خەلقنىڭ يېتەكچىلىرى» دەپ ماختىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار ئەسلىدە كىشىلەرنى دىنغا يېتەكلەش ئەمەس، ئەكسىچە كىشىلەرنى دىندىن چىقىرىش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارىدىغان ئازغۇنلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى ۋە دىنىنىڭ ھامىيلىرى دەپ ساناپدىغان، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالادىن يىراق ۋە دىننى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدىغان كىشىلەردۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن مۇنداقلارنى ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىمىغىن. شەكسىزكى، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ قىلىقىنى قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار. كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك غەمكىن بولماڭلار، ئۇلارغا قارشى ئاجىزلىق كۆرسەتمەڭلار، چىدامىلىق بولۇڭلار، گۇناھتىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ھەقىقەتنى دادىل جاكارلاڭلار، ئۇنى ھەرگىز يوشۇرماڭلار ۋە ئۇنى دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە تېگىشمەڭلار. يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشاش گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن خۇشال بولىدىغان ۋە قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلاردىن بولماڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرگە كۆپايىكى، ئۇ سىلەرنى ئارمانلىرىڭلارغا يەتكۈزۈشكە، دۈشمەنلىرىڭلار ئۈستىدىن سىلەرگە نۇسرەت بېرىشكە، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئەتكىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مەڭگۈلۈك خۇشاللىق ئاتا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭدۇر. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىگە نېمەتلىرىنى كۆپلەپ بېرىدۇ، خالىغان بەندىسىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدۇ. سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلار ۋە كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشى ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە ئىگىسىدۇر، ھەممە ئىش ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يامان ئىشلىرى بىلەن خۇشاللىنىش ۋە قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن پەخىرلىنىش مۇسۇلماننىڭ شەنىگە ياراشمايدۇ. مۇنداق قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى يەھۇدىيلارغا ئوخشىتىۋالغۇچىلاردۇر.

2. ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىتىنى، سىر-ئەسرارلىرىنى دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەم ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك ھالدا تولۇق ۋە ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا ئۆلىمالارنىڭ ھىممىتىنى ئويغىتىپ،

قىيىنچىلىقلارغا ۋە توسقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىش ئاساسىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇلاقلىرىدىن شەربەتلىك كەۋسەرلىرىنى چىقىرىشقا مۇيەسسەر قىلغۇسى. دىنىي ۋەزىپىنى مۇنداق ئىككىگە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

(1) مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش.

(2) مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ھەيدەكچى بولۇش.

### ◄ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش

﴿إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ لَأٓيَٰتٖ
لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿١٩٠﴾ ٱلَّذِينَ يَذۡكُرُونَ ٱللَّهَ قِيَٰمٗا وَقُعُودٗا وَعَلَىٰ
جُنُوبِهِمۡ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ رَبَّنَا مَا خَلَقۡتَ
هَٰذَا بَٰطِلٗا سُبۡحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٩١﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن تُدۡخِلِ
ٱلنَّارَ فَقَدۡ أَخۡزَيۡتَهُۥۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ أَنصَارٖ ﴿١٩٢﴾ رَّبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعۡنَا
مُنَادِيٗا يُنَادِي لِلۡإِيمَٰنِ أَنۡ ءَامِنُواْ بِرَبِّكُمۡ فَـَٔامَنَّاۚ رَبَّنَا فَٱغۡفِرۡ لَنَا
ذُنُوبَنَا وَكَفِّرۡ عَنَّا سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ ٱلۡأَبۡرَارِ ﴿١٩٣﴾ رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا
وَعَدتَّنَا عَلَىٰ رُسُلِكَ وَلَا تُخۡزِنَا يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ إِنَّكَ لَا تُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ
﴿١٩٤﴾ فَٱسۡتَجَابَ لَهُمۡ رَبُّهُمۡ أَنِّي لَآ أُضِيعُ عَمَلَ عَٰمِلٖ مِّنكُم مِّن
ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰۖ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۖ فَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخۡرِجُواْ مِن
دِيَٰرِهِمۡ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَٰتَلُواْ وَقُتِلُواْ لَأُكَفِّرَنَّ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ
وَلَأُدۡخِلَنَّهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ ثَوَابٗا مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِۚ
وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلثَّوَابِ ﴿١٩٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

190ـ شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن

كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار.

191ـئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (ۋە مۇنداق دەيدۇ:) «ئى رەببىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. (ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن) ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن! بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

192ـئى رەببىمىز! سەن كىمنى دوزاخقا كىرگۈزسەڭ، ئۇنى ئەلۋەتتە رەسۋا قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ.

193ـئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) ‹رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتتۇق، ئى رەببىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن.

194ـئى رەببىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغانلىرىڭنى بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن».

195ـرەببى ئۇلار(نىڭ دۇئالىرى)نى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «شەكسىزكى، مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. سىلەر (دىنىي قېرىنداشلىقتا ۋە ياخشى ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابىنى كۆرۈشتە) ھەممىڭلار باراۋەرسىلەر. مېنىڭ يولۇمدا ھىجرەت قىلغان، يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ئەزىيەت چەككەن، جىھاد قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. مۇكاپاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.

## تەپسىرى

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە كىشىلەرنى دۇنيا ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ قېلىشتىن قايتۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئىزدەشكە دەۋەت قىلىدۇ. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش، ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن سۆز ئۇزارغانسېرى ئاللاھ

تائالانىڭ بىرلىكى، كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق كۆڭۈللەرنى ئويغىتىدۇ»[1]. ئاندىن ﴿شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يَا عَائِشَةُ ذَرِينِي أَتَعَبَّدُ اللَّيْلَةَ لِرَبِّي» قُلْتُ وَاللَّهِ إِنِّي لَأُحِبُّ قُرْبَكَ وَأُحِبُّ مَا سَرَّكَ قَالَتْ فَقَامَ فَتَطَهَّرَ ثُمَّ قَامَ يُصَلِّي قَالَتْ فَلَمْ يَزَلْ يَبْكِي حَتَّى بَلَّ حِجْرَهُ قَالَتْ ثُمَّ بَكَى فَلَمْ يَزَلْ يَبْكِي حَتَّى بَلَّ لِحْيَتَهُ قَالَتْ ثُمَّ بَكَى فَلَمْ يَزَلْ يَبْكِي حَتَّى بَلَّ الْأَرْضَ فَجَاءَ بِلَالٌ يُؤْذِنُهُ بِالصَّلَاةِ فَلَمَّا رَآهُ يَبْكِي قَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ لِمَ تَبْكِي وَقَدْ غَفَرَ اللَّهُ لَكَ مَا تَقَدَّمَ وَمَا تَأَخَّرَ قَالَ «أَفَلَا أَكُونُ عَبْدًا شَكُورًا لَقَدْ نَزَلَتْ عَلَيَّ اللَّيْلَةَ آيَةٌ وَيْلٌ لِمَنْ قَرَأَهَا وَلَمْ يَتَفَكَّرْ فِيهَا: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ﴾» يەنى ‹ئى ئائىشە! بۈگۈن كېچە ئۇخلىماي ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلامسىز؟› دەپ سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ‹يارەسۇلۇللاھ! مەن سىزنىڭ ھەمىشە يېنىمدا بولۇشىڭىزنى ياخشى كۆرگىنىمدەك، سىزنىڭ ئىستىگەنلىرىڭىزنىمۇ ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن› دېدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئالدى ۋە نامازغا تۇردى. نامازدا ناھايىتى بەك يىغلاپ كەتتى، ياش ئۇنىڭ بويۇنلىرىغىچە ئېقىپ كەلدى، يەنە يىغلاشنى داۋاملاشتۇردى، ياش ئۇنىڭ ساقلىنى ھۆل قىلىۋەتتى، ھەتتا ئولتۇرغان يېرىنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى. مۇئەززىن بىلال بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قاتتىق يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا، يەنە شۇنچە يىغلامسىز؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ‹ئى بىلال مەن ئاللاھنىڭ كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسى بولمايمەنمۇ؟ مەن قانداقمۇ يىغلىماي تۇرالايمەن، ماڭا بۇ كېچە ﴿شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 9-توم، 458-بەت.

بار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلمىغان ئادەمنىڭ ھالى نېمە دېگەن يامان!› دېدى»[1].

ئەقلى ساغلام، روھى پاك كىشىلەر ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك مەۋجۇداتقا تەپەككۇر كۆزى بىلەن قاراپ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىدۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئالەملەرگە ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىنى ۋە كاتتا پەزل-كەرەملىرىنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ ۋە ياتقاندىمۇ، قەتئىي ئەستىن چىقارمايدۇ ۋە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿أَلَا بِذِكۡرِ ٱللَّهِ تَطۡمَئِنُّ ٱلۡقُلُوبُ ﴿٢٨﴾﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[2] دەيدۇ.

ئاندىن ئۇلار (يەنى ئەقلى ساغلام، روھى پاك كىشىلەر) ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان مەۋجۇداتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا باشلايدۇ.

بۇ يەردىكى تەپەككۇردىن مەقسەت: ئاللاھ تائالانىڭ زاتى (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قانداق شەكىلدە ۋە قانداق سۈرەتتە ئىكەنلىكى) ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدە، كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە چەكسىز قۇدرىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تىلدا زىكىر، ئەقىلدە پىكىر، دىلدا قورقۇش بىلەن ئۈمىد جارى بولۇپ تۇرغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك كىشىلەر-ھە، ئۇلار زىكىر بىلەن پىكىرنى، قورقۇش بىلەن ئۈمىدنى قولدىن بەرمىگەن ئەقلى ساغلام، تەبىئىتى پاك كىشىلەردۇر. ئۇلار چىن دىلىدىن مۇنۇ دۇئانى قىلىدىغان كىشىلەردۇر: «ئى ئۇلۇغ رەببىمىز! سەن بۇ كائىناتنى مەقسەتسىز، بىكار ياراتمىدىڭ، بۇ مەۋجۇداتنىمۇ ھەرگىز بىكار ياراتمىدىڭ، بەلكى بۇ كائىناتنىڭ ئاخىرلىشىدىغان، ئىنسانلاردىن ئىتائەتمەنلەر مۇكاپاتىنى، ئاسىي-گۇناھكارلار جازاسىنى تولۇق كۆرىدىغان بىر ئادالەت كۈنى بار. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، ئى رەببىمىز! بىزنى ئۆز پەزل-كەرەمىڭ بىلەن دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. ئى شەپقەتلىك رەببىمىز! سېنىڭ ھىدايىتىڭ

---

[1] «صحيح ابن حبان» 2-توم، 387-بەت، 620-ھەدىس.

[2] رەئد سۈرىسى: 28 – ئايەت.

ۋە رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى ياخشىلار قاتارىدىن قىلغىن».

ئۇلار ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بۇ ئالەمنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىدۇ-دە، رەببىگە ئىلتىجا قىلغان ھالدا ئۆزلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىنى تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن كىمنى دوزاختا مەھكۇم قىلىپ ئوتقا كىرگۈزسەڭ، ئۇنى ئەلۋەتتە رەسۋا ۋە خار قىلغان بولىسەن. چۈنكى سەن ساڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ۋە رەسۋا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىگەمسەن. قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟! سەن ئۆز قۇدرىتىڭ ۋە ئىرادەڭ بىلەن بۇ ئالەمنى يوقتىن ياراتقان ۋە ھەممىنى ئۆز خاھىشىڭ بويىچە باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان زاتسەن. ساڭا ئاسىيلىق قىلغان ۋە دىنىڭغا دۈشمەن بولغانلار قانداقمۇ سەندىن قېچىپ قۇتۇلالىسۇن! ئۇلارنى سېنىڭ ئازابىڭدىن تىلىۋالغۇچى ۋە قاتتىق ئىنتىقامىڭدىن قوغداپ قالغۇچى بىرەر مەدەتكار چىقمايدۇ. چۈنكى زالىملارغا مەدەتكار يوقتۇر!» ئۇلار كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە توغرا تەپەككۇر ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، دوزاختا كىرىشكە مەھكۇم بولغانلارنىڭ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ئازابقا ھەقلىق بولغانلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن كىشىلەردۇر.

ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا: «ئى رەببىمىز! بىز ‹رەببىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار› دەپ بىزنى ئىمانغا چاقىرغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىدۇق» دېيدۇ-دە، كېچىكمەستىن، ئىككىلەنمەستىن دەرھال ئۇ پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق دېيدۇ. ئۇلار قەلبلىرىدىكى كامىل ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن: «ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ ئەمرىڭگە ئاسىيلىق قىلىپ سادىر قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن» دېيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ چىن ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كامىللىقى شۇ يەردىكى، ئۇلار ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنلا، دەرھال ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ سورىدى. چۈنكى بىراۋنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن بېزەلگەن چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ-دە، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيدۇ. مۇپەسسىرلەردىن بەزىلەر ﴿گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن﴾ دېگەن ئايەتتىكى، «گۇناھ» تىن چوڭ گۇناھلار، «يامانلىق»تىن كىچىك گۇناھلار مەقسەت قىلىنىدۇ دېسە، بەزىلەر «گۇناھ»تىن ئىبادەتتىكى

كەمچىلىكلەر، «يامانلىق»تىن كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا قارشى سادىر قىلىنغان يامانلىقلار ۋە خاتالىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئاندىن ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلار قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرۇلۇشىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنغا ئىمان كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەرگە بۇ دۇنيادا نۇسرەت ۋە ئاخىرەتتە جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىنى تىلەيدۇ. ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالادىن پۈتۈن سىرلار ئېچىلىدىغان ۋە يوشۇرغانلار ئاشكارىلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنى رەسۋا قىلماسلىقنى تىلەيدۇ. ئى رەببىمىز! سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىملىق قارارگاھى بولغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئەر-ئايال ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا تولۇق مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. بۇ ئادالەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئاساسەن بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «وَيَا فَاطِمَةُ بِنْتَ مُحَمَّدٍ سَلِينِي مَا شِئْتِ مِنْ مَالِي لاَ أُغْنِي عَنْكِ مِنَ اللَّهِ شَيْئًا» يەنى «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! مېنىڭ پۇل-مېلىمدىن نېمىنى سورىسىڭىز سوراڭ، ئەمما مەن سىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن»[2] دېگەن مۇبارەك سۆزى يېتەرلىكتۇر.

ئىسلام نەزىرىدە، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھۆرمەتتە، دىني مەجبۇرىيەتلەرگە بويرۇلۇشتا ۋە ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈشتە باراۋەردۇر. چۈنكى ئىنسانلار ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا تۇپراقتىن كەلگەندۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ھۆكۈمگە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئەگەشتۇرۇپ دەيدۇكى: مېنىڭ يولۇمدا ھىجرەت قىلىپ ۋەتىنىنى، مال-دۇنياسىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى تەرك ئەتكەن، ئىمانى سەۋەبلىك يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مېنىڭ

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 72-ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 4-توم، 6-بەت، 2753-ھەدىس.

يولۇمدا زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغان، مېنى رازى قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن مۇجاھىدلارنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە يامانلىقلىرىنى ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارغا رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن كاتتا مۇكاپات ۋە چوڭ ئۇتۇقتۇر. شەكسىزكى، مۇكاپاتنىڭ ياخشىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلىرىنى ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ يولىدا ئەزىيەت چەككەنلىكىگە باغلىغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇكاپاتنىڭ سەۋەبى ئەمەلدۇر! بۇنىڭدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ پەرقى يوقتۇر. بىر ئەمەل بىلەن يەنە بىر ئەمەل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىخلاس بىلەن رىيادۇر. چۈنكى ئىخلاس ئەمەلنى كۆچكە ئىگە قىلسا، رىيا ئۇنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كائىناتتىكى ھەربىر نەرسىگە تەپەككۇر كۆزى بىلەن نەزەر سېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش كاتتا ئىبادەتتۇر.

2. كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزىغا تۇرغاندا بۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىش مۇستەھەب (پەزىلەتلىك ئىش)تۇر. ئىمام بۇخارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەھەججۇد نامىزىدا بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

3. بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالاغا ۋەسىلە قىلىشنىڭ ئۇلگىلىرى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ۋەسىلە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ۋاستە قىلىش بىلەن بولىدۇ.

4. مۇكاپاتلار پەقەت قىلغان ياخشى ئىشلار بەدىلىگە بېرىلىدۇ.

5. ئىسلام دىنى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇق ۋە باشقا جەھەتلەردە باراۋەر ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلىش بىلەن ئاياللارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى كۆتۈرگەن يېگانە دىندۇر.

## مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتلىرى ۋە كاپىرلارنىڭ جازالىرى

﴿لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِى ٱلۡبِلَـٰدِ ١٩٦ مَتَـٰعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ
مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ١٩٧ لَـٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ لَهُمۡ
جَنَّـٰتٌ تَجۡرِى مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا نُزُلًا مِّنۡ عِندِ
ٱللَّهِۗ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٌ لِّلۡأَبۡرَارِ ١٩٨ وَإِنَّ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَـٰبِ لَمَن
يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُمۡ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِمۡ خَـٰشِعِينَ لِلَّهِ لَا
يَشۡتَرُونَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًاۚ أُوْلَـٰٓئِكَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡۗ
إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ١٩٩ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱصۡبِرُواْ وَصَابِرُواْ
وَرَابِطُواْ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ٢٠٠﴾

### تەرجىمىسى

196ـ(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنىڭ (موللۇق ئىچىدە) شەھەرمۇـشەھەر كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن.

197ـبۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان ئورۇن!

198ـئەمما رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر ياخشىلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر.

199ـئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىل)غا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بار؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەيدۇ. ئەنە شۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات بار. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

200ـئى ئىمان ئېيتقانلار! مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن چىدامىلىق بولۇڭلار، (دۈشمىنىڭلاردىن بەكرەك) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە قۇرتۇبىينىڭ بايان قىلىشىچە، مۇسۇلمانلاردىن بەزى كىشىلەر: «كاپىرلار كۆپلىگەن مال-دۇنياغا ئىگە بولماقتا، ئۇلار دۇنيالىقتىن ئوبدان بەھرىمەن بولماقتا، ئەمما بىز بولساق ئاچلىق ۋە يوقسۇللۇق ئىچىدە تولغىنىۋاتىمىز» دېيىشكەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ﴿(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنىڭ (مولۇلۇق ئىچىدە) شەھەرمۇ-شەھەر كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق سۆزنى بارلىق ئىسلام ئۇممىتىگە قاراتقان[1].

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئەنەس ئىبنى مالىك ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قاتارلىق ساھابىلەر ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان) غا ۋە ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىل)غا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىي ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان. نەجاشىي ئەسلى خىرىستىيان بولۇپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بارغان ساھابىلەرنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ۋاپات خەۋىرىنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى توپلاپ ئۇلارغا: «قُومُوا صَلُّوا عَلَى أَخِيكُمُ النَّجَاشِيِّ» يەنى «تۇرۇڭلار قېرىندىشىڭلار نەجاشىيغا غايىبانە جىنازە نامىزى ئوقۇڭلار»[2] دەپ بۇيرۇغان. شۇ چاغدا بەزى كىشىلەر «بىز قانداقلارچە بىر كاپىر ئادەمنىڭ نامىزىنى ئوقۇيمىز؟» دېگەندە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان[3].

## تەپسىرى

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە كاتتا مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغاندا، ئۇلار دۇنيادا ئەڭ پېقىر ئىنسانلار ئىدى، كاپىرلار بولسا مولۇلۇق ئىچىدە ئىدى. ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنىڭ (مولۇلۇق ئىچىدە) شەھەرمۇ-شەھەر

[1] «تفسير القرطبي» 4-توم، 300- بەت.
[2] «الْأَحَادِيث المختارة» 6-توم، 61-بەت، 2037-ھەدىس.
[3] «تفسير القرطبي» 4-توم، 322- بەت.

كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتتە مۇئمىنلەرگە تەسەللى بەرگەن ۋە ئۇلارنى بېشىغا كەلگەن بۇ قاتتىق يوقسۇللۇقتا سەۋر قىلىشقا دەۋەت قىلغان»[1].

كېيىنكى ئايەتتە كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى بايان قىلىنغان. بۇ سۈرە باشتىن ئاخىر ئىنساننىڭ پۇل-مالغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ مال-دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكى تۈپەيلىدىن زىيان تارتقانلىقى، مۇئمىنلەرنىڭ بەدرى ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىدىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

ئى پەيغەمبەر! ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ، كۇفرىلىق يولىنى تاللىغان ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ شەھەرمۇ-شەھەر كېزىپ يۈرۈپ ساياھەت قىلىشى، تىجارەت قىلىشى ۋە ئېرىشكەن ماددىي مەنپەئەتلىرى ھەرگىز سېنى ئالداپ قويمىسۇن، سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. بۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاخىرەتتە چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن نەرسىلىرى شۇنداق ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەر بولۇپ، ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارنى ئاخىرەتتىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن نەرسىلىرى مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان كاتتا مۇكاپاتلىرى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىرى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغانلىرى ھەقىقەتەن كاتتىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىگە قاراپ ئەجەبلەنمىسۇن، ئۇنىڭغا قىزىقمىسۇن ۋە ئالدىنىپ قالمىسۇن.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەرنىڭ كېلەچەكتە ئېرىشىدىغان بەخت-سائادەتلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاقىۋىتى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەر، كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ئوت قايناپ تۇرىدىغان دەھشەتلىك دوزاخ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن، سەۋرلىك، ئىتائەتچان مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار ھەممىدىن ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە كەرەملىك ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرى بولۇپ قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 9-توم، 471-بەت.

كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن يامان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك بەختسىزلىك يولىنى تاللىغانلاردۇر. ئەمما خرىستىيان ۋە يەھۇدىيلار ئارىسىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىي قاتارلىق كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت يولىنى تاپقان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كۆپلىگەن دىنىي ئەھكاملارنى بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، يوشۇرمايدۇ. ئەھلى كىتابتىن بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى ئىككى ھەسسە بولىدۇ. ﴿أُولَٰئِكَ يُؤْتَوْنَ أَجْرَهُم مَّرَّتَيْنِ بِمَا صَبَرُوا﴾ يەنى ﴿ئەنە شۇلارغا سەۋر-تاقىتى يۈزىسىدىن ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلَاثَةٌ لَهُمْ أَجْرَانِ: رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الكِتَابِ، آمَنَ بِنَبِيِّهِ وَآمَنَ بِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَالعَبْدُ المَمْلُوكُ إِذَا أَدَّى حَقَّ اللَّهِ وَحَقَّ مَوَالِيهِ، وَرَجُلٌ كَانَتْ عِنْدَهُ أَمَةٌ فَأَدَّبَهَا فَأَحْسَنَ تَأْدِيبَهَا، وَعَلَّمَهَا فَأَحْسَنَ تَعْلِيمَهَا، ثُمَّ أَعْتَقَهَا فَتَزَوَّجَهَا فَلَهُ أَجْرَانِ» يەنى «ئۈچ خىل ئادەمگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆزى ئەھلى كىتابتىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم، يەنە بىرى، بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇل بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ئادەم، ئۈچىنچىسى، ئىلكىدە چۆرىسى بولۇپ ئۇنى ياخشى تەربىيەلىگەن، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگەتكەن، ئاندىن ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋېتىپ ئۆز نىكاھىغا ئالغان ئادەم»[2].

ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرنى تۆۋەندىكى ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن:

1. ئۇلار ئاللاھقا چىن ئىمان ئېيتقان كىشىلەردۇر.

2. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن كىشىلەردۇر.

3. ئۇلار ئۆزلىرىگە بۇرۇن بېرىلگەن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق

[1] قەسەس سۈرىسى: 54- ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 1-توم، 31-بەت، 97-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 134-بەت، 154-ھەدىس.

ساماۋى كىتابلارغا چىن ئىشەنگەن كىشىلەردۇر.

4. ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەردۇر.

5. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىگە تېگىشمەيدىغان كىشىلەردۇر.

يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا لايىق بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا ھېساب ئېلىشتا ناھايىتى تېزدۇر. ئۇ پۈتۈن خالايىققا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تولۇق مۇكاپات ۋە جازا بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى مۇئمىنلەرگە مۇنۇ تەلىماتنى تەقدىم قىلىش بىلەن تۈگەتكەن:

ئى ئىمان ئېيتقانلار! نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولۇڭلار، دىن يولىدا بېشىڭلارغا كەلگەنلەرگە سەۋرچان بولۇڭلار، دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى قورقماس بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، ئەقىدەڭلاردا مۇستەھكەم بولۇڭلار. كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە قارشى ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇڭلار ۋە زاماننىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا كۈچ-قۇۋۋەت ھازىرلاڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي مۇئمىنلەر كاپىرلار ئېرىشكەن دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە قىزىقىپ ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان مۇكاپاتلىرى بارلىق مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر

3. يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئەجرى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

4. مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا ۋە ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى – ئاللاھ يولىدا، ھەقىقەت يولىدا، ھەقىقەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ۋە ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا بېشىغا كەلگەنلەرگە سەۋر قىلىش، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولۇش، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ

زىيانكەشلىكلەرگە قارشى هوشيار بولۇش ۋە تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

# نىسا سۈرىسى

نىسا سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 176 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەسلىتىش بىلەن باشلانغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىچكى تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش ۋە ئاياللارنىڭ، ئاجىزلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق جاھىلىيەتنىڭ قالدۇق-لىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە تۇغقانچىلىق، يېتىملەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسىلىسى، نىكاھ ۋە مىراس قانۇنلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

﴿النِّسَاءِ﴾ (نىسائ) دېگەن سۆز «ئاياللار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۈرىدە كۆپرەك ئاياللار، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ھەق - ھوقۇقلىرى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈرىنىڭ ئىسمى «نىسا سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

## ◄ ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش ماددىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفۡسٖ
وَٰحِدَةٖ وَخَلَقَ مِنۡهَا زَوۡجَهَا وَبَثَّ مِنۡهُمَا رِجَالٗا كَثِيرٗا وَنِسَآءٗۚ وَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ ٱلَّذِي تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلۡأَرۡحَامَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَيۡكُمۡ رَقِيبٗا ١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

**1ـئى ئىنسانلار! سىلەرنى (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) بىر ئىنساندىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتى (ھەۋۋا)نى ياراتقان ۋە بۇ ئىككىسىدىن نۇرغۇن ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى (يارىتىپ، زېمىنغا) تارقاتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر- بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامىنى شېپى كەلتۈرىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.**

## ◄ تەپسىرى

بۇ سۈرە ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ئاتىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالغان ھالدا باشلانغان. بۇ سۈرىدە مىراس، يېتىملەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قالغان نارەسىدىلەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى قوغداش ۋە نىكاھ قاتارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇقەددىمە ئورنىدا ئىشارەت قىلىنغان، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بۇ ئەھكاملارنى بىلىشكە زور ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. شۇڭا بۇ سۈرە ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ دېگەن ئۇندەش بىلەن باشلانغان.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن ياراتقان، ئاندىن سىلەرنى نەسىللىنىش يولى بىلەن كۆپەيتىپ يەر يۈزىگە تارقاتقان ئۇلۇغ رەببىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار! ھەمىشە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە بولۇڭلار، غەپلەتتە بولۇپ قالماڭلار، ھايات تەرزىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ تەلىماتىغا ئۇدۇللاڭلار!

ئېنىقكى، بىز ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرىمىز، دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار ئىنسانلىقتا بىر-بىرى بىلەن قېرىنداشتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسلام شەرىئىتىدە كۆپلىگەن ئەھكاملارنى بەلگىلىگەن بولۇپ، رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشىمىز، خۇسۇسەن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزغا، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىدۇر. ﴿خَلَقَكُم مِّن

﴿نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ﴾ دېگەن ئايەت پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغان بىر شەخسنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ھەۋۋا ئانىمىزنى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن يەنى تۇپراقتىن يارىتىلغان دېيىلغانلارمۇ ۋە ئۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان دېيىلغانلارمۇ بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اسْتَوْصُوا بِالنِّسَاءِ ، فَإِنَّ الْمَرْأَةَ خُلِقَتْ مِنْ ضِلَعٍ ، وَإِنَّ أَعْوَجَ شَيْءٍ فِي الضِّلَعِ أَعْلاَهُ ، فَإِنْ ذَهَبْتَ تُقِيمُهُ كَسَرْتَهُ ، وَإِنْ تَرَكْتَهُ لَمْ يَزَلْ أَعْوَجَ ، فَاسْتَوْصُوا بِالنِّسَاءِ» يەنى «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. چۈنكى ئايال قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان. قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ قىڭغىر يېرى ئۈستى تەرىپى بولۇپ، ئۇنى تۈزەيمەن دېسىڭىز سۇندۇرۇپ قويىسىز، شۇڭا ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭدىن شۇ قىڭغىر ھالىتى بويىچە پايدىلىنالايسىز، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار»[1].

«بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن ياراتقان، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىمۇ بىر خىلدۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ﴿وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا لِّتَسْكُنُوٓا۟ إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇشۇڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى ياراتقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئاراڭلاردا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق ئورناتقانلىقى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾[2] دەيدۇ»[3].

توغرىسى شۇكى، بارلىق ئىنسان جىنسى ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز ئىككىسىدىن كۆپەيگەن ۋە دۇنياغا تارقالغان. ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، ھەۋۋا ئۇنىڭدىن يارىتىلغان. مانا بۇ مەزكۇر ئايەتتىكى «بىر ئىنساندىن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا ئىسمىنى ئاتاپ ۋە شېپى كەلتۈرۈپ

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 26-بەت، 5185-ھەدىس.

[2] رۇم سۈرىسى: 21- ئايەت.

[3] «التفسير الواضح» 1- توم، 332- بەت.

سورايدىغان رەببىڭلار ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە «خۇدا ھەققى، شۇ ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ بەرسىڭىزكەن» دېگەن سۆزىگە ئوخشاش.

سىلەر تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن قورقۇڭلار، يەنى تۇغقانلار ئارا بىر-بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر تەرەپتىن ياردەملىشىش، ئىزدىشىش، ھال - ئەھۋال سورىشىش قاتارلىق ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، ئۇنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ دېگەن جۈملە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلىدى ۋە ئۇلارنى بۇ ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ ئەھكاملارغا كىمنىڭ ئەمەل قىلغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى ۋە جىمى ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان خۇتبە ئوقۇغىنىدا، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، يەنى ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىپ، ھەمىشە ئۇنىڭغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە بولۇش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

2. تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى ئۈزۈپ قويۇش گۇناھتۇر.

3. ئىنسانلار ئىنسانلىق ئېتىبارى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداشلار بولۇپ، دىن، ئىرق، تىل ۋە رەڭ سەۋەبلىك ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلىنمايدۇ، ئادالەتسىزلىك قىلىنمايدۇ.

### ◄ يېتىملەر ۋە ئۇلار توغرۇلۇق ئەھكاملار

﴿وَءَاتُواْ ٱلۡيَتَـٰمَىٰٓ أَمۡوَٰلَهُمۡۖ وَلَا تَتَبَدَّلُواْ ٱلۡخَبِيثَ بِٱلطَّيِّبِۖ وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَهُمۡ إِلَىٰٓ أَمۡوَٰلِكُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حُوبٗا كَبِيرٗا ٢﴾

### تەرجىمىسى

2-يېتىملەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە) بېرىڭلار، ياخشىسىنى ناچارغا تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال - مۈلۈكىگە قوشۇپ يېۋالماڭلار. چۈنكى بۇ چوڭ گۇناھتۇر.

### تەپسىرى

ئى يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلار! يېتىملەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى ياخشى ئاسراڭلار، ئۇلارغا ئۆز مېلىدىن چىقىم قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىدىن يېۋالماڭلار، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى قوللىرىغا سالامەت ۋە تولۇق تاپشۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتمەڭلار. ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ پايدا كۆرىدىغان تىجارەت بولسا ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى ساقلاپ قويۇپ، يېتىمنىڭ مال - مۈلۈكىنى خەجلىسەڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ھارامنى يېگەن بولىسىلەر.

ئىسلامدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارغا كېپىل بولغانلاردىن بەزى كىشىلەر يېتىملەرنىڭ سېمىز قويىنى ئېلىۋېلىپ، ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ئورۇق قويىنى سەپلەپ قوياتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ قىلمىشتىن مەنئى قىلغان ھالدا، بۇ توغرىدا ئالاھىدە دىنىي ھۆكۈم چۈشۈرگەن ۋە مۇنداق قىلىشنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. يېتىملەرنى كاپالەتكە ئالغان ئادەم ئەگەر پېقىر بولۇپ، ئېھتىياجى كۆپ بولسا، يېتىمنىڭ پۇل-مېلىدىن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇچىلىك مىقدارنى ئىنساپ بىلەن ئالسا بولىدۇ، ئەگەر باي بولسا ياكى موھتاج بولۇپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭغا يېتىمنىڭ پۇل-مېلىنى يېيىش ھالال بولمايدۇ. يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى يېگەنلىك يېنىپ تۇرغان ئوتنى يېگەنلىك بىلەن تەڭ بولۇپ، گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بۇ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن قورقۇڭلار!

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەر ۋە ئىشلار ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان

بېلگەنلىكتىن، ئۇلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى ۋە ئىشلارنى هالال قىلغان ۋە ئۇلارغا زىيانلىق نەرسىلەرنى ۋە ئىشلارنى هارام قىلغان.

2. مەيلى قايسى يول بىلەن بولسۇن، باشقىلارنىڭ پۇل- مېلىنى يېۋېلىش هارام ۋە ئېغىر گۇناهتۇر. خۇسۇسەن يېتىملەرنىڭ پۇل-مېلىنى يېۋېلىشنىڭ گۇناهى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر.

### ◄ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادالەت

﴿وَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا۟ فِى ٱلْيَتَٰمَىٰ فَٱنكِحُوا۟ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ مَثْنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا۟ فَوَٰحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُكُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ أَلَّا تَعُولُوا۟ ﴿٣﴾ وَءَاتُوا۟ ٱلنِّسَآءَ صَدُقَٰتِهِنَّ نِحْلَةً ۚ فَإِن طِبْنَ لَكُمْ عَن شَىْءٍ مِّنْهُ نَفْسًا فَكُلُوهُ هَنِيٓـًٔا مَّرِيٓـًٔا ﴿٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

3-ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىڭلار، (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر.

4-ئاياللارغا ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى (ئۆز رازىلىقى بىلەن) سىلەرگە ئۆتۈنسە، سىلەر ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن بىمالال ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن ﴿وَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا۟ فِى ٱلْيَتَٰمَىٰ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق سورىغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىراۋ بىر يېتىم قىزنى باققان ۋە ئۇنىڭ پۇل-مېلىغا

ياكى جامالىغا قىزىقىپ قالغانلىقتىن، ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بولسا، ئۇنىڭغا قائىدە-يوسۇن بويىچە مەھرى بېرىشى پەرزدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھرى بېرىشنى خالىمىسا، ئۇنى ئالماي باشقا خالىغان ئاياللاردىن ئالسا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر»[1].

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، يېتىملەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى يېۋېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارغا شۇنداق تەلىمات بېرىدۇكى، ئەگەر سىلەر قول ئاستىڭلار-دىكى يېتىم قىزلارغا ئۆيلەنگەن ھالەتتە، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يېۋېلىشتىن ياكى مەھرىنى بېرەلمەسلىكتىن ۋەياكى ئۇلارغا ئادا-لەتسىزلىك قىلىپ قويۇشۇڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار، ئۇلارنى باشقىلارغا ياتلىق بولۇشتىنمۇ توسماڭلار! بۇ ئەھۋالدا، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن بىردىن تۆتكىچە ئالساڭلار بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىڭلاردا ساقلىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر ئايال بىلەن ياكى قول ئاستىڭلار-دىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەم بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاشتا، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئادالەت بىلەن ئادا قىلالىشىغا ئىشەنچ قىلالىسا، بىردىن تۆتكىچە ئايالنى نىكاھىدا ساقلىسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمىسا، بىر ئايال بىلەن ئۆتكىنى ياخشىدۇر. ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك، ئاياللارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ئادا قىلىش، يېگۈزۈش - ئىچكۈزۈش، يېتىپ - قوپۇش، كىيىندۈرۈش، داۋالىتىش قاتارلىق ئىشلاردا ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئاياللار ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەتلىك بولۇش شەرتتۇر. ئەمما دىلنىڭ مايىللىقى مەسىلىسىدە ئىنسان جاۋابكارلىققا تار-تىلمايدۇ. چۈنكى ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن قايسىسىغا كۆڭلىنىڭ بەكرەك يېقىن بولۇشى ۋە كۆڭلىنىڭ بىرىگە كۆپرەك مايىل بولۇشى ئىنساننىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە «اللَّهُمَّ

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 139-بەت، 2494 -ھەدىس.

هَـذَا قَسْـمِي ، فِيمَـا أَمْلِـكُ فَـلَا تَلُمْـنِي ، فِيمَـا تَمْلِـكُ ، وَلَا أَمْلِـكُ» يەنى «ئى ئاللاھ! بۇ مېنىڭ ئىلكىمدە بولغان ئىشلاردىكى تەقسىماتىمدۇر، سېنىڭ ئىلكىڭدە بولۇپ، مېنىڭ ئىلكىمدە بولمىغان ئىشلار توغرۇلۇق مېنى جازاغا تارتمىغايسەن»[1] دەپ دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئىچىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇنىڭغا ئايرىمچە ئىنئام قىلماقچى بولغىنىدا، ئەلۋەتتە باشقا ئاياللىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاندىن قىلاتتى.

### ◄ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى نۇرغۇن ئاياللار قوبۇل قىلالمايدۇ، ھەتتا بەزى ئەرلەرمۇ شۇنداق. چۈنكى كۆرۈۋاتىمىزكى، ئىككى ئايال بار ئۆي كۆپ ۋاقىتلاردا جېدەل-ماجىرادىن خالىي بولالمايدۇ، ھەتتا بۇ جېدەللەر گاھىدا بىر-بىرىگە زىيان يەتكۈزۈشكە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئائىلە كىشىلىرى ھۇزۇرسىز ۋە راھەتسىز ئۆتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بەزىلەر: ئىسلام دىنىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويغانلىقى ئىنسان تەبىئىتىگە زىت بىر ئىشتۇر، بۇنى ئەقلىمۇ رەت قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ «يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرەر ياخشىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئەۋزەلدۇر» دەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپىغىمۇ زىت ئىشتۇر، دېيىشىدۇ. ئىش ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ كۆپ. مەسىلەن: كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارنىڭ سانىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، باققۇچىسىز قالغان ئاياللارنىڭ ۋە يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ، بەزى ئاياللارنى يوقسۇللۇقتىن يامان يولغا كىرىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شۇمۇ ئېنىقكى، ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا ئادالەتلىك بولۇش، زۇلۇم قىلماسلىق شەرتى ئاستىدىلا رۇخسەت قىلغان. بۇ سۈرىدىكى ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت ئاياللار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش، زۇلۇم قىلماسلىق، گۈزەل - كۆرۈمسىزى، كونىسى - يېڭىسى دەپ ئايرىماستىن، ھەممىسىنى ئوخشاش كۆرۈپ باراۋەر مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق شەرتلەرگە باغلانغان. دىلنىڭ مايىللىقىدىن باشقا پۈتۈن ئىشلاردا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش شەرت

[1] «سنن أبي داود» 2-توم، 242-بەت، 2134-ھەدىس.

قىلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» باشقا بىر ئورۇندا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَن تَسْتَطِيعُوٓاْ أَن تَعْدِلُواْ بَيْنَ ٱلنِّسَآءِ وَلَوْ حَرَصْتُمْۖ﴾ يەنى ﴿ھەر قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر﴾[1]. چۈنكى دىلنىڭ مايىللىقى ئىنساننىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس، شۇڭا كۆپ خوتۇنلۇق ئادەم ئاياللىرىدىن بىرەرسىگە كۆڭلىنىڭ بەكرەك مايىل بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، بەلكى مۇئامىلىدە ئادالەتسىزلىك قىلىش، تەڭ كۆرمەسلىك بىلەن گۇناھكار بولىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ئورۇنداش قىيىن بولغان بىر شەرتكە باغلىغان. ئۇ بولسىمۇ ئادالەتتۇر. ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى ۋە تالاقنىڭ ئەرنىڭ قولىدا بولۇشى ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىگە مۇناسىپ ئىشتۇر. ئەمما چاتاق نەدىن كېلىدۇ دېگەندە، كىشىلەرنىڭ دىننىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلماسلىقى، دىننىڭ كەڭچىلىكلىرىنى، شۇنداقلا رۇخسەتلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىشىدىن كېلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىغا زۇلۇم قىلىشى ۋە ئىسلامنىڭ رۇخسىتىنى سۇيىئىستېمال قىلىشى سەۋەبلىك كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ۋە تالاقنى چەكلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىگە قارشى چىققانلىق بولىدۇ.

كىشىلەرنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويىدىغان بەزى سەۋەبلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئايالغا ئۆيلەندى. بىراق ئۇ ئايال ھېچ تۇغمىدى، ئەرنىڭ ئۇتتەك بالا يۈزى كۆرگۈسى بار، ئىككى ئايالنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتىمۇ بار بولسا، ئۇ ئادەم قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆيلىنىپ پەرزەنت كۆرگىنى ياخشى.

يەنە بىرىنىڭ ئايالى ئاغرىقچان بولۇپ، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلىشىشقا بولمايدۇ، بۇ شارائىتتا مەزكۇر ئەر زىنا قىلامدۇ؟ زىنا قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى، تەن ساقلىقىنى، پۇل-مېلىنى بۇزۇش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولغىنى ياخشىمۇ ياكى يوللۇق ھالدا، ئادالەتلىك بولۇش شەرتى بىلەن ئىككىنچى خوتۇن ئالغىنىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئىككىنچىسى ياخشى.

ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشلار سەۋەبلىك ئەرلەر كۆپ ئۆلۈپ كېتىپ،

[1] نىسا سۈرىسى: 129- ئايەت.

ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتسە، جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارنىڭمۇ تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى تېتىغىنى ياخشىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن، ئەردىن، پەرزەنتتىن مەھرۇم قالغىنىمۇ؟ ئەلۋەتتە بىر ئەرنىڭ كۆپ ئايالى قاتارىدا بولسىمۇ، تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى تېتىغىنى ياخشى. تۇل ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يات ئەرلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالغىنى ياخشىمۇ ياكى خوتۇنى بار بولسىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر ئەرگە نىكاھلىنىپ، نىكاھلىق ياشىغىنىمۇ؟ ئەلۋەتتە نىكاھلىق ياشىغىنى ياخشى.

ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ياكى ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، نارەسىدە باللىرى بىلەن قالغان ئاياللارغا ئۆيلىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋە باللىرىنىڭ بېشىنى سىلاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر زامانىمىزدىكى ئەرلەردە شۇنداق ياخشى نىيەت، ئېسىل پەزىلەت بولسا ئىدى، جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارمۇ تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى تېتىغان بولار ئىدى.

ئاياللار مەسىلىسىنى مۇشۇنداق دىنىي چارە بىلەن ھەل قىلمىغاندا، ئۇنىڭ باشقا چارىسى يوق. بەزى كىشىلەرنىڭ شەرىئەتنىڭ بۇ رۇخسىتىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئادالەتلىك بولۇش-بولالماسلىقى بىلەن، ئايالنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش-قىلالماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماستىن، پەقەت ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى دەپلا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى زايە قىلىۋەتكەنلىكى، ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئىسلام دىنىغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىمىز ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى قوللىمايدۇ. مەسىلىلەرنى ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھەققىي مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسى ۋە كىرىزىستىن چىقىشنىڭ بىردىنبىر چارىسىدۇر.

ئاياللارنىڭ مەھرىنى تولۇق بېرىش ئاياللارنى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە ئىززەتلىگەنلىكتۇر، شۇنداقلا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، سەمىمىيەت ۋە ئىخلاسقا ئۇل سالغانلىقتۇر. ئەگەر ئايال ئېرىدىن باي بولۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن پۇل-مېلىدىن بىر قىسمىنى بەرسە، ئېرى ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، بىمالال خەجلىسە بولىدۇ. ئەمما ئايالنى بىر نەرسە بېرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ، زورلاپ ئالغان پۇل ھالال بولمايدۇ، بۇ ئۇچىغا چىققان نامەردلىكتۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئادالەتلىك بولۇش شەرتى بىلەن بىردىن تۆتكىچە ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھتا تۇتۇشقا بولىدۇ.

2. بىردىن كۆپ ئايالنى نىكاھىغا ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش شەرتتۇر. ئادالەتلىك بولالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلار ئۈچۈن بىر ئايال بىلەن كۇپايىلىنىش ئەۋزەلدۇر.

3. ئاياللارنىڭ مەھرىنى بېرىش ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. مەھرى ھەققىنىڭ نورمال بولغىنى ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَعْظَمُ النِّسَاءِ بَرَكَةً أَيْسَرُهُنَّ مَئُونَةً» يەنى «ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال مەھرى ھەققى ئەڭ ئاز بولغان ئايالدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### يېتىملەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى قوللىرىغا تاپشۇرۇش ۋاقتى

﴿وَلَا تُؤۡتُواْ ٱلسُّفَهَآءَ أَمۡوَٰلَكُمُ ٱلَّتِي جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمۡ قِيَٰمٗا
وَٱرۡزُقُوهُمۡ فِيهَا وَٱكۡسُوهُمۡ وَقُولُواْ لَهُمۡ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗا ٥ وَٱبۡتَلُواْ
ٱلۡيَتَٰمَىٰ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغُواْ ٱلنِّكَاحَ فَإِنۡ ءَانَسۡتُم مِّنۡهُمۡ رُشۡدٗا فَٱدۡفَعُوٓاْ
إِلَيۡهِمۡ أَمۡوَٰلَهُمۡۖ وَلَا تَأۡكُلُوهَآ إِسۡرَافٗا وَبِدَارًا أَن يَكۡبَرُواْۚ وَمَن كَانَ
غَنِيّٗا فَلۡيَسۡتَعۡفِفۡۖ وَمَن كَانَ فَقِيرٗا فَلۡيَأۡكُلۡ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ فَإِذَا
دَفَعۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡ أَمۡوَٰلَهُمۡ فَأَشۡهِدُواْ عَلَيۡهِمۡۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبٗا ٦﴾

### تەرجىمىسى

5ـ ئاللاھ سىلەرگە تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى قىلىپ بەرگەن پۇل- مېلىڭلارنى (يەنى مەسئۇلىيىتىڭلار ئاستىدا بولغانلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) گالۋاڭلارغا تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇ پۇل-ماللاردىن ئۇلارنى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار ۋە ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار.

6ـ يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ يېتىلگەنلىكىنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا پۇل-مېلىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 42ـ توم، 54ـ بەت، 25119ـ ھەدىس.

ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مال-مۈلۈكىنى بۇزۇپ-چېچىپ، ئالدىراپ يېۋالماڭلار. كىمكى باي بولسا (يېتىمنى باققانلىق باھانىسى بىلەن ئۇنىڭ مال-مۈلۈكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، كىمكى يوقسۇل بولسا، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، سىلەر يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردىمۇ مۆئمىن بەندىلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەشنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، بىرىنچى ئايەتتە، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ياكى كىچىك بالا بولسۇن، گالۋاڭلىقتىن ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى بىلەلمەيدىغان، پۇل-مېلىنى توغرا رەۋىشتە ئىشلىتەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويماسلىققا بۇيرۇغان. بۇ ئاشۇ كىشىلەرنى زىيان-زەخمەتتىن قوغداش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان (ۋەسىي ياكى كېپىل قاتارلىق) كىشىلەرنىڭ بۇ كۆرسەتمىگە ئالاھىدە رىئايە قىلىشى لازىم.

ئىككىنچى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا بالاغەتكە يەتمىگەن يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى ئۇلار بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاش ۋە ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ مال-مۈلۈكىنى ئۆزى تەسەررۇپ قىلالىغۇدەك بولغاندا، مال-مۈلۈكىنى ئۇلارغا سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى ئاسراشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، نارەسىدىلەر ۋە ئەقلى يوق كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا بەرمەستىن، ساقلاپ بېرىشكە ۋە كۆپەيتىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. چۈنكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ پۇل-مېلى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا بېرىلگەندە، بۇ پۇل-ماللار ئۇلارنىڭ قولىدا زايە بولۇپ كېتىدۇ.

«ئايەتتە، ﴿مال-مۈلۈكۈڭلار...﴾ دېيىش ئارقىلىق يېتىملەرنىڭ ۋە ئەقلى يوق كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى ئۇلارغا مەسئۇل بولغانلارغا مەنسۇپ قىلىشتىكى سەۋەب: ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان يېتىملەرنىڭ ياكى گالۋاڭلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلارنىڭ ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى خۇددى ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈكىدەك ئاسراپ ياخشى

ساقلىشى لازىملىقىنى ۋە زايە قىلىۋەتمەسلىكىنى، ناۋادا ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى زايە قىلىۋەتسە، ئۇلارنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. ئىسلام دىنى پۇل-مالنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ۋە زامان رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇشىنىڭ بىر ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. پۇل-مالنى ئاسراش ۋە ئۇنى يولىدا چىقىم قىلىش ئىسلام دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر»[1].

گويا ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى يېتىملەرنىڭ ۋە ئەقلى يوق كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىغا مەسئۇل بولغانلار! ئۇلار ئۆز پۇل-ماللىرىنى تەسەررۇپ قىلالايدىغان ۋەزىيەتكە كەلگەندە ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، يەنى ئۇلار پۇل-ماللىرىنى ئۆزلىرى تەسەررۇپ قىلالمىسا، پۇل-ماللار قولۇڭلاردا تۇرىدۇ ۋە كۆپىيىشكە داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىگە چىقىلماستىن پايدىسىدىن ئۇلارنى تەمىنلەڭلار. بۇ ئورۇندىكى تەمىنلەش: ئۇلارنى يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈش، كىيىندۈرۈش، داۋالىتىش، ئوقۇتۇش قاتارلىق بارلىق چىقىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش: ئۇلارنى باققانلىقى ئۈچۈن مىننەت قىلماسلىق، خارلىماسلىق، يەكلىمەسلىك، ئۇرماسلىق، تىللىماسلىق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿وَٱرۡزُقُوهُمۡ فِيهَا وَٱكۡسُوهُمۡ﴾ يەنى ﴿ئۇ پۇل-ماللاردىن ئۇلارنى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿فِيهَا﴾ دېگەن سۆز ئۇ پۇل-ماللارنىڭ ئۈستۈرۈلگەن پايدىسىدىن تەمىنلەڭلار دېگەن مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، يېتىملەرنىڭ ۋە ئەقلى يوق كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ساقلاپ ياتماستىن، كۆپەيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇلارنى تەمىنلەش پۇل-مالنىڭ ئەسلىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن چىققان پايدىسىدىن بولىدۇ.

ئۇلارنى پۇل - ماللىرىنى تەسەررۇپ قىلالايدىغان ئەقىل-ئىدراككا يەتتىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ بۇنى سىناپ كۆرۈش، ئەگەر ئۇلار پۇل - ماللىرىنى تەسەررۇپ قىلالايدىغان ھالغا يەتكەن بولسا، پۇل-ماللىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كېپىللىك قىلغانلارنىڭ بۇرچىدۇر. سىناق جەمئىيەت ۋە مۇھىتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. سىناق نارەسىدىلەر بالاغەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ.

يېتىملەرنىڭ ۋە ئەقلى يوق كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى يېۋېلىشقا ۋە

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 339- بەت.

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە چىقىم قىلىپ بەرگەندىمۇ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە، ئىسراپ قىلىشقا، بۇزۇپ چېچىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پۇل-مېلىنى جان تىكىپ ئاسرىسىمۇ، باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئۇنداق ئاسرىمايدۇ. ئەمما يېتىملەرنىڭ ۋە ئەقلى يوق كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچىلار ئەگەر كەمبەغەل بولسا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە چەكتىن ئاشماستىن، ئىنساپ بىلەن ھاجىتىنى قامدىغۇدەك مىقدارنى ئېلىپ يېسە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يېتىدىغان ھالدا بولسا، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىغا چېقىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى يېتىمنىڭ پۇل-مېلىنى يېيىش يېنىپ تۇرغان ئوتنى يېگەنگە ئوخشاش خەتەرلىكتۇر. ئەگەر زۆرۈر ئېھتىياج يۈزىسىدىن ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇنى قەرز ھېسابىدا ئېلىپ تۇرۇپ، كېيىنچە چوقۇم ئورنىغا سەپلەپ قويۇشى لازىم.

يېتىملەر بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى يوقلار ئەقىل تاپقان ۋە پۇل-مالنى تەسەررۇپ قىلىش سىناقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇش ۋە قايتۇرغان چاغدا گۇۋاھچىلارنى ھازىر قىلىپ، ھۆججەت توختىتىش كېرەك. مانا بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يېتىملەر ۋە ئەقلى يوقلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى زايە بولۇشتىن ساقلاش زۆرۈردۇر. ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى تىجارەتكە قوشۇپ كۆپەيتىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇلار ئەقىل تاپقاندا قايتۇرۇپ بېرىش مەقسىتى بىلەن توڭلىتىپ قويۇش جائىزدۇر.

2. پۇل-مالنى ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن قانۇنلۇق يوللار بىلەن كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

3. ئەقلى يوقلارغا ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى تاپشۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۇلار ئۆز مال-مۈلۈكىنى تەسەررۇپ قىلالامدۇ-يوق، بۇنى سىناپ كۆرۈش لازىم.

4. يېتىملەرگە ۋە ئەقلى يوقلارغا ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىش ۋە ھۆججەت توختىتىش تەلەپ قىلىندۇ.

5. يېتىملەرنىڭ ۋە ئەقلى يوقلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى يېيىش قەتئىي ھارامدۇر.

### ◄ يېتىملەر ۋە ئاياللارنىڭ مىراس ھەقلىرى

﴿لِّلرِّجَالِ نَصِيبٞ مِّمَّا تَرَكَ ٱلۡوَٰلِدَانِ وَٱلۡأَقۡرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٞ
مِّمَّا تَرَكَ ٱلۡوَٰلِدَانِ وَٱلۡأَقۡرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنۡهُ أَوۡ كَثُرَۚ نَصِيبٗا مَّفۡرُوضٗا
٧ وَإِذَا حَضَرَ ٱلۡقِسۡمَةَ أُوْلُواْ ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينُ
فَٱرۡزُقُوهُم مِّنۡهُ وَقُولُواْ لَهُمۡ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗا ٨ وَلۡيَخۡشَ ٱلَّذِينَ لَوۡ
تَرَكُواْ مِنۡ خَلۡفِهِمۡ ذُرِّيَّةٗ ضِعَٰفًا خَافُواْ عَلَيۡهِمۡ فَلۡيَتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَلۡيَقُولُواْ قَوۡلٗا سَدِيدًا ٩ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلۡيَتَٰمَىٰ ظُلۡمًا
إِنَّمَا يَأۡكُلُونَ فِي بُطُونِهِمۡ نَارٗاۖ وَسَيَصۡلَوۡنَ سَعِيرٗا ١٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

7-ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (مىراس) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئادەم (شەرىئەتتە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ.

8-تەقسىمات ۋاقتىدا (مىراستا ھەققى يوق) تۇغقانلار، يېتىملەر ۋە يوقسۇللار ھازىر بولسا، ئۇلارغىمۇ بۇ مىراستىن (ئاز-تولا) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار.

9-ئارقىسىدا چارىسىز نارەسىدىلىرىنى قويۇپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇلار ئۇچۇن ئەندىشە قىلىدىغانلار، (باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان بالىلىرى ئۇچۇنمۇ) ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا گەپ قىلسۇن.

10- يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى ناھەق يېۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورساقلىرىغا (يېنىپ تۇرغان) ئوتنى يېۋالغان بولىدۇ. ئۇلار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەۋس ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرى ئەۋسنىڭ

ئايالى بىلەن ئۇنىڭ قىزلىرىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئاياللارغا ۋە كىچىك بالىلارغا مىراس بەرمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىچىك بالىلار بىلەن ئاياللار ئۇرۇشقا قاتنىشالمىغانلىقى ۋە ئائىلىنى دۈشمەنلەردىن قوغدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مىراس ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەس دەپ قارىلاتتى. مىراس پەقەت ئۇرۇشلاردا دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ غەنىيمەت ئالالايدىغان ئەرلەرگىلا بېرىلەتتى. ئەۋسنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىزلارنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىدۇ. ئۇلار «يارەسۇلۇللاھ! بۇ ئايالنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتقا مىنەلمەيدۇ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشالمايدۇ ۋە ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، مەن ئۇلار توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتىمەن» دەيدۇ. ئۇلار قايتىپ كېتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى مىراس ئايىتى نازىل بولىدۇ[1].

## ◄ تەپسىرى

بىراۋ ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ قىز-ئوغۇللىرى قالغان بولسا، ئۇلار مەيلى چوڭ بولسۇن، ياكى تېخى كىچىك بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئاتىسىدىن قالغان مىراستىن مەلۇم مىقدارنى بەلگىلىدى. مىراس ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ھالەتتە ئۇ مىراس ۋارىسلار (مىراس ئالغۇچىلار) ئوتتۇرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مىراسنى ئۆزى بىۋاسىتە تەقسىم قىلىش ئارقىلىق بىز ئىنسانلاردىكى بىر يامان ئىللەتنى داۋالىغان. ئۇ بولسىمۇ، بەزىلەرنىڭ مىراس تەقسىم قىلىنىدىغان ۋاقىتتىكى ئىچى تارلىقى، كۆرەلمەسلىكى، چىدىماسلىقى ۋە روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىشىدۇر. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مىراس تەقسىم قىلىنىدىغان ئورۇنغا مىراستىن نېسىۋىسى بولمىغان تۇغقانلار، تۇغقانچىلىقى بولمىغان يېتىملەر ۋە پېقىرلارمۇ كېلىپ قالغان بولسا، ئۇلارغىمۇ ئازراق بىر نەرسە بېرىش ۋە ئۇلارغا مىننەت قىلماستىن، ئازار قىلماستىن ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە چىرايلىق گەپ قىلىش لازىم. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئەدەپ-ئەخلاق

[1] «أسباب النزول للواحدي» 295- بەت.

ئۆگەتكەن بولۇپ، مىراس تەقسىم قىلىنغان جايغا كەلگەنلەرگە ئاز-تولا بىر نەرسە بېرىش بىر تەرەپتىن ئۇلارغا خەير- ساخاۋەت قىلغانلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۇلاردىن كېلىدىغان قانداقلا بىر يامانلىق، كۆرەلمەسلىك ۋە ئۆچمەنلىك قاتارلىقلاردىن ساقلىنىشتۇر. ناۋادا ئۇلارغا بىر نەرسە بېرەلمىسە، چىرايلىق سۆز بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش لازىم.

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى نېمە دېگەن توغرا! ئۇنىڭ قانۇنى نېمە دېگەن ھېكمەتلىك! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇش ۋە پۈتۈن ياخشىلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى تىلىگەن ئادەمنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە مۇراجىئەت قىلىشى، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشى شەرتتۇر. چۈنكى«قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىش بىزنى ئاخىرەتنىڭ خېيىم-خەتەرلىرى ۋە بەختسىزلىكلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ دۇنيانىڭ بەختسىزلىكلىرى، خېيىم-خەتەرلىرى ۋە زىيان-زەخمەتلىرىدىنمۇ ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا تەربىيە بېرىشتە، ئىنسان تەبىئىتىدىكى يەنە بىر ئاجىزلىق نۇقتىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ چارىسىنى دەپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ يېتىملەرنى قانچە قىلسىمۇ ئۆز بالىلىرىدەك كۆرمەيدىغانلىقى، ئۇلارغا ئازار قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەنتەكلىكىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا ۋىجدانىنى ئويغىتىدىغان، دىلنى تىترىتىدىغان ۋە ئادەمگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان سۆز بىلەن ئىنسانلارغا مۇنداق ۋەز- نەسىھەت قىلىدۇكى، ئى ئىنسانلار! ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، ناۋادا سىلەر ۋاپات بولۇپ، ئارقاڭلاردا نارەسىدە بالىلىرىڭلار يار-يۆلەكسىز قالسا، ئۇلارنى باشقىلار خارلىسا، بوزەك قىلسا، ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىنى يېۋالسا، سىلەرنىڭ روھىڭلار جىم ياتالامدۇ؟! «باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ سەنمۇ شۇنداق مۇئامىلە كۆرىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى بىلمەمسىلەر؟! ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلاردىن كېيىن قالىدىغان پەرزەنتلىرىڭلاردىن ئەنسىرىسەڭلار، يېتىملەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇلارغا ئازار بەرمەڭلار، ئۇلارنى بوزەك قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى يېۋالماڭلار، يېتىملەرنىڭ ئىشىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان بارلىق قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. يېتىملەرنىڭ پۇل-مېلىنى قانداقلا بىر يول بىلەن بولسۇن يېۋالغان ئادەم ئۆزىنى دوزاختا ئىتتىرگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھارامدىن يېگەنلىرى يېنىپ تۇرغان ئوت بولۇپ، بۇ ئوت ئۇنى ئاخىرى چوقۇم كۆيدۈرمەي قالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّهُ لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ لَحْمٌ نَبَتَ مِنْ سُحْتٍ النَّار أَوْلَى بِهِ» يەنى «ھارامدىن ئوزۇقلانغان ھەربىر بەدەن دوزاخقا ئەڭ لايىقتۇر، بۇنداق بەدەننىڭ ئىگىسى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا بىزنى ھارامدىن ساقلىسۇن! ئامىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلامدىكى مىراس تەقسىماتى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىۋاستە بەلگىلەنگەن ئەڭ ئادالەتلىك تەقسىماتتۇر.

2. مىراس تەقسىم قىلىنغان ئورۇنغا كەلگەن مىراستىن ھەققى يوق ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا ۋە پېقىرلارغا ئازراق بىر نەرسە بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش، ئەگەر بىر نەرسە بېرەلمىسە، ياخشى سۆز بىلەن ئۇلارنى چىرايلىقچە قايتۇرۇۋېتىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

3. ئۆزىدىن كېيىن باللىرىنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ يېتىم قالغان باللىرىغا ياخشىلىق قىلىشى لازىم.

4. يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يېگەن ئادەم ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىغا لايىق بولىدۇ.

## ◄ مىراس ئايەتلىرى

﴿يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِىٓ أَوۡلَـٰدِكُمۡۖ لِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۚ فَإِن
كُنَّ نِسَآءً فَوۡقَ ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَۖ وَإِن كَانَتۡ وَٰحِدَةً فَلَهَا
ٱلنِّصۡفُۚ وَلِأَبَوَيۡهِ لِكُلِّ وَٰحِدٍ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِن كَانَ لَهُۥ
وَلَدٌۚ فَإِن لَّمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلَدٌ وَوَرِثَهُۥٓ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ ٱلثُّلُثُۚ فَإِن كَانَ لَهُۥٓ
إِخۡوَةٌ فَلِأُمِّهِ ٱلسُّدُسُۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٍ يُوصِى بِهَآ أَوۡ دَيۡنٍۗ ءَابَآؤُكُمۡ
وَأَبۡنَآؤُكُمۡ لَا تَدۡرُونَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ لَكُمۡ نَفۡعًاۚ فَرِيضَةً مِّنَ ٱللَّهِۗ إِنَّ

[1] «مسند أحمد» 22-توم، 332-بەت، 14441-ھەدىس.

ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١١﴾ ۞ وَلَكُمْ نِصْفُ مَا تَرَكَ أَزْوَٰجُكُمْ
إِن لَّمْ يَكُن لَّهُنَّ وَلَدٌۚ فَإِن كَانَ لَهُنَّ وَلَدٌ فَلَكُمُ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْنَۚ
مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِينَ بِهَآ أَوْ دَيْنٍۚ وَلَهُنَّ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِن
لَّمْ يَكُن لَّكُمْ وَلَدٌۚ فَإِن كَانَ لَكُمْ وَلَدٌ فَلَهُنَّ ٱلثُّمُنُ مِمَّا تَرَكْتُمۚ
مِّنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ تُوصُونَ بِهَآ أَوْ دَيْنٍۗ وَإِن كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَٰلَةً
أَوِ ٱمْرَأَةٌ وَلَهُۥٓ أَخٌ أَوْ أُخْتٌ فَلِكُلِّ وَٰحِدٍ مِّنْهُمَا ٱلسُّدُسُۚ فَإِن كَانُوٓاْ
أَكْثَرَ مِن ذَٰلِكَ فَهُمْ شُرَكَآءُ فِى ٱلثُّلُثِۚ مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصَىٰ بِهَآ
أَوْ دَيْنٍ غَيْرَ مُضَآرٍّۚ وَصِيَّةً مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٌ ﴿١٢﴾ تِلْكَ
حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدْخِلْهُ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن
تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٣﴾ وَمَن يَعْصِ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُۥ يُدْخِلْهُ نَارًا خَٰلِدًا فِيهَا وَلَهُۥ عَذَابٌ
مُّهِينٌ ﴿١٤﴾

## تەرجىمىسى

**11**ـ ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىسى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەربىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىسى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا-ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ياكى قەرزى بولسا ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىلەر ئاتا-ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن

ئۆلچەمدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

12-ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىسى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىسى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ بالاڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالاڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتىسى يوق، بالىسىمۇ يوق ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ياكى ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (ئانا بىر ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيەدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

13- ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ شۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

14-كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭغا خارلىغۇچى ئازاب باردۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بىر كۈنى سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ

ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىككى قىزىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئەرزھال ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ: «يا رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىككى قىز سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ قىزلىرى ئىدى. دادىسى ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىپ، ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ تاغىسى قىزلىرىمغا دادىسىدىن قالغان مال-دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى، بۇلارغا ھېچ نەرسە قويمىدى، بۇ قىزلار مال-دۇنياغا ئىگە بولمىسا ياتلىق بولالمايدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: «يَقْضِي اللّٰهُ فِي ذَلِكَ» يەنى «ئاللاھ بۇ توغرىدا ھۆكۈم چىقارغۇسى» دەيدۇ ۋە كېيىنكىمەستىنلا ﴿يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِيٓ أَوۡلَٰدِكُمۡۖ لِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۚ...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىزلارنىڭ تاغىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «أَعْطِ ابْنَتَيْ سَعْدٍ الثُّلُثَيْنِ، وَأُمَّهُمَا الثُّمُنَ، وَمَا بَقِيَ فَهُوَ لَكَ» يەنى «سەئدنىڭ ئىككى قىزىغا سەئدنىڭ قالدۇرغان مال-دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى، قىزلارنىڭ ئانىسىغا سەككىزنىڭ بىرىنى بېرىسەن، قالغان مال-دۇنيا ساڭا تېگىدۇ»[1] دەيدۇ. مانا بۇ ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم تەقسىم قىلىنغان تەرىكە (يەنى مىراس) دۇر.

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلار پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئادالەتلىك مىراس قانۇنىدۇر. گەرچە مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەر ئىسلام دىنىنىڭ مىراس قانۇنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا بىرىنچى مەنبە دەپ تونۇمىغان بولسىمۇ، ئىسلام مىراس قانۇنى ئۇلارنىڭ دەستۇرلىرى ئۈچۈن ئومۇمىي پىرىنسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. باشقا دىندىكىلەردە ئومۇملاشقان قارىغۇلارچە مۇتەئەسسىپلىك ئىللىتى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئىسلام قانۇنىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولاتتى. چۈنكى بۇ قانۇن ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئەڭ توغرا قانۇندۇر.

بۇ مىراس ئايەتلىرىدە قىز-ئوغۇل پەرزەنتلەر (يەنى پەرئىلەر) بىلەن ئاتا، ئانا (يەنى ئەسلىلەر)نىڭ، ئەر - ئاياللارنىڭ ۋە ئانا تەرىپىدىن بولغان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىراستىن ئالىدىغان ھەقلىرى بېكىتىلگەن. ئەمما ئاتا تەرەپتىن بولغان قېرىنداشلارنىڭ مىراس

[1] «مسند أحمد» 23-توم، 108-بەت، 14797-ھەدىس، «ابن ماجة» 2-توم، 908-بەت، 2720-ھەدىس، «سنن الترمذي» 4-توم، 414-بەت، 2092-ھەدىس. «التفسير الواضح» 1-توم، 344-بەت.

نېسىۋىلىرى بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

پەرزەنتلەر مېھىر- شەپقەت ۋە ياردەمگە كۆپرەك ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مىراس تەقسىماتى ئاتا - ئانىلارنىڭ تەقسىماتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان جىمى ئاتىلارغا بالىلارنىڭ مىراس مەسىلىسى توغرۇلۇق تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى مىراسنى قالدۇرغۇچىلار شۇلاردۇر. ئىسلام ئۈممىتى ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاشتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا بالىلارغا ئاتا- ئانىسىدىن قالغان مال-مۈلۈكتىن تېگىدىغان مىراس ھەققىدە سىلەرگە شۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئوغۇل ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن چىقىم قىلىشقا مەجبۇردۇر. ئەمما ئۇنىڭ سىڭلىسى ياكى ئاچىسىغا ئاتىسى چىقىم قىلىدۇ، ئاتىسى بولمىسا ئەر قېرىنداشلىرى چىقىم قىلىدۇ، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئېرىنىڭ زىممىسىغا يۈكلىنىدۇ.

مېيىتنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، باشقا پەرزەنتى بولمىغان بولسا، مېيىتنىڭ ئايالى، ئانىسى ۋە دادىسى مىراستىن ھەققىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مىراستىن قالغاننىڭ ھەممىسىنى ئوغۇل ئالىدۇ.

ئەگەر مېيىتنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىزى بولۇپ، ئوغلى بولمىسا، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ بىر قىز، بىر ئوغلى بولسا، قىز ئۈچتىن بىرىنى، ئوغۇل ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى قالدۇرغان مىراستىن ئالىدىغان نېسىۋىلىرى: ئەگەر مېيىتنىڭ بالىسى بولسا، مېيىتنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ھەربىرى مېيىت قالدۇرغان مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ بالىسى بولمىسا، ئوغلىنىڭ بالىسىمۇ بولمىسا، بۇ ۋاقىتتا مېيىتنىڭ ئانىسى ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، دادىسى قالغاننىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ ئەر ياكى ئايال قېرىنداشلىرى بولسا، مېيىتنىڭ ئانىسىنىڭ نېسىۋىسى ئومۇمىي

مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما مېيىتنىڭ بىرلا قېرىندىشى بولسا، بۇ ۋاقىتتا مېيىتنىڭ ئانىسىنىڭ مىراستىن ئۈچتىن بىرىنى ئېلىشتىن ئىبارەت نېسىۋىسى ساقلىنىپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساھابىلەر، خەلىپىلەر ھەممىسى: «مېيىتنىڭ بالىسى ياكى قېرىنداشلىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ مىراستىن نېسىۋىسى ئۈچتىن بىرىنى ئېلىش بولىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بىردىن ئارتۇق ئەر ياكى ئايال قېرىندىشى بولسا، مېيىتنىڭ ئانىسىنىڭ مىراستىن نېسىۋىسى ئۈچنىڭ بىردىن ئالتىنىڭ بىرىگە چۈشۈپ قالىدۇ» دېگەن پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرگەن.

ئەگەر مېيىتنىڭ ئايالى بىلەن ئاتا-ئانىسىلا بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئايالى مىراستىن ھەققىنى ئالىدۇ، ئاندىن قالغىنىدىن ئانىسى ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئاندىن قالغاننىڭ ھەممىسىنى ئاتىسى ئالىدۇ. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن باشقا بارلىق ساھابىلەرنىڭ رايىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى بولسا، ئۇنى ئورۇنداپ، قەرزى بولسا، ئۇنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالدۇرغان مىراسىنى ئاللاھ تائالا تەۋسىيە قىلغان ئىسلام مىراس قانۇنى بويىچە تەقسىم قىلىڭلار. ئەگەر مېيىتنىڭ ھەم قەرزى ھەم ۋەسىيىتى بولسا، قەرز ۋەسىيەتنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى تۆلىنىدۇ. چۈنكى قەرزنى تۆلەش ۋەسىيەتنى يۈرگۈزۈشتىن مۇھىمدۇر. ئەمما ئايەتتە ۋەسىيەتنى قەرزدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى: ۋەسىيەت دېگەن مىراستىن ئېلىنىدىغان نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇ ۋارىسلارغا خۇش ياقمايدىغان بىر ئىش. شۇڭا، گەرچە قەرز ۋەسىيەتتىن بۇرۇن تۆلىنىدىغان بۇرچ بولسىمۇ، ۋەسىيەتكە ئەھمىيەت بېرىلسۇن ئۈچۈن، ئۇنى قەرزدىن ئاۋۋال كەلتۈرگەن.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر جاھىلىيەتتىكىدەك، ئاياللارنى، بالىلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، سىلەر ئىشنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلمەيسىلەر، ئەمما ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىدۇ ۋە سىلەرنى پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئىشلارغا ئەمەل قىلىش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ئەر-ئاياللارنىڭ ھەقلىرى

مېيىت ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى بولمىسا، ئوغلىنىڭ بالىسىمۇ بولمىسا، بۇ ئايالنىڭ ئېرى مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەگەر بۇ ئايالنىڭ ئوغلى ياكى ئوغلىنىڭ بالىسى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى مىراستىن تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ، قالغانلىرى ئايالنىڭ تۇغقانلىرىغا قالىدۇ. مەلۇمكى، مىراس مېيىتنىڭ ئۈستىدىكى قەرز ۋە ۋەسىيەتلەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر مېيىت ئەر بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى ياكى بالىسىنىڭ ئوغلىمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ مىراسىدىن تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ بالىسى ياكى بالىسىنىڭ بالىسى بولسا، ئايالى ئۇنىڭ مىراسىدىن سەككىزدىن بىرىنى ئالىدۇ، قالغىنى ۋارىسلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ. (مېيىتنىڭ بىردىن كۆپ ئايالى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئۆز ئارىسىدا ئۈلۈشىدۇ)

ئەگەر مېيىتنىڭ ئاتىسى ياكى ئاتىسىنىڭ ئاتىسىمۇ بولمىسا، بالىلىرى، ئوغۇللىرىنىڭ بالىلىرىمۇ بولمىسا، پەقەت ئانا بىر قېرىنداشلىرىدىن بىرەرسىلا بولسا، بۇ قېرىندىشى مىراستىن ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى بىردىن كۆپ بولسا، ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مېيىتنىڭ قەرزلىرى بولسا تۆلەپ، ۋەسىيەتلىرى بولسا ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ۋەسىيەتتە مىراسنىڭ ئۈچتىن بىردىن كۆپىنى ۋەسىيەت قىلىشقا ياكى يالغاندىن قەرزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، يوق قەرزنى تۆلەيمىز دەپ ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى، يوشۇرغانلىرىنى ۋە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاخىرەتتە ئۇلارغا شۇ بىلگىنىگە ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا جازاغا ھەقلىق بولغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاياللار بىلەن يېتىملەرگە مۇناسىۋەتلىك شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنى ۋە مىراس مەسىلىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئۆزى بېكىتكەن قانۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن چەتنەشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ھەزرىتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۈ تۇرغۇزىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ ئۇتۇقتۇر، كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر. جەننەت ياخشىلارنىڭ قارارگاھى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق سۈپەتلەپ بېرىش ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن نازۇنېمەتلەر بار.

ئەمما ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەرگە كەلسەك، ئۇلار يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دەھشەتلىك دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا خالىغان ۋاقىتقا قەدەر مەڭگۈلۈك قېلىپ دەردلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مىراس تەقسىماتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ۋە خىلاپلىق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

2. مىراستا بىردىن كۆپ سان كۆپلۈك ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا بىنائەن ئىككى سان كۆپلۈك سانىغا كىرىدۇ.

3. مىراستا بالىنىڭ بالىسىغا بالىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

4. ئاتا ئۆزىنىڭ مىراستىن تېگىشلىكىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، بەزى ھاللاردا ئاشقان مىراسقا ئىگە بولىدۇ.

5. مىراس ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئادالەتلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

6. مىراسنى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن بويىچە تەقسىم قىلىش پەرزدۇر، خىلاپلىق قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

7. مېيىتنىڭ ئۆز ۋارىسلىرىغا مىراسىنىڭ سىرتىدا پۇل – مال بېرىشكە

ۋەسىيەت قىلىشى توغرا ئەمەس. شۇنداق ۋەسىيەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ، بۇ ۋەسىيەت يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئەمما مېيىت ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بولمىغان بىرىگە پۇل - مېلىدىن بىرىشىنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ مېيىتنىڭ تەرىكىسىنىڭ (مىراسىنىڭ) ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىق شەرتى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

**8.** ۋارىسلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش نىيىتى بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ۋەسىيەت يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

**9.** ۋارىسلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، يوق قەرزنى ئويدۇرۇپ چىقىقۇچىلارغا قەتئىي يول قويماسلىق لازىم. ۋارىسلارنىڭ خەۋىرى بولمىغان بىر قەرزنى ئېتىراپ قىلىشتا، مېيىتنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن گۇۋاھچىلار ئالدىدىكى ئۆز ئىقرارى ياكى ئۆزىنىڭ قولى قويۇلغان ئىقرارنامىسى كۈچكە ئىگىدۇر.

**10.** ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرگەنلەر نازۇ - نېمەتلىك جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلار يىقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىدۇ.

## ◄ زىنا ۋە ئۇنىڭ جازاسى

﴿وَٱلَّٰتِي يَأۡتِينَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مِن نِّسَآئِكُمۡ فَٱسۡتَشۡهِدُواْ عَلَيۡهِنَّ أَرۡبَعَةً
مِّنكُمۡۖ فَإِن شَهِدُواْ فَأَمۡسِكُوهُنَّ فِي ٱلۡبُيُوتِ حَتَّىٰ يَتَوَفَّىٰهُنَّ ٱلۡمَوۡتُ
أَوۡ يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لَهُنَّ سَبِيلٗا ١٥ وَٱلَّذَانِ يَأۡتِيَٰنِهَا مِنكُمۡ فَـَٔاذُوهُمَاۖ
فَإِن تَابَا وَأَصۡلَحَا فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ تَوَّابٗا رَّحِيمًا ١٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**15**ـ ئاياللىرىڭلار ئىچىدە پاھىشە قىلغانلار كۆرۈلسە، (بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە، تاكى ئۇ ئاياللار ۋاپات بولغانغا ياكى ئاللاھ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇڭلار.

**16**ـ ئىچىڭلاردىن پاھىشە قىلغان ھەر ئىككى كىشىنى جازالاڭلار؛ ئەگەر

ئۇلار تەۋبە قىلسا ۋە (ئۆزىنى) ئىسلاھ قىلسا، ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار[1]. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

## ◄ تەپسىرى

شۈبھىسىزكى، زىنا-پاھىشە ئىنتايىن قەبىھ قىلىق، ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ۋە رەزىل قىلمىشتۇر. بىراۋنى زىنا قىلدى دەپ جازالاش ئۈچۈن ئادالەتلىك، راستچىل تۆت ئەر گۇۋاھچىنىڭ ئەينەن كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى ياكى زىنا قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنى تۆت قېتىم ئېتىراپ قىلىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچىلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئاراڭلاردىكى ئاياللاردىن بىرەرسى زىنا قىلدى دەپ ئەيىبلەنسە، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۆت ئەر گۇۋاھچىنى گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىڭلار. چۈنكى زىنا پۈتۈن ئۈممەتنى چىرىتىدىغان ۋە كاردىن چىقىرىدىغان ئەڭ خەتەرلىك بىر ئىجتىمائىي كېسەللىكتۇر. گۇۋاھچىلار ئايالنىڭ راستتىنلا زىنا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقسا، زىنا قىلغان ئاياللىنى ئۇ ئۆلگەنگە ياكى ئاللاھ ئۇلارغا چىقىش يولى بەرگەنگە يەنى ياتلىق بولۇپ، بۇنداق رەزىل ئىشتىن قول ئۈزگەنگە ياكى ھەققىدە باشقا ھۆكۈم كەلگەنگە قەدەر ئۆيدە تۇتۇڭلار. چۈنكى زىناخورلار جەمئىيەتكە كېسەل پەيدا قىلىدىغان ۋە ئەخلاقنى بۇزىدىغان مىكروبلاردۇر.

يۇقىرىقى زىنا توغرۇلۇق كەلگەن ئىككى ئايەت ئۈستىدە ئىككى خىل قاراش بار: ئۇلارنىڭ بىرى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلارغا كۆرە: بىرىنچى ئايەتتە بايان قىلىنغان زىنادىن مەقسەت ياتلىق بولغان تۇرۇقلۇق زىنا قىلغان ئاياللاردۇر. ئىككىنچى ئايەتتىكى زىنادىن مەقسەت تېخى ياتلىق بولمىغان قىزلار ئىچىدىن زىنا قىلغانلاردۇر. شۇڭا كېيىنكىسىنىڭ جازاسى ئالدىنقىسىنىڭكىدىن يېنىكرەك بولغان. نېمىلا بولمىسۇن يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ھۆكۈم نۇر سۈرىسىنىڭ 2-ئايىتىدىكى ﴿ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِي فَٱجۡلِدُواْ كُلَّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا مِاْئَةَ جَلۡدَةٖۖ﴾ يەنى ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەربىرىنى يۈز قامچا ئۇرۇڭلار﴾ دېگەن يېڭى ھۆكۈم ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ

---

[1] بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، «نۇر» سۈرىسىنىڭ 2-ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

زىنا قىلغانلىقتىن ئۆيلىرىگە مەھبۇس بولغان ئاياللارغا چىقىش يولى بەرگەنلىكىدۇر.

«ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دېگــەن: ‹نــۇر سۈرىسى نازىل بولغانغا قەدەر ھۆكۈم شۇنداق داۋاملاشقان، ئاللاھ تائالا نۇر سۈرىسىنى نازىل قىلىپ دەررە ئۇرۇش ياكى رەجىم قىلىش دېگەن ھۆكۈمنى بەلگىلەش ئارقىلىق بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان›. ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، ئەتائ، قەتادە، زەيد ئىبنى ئەسلەم، زەھھاك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زىنا ـ خەتىرى ئىنتايىن چوڭ، گۇناھى ناھايىتى ئېغىر بولغان بىر ئىجتىمائىي كېسەللىكتۇر.

2. يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھۆكمى نۇر سۈرىسىدىكى زىنا توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەر ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

3. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەكمۇ مېھرىبان بولۇپ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

### ◄ تەۋبە قاچان قوبۇل بولىدۇ؟

﴿إِنَّمَا ٱلتَّوْبَةُ عَلَى ٱللَّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ فَأُوْلَٰٓئِكَ يَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ١٧ وَلَيْسَتِ ٱلتَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ ٱلْـَٰٔنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ١٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

17 ـ ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە پەقەت يامانلىقنى نادانلىقتىن

---

[1] «تفسير ابن كثير» 2 ـ توم، 80 ـ بەت.

قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزۈنىغا قالماي تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

18ـ داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا بىز قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.

## تەپسىرى

تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەنئام سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿أَنَّهُۥ مَنْ عَمِلَ مِنكُمْ سُوٓءًۢا بِجَهَٰلَةٍ ثُمَّ تَابَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَصْلَحَ فَأَنَّهُۥ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ يەنى ﴿سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە ئۆزىنى تۈزەتسە (ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىدۇ)، چۈنكى ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن شەپقەتلىكتۇر﴾[1].

تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى بىلىپ ـ بىلمەي بىرەر گۇناھنى سادىر قىلىپ قويغاندىن كېيىن، بۇنداق گۇناھ ئىشنى داۋاملاشتۇرماي، دەرھال تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى ۋە ئەمەلىنى تۈزىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق سادىر قىلغان گۇناھىنىڭ تەۋبىسىدۇر. ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېۋالغانلىق، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقانلىق، ئۇلارغا تۆھمەت قىلغانلىق قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرتتۇر. كۆپ ھاللاردا ئىنسان خاتالىشىدۇ، بەزىدە گۇناھ ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ ھەقىقەتكە قايتقان كىشى ـ ئەگەر گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنسا ـ خۇددى ھېچ گۇناھ قىلمىغاندەك بولىدۇ. گۇناھ ھەرقانچە ئاددىي ۋە كىچىك گۇناھ بولسىمۇ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىش ۋە ئۇنىڭدىن قول ئۈزمەسلىك بىلەن بۇ كىچىك گۇناھلار چوڭ ۋە خەتەرلىك گۇناھلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، گۇناھتىن دەرھال قول ئۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. گۇناھلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش ۋە ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلىش ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

[1] ئەنئام سۈرىسى: 54ـ ئايەت.

بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشكە ۋەدە قىلغان زات-ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە تەبىئىتىنى ئوبدان بىلىدۇكى، ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ، شەيتان ئۇنى بەزىدە ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر تەۋبە بولمىغان بولسا ئىدى، كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكتىن، قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن ۋە گۇناھ پاتقاقلىرىدا ھالاك بولغان بولاتتى. شۇڭا دېمەزكى، ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھلارغا تەۋبە قىلىشنى بۇيرۇغانلىقى ۋە سەممىي تەۋبە قىلغۇچىلارنى كەچۈرۈشكە ۋەدە قىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان چەكسىز مېھىر- شەپقىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەمما گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلىۋەرگەنلىكتىن، قەلبى قارىيىپ كەتكەن، تەۋبە قىلىشنى خالىمىغان ۋە توغرا يولغا كىرمىگەنلەرنى ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قانداقمۇ كەچۈرسۇن؟! ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇ-رۇۋەرسە، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلمىسا، ئاندىن ئۆلۈم كەلگەندە، سەكراتتا، يەنى گۇناھ قىلالمايدىغان، ياخشى ئەمەلمۇ قىلالمايدىغان بىر شارائىتتا تەۋبە قىلدىم دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن؟!

بۇ ئايەتلەردە، پۈرسىتى بار ۋاقتىدا تەۋبە قىلماي، جېنى ھەلقۇمغا يەتكەندە تەۋبە قىلىشقا ئۇرۇنغانلار ئىمان ئېيتماي ئۆلگەن كاپىرلارغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەۋبە قىلغان ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەۋبىسى ۋە ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا كەچۈرۈشكە ۋەدە قىلغان تەۋبە بىلمەستىن قىلىپ قويغان ۋە ئارقىدىنلا پۇشايمان قىلىپ ئۇنىڭدىن يانغان كىشىلەرنىڭ قىلغان تەۋبىسىدۇر.

2. جان ھەلقۇمغا يەتكەنگە قەدەر تەۋبىنىڭ ئىشىكى ئوچۇقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ اللَّهَ يَقْبَلُ تَوْبَةَ العَبْدِ مَا لَمْ يُغَرْغِرْ» يەنى «ئاللاھ جېنى ھەلقۇمغا يەتمىگەنلا كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل

قىلىۋېرىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. تەۋبىنى جان ھەلقۇمغا يەتكەن ۋاقىتقىچىلىك كېچىكتۈرگەنلەرنىڭ تەۋبىگە مۇۋەپپەق بولالماي ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى چوڭدۇر.

3. ھاياتىدا ئىمان ئېيتماي سەكراتقا چۈشكەندىن كېيىن جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ بۇ ئىمانى قەتئىي قوبۇل ئەمەس. بۇ خۇددى پىرئەۋننىڭ ئىمانىغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولغان ۋە جان تۇمشۇقىقا يەتكەن ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمانىنى قوبۇل قىلمىغان.

## ◄ ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا يَحِلُّ لَكُمۡ أَن تَرِثُواْ ٱلنِّسَآءَ كَرۡهٗاۖ وَلَا
تَعۡضُلُوهُنَّ لِتَذۡهَبُواْ بِبَعۡضِ مَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ
مُّبَيِّنَةٖۚ وَعَاشِرُوهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ فَإِن كَرِهۡتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰٓ أَن تَكۡرَهُواْ
شَيۡـٔٗا وَيَجۡعَلَ ٱللَّهُ فِيهِ خَيۡرٗا كَثِيرٗا ١٩ وَإِنۡ أَرَدتُّمُ ٱسۡتِبۡدَالَ زَوۡجٖ
مَّكَانَ زَوۡجٖ وَءَاتَيۡتُمۡ إِحۡدَىٰهُنَّ قِنطَارٗا فَلَا تَأۡخُذُواْ مِنۡهُ شَيۡـًٔاۚ
أَتَأۡخُذُونَهُۥ بُهۡتَٰنٗا وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ٢٠ وَكَيۡفَ تَأۡخُذُونَهُۥ وَقَدۡ أَفۡضَىٰ
بَعۡضُكُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ وَأَخَذۡنَ مِنكُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ٢١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

19ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس ئورنىدا قىلىۋېلىشىڭلار سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق قەبىھ ئىشنى قىلمىغانلا بولسا، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

20ـ ئەگەر سىلەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، (قويۇۋەتمەكچى بولغان) خوتۇنغا كۆپ تويلۇق بەرگەن

[1] «سنن الترمذي» 5ـتوم، 547ـبەت، 3537ـھەدىس.

بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوپئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالامسىلەر؟!

21-ئۆزئارا بىر يەردە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئۇ خوتۇن سىلەردىن مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟!

## ◄ تەپسىرى

ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللارغا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان پۇل-مالغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىناتتى. ھەتتا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنى ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى ئۆز مۈلۈككە ئايلاندۇرۇۋالاتتى. خالىسا ئۇ ئايالنى ئۇنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالاتتى، خالىسا ئۇنى زورلاپ باشقا بىرىگە ياتلىق قىلاتتى.

ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە: «كَانُوا إِذَا مَاتَ الرَّجُلُ كَانَ أَوْلِيَاؤُهُ أَحَقَّ بِامْرَأَتِهِ ، إِنْ شَاءَ بَعْضُهُمْ تَزَوَّجَهَا وَإِنْ شَاءُوا زَوَّجُوهَا ، وَإِنْ شَاءُوا لَمْ يُزَوِّجُوهَا فَهُمْ أَحَقُّ بِهَا مِنْ أَهْلِهَا ، فَنَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ فِي ذَلِكَ» يەنى «جاھىلىيەتتە بىر ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئايالىنى خالىغانچە قوللىناتتى، خالىسا ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالاتتى، خالىسا باشقىلارغا نىكاھلاپ قوياتتى ۋە خالىسا ئۇنى ياتلىق بولۇشتىن مەنئى قىلاتتى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئۆزلىرىنى ئۇ ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسىدىنمۇ ھەقلىق دەپ بىلەتتى. بۇ يامان ئادەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن بۇ ئايەت نازىل بولغان»[1].

«جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان يامان ئادەتلەر بار ئىدى. مەسىلەن: بىراۋ پۇل-مېلى بار بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئايال ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئايالنىڭ مىراسىنى ئېلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بەرمەي ئۇ ئايالنى قىيناپتتى ياكى ئۇ ئايالنى ئاجرىشىش بەدىلىگە پۇل-مال بېرىشكە قىستايتتى. يەنە بەزىلەر ئايالىدىن ئايرىلماقچى بولسا، ئۇنى «زىنا قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئېرىگە پۇل-مال تۆلەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپاتتى. يۇقىرىقى ئايەتلەر جاھىلىيەتتىكى بارلىق رەزىل ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە قەدىر-قىممىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇپ، ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن بىر ئورۇندا

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 44-بەت، 4579-ھەدىس.

قويۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ھاياتتىكى باراۋەر شېرىكلەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئون تۆت ئەسىردىن بېرى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ياخشى ئادەتلەرنى سىڭدۈرۈپ كەلمەكتە. چۈنكى ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھىي دەستۇردۇر»[1].

ئى ئىمان بىلەن زىننەتلەنگەن، ئىمان چىن دىلىدا ئورۇن ئالغان كىشىلەر! ئاياللارغا جاھىلىيەتنىڭ مۇئامىلىلىرىنى قىلىپ، ئۇلارنى مال - مۈلۈك ئورنىدا كۆرۈشۈڭلار، ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان ئىشلارغا زورلىشىڭلار ۋە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مىراس ئورنىدا كۆرۈشۈڭلار توغرا ئەمەس، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ «مۇئمىن»لىك شەنىڭلارغا ھەرگىز ياراشمايدۇ. شۇڭا مۇنداق قىلىشنى قەتئىي تەرك ئېتىڭلار.

ئاياللارنى پۇل-مال بېرىشكە قىستاپ، ئۇلارغا بەرگەن مەھرى ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلاش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان ئىشلارغا زورلاش قەتئىي ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَاتَّقُواْ اللَّهَ فِي النِّسَاءِ فَإِنَّكُمْ أَخَذْتُمُوهُنَّ بِأَمَانِ اللَّهِ وَاسْتَحْلَلْتُمْ فُرُوجَهُنَّ بِكَلِمَةِ اللَّهِ وَلَكُمْ عَلَيْهِنَّ أَنْ لَا يُوطِئْنَ فُرُشَكُمْ أَحَدًا تَكْرَهُونَهُ فَإِنْ فَعَلْنَ ذَلِكَ فَاضْرِبُوهُنَّ ضَرْبًا غَيْرَ مُبَرِّحٍ وَلَهُنَّ عَلَيْكُمْ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ» يەنى «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ مۇبارەك كەلىمىسى بىلەن ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەر يامان كۆرىدىغان ئادەمنى ئۆيۈڭلەرگە كىرگۈزمەسلىكىدۇر. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا ئەدەپلەپ قويۇڭلار. ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى بولسا قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم -كېچەك قاتارلىق چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشۈڭلاردۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋە دىللىرى ئىمان بىلەن پارلىغان كىشىلەرنىڭ بىر تۆشەككە باش قويغان، بىر-بىرىنىڭ سىر-ئەسرارلىرىغا ئورتاقلاشقان، ھاياتنىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇق لەھزىلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ئاياللىرىغا مال-دۇنياسى دەپ ئازار قىلىشى ۋە زىيانكەشلىك قىلىشى

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 351- بەت.

[2] «صحيح مسلم» 2-توم، 886-بەت، 1218-ھەدىس، «السنن الكبرى للبيهقي» 7-توم، 481-بەت، 14724-ھەدىس.

توغرا بولامدۇ؟ ھەرگىز توغرا بولمايدۇ. ئايال ئېرىنىڭ ئىتائىتىدە بولۇپ، ئېرىگە ساداقەتمەن بولغان ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىغان ئىكەن، ھېچ بىر يول بىلەن ئۇ ئايالغا زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ ئېرىگە خىيانەت قىلىپ، باشقا ئەر بىلەن بىنورمال ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ھارام - زىنا ئىشلارنى قىلغانلىقى شەكسىز دەرىجىدە ئېنىق ئىسپاتلانغان چاغدا، ئۇنىڭغا شەرىئەتتە بۇيرۇلغان چارىلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاياللىرىڭلار بىلەن ياخشى ئۆتۈڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەنلىرى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار. ساغلام تەبىئەت ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە ناچار سانالغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، مۇسۇلمانلىقنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىڭلار. پۇل-مېلىڭلارنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي، ئىسراپ قىلماي، بەكمۇ بېخىللىق قىلماي، نورمال خىراجەت قىلىڭلار. ئاياللار سىلەرنىڭ دىلداشلىرىڭلار، يالغۇزلۇقتا ھەمراھلىرىڭلار، قىيىنچىلىقتا ياردەمچىلىرىڭلار ۋە ئەڭ يېقىن سىرداشلىرىڭلاردۇر. ئۇلار بىلەن ھەر ئىشتا كېڭىشىڭلار. ئاياللىرىڭلارنىڭ بەزى يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى يامان كۆرسەڭلارمۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ۋە سىلەرگە ياقىدىغان تەرەپلىرى كۆپتۇر. ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەرنى رەنجىتىپ قويىدىغان بىرەر يامان ئەخلاقى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلاڭلار، سەۋر قىلىڭلار، ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى سىلەر ياقتۇرغان نەرسىلەر سىلەر ئۈچۈن يامانلىق ۋە سىلەر يامان كۆرگەن نەرسىلەر سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، بەلكى سىلەر ياقتۇرمىغان ئاياللار ئەقىللىق ۋە پەخىرلىنەرلىك پەرزەنتلەرنى تۇغۇپ بېرىشى، ئۆي ئىچىدە سىلەرنى خاتىرجەم ۋە بەختلىك قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاياللىرىڭلارنى پاھىشىدىن باشقا گۇناھ بىلەن قويۇپ بېرىپ، ئورنىغا باشقىسىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالساڭلار، ئايرىلغان ۋاقىتتا ئاياللىرىڭلارغا بۇرۇن قانچىلىك كۆپ تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنى ھەرگىز قايتۇرۇۋېلىش كويىدا بولماڭلار، قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماڭلار. چۈنكى ئۇ سىلەرگە خىيانەت قىلمىغان ئىكەن، سىلەرمۇ ئۇنىڭ پۇل-مېلىغا كۆز تىكمەڭلار ۋە بەرگەنلىرىڭلارنى قايتۇرۇۋېلىش تەمەسىدە بولماڭلار.

سىلەر ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار خۇددى بىر بەدەنگە ئايلانغان، بىر-بىرىڭلاردىن مەنپەئەتلەنگەن ۋە ئاتا-ئانا ياكى ھېچبىر يېقىن قېرىنداشقا

دېمەيدىغان سىرلارنى بىر-بىرىڭلار بىلەن بىلىشىدىغان تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاياللىڭلارغا بۇرۇن بەرگەن مەھرى ھەققىنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا بولىسىلەر، قانداقمۇ ئۇلارغا بۇنچىلىك يۈزسىزلىك قىلىسىلەر؟ ئاراڭلار-دىكى ئەر- خوتۇنلۇق رىشتىسىدىن ئىبارەت «مۇستەھكەم ئەھدە»نى قانداقمۇ ئاددىي سانايسىلەر؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنى جاھىلىيەتتىكى نىكاھلىنىش ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئادالەتلىك ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلىگەن.

2 ئاجراشماقچى بولغان ئاياللارنى پۇل-مال بېرىشكە قىستاش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ تالاق سۆزىنى بېرىشىنى ئارقىغا سوزۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. زۇلۇمنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ.

3. مەھرى مىقدارى ھەر شەھەردە ئادەت بولۇپ ئېقىۋاتقان مەھرى مىقدارى بويىچە بولىدۇ. مەھرىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنىڭ چېكى يوقتۇر. ئەمما توي مەھرىنىڭ يېنىك بولغىنى ياخشىدۇر.

4. ئەر-خوتۇنلۇق رىشتىسى مۇقەددەستۇر. ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش لازىم.

## ◄ نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

﴿وَلَا تَنكِحُواْ مَا نَكَحَ ءَابَآؤُكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَۚ
إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةً وَمَقْتًا وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٢٢﴾ حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَٰتُكُمْ
وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَٰتُكُمْ وَعَمَّٰتُكُمْ وَخَٰلَٰتُكُمْ وَبَنَاتُ ٱلْأَخِ وَبَنَاتُ
ٱلْأُخْتِ وَأُمَّهَٰتُكُمُ ٱلَّٰتِيٓ أَرْضَعْنَكُمْ وَأَخَوَٰتُكُم مِّنَ ٱلرَّضَٰعَةِ
وَأُمَّهَٰتُ نِسَآئِكُمْ وَرَبَٰٓئِبُكُمُ ٱلَّٰتِي فِي حُجُورِكُم مِّن نِّسَآئِكُمُ
ٱلَّٰتِي دَخَلْتُم بِهِنَّ فَإِن لَّمْ تَكُونُواْ دَخَلْتُم بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ
وَحَلَٰٓئِلُ أَبْنَآئِكُمُ ٱلَّذِينَ مِنْ أَصْلَٰبِكُمْ وَأَن تَجْمَعُواْ بَيْنَ ٱلْأُخْتَيْنِ
إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٢٣﴾﴾

## تەرجىمىسى

22-ئاتىلىرىڭلار ئالغان خوتۇنلارنى ئالماڭلار، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېلىپ سالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ)، چۈنكى بۇ تولىمۇ قەبىھ ئىشتۇر، سەسكىنىشلىك قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!

23-سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ئىنىكئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر تۆشەكتە بولغان خوتۇنلىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا (ياكى باشقا ئۆيلەردە) ئۆسكەن قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن (نىكاھلىنىپ تېخى) بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇ قىزلارنى ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان ئوغۇللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئاچا-سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قىلمىشلار ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللارنى بايان قىلغان. ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە، بىراۋ ئۆلۈپ كېتىپ ئايالى قالسا، بۇ ئايال ئۆگەي بالىلىرىنىڭ مىراسىغا ئايلىناتتى، خالىسا ئۇنى ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرەرسى نىكاھىغا ئالاتتى، خالىسا باشقىلارغا نىكاھلاپ قوياتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان خوتۇنلارنى ئالماڭلار﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر ئايالنى ئاتاڭ ياكى بالاڭ نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولغان بولسۇن ياكى بولمىغان بولسۇن، ئۇ ئايال ساڭا ھارامدۇر»[1]. «ئايەتتىكى ﴿ئاتىلىرىڭلار﴾ دېگەن سۆز ئاتىلار، ئاتىلارنىڭ ئاتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردىن قايسىبىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن ياكى ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغان ئايالىنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئېلىشى ھارامدۇر. جاھىلىيەتتە بىلمەستىن قىلىپ قويغانلار ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ

[1] «تفسير الطبري» 8-توم، 135-136-بەت.

ئايەت كەلگەندىن كېيىن بۇنداق قىلىش ئەڭ ئېغىر پاھىشە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا شۇنىڭدىن كېيىن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللارنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەسلىلەر (يەنى ئانىلار، موملار) ۋە پەرئىلەر (يەنى قىزلار، قىزلارنىڭ قىزلىرى ۋە ئوغۇللارنىڭ قىزلىرى).

2. بىراۋ ئۆزىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىدىن بىرەرسى بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ. مەيلى بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان ئاچا-سىڭىللىرى بولسۇن، مەيلى ئاتا ياكى ئانا تەرىپىدىن بولغان ئاچا-سىڭىللىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئانا تەرەپ ياكى ئاتا تەرەپ ھامما ئاچىلار ۋە ئاتىنىڭ ياكى ئانىنىڭ ھامما ئاچىلىرى بىلەنمۇ نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ.

3. ئېمىلداشلىق سەۋەبلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغانلار:

قانداقلا بىر بوۋاق بىر ئايالنى ئەمگەن بولسا، بۇ ئايال شۇ بوۋاقنىڭ ئىنىكئانىسى (ياكى سۈت ئانىسى) بولۇپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەمگۈچى ئېمىتكۈچى ئايالنى ياكى ئۇنىڭ قىزلىرىنى، ھەتتا نەۋرە قىزلىرىنىمۇ نىكاھىغا ئالالمايدۇ. چۈنكى ئېمىتكۈچى ئۇنىڭ ئانىسى، ئېمىتكۈچىنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئېمىلداشلىق توغرۇلۇق فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايانلار بار. شۇنىڭغا قارالسۇن.

4. قۇدا-باجىلىق سەۋەبلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار:

بىراۋ ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئالالمايدۇ. ئايالىنىڭ مومىسىمۇ بۇ ھۆكۈمدە ئانىسىغا ئوخشاشتۇر. ھەتتا بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىپ ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماستىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئايالنىڭ ئانىسىغا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا بىراۋ ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزىغا ئۆيلىنەلمەيدۇ. ئەمما بىراۋ بىر ئايال بىلەن نىكاھلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي تەرەپتىن بىرگە بولۇشتىن بۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسە بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كېلىنىگە ئۆيلىنىشكىمۇ بولمايدۇ، يەنى ئۆز بالىسىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالىغا ئۆيلىنىش ھارامدۇر.

5. ۋاقىتلىق سەۋەبلەر بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار:

---

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 354-بەت.

ئاچا-سىڭىللارنى (يەنى ئىككى قېرىنداش قىزنى مەيلى ئۇلارنىڭ ئانىسى بىلەن ئانىسى بىر بولسۇن، ياكى ئاتىسى ياكى ئانىسى بىر بولسۇن) بىر نىكاھتا تۇتۇشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا بىر ئايالنى ئۇنىڭ تاغا ئاچىسى بىلەن بىر نىكاھتا تۇتۇشقىمۇ بولمايدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ تاغا ئاچىسىنى ئېلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئايالىدىن ئايرىلىش بىلەنلا بۇ چەكلىمە ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿لېكىن، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قىلمىشلار ئەپۇ قىلىنىدۇ﴾ دېگەن سۆزى ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلىنغان نىكاھلار سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. بىراق كىشىلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى بۇنداق نىكاھلىرىدىن ئايرىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىسى بىلەن نىكاھلىنىش ۋە ئاچا-سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشتىن باشقا ئىشلاردا ئاللاھ چەكلىگەننى چەكلەيتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ﴿وَلَا تَنكِحُوا۟ مَا نَكَحَ ءَابَآؤُكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ...﴾، ﴿وَأَن تَجْمَعُوا۟ بَيْنَ ٱلْأُخْتَيْنِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ﴾ دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان»[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جاھىلىيەتتىكى نىكاھ قائىدىلىرىدىن ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ، ھەممىسى ھارامدۇر. خۇسۇسەن، ئاتىنىڭ خوتۇنى باللارغا ھارامدۇر. مەسىلەن: بىراۋ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشقان بولسۇن ياكى يېقىنلاشماي ئايرىلغان بولسۇن، بۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ باللىرى ۋە باللىرىنىڭ باللىرى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھارامدۇر.

2. نەسەب سەۋەبلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار: ئانىلار، قىزلار، ھەمشىرىلەر، ھامما ئاچىلار، قېرىنداشلارنىڭ قىزلىرىدۇر.

3. ئېمىلداشلىق سەۋەبلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار: ئەمگۈچىنىڭ سۈت ئانىسى ۋە ئۇ سۈت ئانىسىنىڭ قىزلىرى، ھەمشىرىلىرى، ھامما ئاچىلىرى ۋە ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ قىزلىرىدۇر.

4. قۇدا-باجىلىق سەۋەبلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار:

[1] «تفسير الطبري» 8-توم، 133-بەت.

ئاتىسىنىڭ ئايالى (گەرچە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولسىمۇ)، ئايالىنىڭ ئانىسى (گەرچە قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولسىمۇ)، ئايالىنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزى (ئەگەر ئانىسى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولسا، بۇ قىز ئۇنىڭغا هالالدۇر). بالىسىنىڭ ئايالى (بىراۋ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشقان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ ئايال ئۇ كىشىنىڭ ئاتىسىغا هارامدۇر). شۇنداقلا ئېمىلداشلىق سەۋەب بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار نەسەب سەۋەبلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللارغا ئوخشاشتۇر.

## ◄ نىكاھنىڭ ئەھكاملىرى

﴿وَٱلْمُحْصَنَٰتُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُكُمْ ۖ كِتَٰبَ ٱللَّهِ
عَلَيْكُمْ ۚ وَأُحِلَّ لَكُم مَّا وَرَآءَ ذَٰلِكُمْ أَن تَبْتَغُوا۟ بِأَمْوَٰلِكُم
مُّحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَٰفِحِينَ ۚ فَمَا ٱسْتَمْتَعْتُم بِهِۦ مِنْهُنَّ فَـَٔاتُوهُنَّ
أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةً ۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا تَرَٰضَيْتُم بِهِۦ مِنۢ بَعْدِ
ٱلْفَرِيضَةِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٢٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

24-ئېرى بار ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە هارام قىلىندى. پەقەت (ئۇلجا ئارقىلىق) قولۇڭلارغا ئۆتكەن ئېرى بار ئاياللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ ئاللاهنىڭ سىلەرگە بەلگىلىگەن هۆكمىدۇر. بۇلاردىن باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئېپىپەتلىك بولغان هالىتىڭلاردا، مال-مۈلۈكۈڭلاردىن مەهرىنى بېرىپ، نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار هالال قىلىندى. ئاياللاردىن قايسىنى نىكاھلاپ ئېلىپ پايدىلانساڭلار، ئۇنىڭغا (نىكاھتا) بېكىتىلگەن مەهرىنى بېرىڭلار، مەهرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەهرى توغرىسىدا ئۆز ئارا پۈتۈشكەن بولساڭلار، سىلەرگە هېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ هەممىنى بىلگۈچىدۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئىككى ئايەتتە، نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان

ئايالالرنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە ئېرى بار ئايالالرنى ئېلىشنىڭمۇ جائىز ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئېرى بار ئايالنى ئېلىش قەتئىي هارامدۇر. پەقەت جىهادتا ئولجا ئېلىنغان ئايالالر ئولجا ئالغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن هاالالدۇر. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەلالھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «ئوتاس غازىتىدا كاپىرالر تەرەپتىن بىر قانچە ئايالنى ئولجا قىلىپ ئالدۇق، لېكىن ئۇالرنىڭ ئەرلىرى بولغانلىقتىن، ئۇالرنى ئېلىشتا ئىككىلىنىپ قېلىپ رەسۇلۇلالھتىن سورىدۇق. شۇ چاغدا ئالالھ تائاال رەسۇلۇلالھقا ﴿ئېرى بار ئايالالرنى ئېلىشمۇ سىلەرگە هارام قىلىندى. پەقەت (ئولجا ئارقىلىق قولۇڭالرغا ئۆتكەن ئېرى بار ئايالالر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇالرنى ئۆزىمىزگە هاالل قىلدۇق»[1].

◄ تەپسىرى

ئالالھ تائاال ئولجا ئېلىنغان كاپىر ئايالالرنى ئايلىق ئادەتلىرىدىن پاكلىنىپ، بالياتقۇلىرى تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئېلىشنى هاالل قىلدى. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە بۇنىڭغا يەنە بىر شەرتنى قوشقان. ئۇ بولسىمۇ، ئولجا ئېلىنغان كاپىر ئايالنىڭ ئېرى يوق هالەتتە ئەسىرگە چۈشكەن بولۇشىدۇر. ئەگەر ئېرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، بۇ ئايال ئېرىدىن باشقىسىغا هاالل ئەمەس.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: قۇل قىلىش ئىسالمنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان بىر ئىش. ئىسالم دىنى قانداقالرچە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ؟ جاۋاب: «قۇرئان كەرىم»نىڭ هېچقانداق بىر ئايىتىدە كىشىلەرنى قۇل قىلىشقا تەرغىب قىلىدىغان هۆكۈم يوق. ئەكسىچە، ئىسالم دىنى قۇلالرنى ئازاد قىلىشنى ئىبادەت، گۇناهالردىن پاكلىنىش ئۈچۈن كاپارەت قىلىپ بەلگىلەش ئارقىلىق قۇللۇقنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما ئەسىرلەرنى قۇل قىلىش ياكى قويۇپ بېرىش مەسىلىسى هەر دەۋر ئىسالم دۆلەتلىرىدىكى ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ ئىجتىهادى ۋە رايىغا تاپشۇرۇلغان ئىشتۇر. ئۇالر بۇ ئىشنى دۆلەتنىڭ ۋە مۇسۇلمانالرنىڭ، شۇنداقال ئەسىرلەرنىڭ مەنپە-ئەتىگە ئۇيغۇن يوسۇندا بىر تەرەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد سۈرىسىدە: ﴿فَإِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَضَرْبَ ٱلرِّقَابِ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَثْخَنتُمُوهُمْ

[1] «مسند الإمام أحمد» 18-توم، 224- بەت، 11691- هەدىس.

﴿فَشُدُّوا۟ ٱلْوَثَاقَ فَإِمَّا مَنًّۢا بَعْدُ وَإِمَّا فِدَآءً حَتَّىٰ تَضَعَ ٱلْحَرْبُ أَوْزَارَهَا﴾ يەنى ﴿سىلەر (جەڭ مەيدانىدا) كاپىرلار بىلەن ئۇچرىشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا (قىلىچ بىلەن) ئۇرۇڭلار، سىلەر ئۇلارغا ئېغىر زەربە بېرىپ ھالسىراتقان چاغدا، (ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى) مەھكەم باغلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، (كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ياكى سۈلھى بىلەن) ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئىش مۇشۇنداق بولىدۇ﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن

ئاللاھ تائالانىڭ ئەسىرلەر توغرۇلۇق بەلگىلىگەن ھۆكۈملىرىدە ئاياللارنىڭ مەنپەئەتى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش غايە قىلىنغان. چۈنكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنىڭ كۆپرەكىنىڭ ئەرلىرى ئۆلگەن بولىدۇ ياكى تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئۇلار ئۆز ئەرلىرىگە قايتالمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدىكى ئاياللارنى بىرەر شەخس ئىگىدارچىلىقىغا ئالماستىن تاشلىۋەتكەندە، بۇ ئاياللار ئىگىسىز قېلىپ، خارلىنىشقا، بوزەك قىلىنىشقا ۋە ئېزىلىشكە ئۇچرىشى ياكى جەمئىيەتنى بۇزۇشى (بۇلغىشى) مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن بىر ئەرنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇش ئەۋزەلدۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئېرى بار ئاياللارنى ئېلىشنى قەتئىي ھارام قىلىدۇ. پەقەت ئولجا ئېلىنغان كاپىر ئاياللارنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىشنى جائىز سانايدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دىنى قۇللۇقنى تەرغىب قىلمايدۇ، ئەكسىچە، قۇل ئازاد قىلىشنى ئىبادەت ۋە كۆپلىگەن گۇناھلارنىڭ، جىنايەتلەرنىڭ ۋە خاتالىقلارنىڭ يۇيۇلۇشى ئۈچۈن كاپارەت ھېسابلايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللاردىن باشقىلىرىنى نىكاھلاپ ئېلىش ھالال قىلىندى. ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال باشقا ئەرگە مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن تېگىپ، كېيىن قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئېرىدىن ئايرىلمىغۇچە بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ، كاپىر ئايالمۇ مۇسۇلمان بولمىغۇچە مۇسۇلمان كىشىنىڭ نىكاھىغا ئۆتەلمەيدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆيلىنىشكە قاتتىق تەشەببۇس

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 4- ئايەت.

قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىشى، زىنا-پاھىشىلەردىن يىراق تۇرۇشى، نەتىجىدە نەسلىنى ھارامدىن ساقلىشى ئۈچۈندۇر. ئاياللارنىڭ نىكاھ ۋاقتىدا بېكىتىلگەن مەھرى ھەقلىرىنى تولۇق بېرىش ئەرلەرنىڭ ئۈستىكى پەرز ھەم قەرزدۇر. ئەگەر ئايال بەلگىلىنىپ بولغان مەزكۇر مەھرى ھەققىنى ئېلىشتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋاز كەچسە ياكى يېرىمىنى كەچۈرۈۋەتسە، ئېرى ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھالال بولىدۇ. شۇنداقلا ئەر بەلگىلەنگەن مەھرى ھەققىنى ئاشۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ بېرىشنى خالىسا، ئۇمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما بەلگىلەنگەن مەھرىنى كېمەيتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

مەلۇمكى، ئاياللارغا بېرىلىدىغان مەھرى پەقەتلا ئاياللاردىن پايدىلىنىش بەدىلى ئەمەس. بەلكى ئۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىخلاس، مېھىر-مۇھەببەت ۋە سەمىمىيەتنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ ھەدىيەنىڭ ئورنىدىكى بىر ياخشىلىق بولۇپ، ھەدىيە كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان، مۇھەببەتنى ئاشۇرىدىغان، رىشتىنى چىڭىتىدىغان يېقىملىق نەرسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئېرى بار ئايالنى ئېلىش قەتئىي ھارامدۇر.
2. ئۆيلىنىشتە ئىپپەتلىك ۋە نومۇسچان ئاياللارغا ئۆيلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
3. ئاياللارنىڭ نىكاھتا بەلگىلەنگەن مەھرى ھەققىنى كېمەيتمەي، تولۇق بېرىش ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە قەرزدۇر.

### ◄ پاھىشە قىلغان چۆرىلەرنىڭ جازاسى

﴿وَمَن لَّمۡ يَسۡتَطِعۡ مِنكُمۡ طَوۡلًا أَن يَنكِحَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ
فَمِن مَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُم مِّن فَتَيَٰتِكُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ
بِإِيمَٰنِكُمۚ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۚ فَٱنكِحُوهُنَّ بِإِذۡنِ أَهۡلِهِنَّ
وَءَاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِ مُحۡصَنَٰتٍ غَيۡرَ مُسَٰفِحَٰتٖ وَلَا
مُتَّخِذَٰتِ أَخۡدَانٖۚ فَإِذَآ أُحۡصِنَّ فَإِنۡ أَتَيۡنَ بِفَٰحِشَةٖ فَعَلَيۡهِنَّ نِصۡفُ

مَا عَلَى ٱلْمُحْصَنَٰتِ مِنَ ٱلْعَذَابِ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِيَ ٱلْعَنَتَ مِنكُمْ
وَأَن تَصْبِرُوا۟ خَيْرٌ لَّكُمْ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٥﴾

## تەرجىمىسى

25ـ سىلەردىن ھۆر مۇئمىن ئاياللارنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىڭلاردىكى مۇئمىن چۆرىلىرىڭلاردىن ئالسۇن. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك ياشايدىغان، ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان بولۇشى ۋە خوجايىنلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى قائىدە بويىچە بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. بۇ (چۆرىلەرنى ئېلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈم) ئاراڭلاردىكى زىنا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغان كىشىلەرگە خاستۇر. (چۆرىلەرنى ئالماي) سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

## تەپسىرى

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ياكى باشقا سەۋەب تۈپەيلى ھۆر مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە قۇربى يەتمىگەنلەر غازاتلاردا غەنىيمەت ئېلىنىپ مۇسۇلمانلارغا ئولجا قىلىپ بېرىلگەن چۆرىلەر بىلەن ئۆيلەنسە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿قول ئاستىڭلاردىكى مۇئمىن چۆرىلىرىڭلاردىن ئالسۇن﴾ دېگەن سۆزى ئىمانلىق چۆرىلەرنىڭ ئىسلام ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى ئىكەنلىكى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دىنىي قېرىنداشلار ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارغا باشقا ھۆر ئاياللارغا قىلغانغا ئوخشاش ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا چۆرىلەر بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ ئەيىب سانىلىدىغان بىر ئىش ئەمەسلىكىنى، مۇھىم بولغىنى ئىمان ئىكەنلىكىنى ۋە ئىمانلىق دېدەكنىڭ ئىمانسىز ھۆر ئاياللاردىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئارتۇق ۋە ياخشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانى تونۇغان تەقۋادار چۆرىلەر ئالىي نەسەبلىك پاسىق ھۆر ئاياللاردىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى مۇھىم بولغىنى تەقۋالىقتۇر. ﴿إِنَّ

﴿إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر﴾[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر چۆرىلەر بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولساڭلار ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆيلىنىڭلار، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كېپىل بولغانلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىڭلار. ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالغاندىن كېيىن، ئادەت بولۇپ ئېقىۋاتقان مەھرى ھەققىنى تولۇق بېرىڭلار. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاشنا تۇتىدىغان ۋە يوشۇرۇن زىنا قىلىدىغان بولماسلىقى شەرتتۇر. بۇنداق ئايالLارنى ئېلىش سىلەرگە لايىق ئەمەس.

جاھىلىيەتتە زىنا ئىككى تۈرلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يوشۇرۇن زىنا بولۇپ، ھۆر ئاياللار نومۇس قىلغانلىقتىن يوشۇرۇن قىلاتتى. يەنە بىرى، ئاشكارا زىنا بولۇپ، ئۇنى پەقەت بەزى چۆرىلەر قىلاتتى، ھەتتا ئۇلار خېرىدار چاقىرىش ئۈچۈن دەرۋازىلىرىنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك بايراقلارنى تىكىشەتتى. زىنا ئەڭ قەبىھ قىلمىش بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى ناھايىتى چوڭدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَلَا تَقۡرَبُواْ ٱلۡفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنۡهَا وَمَا بَطَنَۖ﴾ يەنى ﴿ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قەبىھ ئىشلاردىن ھېچبىرىگە يېقىنلاشماڭلار﴾[2] دەپ بۇيرۇغان.

ئەگەر بۇ چۆرىلەر ياتلىق بولغاندىن كېيىن زىنا قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئايالLارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەللىك قامچا ئۇرۇشتۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، زىنا قىلغان ئېرى بار چۆرىنىڭ جازاسى «قۇرئان كەرىم» بىلەن، زىنا قىلغان قىز چۆرىنىڭ جازاسى ھەدىس بىلەن بېكىتىلگەن. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنا قىلغان قىز چۆرە (يەنى ئەرگە تەگمىگەن چۆرە) توغرۇلۇق سورالغىنىدا، «ئۇنى قامچىلاڭلار، يەنە زىنا قىلسا يەنە قامچىلاڭلار، يەنە زىنا قىلسا يەنە قامچىلاڭلار، ئاندىن ئۇنى ئەرزان باھادا بولسىمۇ سېتىۋېتىڭلار»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن.

نىكاھ مۇتئە-پايدىلىنىش نىكاھى ياكى ۋاقىتلىق نىكاھ دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نىكاھقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 13-ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 151-ئايەت.

[3] «صحيح البخاري» 3-توم، 71-بەت، 2153 -ھەدىس.

دەسلەپكى دەۋرلەردە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن يول قويغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنى قەتئىي ھارام قىلغان ئىدى. «قۇرئان كەرىم»دە نىكاھ مۇتئەنىڭ ھالاللىقى توغرۇلۇق بىرەر ئايەت يوق.

مەھرى مىقدارى: مەھرى مىقدارى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىستە مۇئەييەن بەلگىلىمە يوقتۇر. مەھرى ھەربىر دۆلەتتە ئادەت بولۇپ ئېقىۋاتقان مەھرى مىقدارى بويىچە بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابە ئۆيلەنمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ ئالماقچى بولغان ئايالىغا مەھرى بېرىشىنى تەكىتلەپ: «انْظُرْ وَلَوْ خَاتَمًا مِنْ حَدِيدٍ» يەنى «بىر تال تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ تاپقىن»[1] دەپ بۇيرۇغان. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿وَإِنْ أَرَدتُّمُ ٱسْتِبْدَالَ زَوْجٍ مَّكَانَ زَوْجٍ وَءَاتَيْتُمْ إِحْدَىٰهُنَّ قِنطَارًا فَلَا تَأْخُذُواْ مِنْهُ شَيْـًٔا﴾ يەنى ﴿ئەگەر سىلەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، (قويۇۋەتمەكچى بولغان خوتۇنغا كۆپ تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار﴾[2] دېگەن ئايەت مەھرى ياكى تويلۇق ئۈچۈن كۆپ مال-دۇنيا بېرىشنىڭ جائىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق مەھرى ھەققىنى ئۆرلىتىۋېتىش ھېچقاچان ياخشى ئەمەس، چۈنكى مۇنداق قىلىش كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ئۆيلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىك ياكى ئايرىلغانلىق سەۋەبلىك تۇل قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى توشمىغۇچىلىك ئۇلارغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ.

2. زىنا قىلغانلارنى جازالاش ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر.

### يۇقىرىقى ئەھكاملارنىڭ ھېكمەتلىرى

﴿يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمْ وَيَهْدِيَكُمْ سُنَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ
وَيَتُوبَ عَلَيْكُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٢٦﴾ وَٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ
عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلشَّهَوَٰتِ أَن تَمِيلُواْ مَيْلًا عَظِيمًا

---

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 156-بەت، 5871-ھەدىس، «صحيح مسلم» 2-توم، 1040-بەت، 1425-ھەدىس.

[2] نىسا سۈرىسى: 20-ئايەت.

﴿٢٧﴾ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْۚ وَخُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ ضَعِيفًا ﴿٢٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

26ـ ئاللاھ سىلەرگە (بىلمىگەنلىرىڭلارنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشنى، سىلەرنى سىلەردىن بۇرۇنقى (ياخشى)لارنىڭ يوللىرىغا باشلاشنى، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

27ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. ھاۋايى- ھەۋەسكە ئەگەشكۈچىلەر سىلەرنىڭ توغرا يولدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ.

28ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى خالايدۇ. (چۈنكى) ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مەزكۇر ئەھكاملارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بۇيرۇلغانلىق ھېكمەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە يۈقىرىقى ئەھكاملارنى بەلگىلەشتە پەقەت ئۇلارغا ئاسانلىقنى خالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي ٱلدِّينِ مِنْ حَرَجٍۚ مِّلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَٰهِيمَۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ دىندا سىلەرگە ھېچقانداق قىيىنچىلىق قىلمىدى. (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر﴾[1].

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن بىلمىگەنلىرىڭلارنى بايان قىلىپ بېرىشنى، سىلەرنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارغا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكى سالىھلارنىڭ (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان ئۆلگىلىك زاتلارنىڭ) يولىغا باشلاشنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنى گۇناھىڭلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان

[1] ھەج سۈرىسى: 78ـ ئايەت.

ياخشى ئەمەللەرگە يېتەكلەشنى خالايدۇ. چۈنكى ﴿إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن بەلگىلىگەن ھەرقانداق قانۇن ۋە پرىنسىپلىرىدا ناھايىتى ئادالەتلىك ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچىدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى، ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە ئىشنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇيرۇغانلىرى ئارقىلىق سىلەرنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، قەلبىڭلارنى ساپ قىلىپ سىلەرنى ياخشى ئاقىۋەتلەرگە ئېرىشتۈرۈشنى خالايدۇ، ئەمما ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىدىغانلار سىلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھاۋايى - ھەۋەسلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇشقا ۋە ئۆزلىرى بىللە گۇناھقا پاتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. چۈنكى گۇناھ قىلغۇچى قىلغان گۇناھلىرىغا باشقىلارنىمۇ شېرىك قىلغىنىدا ئۆزىنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق سىلەرگە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يېنىكلىتىشنى خالايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاجىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ نەپسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىشتىن ۋە شەھۋەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى ئاياللار توغرۇلۇق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى نامەھرەملەر بىلەن يالغۇز قېلىشتىن ۋە ئۇلارغا زۆرۈرىيەتسىز سۆز قىلىشتىن توسقان. ئاياللارنىمۇ شەرىئەتتە يۆگەپ يۇرۇش بەلگىلەنگەن ئەۋرەت ئەزالىرىنى ھەمىشە يېپىپ يۇرۇشكە بۇيرۇغان. ئىمام بەيھەقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «نىسا سۈرىسىدىكى سەككىز ئايەت ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن خۇددى ئەتىگەندىكى نۇرلۇق قۇياشتىنمۇ روشەندۇر، ئۇلار: نىسا سۈرىسىنىڭ 26ـ27ـ28ـئايەتلىرى، تۆتىنچىسى ﴿إِن تَجۡتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنۡهَوۡنَ عَنۡهُ نُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھىڭلارنى يوقىقا چىقىرىمىز﴾[2] دېگەن ئايەت، بەشىنچىسى، ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظۡلِمُ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖۖ﴾ يەنى

[1] ھۇد سۈرىسى: 114ـئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى: 31ـئايەت.

﴿شەكسىزكى، ئاللاھ زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت، ئالتىنچىسى، ﴿وَمَن يَعْمَلْ سُوٓءًا أَوْ يَظْلِمْ نَفْسَهُۥ ثُمَّ يَسْتَغْفِرِ ٱللَّهَ يَجِدِ ٱللَّهَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ يەنى ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەت، يەتتىنچىسى، ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ﴾[3] دېگەن ئايەت، سەككىزىنچىسى، ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَلَمْ يُفَرِّقُواْ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ أُوْلَٰٓئِكَ سَوْفَ يُؤْتِيهِمْ أُجُورَهُمْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىپ قويمىغان (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[4] دېگەن ئايەتتۇر»[5].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھېكمەت ۋە غايىلىرىدىن بەزىسىنى بىزگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ۋە ئۆۋايلىقلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا يۈرگەن ياخشىلارنىڭ يولىغا باشلاش بىلەن ئۇلارغا قىلغان شەپقىتىنى ئەسلىتىدۇ.

3. ئىنسانلار ئاجىز يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئازدۇرغۇچ كۈچلەر ۋە شەھۋانىيلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ.

## ◄ مۇھىم بەلگىلىمىلەر

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأْكُلُوٓاْ أَمْوَٰلَكُم بَيْنَكُم بِٱلْبَٰطِلِ إِلَّآ

[1] نىسا سۈرىسى: 40-ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى: 110-ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى: 48-ئايەت.
[4] نىسا سۈرىسى: 152-ئايەت.
[5] «السنن الكبرى للبيهقي» 9-توم، 346-بەت، 6744-ھەدىس.

أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْۚ وَلَا تَقْتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمْۚ إِنَّ
ٱللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا ﴿٢٩﴾ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ عُدْوَٰنًا وَظُلْمًا فَسَوْفَ
نُصْلِيهِ نَارًاۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿٣٠﴾ إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا
تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلًا كَرِيمًا
﴿٣١﴾ وَلَا تَتَمَنَّوْاْ مَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بِهِۦ بَعْضَكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍۚ لِّلرِّجَالِ
نَصِيبٌ مِّمَّا ٱكْتَسَبُواْۖ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا ٱكْتَسَبْنَۚ وَسْـَٔلُواْ ٱللَّهَ
مِن فَضْلِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٣٢﴾ وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَٰلِىَ
مِمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَۚ وَٱلَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَٰنُكُمْ فَـَٔاتُوهُمْ
نَصِيبَهُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدًا ﴿٣٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

29ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى هارام يول بىلەن يېۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر.

30ـ كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ (چەكلەنگەن) ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئۇنى ئۇزاققا قالماي دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

31ـ ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى (جەننەتتىن ئىبارەت) ئېسىل ماكانغا كىرگۈزىمىز.

32ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ بىرىڭلارنى بىرىڭلاردىن ئۈستۈن قىلىپ بەرگەن ئالاھىدىلىكلەرنى (ھەسەت قىلىپ) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

33ـ ئاتا ـ ئانىلار ۋە تۇغقانلار قالدۇرۇپ كەتكەن ھەربىر مىراسقا ۋارىسلارنى تەيىنلىدۇق. سىلەر بىلەن (ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ۋارىس بولۇشقا) قەسەم

قىلىشقان[1] كىشىلەرگە نېسۋىسىنى بېرىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

مال-دۇنيا جاننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش دۈشمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ. گاھىدا ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇلدا ئىنتىقام ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، گاھىدا مال-دۇنيا سەۋەبلىك چوڭ ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ. يامان ئىشلاردىن يىراقلىشىش ۋە ھەركىمنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە بېرىش پاراۋان بىر جەمئىيەتنىڭ كاپالىتىدۇر. «قۇرئان كەرىم» بۇ مەسىلىنى ئەڭ ياخشى چارە بىلەن ھەل قىلغان.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز تىكىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى ھارام يوللار بىلەن يېۋالىدىغانلاردىن بولماڭلار. سىلەر باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق قىلىپ يېۋېلىپ، ئۇلار بىلەن دەۋالىشىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. ئوغرىلاش، ئالداش، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق يوللار بىلەن بىر - بىرىڭلارنىڭ پۇل - مېلىنى يېۋالماڭلار. بىر-بىرىڭلارنىڭ پۇل -مېلى پەقەت قائىدە-يوسۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ھالال تىجارەت ۋە ئېلىم - سېتىم ئارقىلىقلا سىلەرگە ھالالدۇر.

ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى شەرتى بىلەنلا ھەر زامان دۇرۇستۇر. مۇلازىمەتچىلەر چىرايلىق سۆز، ياخشى مۇئامىلە ۋە كۆڭۈللەرنى جەلپ قىلىدىغان ھەر خىل يوللار بىلەن خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق كۆپرەك بىر نەرسە سېتىپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. ئۇلار ساختىپەزلىك ۋە كۆز بويامچىلىقتىن خالىي بولسىلا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇستۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى ئىبنى كەسىردە: «سىلەر ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىش، گۇناھ – مەئسىيەت سادىر قىلىش ۋە بىر-بىرىڭلارنىڭ پۇل – مېلىنى يولسىزلىق قىلىپ يېۋېلىش بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلماڭلار»[2] دەپ تەپسىر قىلىنغان. ئىمام ئەھمەد ئەمر ئىبنى ئاس

[1] بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، ئەنفال سۈرىسىنىڭ 75-ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

[2] «تفسير ابن كثير» 2- توم، 269- بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «رەسۇلۇللاھ بىزنى غازاتقا ئەۋەتكەن ئىدى، قاتتىق سوغۇق كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئېھتىلام بولۇپ قالدىم. ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن مەن بامدات نامىزىنى غۇسلى قىلماي تەيەممۇم قىلىپ ئوقۇدۇم. كېيىنچە غازاتتىن قايتىپ بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىم، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ: ‹يارەسۇلۇللاھ! ھاۋا قاتتىق سوغۇق ئىدى غۇسلى قىلاي دېسەم ئۆزۈمنى كېسەل قىلىپ قويۇشتىن قورقتۇم، شۇڭا ئاللاھ ﴿وَلَا تَقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، مەنمۇ ئۆزۈمنى ھالاك قىلىشتىن قورقۇپ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدۇم› دېدىم. رەسۇلۇللاھ ئەھۋالنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ھېچ نەرسە دېمىدى»[1].

مەزكۇر ئايەتنى ﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾ دەپ تەپسىر قىلغان مۇپەسسىرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر ئىبنى ئاسقا ھېچ نېمە دېمىگەنلىكىدىن، بۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ مۇشۇ مەنىدە چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەمما تەبەرىي، قۇرتۇبىي، جەزائىرىي، ئىبنى ئاشۇر، تەپسىرى ۋازىھ قاتارلىق تەپسىرلەردە بۇ ئايەت ﴿بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾ دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى قۇرتۇبىيدا مۇنداق دېيىلگەن: «كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ﴿وَلَا تَقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ ۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئىنسانلارنى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىش مەنىسىدە ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ لەۋزى بىراۋنىڭ مال - دۇنياغا ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىش دەرىجىسىدە قاتتىق بېرىلگەنلىكتىن ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، بىراۋنىڭ ئاچچىقىنى باسالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايەت بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەنئى قىلىدۇ. ئەمر ئىبنى ئاس قاتتىق سوغۇقتا ھالاك بولۇشتىن قورقۇپ غۇسلى قىلىشنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلغانلىقىغا بۇ ئايەتنى دەلىل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغان ۋە كۈلگەن»[2].

مەيلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بولسۇن، ياكى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش بولسۇن، جانغا قەست قىلىش، جاننى ھالاك قىلىش ناھايىتى ئېغىر گۇناھتۇر. بىرەر كىشىنى ناھەق ئۆلتۈرگەن ئادەم پۈتۈن خەلقنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ﴿مَن قَتَلَ نَفْسًۢا بِغَيْرِ

[1] «مسند الإمام أحمد» 29-توم، 346-347-بەت، 17812 - ھەدىس.

[2] «تفسير القرطبي» 5- توم، 138 – بەت.

نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي ٱلْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ ٱلنَّاسَ جَمِيعًا﴾ يەنى ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى مۇسۇلمانلارغا ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ يَحِلُّ دَمُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ ، يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنِّي رَسُولُ اللَّهِ ، إِلَّا بِإِحْدَى ثَلاَثٍ: النَّفْسُ بِالنَّفْسِ ، وَالثَّيِّبُ الزَّانِي ، وَالمَارِقُ مِنَ الدِّينِ التَّارِكُ لِلْجَمَاعَةِ» يەنى ««لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەپ ئىمان ئېيتقان مۆئمىن ئادەمنىڭ قېنىنى ئېقىتىش قەتئىي ھارامدۇر. پەقەتلا مۇنۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار: ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەم، مۇرتەد بولۇپ مۇسۇلمانلار جامائەتىدىن ئايرىلغان ئادەم »[2]. ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ گۇناھى شۇنچىلىك ئېغىر بولغان يەردە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىردۇر. دىلىدا ئىمان بار ئادەمدىن بۇ ئىشنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىندۇر.

ئاللاھ تائالا باشقىلارنىڭ جېنىغا ۋە پۇل-مېلىغا تاجاۋۇز قىلىشنى قەتئىي چەكلىگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى ئىش كۆرگەنلەر قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. كىمكى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق جازاسىغا تېگىشلىك بولىدۇ. مۇنداق ئادەم ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. ﴿وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا عَظِيمًا﴾ يەنى ﴿كىمكى بىر مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا چوڭ ئازاب تەييارلايدۇ﴾[3].

ئاللاھ تائالاغا ھەممە ئىش ئاساندۇر. كاپىرلارنى ۋە بەزى زالىملارنى جازالاش ئىشىنىڭ ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنتۇپ قالغانلىقى ياكى كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى چوقۇم جازالايدۇ. بەزى گۇناھكار كاپىرلارغا ۋە زالىملارغا گۇناھقا تېخىمۇ پېتىش پۇرسىتىنى بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئىبرەتلىك جازالاش ئاللاھ

[1] مائىدە سۈرىسى: 32- ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 9-توم، 5-بەت، 6878-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1302-بەت، 1676-ھەدىس.

[3] نىسا سۈرىسى: 93- ئايەت.

تائالانىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا باشقىلارنىڭ جېنىغا ۋە پۇل-مېلىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن قەتئىي مەنئى قىلىپ، شۇنداق قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ئاندىن مۇسۇلمانلارنى گۇناھ سادىر قىلىشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغان ۋە قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتقۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل ماكان بولغان-جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئۆلىمالار گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ چوڭى ۋە كىچىكى بارمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان. ئەڭ توغرىسى، «تەۋبە قىلىش ئارقىلىق چوڭ گۇناھ قالمايدۇ، داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق كىچىك گۇناھلار چوڭىيىدۇ» دېيىدىغان قائىدە بويىچە ئېتىقاداندا، كىشى ئەگەر دىنىنى ئاددىي ساناپ گۇناھلارنى كۆزىگە ئىلمىسا، ئۇنىڭدىن قول ئۈزمىسە، گەرچە ئۇنىڭ سادىر قىلغان گۇناھى كىچىك گۇناھلاردىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھى چوڭ گۇناھلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

زىنا قىلىش بىلەن يات ئايالنى قۇچاقلاپ سۆيۈش ياكى ئۇنىڭغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ قاراشنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، زىنا قىلىشنىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈش ياكى شەھۋەت بىلەن تىكىلىپ قاراشقا نىسبەتەن چوڭ ۋە ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. چوڭ گۇناھلارنىڭ بايانى ھەدىسلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «اجْتَنِبُوا السَّبْعَ المُوبِقَاتِ»، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا هُنَّ؟ قَالَ: «الشِّرْكُ بِاللهِ، وَالسِّحْرُ، وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلَّا بِالحَقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مَالِ اليَتِيمِ، وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وَقَذْفُ المُحْصَنَاتِ المُؤْمِنَاتِ الغَافِلَاتِ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن قېچىڭلار› دېۋىدى، ساھابىلەر: ‹يارەسۇلۇللاھ! ئۇ قايسى گۇناھلار؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ‹ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يېيىش، غازات مەيداندىن قېچىش، پاك مۆئمىن ئاياللارغا (زىنا قىلدى دەپ) تۆھمەت چاپلاش›[1] دەپ جاۋاب بەردى». باشقا ھەدىسلەردە، يۇقىرىقى چوڭ گۇناھلار قاتارىدا يالغان

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 10-بەت، 2766-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 92-بەت، 89-ھەدىس.

گۇۋاھلىق بېرىشمۇ بايان قىلىنغان. مۇھەددىسلەر (يەنى ھەدىسشۇناس ئالىملار) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر شارائىت ۋە ۋاقىتنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا كۆپلىگەن پايدىلىق ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دىنى چوڭ-كىچىك گۇناھلارنىڭ سانىنى مۇقىملاشتۇرماسلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق بىر گۇناھقا يېقىنلاشماسلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ خۇددى ﴿وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلْوُسْطَىٰ﴾ يەنى ﴿ئوتتۇرىدىكى ناماز﴾[1]نىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكىنى، قەدىر كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى ۋە جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنىڭ قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى نامەلۇم قويۇپ قويغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

چوڭ گۇناھلاردىن يېنىش بىلەن كىچىك گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. چوڭ گۇناھلاردىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يانغان ئادەم ئاللاھ تائالا ﴿وَٱلَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلْإِثْمِ وَٱلْفَوَٰحِشَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلار﴾[2] دەپ سۈپەتلىگەن كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئالدى بىلەن بەندىلىرىنى يېتىملەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى يېيىلىشتىن ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن مەنئى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنە ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ ۋە چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئاندىن بەندىلىرىنى كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكىگە كۆز تىكمەستىن، يوللۇق كەسىپ بىلەن بېيىشقا ۋە ھالال بېيىشكە چاقىرىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى قېتىرقىنىپ پۇختا قىلىشى، جاپادىن قورقماي تىرىشىپ ئىشلىشى ۋە نەتىجە قازىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن بىرىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى يېيىلىش قەتئىي ھارامدۇر.

2. ئىلىم-سىتىم پەقەت ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدۇ. ئۇلار سودا قىلىشقان جايدىن ئايرىلمىغان مۇددەت

[1] بەقەرە سۈرىسى: 238- ئايەت.
[2] شۇرا سۈرىسى: 37-ئايەت.

ئىچىدە، سودىدىن يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقىغا ئىگىدۇر.

3. چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىلسا كىچىك گۇناھلار ۋە خاتالىقلار تاھارەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش دېگەندەك ياخشى ئەمەللەر بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

4. ئىشلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى تەشەببۇسلىرىنىڭ بىرىدۇر.

5. ئەر-ئايال ھەركىم ئۆزىنىڭ تەبىئىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئىقتىدارىغا لايىق ھالدا ئىشلەشكە بۇيرۇلغان.

## ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشنىڭ رەتكە سېلىنىشى

﴿ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ بِمَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ وَبِمَآ أَنفَقُواْ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡۚ فَٱلصَّٰلِحَٰتُ قَٰنِتَٰتٌ حَٰفِظَٰتٞ لِّلۡغَيۡبِ بِمَا حَفِظَ ٱللَّهُۚ وَٱلَّٰتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَٱهۡجُرُوهُنَّ فِي ٱلۡمَضَاجِعِ وَٱضۡرِبُوهُنَّۖ فَإِنۡ أَطَعۡنَكُمۡ فَلَا تَبۡغُواْ عَلَيۡهِنَّ سَبِيلًاۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيّٗا كَبِيرٗا ﴿٣٤﴾ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ شِقَاقَ بَيۡنِهِمَا فَٱبۡعَثُواْ حَكَمٗا مِّنۡ أَهۡلِهِۦ وَحَكَمٗا مِّنۡ أَهۡلِهَآ إِن يُرِيدَآ إِصۡلَٰحٗا يُوَفِّقِ ٱللَّهُ بَيۡنَهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرٗا ﴿٣٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

34-ئەرلەر ئاياللارنى باشقۇرغۇچى ۋە ھىمايە قىلغۇچىلاردۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئارتۇقچىلىقتا ئىگە قىلغانلىقىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىدىن (ئۇلارغا) سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر. ياخشى ئاياللار ئىتائەتمەن، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ ئاللاھنىڭ ساقلىشى بىلەن (ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى) ساقلايدىغان ئاياللاردۇر. ئۆزۈڭلارغا بوي ئەگمەسلىكىدىن (ئىبارەت) سىلەر ئەنسىرەيدىغان (ئىش كۆرۈلگەن) ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى (ئەدەپلەش ئۈچۈن يەڭگىل) ئۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇستۇندۇر، بۈيۈكتۇر.

35ـ ئەگەر ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرىسەڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ئادىل كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ئادىل كىشىنى ئەۋەتىڭلار. ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى خالىسا، ئاللاھ ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەرگە كۆز تىكمەستىن، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ھەممە بىردەك ئىشلەپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ يېيىشكە چاقىرغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە ئەرلەرنىڭ ھارماي - تالماي ئىشلەپ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشى ۋە ئەر- ئاياللىق ھاياتىنىڭ بەختەرلىكىنى قوغدىشى قاتارلىق مەسئۇلىيىتى توغرۇلۇق توختىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ھامىي ھەم ھىمايىچى بولۇشىنى ۋە ئۆز تەبىئىتىگە لايىق ھالدا بەزى مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەقەززا قىلغانلىقتىن، ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە ئاياللىرىنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرۈش، باللىرىنى بېقىش، ئوقۇتۇش، جىھاد قىلىش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەر يۈكلەنگەن. ئىسلام مىراس قانۇنىدا ئەرلەرنىڭ مىراسىنىڭ ئاياللارنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن، ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلغان بولۇپ، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە بىر-بىرىدىن ئارتۇق قىلىنغان. مەسىلەن: ئاياللار قىلغان ئىشلارنى ئەرلەر قىلالمىغانغا ۋە ئەرلەر قىلالىغان ئىشلارنىڭ تولىسىنى ئاياللار قىلالمىغانغا ئوخشاش. ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش، ئۇلارنى باشقۇرۇش، قوغداش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەر ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلغان. ئەمما بۇلاردىن باشقا مەسئۇلىيەت ۋە ھەق-ھوقۇقلاردا ئەر بىلەن ئايال باراۋەردۇر. ﴿وَلَهُنَّ مِثۡلُ ٱلَّذِى عَلَيۡهِنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ وَلِلرِّجَالِ عَلَيۡهِنَّ دَرَجَةٞۗ﴾ يەنى ﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ

ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار. ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقتا ئىگە﴾[1]. ئاياللار ئۆي ئىچىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن تولۇق ھوقۇقلۇقتۇر. ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئارتۇقلۇقى ئۇلارنىڭ ئاياللارنى بوزەك قىلىش ۋە ئېزىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى باشقۇرۇش، قوغداش ۋە تۇرمۇشنى قامداش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىكى ئارتۇقلۇقتۇر. ئەر بىلەن ئايال ئائىلە ئىشلىرىنى قارار قىلىشتا ئوخشاش ھوقۇقتا ئىگىدۇر. ياخشى ئاياللار ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغان، ئېرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇنىڭ ئامانەتلىرىنى ۋە سىرلىرىنى ساقلايدىغان ۋە يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىغان ئاياللاردۇر. مۇنداق ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى ۋە دەرىجىسى يۇقىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خَيْرُ النِّسَاءِ الَّتِي إِذَا نَظَرْتَ إِلَيْهَا سَرَّتْكَ ، وَإِذَا أَمَرْتَهَا أَطَاعَتْكَ ، وَإِذَا غِبْتَ عَنْهَا حَفِظَتْكَ فِي نَفْسِهَا وَمَالِهَا» يەنى «ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قارىسىڭىز سىزنى مەمنۇن قىلالايدىغان، ئىشقا بۇيرىسىڭىز ئورۇندايدىغان، يېنىدا بولمىسىڭىزمۇ ئۆيىڭىزنى، مال-مۈلۈكىڭىزنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ئوبدان ساقلايدىغان ئايالدۇر»[2].

مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ﴿وَٱلَّـٰتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ﴾ دېگەن قىسمىدىكى ﴿تَخَافُونَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەرىي بۇ سۆزگە ئۆلىمالارنىڭ بىر قانچە خىل مەنە ئېيتقانلىقىنى نەقىل كەلتۈرگەن. بەزىسى بۇ سۆزگە لۇغەتتىكى مەنىسى بويىچە «ئەنسىرەش»، «قورقۇش» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتكە «سىلەر ئۇزۇۋەلارغا ئىتائەت قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلارغا» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى «بىلىش»، «بايقاش» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتكە «سىلەر ئۇزۇۋەلارغا ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئاياللارغا» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى بۇ سۆزگە «قورققىنى يۈز بېرىش» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتكە «ئۇزۇۋەلارغا ئىتائەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت سىلەر ئەنسىرەيدىغان ئەھۋال ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن ئاياللارغا» دەپ مەنە ئېيتقان. بىز ئاخىرقىسىنى مۇۋاپىق دەپ تاللىدۇق. چۈنكى ئايالنىڭ ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى كۆرمەي ۋە بىلمەي تۇرۇپ، پەقەت

[1] بەقەرە سۈرىسى: 228-ئايەت.

[2] «مسند أبي داود» 4-توم، 87-بەت، 2444-ھەدىس، «مسند البزار، البحر الزخار» 15-توم، 175-بەت، 8537-ھەدىس.

ئۇنىڭ ئىتائەت قىلماسلىقىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىنلا ئۇنى بىللە يېتىشتىن مەھرۇم قىلىش ياكى ئۇرۇپ ئەدەپلەش قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەتسىزلىكى، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلىقى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلسە، شۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئايالنى يولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرىقى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئىش كۆرۈش دېگەن مەنە چىقىدۇ. شۇڭا بىز بۇ ئايەتنى ﴿ئۇزۇڭلارغا ئىتائەت قىلماسلىقىدىن (ئىبارەت) سىلەر ئەنسىرەيدىغان (ئىش كۆرۈلگەن) ئاياللارغا﴾ دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

﴿وَٱلَّٰتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَٱهۡجُرُوهُنَّ فِي ٱلۡمَضَاجِعِ وَٱضۡرِبُوهُنَّۖ﴾
دېگەن ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق: ئى ئەرلەر! ئاياللىرىڭلاردا سىلەرگە بوي ئەگمەسلىكتىن ئىبارەت سىلەر ئەنسىرەيدىغان ئىش ئەمەلىيەتتە كۆرۈلسە، سىلەر بۇ ئاياللارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىڭلار، ئېرىگە چوڭچىلىق قىلىشىنىڭ، ئىتائەتسىزلىك قىلىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى ئۇلارغا ئاتىرلىتىڭلار، بۇ چارە ئۈنۈم بەرسە، مەسىلە ھەل بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ چارە ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇلارنى يولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى يالغۇز يېتىش بىلەن جازالاپ ۋاقىتلىق ئۇلار بىلەن بىللە ياتماڭلار. ئەگەر ئايال ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئوڭشىلىپ قالسا، مەسىلە ھەل بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ چارىمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئايال يەنىلا ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن يانمىسا، ئۇلارنى يېنىك ئۇرۇپ ئەدەپلەپ قويۇڭلار.

مەزكۇر ئۈچ باسقۇچ مۇنداق: ئايال ئېرىگە قارىتا مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ئېرىنى كۆزىگە ئىلمىسا، ئائىلىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىسا، بۇ سەۋەبتىن ئىناق ئائىلە بۇزۇلۇش خەۋپىگە بېرىپ قالغان بولسا، ئەر بۇنداق ئايال ئۈچۈن مۇنۇ ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئىش كۆرىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: ئۇنىڭغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئايرىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى ۋە كېيىنكى پۇشايماننىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى بەزى ئاياللارغا چىرايلىق گەپ تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ: يۇقىرىقى چارە ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئايالى بىلەن ۋاقىتلىق بىر تۆشەكتە ياتمايدۇ، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال راستتىنلا ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال

بولسا، يالغۇز يېتىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: يۇقىرىقى ئىككى چارىمۇ ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئۇنى تەربىيەلەش ۋە ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى ئەدەپلەپ قويىدۇ. چۈنكى ئاياللارنىڭ ئىچىدە گەپ ئۆتمەيدىغان، چىرايلىق نەسىھەتلەر كار قىلمايدىغان، ئاغزى بۇزۇق بەزى ئاياللار باركى، ئۇلارنى ئەدەپلەش ئارقىلىقلا يولغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئەمما ئاياللارنى قاتتىق ئۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئاياللارنى ئۇرۇش ئەڭ ئاخىرقى چارە بولۇپ، ئەقىللىق ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەر ئاياللىرىنى ئۇرۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ ۋە باشقا يوللۇق تەدبىرلەر بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ يەردىكى ئەمرى قىلمىسا بولمايدىغان پەرز ئۇقۇمىنى بەرمەيدۇ، بۇ يەردە پەقەت ئائىلە ئىناقسىزلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەزى چارىلەر تەۋسىيە قىلىنغان، خالاس. مەسىلىنى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. مۇھىم بولغىنى ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلاپ قېلىشتۇر.

ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل-ماجىرالار بەزىدە ئۆي ئىچىدىلا ھەل بولۇپ تىنجىماستىن، ئاتا-ئانىلارنىڭمۇ ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، ئەر ۋە ئايال ئىككى تەرەپتىن ئادالەتلىك ۋە دىيانەتلىك بىردىن ئەر كىشى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تەيىنلىنىدۇ. تەيىنلەنگەنلەرنىڭ راستچىل، سەممىي ۋە دىيانەتلىك بولۇشى شەرتتۇر. ئۇلار خالىس ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى ياخشىلاپ قويۇشنى نىيەت قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى چوقۇم ياخشىلىققا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلەيدۇ. بۇ چارىمۇ كار قىلمىغاندا ئەڭ ئاخىرقى چارە تالاق (يەنى ئاجرىشىش)تۇر.

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئەھۋالىمىزنى ۋە قانداق دەردكە قانداق داۋا، قانداق قىيىنچىلىققا قانداق چارە قوللىنىش كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بىز پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەلىماتلىرىغا ۋە كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغاندىلا، ئاندىن ھەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام نەزىرىدە ئەر بىلەن ئايال پۈتۈن ھەق-ھوقۇق ۋە

مەجبۇرىيەتلەردە باراۋەردۇر. پەقەت ئەرلەر ئاياللارغا ھامىي بولۇش، ئۇلارنى باشقۇرۇش، ئۇلارغا چىقىم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش يۈزىسىدىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە ئېرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئايال ئەڭ ياخشى ئايالدۇر.

3. بويۇنتاۋلۇقى سەۋەبلىك ئائىلە بىناسىنى يىقىتماقچى بولغان ئايالنى سۆزگە كىرگۈزۈش يۇقىرىقى ئۈچ خىل چارە بىلەن بولىدۇ. ئاياللارنى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش دىنىمىزنىڭ ئالاھىدە تەۋسىيەسىدۇر.

4. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئائىلە ئىچىدە ھەل بولمىغان شارائىتتا، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئادالەتلىك كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم.

### ◄ ۋەز-نەسىھەت

﴿وَٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُشۡرِكُواْ بِهِۦ شَيۡـٔٗاۖ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنٗا وَبِذِي
ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡجَارِ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡجَارِ ٱلۡجُنُبِ
وَٱلصَّاحِبِ بِٱلۡجَنۢبِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ
لَا يُحِبُّ مَن كَانَ مُخۡتَالٗا فَخُورًا ٣٦ ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ وَيَأۡمُرُونَ
ٱلنَّاسَ بِٱلۡبُخۡلِ وَيَكۡتُمُونَ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَأَعۡتَدۡنَا
لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ٣٧ وَٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ
وَلَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۗ وَمَن يَكُنِ ٱلشَّيۡطَٰنُ لَهُۥ
قَرِينٗا فَسَآءَ قَرِينٗا ٣٨ وَمَاذَا عَلَيۡهِمۡ لَوۡ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ
وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِهِمۡ عَلِيمًا ٣٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

36_ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا_ئاناڭلارغا، يېقىن_تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، (سەپەرداش، ساۋاقداش قاتارلىق) ياندىكى ھەمراھقا،

مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ ھاكاۋۇر، ماختانچاق ئادەمنى ياقتۇرمايدۇ.

37-ئۇلار (پۇل – مالغا) بېخىللىق قىلىدىغان، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدىغان، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەنلىرىنى يوشۇرىدىغانلاردۇر. بىز (بۇنداق) كاپىرلار ئۈچۈن خارلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق.

38-ئۇلار پۇل-ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدىغانلاردۇر. كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى دوست قىلىۋالىدىكەن، شەيتان نېمىدېگەن يامان دوست!

39-ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا ۋە ئاللاھ ئۆزلىرىگە بەرگەن (پۇل-مال)نىڭ بىر قىسمىنى (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟ ئاللاھ ئۇلارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن بۇ يەرگىچە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆچەيتىش، ئائىلە قۇرۇش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش توغرۇلۇق توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى رەتكە سالىدىغان، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى، شۇنداقلا ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك قاتارلىق ئىسلام پرىنسىپلىرىنى بايان قىلغان.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش دېگەن ئۇنى چىن دىلدىن ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇنىڭغا چەكسىز سۆيگۈ-مۇھەببەت بېغىشلىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلاردا تامامەن بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ تەلىپى ۋە بۇيرۇقىنى بويىچە ياشاش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ: دىنىڭلارنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ ياخشى خىزمەت قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئۇلارغا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ھېچ ئېغىر

كۆرمەستىن، مىننەت قىلماستىن، مەمنۇنلۇق بىلەن قىلىڭلار. ﴿إِمَّا يَبۡلُغَنَّ عِندَكَ ٱلۡكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوۡ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفّٖ وَلَا تَنۡهَرۡهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوۡلٗا كَرِيمٗا ﴿٢٣﴾﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا «ئوف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴾[1].

ئاللاھ تائالا بالىلارنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشى خىزمەت قىلىشقا ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ كۆپلىگەن تەۋسىيەلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلارغا بالىلىرىغا كۆيۈنۈش توغرۇلۇق كۆپ تەۋسىيەلەرنى قىلىپ كەتمىگەن. چۈنكى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا كۆيۈنۈشى ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشى تەبىئىي ئىشتۇر. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدۇ، ئەمما بالىلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بەزىدە ئۆز بالىلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاتا-ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالىدۇ.

يېقىن تۇغقانلارغا يەنى ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارغا، تاغىلارغا، ھاممىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ياخشىلىق قىلىڭلار. چۈنكى كىشى ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ياخشى خىزمەت قىلسا ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا ۋە يېقىن قوشنىلىرىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدىغان، كۈچلۈك بىر ئائىلىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. مانا بۇ ساغلام بىر جەمئىيەتنىڭ ئۇلى بولۇپ، دۆلەت ئائىلىلەردىن، جەمەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

ئاتىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن يۆلەنچۈكسىز قالغان يېتىملەرگە، ئاجىزلىق ياكى ئاغرىق-سىلاق ياكى ياشىنىپ قالغانلىق ۋەياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشسىز قالغان پېقىرلارغا، يول-مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، يېقىن قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمان كىشىنىڭ گەدىنىدە ئۆزىنىڭ يېقىن مۇسۇلمان قوشنىسى ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك ئۈچ ھەق بار: بىرى، قوشنىدارلىق ھەققى، يەنە بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى، يەنە بىرى، يېقىن قوشنىلىق ھەققىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان يىراق قوشنا ئۈچۈن ئىككى ھەق بار: بىرى

[1] ئىسرا سۈرىسى: 23- ئايەت.

قوشنىدارلىق ھەققى، يەنە بىرى مۇسۇلمانلىق ھەققىدۇر. ئەمما كاپىر قوشنىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىرلا ھەق بار: ئۇ بولسىمۇ، قوشنىدارلىق ھەققىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يەھۇدى قوشنىسىنى يوقلايتتى ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە ياخشىلىق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا زَالَ جِبْرِيلُ يُوصِينِي بِالْجَارِ حَتَّى ظَنَنْتُ أَنَّهُ سَيُوَرِّثُهُ» يەنى «جىبرىل ھەمىشە ماڭا قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، (ھەمىشە شۇنداق تەۋسىيە قىلغۇدەكچىكى) ئۇنى ماڭا ۋارىس قىلىپ قويىدىغانمىدۇ، دەپ قالدىم»[1] دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلاَ يُؤْذِي جَارَهُ» يەنى «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن»[2] دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە بۇ ئايەتتە، ﴿يانىدىكى ھەمراھقا﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق سەپەردە ھەمراھ بولغان كىشىلەرگە، ساۋاقداشلارغا ۋە ئاز ۋاقىت بولسىمۇ بىللە بولغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

﴿مۇساپىرغا﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق، يول-مىلىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرلارغا ۋە تاشلىۋېتىلگەن باللارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

﴿قول ئاستىڭلاردىكى قول-چۆرىلەرگە﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ئىشچىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالماسلىق، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى كېمەيتمەي تولۇق بېرىش قاتارلىقلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ يەنى ﴿چۈنكى ئاللاھ ھەرقانداق ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياخشى كۆرمەيدۇ﴾[3] دېگەن ئايەتتە سۈپىتى بايان قىلىنغانلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. مۇتەكەببىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغۇچىلاردۇر. ماختانچاقلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ يوقلاڭ ئىشلىرىنى يوغان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان، باشقىلارنىڭ كاتتا ئىشلىرىنىمۇ كەمسىتىدىغانلار بولۇپ، مۇتەكەببىر بىلەن ماختانچاقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يوقىرىقى تەۋسىيەلىرىگە ئەمەل قىلىشى قىيىن. چۈنكى

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2025-بەت، 2624-ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 7-توم، 26-بەت، 5185-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 68-بەت، 47-ھەدىس.

[3] لوقمان سۈرىسى: 18-ئايەت.

ئىبادەت بويسۇنۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىككىسىنىڭ قەلبى بويسۇنۇشتىن خېلى يىراقتا ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اَلْكِبْرُ بَطَرُ الْحَقِّ ، وَغَمْطُ النَّاسِ» يەنى «كىبىر-ھەقىقەتنى رەت قىلىش ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر»[1] دېگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ دېگەن ئايەتنى بېخىللىقتىن باشقىلارغا بىر نەرسە بەرمەيدىغان، باشقىلارنىمۇ بېخىللىققا ئۈندەيدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى، بايلىقلىرىنى يوشۇرىدىغانلاردۇر، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ئەنسارلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، سىلەر پۇل-ماللىرىڭلارنى كۆپ چىقىم قىلماڭلار، چۈنكى بىز سىلەرنىڭ پېقىرلىققا چۈشۈپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمىز، دەپ ئۇلارنى ياخشىلىقتىن توسقان. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿ئۇلار (پۇل - مالغا) بېخىللىق قىلىدىغان، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدىغان، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەنلىرىنى يوشۇرىدىغانلاردۇر. بىز (بۇنداق) كاپىرلار ئۈچۈن خارلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[2]. ئايەتتە بايان قىلىنغان بېخىللىق پۇل مالغا بېخىللىق قىلىشنى ئىپادىلىگەندەك، ياخشىلىققا، ياخشى سۆزگە ۋە نەسىھەتكە بېخىللىق قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بېخىللىقى، مۇتەكەببىرلىكى، ھەقىقەتنى يوشۇرۇشى ۋە ناشۇكۇرلۇكى سەۋەبىدىن، ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى «كاپىرلار» دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىشنىڭ خۇددى دىننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئوخشاش دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. ئاللاھ تائالا پۇل-مېلىنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ رىيا قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى ئاللاھ تائالانىڭ تەبىئىي ھەققى دەپ تونۇمايدىغانلار ئۈچۈنمۇ قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى.

رىياكارلىق بىلەن مۇتەكەببىرلىك دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان خەتەرلىك گۇناھلار بولۇپ، رىياكارلىقنى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر قىلىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەملەر ئاخىرەتكە، ئەمەللەرنىڭ

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 93-بەت، 91-ھەدىس.

[2] «تفسير الطبري» 8-توم، 353-بەت.

مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنسە، ھەرگىزمۇ ئۆز ئەمەللىرىنى رىيا قىلىش بىلەن يوق قىلىۋەتمەيدۇ. مۇتەكەببىرلىكمۇ كاپىرلارنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە كاپىرلىرى مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇلارنى خارلايتتى ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى.

رىياكار ئادەملەر ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشەنسە، پۇل-مېلىنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ساۋابلىق ئىشلارغا سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيان بولاتتى؟ ئۇلارنىڭ ئىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىشتۇر. ئۇلار ئەمەللىرىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىككە بىراقلا ئېرىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالا ھەمىشە مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئىش كۆرۈشى لازىم. گەرچە بەندە ئاللاھ تائالانى كۆرەلمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇتەكەببىرلەر بىلەن ماختانچاقلارنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ ۋە قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.
2. بېخىللىقنىڭ زىيىنى كۆپ، گۇناھى ئېغىر ۋە جازاسى چوڭدۇر.
3. رىياكارلىق مۇناپىقلارنىڭ ئىشىدۇر.
4. كىشىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدىغانلار ئادەمىي شەيتانلاردۇر.

## ◄ تەرغىب ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظۡلِمُ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖۖ وَإِن تَكُ حَسَنَةٗ يُضَٰعِفۡهَا وَيُؤۡتِ مِن لَّدُنۡهُ أَجۡرًا عَظِيمٗا ۝٤٠ فَكَيۡفَ إِذَا جِئۡنَا مِن كُلِّ أُمَّةِۭ بِشَهِيدٖ وَجِئۡنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدٗا ۝٤١ يَوۡمَئِذٖ يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَعَصَوُاْ ٱلرَّسُولَ لَوۡ تُسَوَّىٰ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضُ وَلَا يَكۡتُمُونَ ٱللَّهَ حَدِيثٗا ۝٤٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

40-شەكسىزكى، ئاللاھ زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچىلىك ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ،

(ئۇنىڭغا) ئۆز دەرگاھىدىن كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

41-(ئى پەيغەمبەر!) بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر پەيغەمبەرنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە سېنىمۇ ئۇلارغا گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟

42-كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە، ئۆزلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىنىۋېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئەڭ يۇقىرى كامالەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋە ھەرقانداق نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشى، زەررىچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىشى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىشى ياكى بەزىلىرىنى ناھەق جازالىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق بولۇشى تەسەۋۋۇردىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر. ﴿فَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ ۝٧ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ﴾ يەنى ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ياراتتى ۋە ئۇلارغا ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئەقىل-ئىدراكنى ئاتا قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەرغىب قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توستى ۋە يامانلىقنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى. ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ ﴿وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ۝٤٦﴾ يەنى ﴿رەببىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، ئاللاھ تائالا بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب بېرىدۇ،

---

[1] زەلزەلە سۈرىسى: 7- 8- ئايەتلەر

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 46-ئايەت.

ئەمما بىر يامانلىقا پەقەت بىرلا جازا بېرىدۇ. ﴿مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيْرٌ مِّنْهَا ۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى ٱلَّذِينَ عَمِلُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ إِلَّا مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿كىمكى (بۇ ئاخىرەت يۇرتىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كېلىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى يامان ئىش بىلەن كېلىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا پەقەت ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پەزل-كەرەمىدىن كۆپ ئاتا-ئېھسانلارنى مەرھەمەت قىلىدۇ.

مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىشتىكى ئومۇمىي قائىدە-پرىنسىپىدۇر. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقان، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىپ ھەق دىنغا قارشى چىققان ۋە ئۆمرىنى دۇنيا ھەلەكچىلىكى بىلەنلا ئۆتكۈزگەن كاپىرلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا نىمە دەپ بارار؟ ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرسە، پەيغەمبەرلەر دۇنيادا ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتمەي قالمىغان. ﴿وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولسۇن، ئۇنىڭغا چوقۇم پەيغەمبەر كەلگەن﴾[2].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى ھەق ۋە پەزل-كەرەمى كەڭدۇر.
2. قىيامەت كۈنىدە كاپىرلار ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن، ئۆزلىرىنىڭ تۇپراق بولۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
3. پەيغەمبەرلەر قىيامەت كۈنى ئۆز ئۈممەتلىرى ھەققىدە ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

## ◄ نامازنىڭ بەزى شەرتلىرى ۋە تەيەممۇم رۇخستى

[1] قەسەس سۈرىسى: 84- ئايەت.
[2] فاتىر سۈرىسى: 24- ئايەت.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقْرَبُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمْ سُكَـٰرَىٰ حَتَّىٰ
تَعْلَمُواْ مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِى سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغْتَسِلُواْ ۚ وَإِن
كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ جَآءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ ٱلْغَآئِطِ أَوْ
لَـٰمَسْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمْ تَجِدُواْ مَآءً فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَٱمْسَحُواْ
بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٤٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

43ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مەست بولۇپ قالغاندا نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگۈدەك بولغۇچە[1]، جۇنۇب بولۇپ قالغاندا غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا (ۋە مەسجىدكە) يېقىنلاشماڭلار، (مەسجىدنىڭ ھويلىسىدىن) ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەگەر (سۇ ئىشلىتەلمەيدىغان دەرىجىدە) كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا ئۇرۇلغان قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جازائىرى ئۆز تەپسىرىدە ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ۋەقەنى بايان قىلغان: «بىر كۈنى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قانچە ساھابىنى ئۆيىگە تائامغا چاقىرىدۇ. بۇ ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى. ئۇلار يەپ-ئىچىدۇ، ئاندىن تازا مەست بولغان چاغدا، ناماز شامنىڭ ۋاقتى كىرىپ قېلىپ، ئۇلاردىن بىرى ئىمام بولۇپ نامازنى باشلايدۇ ۋە «كافىرۇن» سۈرىسىنى: «قُلْ يَآأَيُّهَا الكَافِرُون. نَحْنُ نَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ» يەنى (ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! بىزمۇ سىلەر ئىبادەت قىلغانغا ئىبادەت قىلىمىز) دەپ خاتا ئوقۇيدۇ. شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولۇپ، ئۇلارنى مەستلىك ھالىتىدە ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىدۇ»[2].

---

[1] بۇ ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمدۇر.

[2] «تفسير الطبري» 8ـ توم، 9525ـ ھەدىس.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار هاراقنى قەتئىي چەكلىگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر هاراقنى كۈندۈزلىرى ئىچمەيدىغان بولىدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارنى شېرىك ۋە چوڭ گۇناھلاردىن ئاگاھلاندۇرغان بولسا، بۇ ئايەتتە، ئادەمنى گۇناھ ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىغان مەستلىكتىن مەنئى قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ناماز ۋاقتىدا هاراق ئىچمەڭلار ۋە مەست تۇرۇپ ناماز ئوقۇماڭلار. سىلەر نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگۈدەك بولغانغا قەدەر نامازغا قەتئىي يېقىنلاشماڭلار. چۈنكى ناماز ئاللاھ تائالاغا دىل ۋە تىل بىلەن قىلىنىدىغان مەخسۇس مۇناجاتتۇر. هالبۇكى مەست بولغان ئادەمنىڭ دىلى ئاللاھ تائالا بىلەن، تىلى ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش بىلەن بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك، جۇنۇپ بولۇپ قالغان چېغىڭلاردىمۇ سىلەر غۇسلى قىلىپ پاكلانماي تۇرۇپ نامازغا ياكى مەسجىدكە يېقىنلاشماڭلار. پەقەت يول ئۈستىدە بولۇپ سۇ تاپالمىغانلار غۇسلىنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ. غۇسلى-پۈتۈن بەدەننى پاكىز يۇيۇش دېمەكتۇر. غۇسلى ئادەمدىكى بوشاڭلىقنى يېڭىپ، ئۇنى تېتىك هالەتكە كەلتۈرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿إِلَّا عَابِرِي سَبِيلٍ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەبەرىي، ئىبنى كەسىر، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى جەزائىرىي قاتارلىق تەپسىرلەردە مەزكۇر ئايەت مەسجىدنىڭ هويلىسىدىن ياكى مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلار هەققىدە نازىل بولغان، بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى ﴿(مەسجىدنىڭ هويلىسىدىن) ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەنلىك بولىدۇ، يەنى «سىلەر جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، مەسجىدكە كىرمەڭلار، پەقەت مەسجىدنىڭ ئۆزىگە كىرمەي، ئۇنىڭ هويلىسىدىن ئۆتۈپ كەتسەڭلار بولىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ، دېيىلگەن.
تەپسىرى تەبەرىيدە مۇنداق دېيىلگەن: «مەدىنىدە ئەنسارلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى مەسجىدكە ئېچىلاتتى، ئۇلار مەسجىدتىن ئۆتمىسە باشقا ئۆتىدىغان يولى يوق ئىدى، ئۇلار جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا سىرتتىن سۇ ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن جۇنۇپ هالىتى بىلەن مەسجىدتىن

ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالاتتى. بۇ ئايەت شۇ كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارغا جۇنۇپ بولسىمۇ مەسجىدنىڭ ھويلىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنغان»[1].

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿ٱلصَّلَوٰةَ﴾ دېگەن سۆزدىن نېمە مەقسەت قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭدىن ناماز كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئىمام شافىئىي ناماز ئوقۇيدىغان جاي (يەنى مەسجىد) كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئايەت ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى جۇنۇپ ئادەمنىڭ مەسجىدتىن ئۆتۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنغان، ئەمما جۇنۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ﴿وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِى سَبِيلٍ﴾ دېگەن ئايەتتىن مەقسەت تاھارەت ئېلىشقا سۇ تاپالمىغان مۇساپىر بولۇپ، ئۇ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، دېگەن. يەنە بەزى ئۆلىمالار ئايەتتىكى ﴿ٱلصَّلَوٰةَ﴾ دېگەن سۆزدىن ناماز ئوقۇيدىغان جاي ۋە ناماز ئىككىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن»[2].

ناماز ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىدۇر. ناماز بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، بەندىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم كۈندە بەش قېتىم ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. تاھارەت نامازنىڭ شەرتىدۇر. بىراق كېسەللىك ياكى باشقا ئۆزرىلەر تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەر تاھارەت ئېلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تاھارەت ئالالمىغانلىق باھانىسى بىلەن نامازنى ئوقۇماسلىقىغا يول قويمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا كەڭچىلىك ھەم ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەنلىكتىن، سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىشنى بۇيرۇغان. تەيەممۇم پاك تۇپراقتا قىلىنىدۇ. ھېچكىم تەيەممۇم قىلىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ. چۈنكى تۇپراق سۇنىڭ ئەكسىچە ھەممە يەردە تېپىلىدىغان بىر ماددا.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر كېسەل سەۋەبلىك سۇ ئىشلىتەلمىسەڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ سۇ تاپالمىغان بولساڭلار، تاھارەت ياكى غۇسلىنىڭ ئورنىغا پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىپ پاكلىق ھۆكمىگە كىرسەڭلار بولىدۇ. پاك تۇپراققا ئىككى قولۇڭلارنى ئۇرۇپ، قولۇڭلار بىلەن

---

[1] «تفسير الطبري» 8-توم، 384-بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 5-توم، 175-بەت.

يۈزلىرىنى ۋە ئىككى قوللىرىنى زېمىنغا سۈرۈشتۈرۈپ تەيەممۇم
قىلسىلەر.

خۇلاسە قىلغاندا، سۇ ئىشلىتىشتىن ئاجىز قالغان ھاللاردا، تاھارەت ۋە غۇسلىنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. بۇنىڭ بايانى فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلى كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز مېھرىبانلىقى ۋە ئىنتايىن كەچۈرۈمچانلىقىدىن تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەرنىڭمۇ تاھارەتسىز ۋە غۇسلىسىز ھالدا تەيەممۇم بىلەن پاكلىق ھۆكمىگە كىرىپ ناماز ئوقۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل دىن بولغانلىقتىن، مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە تېپىلىدۇ. بەزىسى قەتئىي سۇسىز قالمايدىغان دېڭىز ياقىلىرىدا ياكى سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان جايلاردا ياشىسا، بەزىلىرى سەھرالاردا ۋە سۇ قىس جايلاردا ياشايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شارائىتىنى ۋە بېشىغا كېلىدىغانلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولغانلىقتىن، ئۇلارغا جاپا-مۇشەققەت بولمىسۇن دەپ، ئۇلارغا ئىبادەتنى ۋە ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ناماز ۋاقتىدا ھاراق ئىچمەسلىك توغرىسىدا كەلگەن بۇ ئايەت ھاراقنى چەكلەش ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھاراق توغرۇلۇق تۆت قېتىم ئايەت نازىل قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ باسقۇچ ئارقىلىق ھاراقنى تەدرىجىي مەنئى قىلىش يولىنى تۇتقان. ھاراق توغرىسىدا نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەت مائىدە سۈرىسىنىڭ 90 - ئايىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا شۇ ئايەت بىلەن ھاراقنىڭ قەتئىي تۈردە ھارام قىلىنغانلىقىنى جاكارلىغان.

2. جۇنۇپ بولغان ئادەمنىڭ غۇسلى قىلىشى پەرزدۇر. جۇنۇپلۇق جىنسىي ئالاقە ياكى ئىھتىلام (يەنى ئۇيقۇدا ئىسپېرمىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى) بىلەن بولىدۇ.

3. كېسەللىك سەۋەبلىك سۇ ئىشلىتىشتىن، سەپەردە بولغانلىق سەۋەبتىن سۇ تېپىشتىن ئاجىز كەلگەنلەرنىڭ تاھارەت ياكى غۇسلىنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىشى جائىزدۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ يَشْتَرُونَ ٱلضَّلَٰلَةَ
وَيُرِيدُونَ أَن تَضِلُّوا۟ ٱلسَّبِيلَ ﴿٤٤﴾ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِأَعْدَآئِكُمْ ۚ وَكَفَىٰ
بِٱللَّهِ وَلِيًّا وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ نَصِيرًا ﴿٤٥﴾ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُوا۟ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ
عَن مَّوَاضِعِهِۦ وَيَقُولُونَ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَٱسْمَعْ غَيْرَ مُسْمَعٍ
وَرَٰعِنَا لَيًّۢا بِأَلْسِنَتِهِمْ وَطَعْنًا فِى ٱلدِّينِ ۚ وَلَوْ أَنَّهُمْ قَالُوا۟ سَمِعْنَا
وَأَطَعْنَا وَٱسْمَعْ وَٱنظُرْنَا لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَقْوَمَ وَلَٰكِن لَّعَنَهُمُ
ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٤٦﴾﴾

### تەرجىمىسى

44ـ(ئى پەيغەمبەر!) كىتابتىن ئىلىم بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئازغۇنلۇقنى سېتىۋالىدۇ ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ.

45ـئاللاھ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى قوغداشقا ۋە سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

46ـيەھۇدىيلار ئىچىدە تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار: «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، بويسۇنمىدۇق، سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئاڭلىماس بولۇپ كەتكۈرسەن!» دەيدۇ، دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، «رائىنا» دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار (يۇ-قىرىقىدەك گەپ قىلماي) «ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق»، «قۇلاق سال»، «ئۇنزۇرنا»[1] دېگەن بولسا، ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى، تولىمۇ توغرا بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلىقى سەۋەبلىك ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شۇڭا، ئۇلار (ھەقىقەتكە) بەكمۇ ئاز ئىشىنىدۇ.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ

[1] بەقەرە سۈرىسىنىڭ 104ـ ئايىتىدە ئىزاھ بېرىلدى.

ئايەتلەردە، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكتىن زىيان تارتقانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ ۋە بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىنى تاشلاپ قويۇشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! «تەۋرات»تىن نېسىۋە بېرىلگەن يەھۇدىيلارنىڭ ھالىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەسلىدە ئۇلارغا «تەۋرات» تولۇق بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىن ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى، بۇ ئىلاھىي دەستۇرنى قوغدىمىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىق ئۇچۇن سېتىپ يېيىشتەك ئازغۇنلۇقى سەۋەبلىك، ئۇلار «تەۋرات»نىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىپ قويغان. چۈنكى ئۇلار ھىدايەتنى بېرىپ زالالەتنى سېتىپ ئالغان ۋە ئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەردۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! بۇ يەھۇدىيلار سىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئازغۇنلاردىن بولۇشۇڭلارنى خالايدۇ ۋە قولىدىن كەلسە سىلەرنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەھلى كىتابتىن بولغان دۈشمەنلىرىڭلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلساڭلار، ئاللاھ تائالامۇ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٧﴾﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر﴾[1] دەپ ۋەدە قىلغان.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ «تەۋرات»نى ئۆزگەرتىشتەك چوڭ جىنايەتلىرى توغرۇلۇق توختىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئاتالمىش دىندارلىرى ۋە جانباقار موللىلىرى «تەۋرات»نىڭ تېكىستلىرىنى ئۆز خاھىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قىلىپ ئۆزگەرتۇۋېتەتتى. بۇ يەردىكى «ئۆزگەرتىش»تىن مەقسەت، «تەۋرات»نى تەپسىر قىلغاندا ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ ئۆز خاھىشىغا كۆرە تەپسىر قىلغانلىقى

---

[1] رۇم سۈرىسى: 47-ئايەت.

كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمما ئەڭ توغرىسى، «تەۋرات» تېكىستلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش، بەزى تېكىستلەرنى «تەۋرات»تىن چىقىرىپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى خالىغانلىرىنى كىرگۈزۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەرنى باشقا مەنىلەرگە ئۆزگەرتىش، بۇراش ۋە بۇرمىلاش قاتارلىق جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ زامانلاردا ئاۋام خەلق ئىلاھىي كىتابلارنى ئوقۇيالمايدىغان ۋە چۈشەنمەيدىغان بولغانلىقتىن، «تەۋرات»تا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى، مولللىلىرى نېمە دەپ بەرسە شۇنىڭغا ئىشىنەتتى، شۇڭا، «تەۋرات»نىڭ تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، بۇرمىلاش، باشقىچە تەپسىر قىلىش يەھۇدىيلار ئۈچۈن تولىمۇ ئوڭاي ئىدى.

يەھۇدىيلار ئىنتايىن ئەدەپسىز، ھاكاۋۇر، ئەخلاقسىز، مەككار ۋە ھەسەتخور قەۋم بولۇپ، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش بولغان ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىدىنمۇ بەك ئەدەپسىز، ھەسەتخور ۋە مەككار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق» دېيىشنىڭ ئورنىغا، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ: «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇنمىدۇق» دەيتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلاتتى، توختىماستىن دۈشمەنلىك قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن پەيغەمبەرلىك نېمىتىگە ھەسەت قىلاتتى، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلاتتى، بەزىدە ئېغىزلىرىنى بۇزاتتى. ئۇلار «رائىنا»دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتەتتى، لېكىن ئۇلار بۇ سۆزنى ئەرەبچىدىكى «بىزگە قاراپ قويسىڭىزكەن»، «بىزگە ئىلتىپات قىلغان بولسىڭىز» دېگەن مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى يەھۇدىيلارنىڭ تىلى بولغان ئىبرانىي تىلىدىكى «بىزنىڭ پەس كىشىمىز» دېگەن مەنىسىنى مەقسەت قىلىپ ئىشلىتەتتى. ئاڭلىغۇچىلار بۇ سۆزنى ئەرەبچىدىكى مەنىسىدە چۈشىنەتتى، ئەمما يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ سۆز ئارقىلىق ھاقارەت قىلغۇالغانلىقىغا خۇشاللىناتتى.

ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ﴿سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئاڭلىماس بولۇپ كەتكۈرسەن!﴾ دېگەنگە ئوخشاش قەبىھ سۆزلەرنى گاھ يىنىدا، گاھ يىراق تۇرۇپ دەيتتى. بۇلار يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە بۇ دىننىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان قاتتىق

ئۆچمەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱسۡمَعۡ غَيۡرَ مُسۡمَعٖ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى كەسىر، قۇرتۇبىي، ئىبنى ئاشۇر، ئەيسەرۇتتەفاسىر قاتارلىق تەپسىرلەردە ﴿سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئاڭلىماس بولۇپ كېتەرسەن!﴾ دەپ تەپسىر قىلىنغان. بۇلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغان. تەپسىرى ۋازىھ قاتارلىق بەزى تەپسىرلەردە «سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئەمما بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمايمىز» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى ئاشۇرنىڭ بايان قىلىشىچە، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر دىنىي مەسىلىدە مۇراجىئەت قىلىپ كەلگەن چاغلىرىدا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿وَٱسۡمَعۡ﴾ دېگەن سۆزنى ئىشلىتەتتى. بۇ سۆز كىشىلەرگە «بىزگە قۇلاق سالسىڭىزكەن» دېگەن مەنىدىكى سىلىق سۆزدەك ئاڭلىناتتى، ئۇلار ئارقىدىنلا ﴿غَيۡرَ مُسۡمَعٖ﴾ دەيتتى، بۇ سۆزنى كىشىلەر «بىزنىڭ سۆزىمىزگە قۇلاق سالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگەن مەنىدە چۈشىنەتتى. چۈنكى ئەرەبچىدە «افعل غير مأمور» يەنى «قىلغىن، ئەمما ئۇنىڭغا مەجبۇر ئەمەسسەن» دەيدىغان سۆز بار. ئەمما يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿غَيۡرَ مُسۡمَعٖ﴾ دېگەن سۆزنى «ئاڭلىماس بولۇپ قالغايسەن، گاس بولۇپ كېتەرسەن» دېگەن تىللاش ۋە ھاقارەت مەنىسىدە ئىشلىتەتتى. يەھۇدىيلارنىڭ بۇنداق رەزىللىكىنى مۇسۇلمانلار بىلمىگەن بىلەن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ۋە كۆڭلىدە يوشۇرغانلىرىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى.

ئەگەر بۇ يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلماقچى بولغان چاغلىرىدا: «ئۇنىزۇرنا-بىزگە قاراپ قويسىڭىزكەن» دېسە، نېمىدېگەن ياخشى ۋە نېمىدېگەن توغرا سۆز قىلغان بولار ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇنداق قىلمىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك لەنىتىگە ئۇچرىدى. ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ئىنتايىن ئاز چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتلەرگە ناھايىتى ئاز ئىمان ئېيتىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلايدىغان ۋە باشقىلارغا تۆۋەن قارىغان

رەزىل قەۋمدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىقى ۋە ھامىيلىقى ئۇلارنى باشقىلاردىن ياردەم سوراشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.

3. يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى قىلغان-ئەتكەنلىرى ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت بولۇپ، بۇلارنىڭ جازاسى ئەلۋەتتە ئېغىر بولىدۇ.

### ◄ ئەھلى كىتابنى ئاگاھلاندۇرۇش

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ ءَامِنُوا۟ بِمَا نَزَّلْنَا مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُم مِّن قَبْلِ أَن نَّطْمِسَ وُجُوهًا فَنَرُدَّهَا عَلَىٰٓ أَدْبَارِهَآ أَوْ نَلْعَنَهُمْ كَمَا لَعَنَّآ أَصْحَـٰبَ ٱلسَّبْتِ ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا ﴿٤٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱفْتَرَىٰٓ إِثْمًا عَظِيمًا ﴿٤٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

47- ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! بىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى ئۆزگەرتىپ[1] ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن ئىلگىرى ياكى ئۇلارغا شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىشىمىزدىن ئىلگىرى، بىز ئۆزۈڭلاردىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىن ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەن.

48- ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب! بىز

[1] بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا چېكىندۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان، ئۆزۈڭلاردىكى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» نىڭ ئەسلىسىنى تەستىقلايدىغان «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈڭلار. سىلەر ئەجدادىڭلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىبرەتلىك جازالارغا ئۇچراشتىن بۇرۇن بۇ كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. بۇ كىتاب رەببىڭلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتابتۇر.

يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» نىڭ كۆپ قىسمىنى زايە قىلىۋەتكەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا يەنىلا ئەھلى كىتاب (يەنى كىتاب بېرىلگەنلەر) دەپ ئاتاش ئارقىلىق ساماۋى دىنغا مەنسۇپ قىلغان.

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى بالىسى ۋەياكى ياردەمچىسى يوقلۇقىغا، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا ۋە گۈزەل ئەخلاققا دەۋەت قىلىش قاتارلىق ئومۇمىي پىرىنسىپلىرىدا بىردەكتۇر. «قۇرئان كەرىم» بۇ مەنىدە مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنى ھەمدە ئۇلاردىن باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارغا كەلگەن كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىنىغا مۇۋاپىقلاشقان تۇرسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۆز كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەرنى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرىدۇ ياكى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ؟

بۇ ئايەت يەھۇدىيلارغا بېرىلگەن مەنىۋى جازانى ئىپادىلىگەن. ئەي يەھۇدىيلار! ئىسلام دىنى قۇدرەت تېپىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولۇپ، ئىسلام ئەھلى ئەزىزلىككە ئېرىششى ئارقىلىق سىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ئىبارەت رەزىل پىلانىڭلار بەربات قىلىنىپ، زىيان تارتقان ھالدا نائۈمىد بولۇپ ئارقىغا قايتىشىڭلاردىن ياكى شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلىنغانىدەك لەنەت قىلىنىشتىن ئىلگىرى سىلەردىكى كىتاب ـ «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»نى ئېتىراپ قىلىدىغان

ساماۋى كىتاب-«قۇرئان كەرىم»گە ۋە بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار!

ئايەتتىكى «طمس» دېگەن سۆز يوق قىلىۋېتىش، ئۆزگەرتىۋېتىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «وجوه» دېگەن سۆز «وجه» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، يۈزنى ئىپادىلىگەندەك، يۆنىلىش، مەقسەت، غايە، نىشان دېگەندەك مەنىۋى ئۇقۇملارنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە ئۆز دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: لۇقمان سۈرىسىنىڭ 22-ئايىتىدىكى ﴿وَمَن يُسۡلِمۡ وَجۡهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰۗ﴾ يەنى ﴿كىمكى (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ مەھكەم تۇتقۇغا ئېسىلغان بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە كەلگەن «وجه» دېگەن سۆز ئادەمنىڭ ئۆزى ۋە ۋۇجۇدى دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئايەتنىڭ ﴿فَنَرُدَّهَا عَلَىٰٓ أَدۡبَارِهَآ﴾ دېگەن قىسمىدىكى «نَرُدّ» دېگەن سۆز «رَدّ» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز ئارقىسىغا قايتۇرغاننى ئىپادىلىگەندەك، مەنىۋى جەھەتتىن چېكىندۇرگەننىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد سۈرىسىنىڭ 25-ئايىتىدىكى﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَٰرِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَى ٱلشَّيۡطَٰنُ سَوَّلَ لَهُمۡ وَأَمۡلَىٰ لَهُمۡ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن (ئىماندىن) يېنىۋالغانلارغا شەيتان (مۇرتەدلىكنى) چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە (ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ارتدوا» دېگەن سۆز مەنىۋى جەھەتتىن ئارقىغا قايتقانلىقنى يەنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى جاھالەت ھالىتىگە قايتىۋالغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مۇسۇلمانلىقتىن كېيىن كاپىرلىققا قايتىۋالغان ئادەمنىڭ بۇ ئىشى «اِرْتَدّ» يەنى (قايتىۋالدى) دېيىلىدۇ، ئۆزى بولسا «مُرْتَدّ» (مۇرتەد) يەنى (دىندىن يېنىۋالغۇچى) دېيىلىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتىكى جازا جىسماني جازا بولۇپ، مەنىسى مۇنداقتۇر: ئى ئەھلى كىتاب! يۈزۈڭلارنى يوق قىلىۋېتىپ سۈرىتىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىش ياكى سىلەرگە شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىشتىن ئىلگىرى سىلەردىكى ئىلاھىي كىتاب «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»نى ئېتىراپ قىلىدىغان «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈڭلار.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا ئالدىن بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئۆز

ۋاقتىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. مەدىنىدىكى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ھالاك قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر خىل كۈلپەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قاراتقان ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئىدى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا قىلىمەن دېگەنلىرىنى چوقۇم قىلالايدىغان، چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاگاھلاندۇرۇشى راستتۇر.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار ئەگەر ئىمانغا كەلمىسە، ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى ۋە رەسۋا قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىمان ئېيتمىغانلارنى كەچۈرۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى جاكارلايدۇ. بۇ ئايەتتىكى «شېرىك» يەھۇدىيلار ۋە باشقا كاپىرلاردىكى ئومۇمىي كۇفرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ، مازار-ماشايىخلاردىكى ئاتالمىش ئەۋلىيالار كىشىلەرنى زىيان- زەخمەتلەردىن ساقلاپ قالالايدۇ، تىلەكلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

شېرىك ئەقىدىسى ئىنسانىنىڭ دىلىغا ئىماننىڭ نۇرىنى كىرىشتىن توسۇۋالىدىغان قېلىن پەردە بولۇپ، بارچە ئازغۇنلۇقلار ۋە خۇراپاتلار ئۇنىڭدىن كېلىدۇ. مۇشرىكلار (يەنى مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغۇچىلار) تاشلارنى، دەرەخلەرنى ۋە ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسانلارنى كائىناتنىڭ بەزى ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا يېتىشىمىزگە ۋەسىلە بولىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇلارغا چوقۇنىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلىكنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ. پەقەت شېرىك كەلتۈرگۈچى قايتا ئىمان ئېيتىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندىلا ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنى كەچۈرىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ پرىنسىپى بويىچە: ﴿إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1] يەنى ياخشى ئەمەللەر گۇناھلارنى يوقىتا چىقىرىدۇ.

---

[1] ھۇد سۈرىسى: 114-ئايەت.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىلىم ئەھلىلىرى ھىدايەتنىڭ نۇرىنى ئەڭ ئاۋۋال بايقىۋالىدىغان كىشىلەر بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى ئىلىم ھەقىقەتنى تونۇشقا ياردەمچى ۋە ۋاستە بولىدۇ. ئەمما ئەھلى كىتابنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىدە ئورتاقلىشىپ كەتكەن ھەسەتخورلۇق، نەپسى ھەۋەسلەرگە بېرىلىش خاھىشى ئۇلارنى ھىدايەت نۇرىدىن مەھرۇم قىلغان.

2. ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايدىغانلار ئەقىللىق كىشىلەردۇر.

3. كۇفرى بىلەن شېرىكنىڭ گۇناھى ئەڭ ئېغىردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىدىن باشقا گۇناھلارنى خالىسا تەۋبىسىزمۇ ئەپۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىككىسىنى قايتا ئىمان ئېيتىپ تەۋبە قىلمىغۇچە ئەپۇ قىلمايدۇ.

4. كۇفرى ۋە شېرىكتىن تەۋبە قىلماي ئۆلگەنلەر دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

## ◄ ئەھلى كىتابنىڭ جازاسى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُزَكُّونَ أَنفُسَهُمۚ بَلِ ٱللَّهُ يُزَكِّي مَن يَشَآءُ وَلَا
يُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٤٩﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَۖ وَكَفَىٰ
بِهِۦٓ إِثْمًا مُّبِينًا ﴿٥٠﴾ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ
يُؤْمِنُونَ بِٱلْجِبْتِ وَٱلطَّٰغُوتِ وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ هَٰٓؤُلَآءِ
أَهْدَىٰ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ سَبِيلًا ﴿٥١﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُۖ وَمَن
يَلْعَنِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ نَصِيرًا ﴿٥٢﴾ أَمْ لَهُمْ نَصِيبٌ مِّنَ ٱلْمُلْكِ فَإِذًا
لَّا يُؤْتُونَ ٱلنَّاسَ نَقِيرًا ﴿٥٣﴾ أَمْ يَحْسُدُونَ ٱلنَّاسَ عَلَىٰ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ
مِن فَضْلِهِۦۖ فَقَدْ ءَاتَيْنَآ ءَالَ إِبْرَٰهِيمَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَءَاتَيْنَٰهُم
مُّلْكًا عَظِيمًا ﴿٥٤﴾ فَمِنْهُم مَّنْ ءَامَنَ بِهِۦ وَمِنْهُم مَّن صَدَّ عَنْهُۚ وَكَفَىٰ
بِجَهَنَّمَ سَعِيرًا ﴿٥٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

49ـ ئۆزلىرىنى ئاقلايدىغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئىش ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

50ـ ئۇلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن قانداق يالغاننى توقۇۋاتقانلىقىغا قارىغىن! بۇ ئوپئوچۇق گۇناھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

51ـ كىتاب (تەۋرات)تىن نېسىۋە بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سېھىرنى ۋە تاغۇتنى[1] تەستىقلايدۇ، ئۇلار مۇشرىكلار ئۈچۈن «ئاشۇلارنىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن بەكرەك توغرىدۇر» دەيدۇ.

52ـ ئەنە شۇلار ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى تاپالمايسەن.

53ـ ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسىنىمۇ بەرمەيتتى.

54ـ ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نېمەتلەرگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئائىلىسىگە كىتاب، ھېكمەت بەرگەن ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق ئاتا قىلغان ئىدۇق.

55ـ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ بار. (يۈز ئۆرۈگەنلەرگە) جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر.

### تەپسىرى

ئۆزلىرىنى مەدھىيەلەپ ئۆزلىرىدە بولمىغان نەرسىلەر بىلەن ماختىنىدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى، ئەڭ يېقىنلىرى دەپ سانايدىغان ۋە بۇ يېقىنلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەتئىي دوزاخ ئازابىنى كۆرمەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ «جەننەتكە يەھۇدىي ياكى خرىستىيان بولمىغانلار كىرمەيدۇ» دەيدىغان سەپسەتىسىمۇ بار. ئۇلار جەننەتكە كىرىشنىڭ نەپسىنى پاكلاش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. نەپسىنى پاكلىغانلارنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدۇ. ئەمما ئەمەل قىلماستىن، ئاتا –

[1] بۇ ئايەتتىكى تاغۇتتىن كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ئىسىملىك ئىككى نەپەر يەھۇدىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بوۋىلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى ياكى نەسەبى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلارنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ، ئىنسانلارمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇنداقلار ئۆچىغا چىققان ئەبگا ۋە ئەخمەقلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلِ ٱللَّهُ يُزَكِّي مَن يَشَآءُ﴾ يەنى ﴿ئىش ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ﴾[1] يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ، ئۆزىنى پاك دەۋېلىشى بىلەن ئۇلار پاك بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ھىدايەت بېرىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىش ئارقىلىق ئۇنى پاك قىلىدۇ، ئۇنىڭ نەپسىنى پاكلايدۇ، گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئەھلى كىتابنىڭ ئۆزلىرىنى ماختىغانلىرى ۋە جەننەت بىزگە خاس دېگەنلىكى پۈتۈنلەي بىكاردۇر.

بىز مۇسۇلمانلار بۇنداق ئىللەتلەرنىڭ دىلىمىزغا كىرىشىگە يول بەرمەسلىكىمىز لازىم. بىز ئەڭ كاتتا پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىدۇرمىز، بىزنىڭ دەستۇرىمىز ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دۇر. بىز ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىلغان بىر ئۈلگىلىك ئۈممەت ئىكەنلىكىمىز بىلەن پەخىرلىنىپ ئولتۇرماي، ئەمەل قىلىشىمىز ۋە ئۆز ئەمەلىمىز بىلەن خۇشاللىنىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ﴿ٱعْمَلُوا۟ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُۥ وَٱلْمُؤْمِنُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەر كۆرىدۇ﴾[2] دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «يَا فَاطِمَةُ بِنْتَ مُحَمَّدٍ ، سَلِينِي مَا شِئْتِ مِنْ مَالِي لاَ أُغْنِي عَنْكِ مِنَ اللَّهِ شَيْئًا» يەنى «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! پۇل-مېلىمدىن نىمىنى خالىسىڭىز سوراڭ، ئەمما ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا سىز ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئارا تۇرالمايمەن»[3] دېگەن.

كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق ئارزۇلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى خۇش قىلىدۇ ۋە ھەمىشە شۇنداق ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ.

مۇيەسسەرلەر ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَـٰبِ يُؤْمِنُونَ بِٱلْجِبْتِ وَٱلطَّـٰغُوتِ وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ هَـٰٓؤُلَآءِ أَهْدَىٰ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟

---

[1] نىسا سۈرىسى: 49-ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى: 105- ئايەت.
[3] «صحيح البخاري» 2753-ھەدىس، «صحيح مسلم» 206- ھەدىس.

سَبِيلًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿بِٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ﴾ دېگەن ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئۇلار: «ٱلۡجِبۡتِ» دېگەن سۆزگە «بۇت»، «سېھىرگەر»، «شەيتان»، «كاھىن»، «ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ئىسىملىك يەھۇدىي» دېگەن مەنىلەرنى، «ٱلطَّٰغُوتِ» دېگەن سۆزگە «بۇت»، «كەئب ئىبنى ئەشرەف ئىسىملىك يەھۇدىي»، «شەيتان»، «كاھىن» دېگەندەك ھەر خىل مەنىلەرنى ئېيتقان. پىشقەدەم مۇپەسسىرلەردىن ئەللامە زەھھاك مۇنداق دېگەن: «ئايەتتىكى ﴿بِٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ﴾ دېگەن ئىككى سۆزدىن كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ھۇيەي ئىبنى ئەختەب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى مۇشۇ سۈرىنىڭ ﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزۡعُمُونَ أَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُوٓاْ إِلَى ٱلطَّٰغُوتِ وَقَدۡ أُمِرُوٓاْ أَن يَكۡفُرُواْ بِهِۦۖ وَيُرِيدُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَن يُضِلَّهُمۡ ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان (مۇناپىق)لارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار تاغۇتنى[1] ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئەرزىنى ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنماقچى بولۇۋاتىدۇ. شەيتان ئۇلارنى قاتتىق ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ﴾[2] دېگەن ئايىتىدۇر». بۇ ئايەتتىكى «تاغۇت» دېگەن سۆزدىن كەئب ئىبنى ئەشرەف دېگەن يەھۇدىي كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىدا كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بىرلىككە كەلگەن.

ئەللامە بەغەۋىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، كەئب ئىبنى ئەشرەف دېگەن يەھۇدىي مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىكلارنىڭ سېپىدە بىللە جەڭ قىلىدىغانلىقىغا ئائىت ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلار ئۇنىڭغا: «سىلەرمۇ كىتاب نازىل قىلىنغان قەۋم بولغىنىڭلار ئۈچۈن مۇھەممەدكە ئوخشايسىلەر. بۇ سىلەرنىڭ بىر ھىيلە-مىكرىڭلار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىمىز. ئەگەر سېنىڭ بىز بىلەن بىر سەپتە بولىدىغانلىقىڭ راست بولسا، بۇ ئىككى بۇتقا سەجدە قىلىپ باققىن» دەيدۇ. ھېلىقى يەھۇدىي دەرھال بۇتقا سەجدە قىلىدۇ. ئاندىن مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن «بىز كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەرنى چوڭ تۆگىلەرنى

[1] بۇ ئايەتتىكى «تاغۇت» **دېگەن** سۆزدىن كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ئىسىملىك ئىككى نەپەر يەھۇدىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[2] نىسا سۈرىسى: 60- ئايەت.

بوغۇزلاپ مېھمان قىلىمىز، ئۇلارنى سۇغىرىمىز ۋە كەئبىنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز، مۇھەممەد بولسا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزدى، قەۋمىنىڭ دىنىنى سۆكتى ۋە ئۆز يۇرتىنى تەرك ئەتتى. ئېيتىڭلارچۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ھەقمۇ ياكى مۇھەممەدنىڭ دىنىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. كەئب ئىبنى ئەشرەف ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ دىنىڭلار مۇھەممەدنىڭ دىنىدىن بەكرەك توغرىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ...﴾ دېگەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

ئايەتتىكى ﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ﴾ دېگەن بۆلۈكى كەئب ئىبنى ئەشرەف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى، ﴿بِٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ﴾ مەزكۇر ئىككى بۇتنى، ﴿وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾ ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى، ﴿هَٰٓؤُلَآءِ﴾ مۇشرىكلارنى، ﴿مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ سَبِيلًا﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى كۆرسىتىدۇ». بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان يەھۇدىي كاتتىباشلىرى بۇتلارغا ئىشىنىدۇ، مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا «سىلەرنىڭ دىنىڭلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن بەكرەك توغرىدۇر» دەپ بېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەللامە تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە، ئۆلىمالار ئېيتقان ھەر خىل مەنىلەر-نىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ بولۇپ، مۇنداق دېگەن: «﴿يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ﴾ دېگەن ئايەتكە ئېيتىلغان يۇقىرىقى مەنىلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى: ئۇلار ئىككى دانە ساختا مەبۇدنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلايدۇ، دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ﴿بِٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ﴾ دېگەن ئىككى سۆز كاپىرلار ئۇلۇغلايدىغان، چوقۇنىدىغان، ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئىشىنىپ سۆزلىرىنى تەستىق قىلىدىغان ئىككى ساختا ئىلاھنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ساختا ئىلاھ بۇت، ھەيكەل، شەيتان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، سېھىرگەرلەرنى، كاھىنلارنى ۋە ھۇيەي ئىبنى ئەختەب، كەئب ئىبنى ئەشرەف ئىسىملىك يەھۇدىيلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى مۇشرىكلار سېھىرگەرلەرنىڭ ۋە كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلايتتى ۋە ئۇلارنىڭ يالغانلىرىغا ئىشىنەتتى، يەھۇدىيلار بولسا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، ھۇيەي ئىبنى ئەختەب بىلەن كەئب ئىبنى ئەشرەفنى ئۇلۇغلايتتى، بۇ ئىككىسىگە ئىتائەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلايتتى.

[1] «تفسير البغوي»1-توم، 645-646-بەت.

شۇڭا، ھۇيەي ئىبنى ئەختەب بىلەن كەئب ئىبنى ئەشرەف يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن «ٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ» يەنى ئىككى ساختا مەبۇد ئىدى»[1].

كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلارنىڭ دىنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن بەكرەك توغرا دەپ بەرگەنلىكىنى ھازىرقى زامان يەھۇدىي ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە بەزى ھەقىقەتپەرۋەر يەھۇدىيلار ئۇنى «تارىختا ئەڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن شەخس» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىمۇ، ئەرەب بۇددىزمىنى ساماۋى دىندىن توغرا دېگەنلىك كەچۈرۈلمەس جىنايەت ۋە ئوپئوچۇق يالغانچىلىق ئىدى.

بۇ ئايەتكە قىلىنغان تەپسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك دەپ قارالغان تەپسىر ئەللامە تەبەرىينىڭ تەپسىرى بولۇپ، ئايەتنىڭ ﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ﴾ دېگەن قىسمى يەھۇدىيلارنىڭ مولللىرىنى، ﴿بِٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ﴾ دېگەن قىسمى كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ھۇيەي ئىبنى ئەختەبتىن ئىبارەت يەھۇدىي كاتتىباشلىرىنى كۆرسىتىدۇ». بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا تەپسىرى مۇنداقتۇر: ئى پەيغەمبەر! «تەۋرات»نىڭ ئىلمىدىن نېسىۋە بېرىلگەن ۋە «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىنى، ئۇنىڭدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى بىلىدىغان يەھۇدىي مولللىرىنىڭ قانداق رەزىل مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ «مۇشرىكلارنىڭ دىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر-نىڭ دىنىدىن بەكرەك توغرىدۇر» دېگەن يالغان سۆزىنى تەستىقلايدۇ.

مەزكۇر يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى، ئاسىيلىقى ۋە يالغانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىدى، ئۇلارغا لەنەت قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان قەۋم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن، ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى ياكى شاپائەتچى چىقمايدۇ.

ئەگەر يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھلىقتىن ياكى ھۆكۈمرانلىقتىن نېسىۋىسى بولسا ئىدى، ئۇلار بېخىللىق قىلىپ، ئىنسانلارغا ھەچ نەرسە بەرمەيتتى. ئۇلار ئىنتايىن بېخىل مەخلۇقلار بولۇپ، باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئۇياقتا

[1] «تفسير الطبري» 8- توم، 465 - بەت.

تۇرسۇن، باشقىلارغا كەلگەن ئامەتكە كۆز قىزارتىدىغان، ھەسەت قىلىدىغان بىر قەۋمدۇر. شۇڭا، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك پەيغەمبەرلىك، ئىلىم-ھېكمەت ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت كاتتا ئىنئام ئاتا قىلىنغان بىر زاتقا ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەردىن داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارغا پەيغەمبەرلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا كاتتا پادىشاھلىق ئاتا قىلغان ئىدى.

﴿فَمِنۡهُم مَّنۡ ءَامَنَ بِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن صَدَّ عَنۡهُۚ﴾ يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھلى ئىلىملەر ئارىسىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىغا ئوخشىغان بەزى كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى، يەنە ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن كەئب ئىبنى ئەشرەف، ھۇيەي ئىبنى ئەختەبكە ئوخشىغان بەزىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭ دىنىدىن توسۇشقا ئۇرۇندى.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدىن بەزىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ مۇئمىن بولدى، يەنە بەزىسى كىشىلەرنى ئۇنىڭ دىنىدىن توستى» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغاندا، بۇ ئايەتتىكى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەر-لەر بولىدۇ. ئايەتنى بۇنداق تەپسىر قىلغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلار بولغان ئىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىمان ئېيتقانلارنىڭمۇ ۋە ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭمۇ بولۇشى تەبىئىيدۇر. ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان بۇ پوزىتسىيەسى قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ھېچ ئۆزگەرگىنى يوق. ئى پەيغەمبەر! ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا ھەرگىز قايغۇرۇپ كەتمىگىن، بىئارام بولمىغىن. چۈنكى ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ ھەر زاماندىكى ئەھۋالى ئالدامچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق ۋە بۇتقا سەجدە قىلىشتەك ئەڭ چوڭ خاتالىق ۋە گۇناھلاردىن خالىي ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ دىنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن توغرا دەپ بەرگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولسا، ئۆزلىرىنى «بىز بۇ دۇنيانىڭ خوجايىنلىرىمىز» شۇڭا

پەيغەمبەر بىزدىن كېلىشى كېرەك، باشقىلارنىڭ بۇنىڭغا لاياقىتى يوق، دەپ بىلجىرلىشى ئۇلارنىڭ ئۇچىغا چىققان مۇتەكەببىرلىكى ۋە نادانلىقىدۇر. مۇنداقلارنىڭ جازاسى ئۇچۇن يېنىپ تۇرغان دوزاخ ئوتى يېتەرلىكتۇر. مەلۇمكى، دوزاخ ئەڭ يامان جايدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ۋە ئۇنى دادىل ئوتتۇرىغا قويماسلىق نامەردلەرنىڭ ئىشىدۇر.

2. يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرى ھەر زامان ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

3. باشقىلارغا كەلگەن ئامەتلەرگە ھەسەت قىلىش، باشقىلارغا ئۆز ھەقلىرىنى بېرىشكە بېخىللىق قىلىش ئەڭ رەزىل قىلىقتۇر.

### ◄ كۇفرىنىڭ جازاسى ۋە ئىماننىڭ مۇكاپاتى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا سَوۡفَ نُصۡلِيهِمۡ نَارٗا كُلَّمَا نَضِجَتۡ
جُلُودُهُم بَدَّلۡنَٰهُمۡ جُلُودًا غَيۡرَهَا لِيَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
عَزِيزًا حَكِيمٗا ٥٦ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدۡخِلُهُمۡ
جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ لَّهُمۡ فِيهَآ أَزۡوَٰجٞ
مُّطَهَّرَةٞۖ وَنُدۡخِلُهُمۡ ظِلّٗا ظَلِيلًا ٥٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

56ـ شەكسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەپ تۇرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

57ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ قويۇق سايىسىگە داخىل قىلىمىز.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىنسانلاردىن ھەر زامان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدىغان ۋە ئىماندىن باش تارتىدىغانلارنىڭ بولىدىغانلىقى، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە، كىملەرنىڭ دوزاخقا ۋە كىملەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋە ئەڭ كاتتا مۆجىزە بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغۇچىلار چوقۇم جازالىنىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدۇ ۋە يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىلىرى كۆيۈپ تۈگەپ ئازابنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالغان ھامان ئۇلارنىڭ تېرىلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئازابلىنىشقا داۋام قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالاغا ھېچ قىيىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر، ئۇ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى ۋە ھېكمىتى ئاسىيلارنى شۇنداق جازالاشنى، مۆئمىنلەرنى ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتلاشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىككى پىرقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئىمانىنىڭ تەلىپىگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىگە لايىق ھالدا ھايات كەچۈرگەنلەرنى ئاللاھ تائالا كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىنغا تەڭ كېلىدىغان ۋە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا ھېچقانداق قىيىنچىلىق ياكى كۆڭۈلسىزلىك ۋەياكى غەم-قايغۇ بولمايدۇ. ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ھەرگىز چىقىرىلمايدۇ، ئۆزلىرىمۇ باشقا يەرگە يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارغا جەننەتلەردە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە تامامەن پاك بولغان، خۇددى ياقۇت بىلەن مەرۋايىتتەك

پارقىراپ تۇرىدىغان جۇپلەر (يەنى جەننەتنىڭ ھۆرلىرى) بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرگۈزگەنلەرنى ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس نورمال سايىدا مەڭگۈلۈك راھەتلەندۈرىدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەر ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، مەڭگۈلۈك شۇنداق تۇرىدىغان، ئېسىل نېمەتلەر بىلەن نېمەتلەنگۈچىلەردۇر. بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا ھېچ قىيىن ئەمەس. ﴿هَلْ جَزَآءُ ٱلْإِحْسَـٰنِ إِلَّا ٱلْإِحْسَـٰنُ ۝٦٠﴾ يەنى ﴿ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر﴾[1]. ئى ئاللاھ! بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغايسەن... ئامىن!

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كۇفرى بىلەن ئاسىيلىق ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك قىلمىشلاردۇر.

2. دوزاخقا كىرگەنلەرنىڭ تېرىلىرىنى يېڭىلاش ئۇلارغا ئازابنى داۋاملىق تېتىتىپ تۇرۇش ئۈچۈندۇر.

3. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەر جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر.

4. جەننەت مەڭگۈلۈك نېمەتلىنىش ئورنىدۇر. ئۇنىڭدا زېرىكىش، كۆڭۈلسىزلىك قاتارلىق بەختسىزلىكلەر پۈتۈنلەي يوقتۇر.

### ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي سىياستى

﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤَدُّوا۟ ٱلْأَمَـٰنَـٰتِ إِلَىٰٓ أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ
ٱلنَّاسِ أَن تَحْكُمُوا۟ بِٱلْعَدْلِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
سَمِيعًۢا بَصِيرًا ۝٥٨ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ
وَأُو۟لِى ٱلْأَمْرِ مِنكُمْ ۖ فَإِن تَنَـٰزَعْتُمْ فِى شَىْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن
كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا ۝٥٩﴾

### تەرجىمىسى

58ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا،

---

[1] رەھمان سۈرىسى: 60ـ ئايەت.

كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نېمىدېگەن ياخشى ئۆگۈتلەرنى بېرىدۇ! شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

59-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

تەپسىرى تەبەرىي، بەغەۋىي قاتارلىق تەپسىرلەردە بايان قىلىنىشىچە، بۇ ئايەتلەر ئوسمان ئىبنى تەلھە ئىبنى ئابدۇددار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ كىشى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ كەئبىنىڭ ئاچقۇچىغا مەسئۇل خىزمەتكار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتھى بولغان كۈنى مەككىگە كەلگەندە، ئوسمان كەئبىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ، كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدۇ ۋە كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ: «ئەگەر مەن سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغان بولسام، ئاچقۇچنى ساڭا تاپشۇرۇشنى رەت قىلمىغان بولاتتىم» دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچقۇچنى ئۇنىڭدىن تارتىپ ئالدى. ئۇ كەئبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنجى بولۇپ كىردى ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىدىن چىققاندا، تاغىسى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى سورايدۇ. شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاچقۇچنى ئوسمانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزرە سوراشقا بۇيرۇيدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان ئۇنىڭغا: «ئى ئەلى! سەن مېنى ياخشى كۆرمەيتتىڭ، ماڭا ئەزىيەت قىلغانتىڭ، ئەمدى كېلىپ ماڭا مېھرىبانلىق قىلىۋاتىسەنغۇ؟» دېدى. ئەلى ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سەن توغرۇلۇق ئايەت نازىل قىلدى» دېدى ۋە ئايەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان «أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ» يەنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»

دەپ مۇسۇلمان بولدۇ[1]. گەرچە بۇ ئايەت كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئامانەت سۈپىتىدە ئېلىپ، ئىشلىتىپ بولۇپ ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، بۇ ئايەتتىكى ئەمر ئامانەتنى تۇتقان ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن ئومۇمىدۇر، يەنى ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

مۇجاھىدتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوسمانغا: «خُذُوهَا خَالِدَةً تَالِدَةً لَا يَنْزِعُهَا مِنْكُمْ إِلَّا ظَالِمٌ» يەنى «كېلىڭلار، ئاچقۇچنى ئېلىڭلار، ئۇنى مەڭگۈلۈك مىراس سۈپىتىدە ئېلىڭلاركى، سىلەردىن ئۇنى زالىمدىن باشقا ھېچكىم تارتىۋالمايدۇ» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان[2]. ھازىرمۇ كەئبىنىڭ ئاچقۇچى ئوسمان ئىبنى تەلھەنىڭ سۇلالىسىدىن كەلگەنلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستان ئەمەلدارلىرى كەئبىگە كىرمەكچى بولغاندا، ئۇلاردىن ئاچقۇچنى سوراپ ئېچىپ كىرىدۇ، ئاندىن يەنە ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئامانەت-خىيانەتنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، قويۇلغان ئامانەتنى مەھكەم ساقلاش ۋە ۋاقتى - قەرەلىدە ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا يەنە كۆپلىگەن ئامانەتلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: دىن ئەڭ چوڭ ئامانەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿إِنَّا عَرَضْنَا ٱلْأَمَانَةَ عَلَى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱلْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا ٱلْإِنسَٰنُ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، بىز (دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت) ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىۋىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتتى، ئۇنىڭ (مەسئۇلىيىتى)دىن قورقتى. ئىنسان بولسا ئۇنى ئۈستىگە ئالدى﴾[3] دېگەن. ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان باللار، مال-دۇنيا، تەن ساقلىقى، ئىلىم-مەرىپەت قاتارلىق نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۈستىمىزدە ئامانەتلەردۇر. كىشىلەر تەرىپىدىن ساقلاپ بېرىشكە ياكى بىرەر جايغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە قويۇپ قويغان بۇيۇم، پۇل-مال، گەپ-سۆز ۋە سىر

[1] «التفسير البغوي» 1-توم، 648-بەت، 642-ھەدىس. «أسباب النزول للواحدي» 323- بەت.
[2] ئالدىنقى مەنبەدىن.
[3] ئەھزاب سۈرىسى: 72-ئايەت.

قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ئامانەتتۇر. ئامانەتنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئادا قىلىش پەرزدۇر.

ئامانەت ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا بولغاندەك، ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئامانىتى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلمىغان بولۇپ گۇناھكار بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئامانىتى ئۇلارنىڭ قويغان ئامانەتلىرىنى ساق تاپشۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش، سىرلىرىنى ساقلاش، ئۇلارنى ئالدىماسلىق ۋە ئۇلارنى سەمىمىيەتسىزلىك دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، ھەرقانداق ئىش باشقۇرغۇچى خەلقنىڭ ئامانەتلىرىنى زىممىسىگە ئالغان كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە بېجىرىش، ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش قاتارلىقلار مەزكۇر ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ ئۈستىدىكى ئامانەتلەردۇر. ئالىملار ئۈستىدىكى ئامانەت ئۆگەنگەن ئىلمىگە ئەمەل قىلىش، بىلگەنلىرىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش، ئۆگەنگەنلىرىنى ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش، يول كۆرسىتىش قاتارلىقلاردۇر.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىككى ۋەزىپىسىنىڭ بىرى ئامانەت، يەنە بىرى ئادالەتتۇر. ئامانەت ئەخلاق-پەزىلەتتە كامالىغا يەتكەن ئۈلگىلىك بىر جەمئىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئۈلگىلىك بىر ئۈممەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن چوڭ رول ئوينايدىغان ئامىلدۇر.

ئادالەت ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىن ۋە دۇنيالىق ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر دىن بولۇپ، مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئىش باشقۇرغۇچى ئۈچۈن ئادالەتلىك بولۇش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بۇنى تەكىتلىگەن. مائىدە سۈرىسىدىكى ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُواْۚ ٱعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌ ۝٨﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ (نىڭ رازىلىقى) ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار ۋە ئادىللىق بىلەن

گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇنداق قىلىشىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى.

يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان پەند- نەسىھەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەرقانداق خىيانەتچىنىڭ خىيانىتىنى، شۇنداقلا بىخۇتلۇق قىلىپ كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى زايە قىلىۋەتكۈچىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسە، ئۇلارغا بويسۇنۇش پەرزدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان«قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا ھايات دەستۇرى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى مۇسۇلمانلارغا سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. ﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٤﴾﴾ يەنى ﴿بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴾[2]. ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرى ئامانەت بىلەن ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا بىرەر ئىشنى قارار قىلىپ، ئۇ ئىش «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلسە، بۇ ئىشتا ئۇلارغا بويسۇنۇش زۆرۈردۇر. ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كېلىپ چىقارغان قارارى ياكى ھۆكۈمى ئىجما (يەنى ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق بىر قارارغا كېلىش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى «قۇرئان كەرىم » دە ياكى ھەدىستە ھۆكۈمى بولمىغان بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئۇلار ئۇنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە ھۆكۈمى كەلگەن ئوخشاش بىر مەسىلىگە قىياس قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 8-ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 44-ئايەت.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر راستتىنلا ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ تەۋسىيەلەرگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار. بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار: قۇرئان، سۈننەت (ياكى ھەدىس)، ئىجما ۋە قىياستۇر.

1. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

2. سۈننەت – پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغانلىرى، توسقانلىرى، ئىش-پائالىيەتلىرى، ئەمەل-ئىبادەتلىرى ۋە باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلارنى ئۇيغۇن كۆرۈپ سۈكۈت قىلغانلىرى دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

3. ئىجما – زاماندىكى ئالىملارنىڭ بىرەر مەسىلىدە پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ، ئورتاق قارار چىقىرىشى دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

4. قىياس – يېڭى بىر مەسىلىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە ھۆكمى بايان قىلىنغان ئوخشاش بىر مەسىلىگە قىياس قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈم بەلگىلەش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە ئۆزىدە قويۇلغان ھەرقانداق بىر ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇرۇش پەرزدۇر.

2. ھۆكۈمدە ئادالەتلىك بولۇش پەرز، ناھەقچىلىق قىلىش ھارامدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرگەن ئىش باشقۇرغۇچىلارغا توغرا قىلغان ئىشلىرىدا بويسۇنۇش زۆرۈردۇر. چۈنكى بارلىق ھاياتلىق ساھەسىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرگەن، بۇ ئىككى مەنبەدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىش باشقۇرغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا

ماڭغان كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان ئىش باشقۇرغۇچىلارغا ئىتائەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ أَطَاعَنِي فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ ، وَمَنْ عَصَانِي فَقَدْ عَصَى اللَّهَ ، وَمَنْ أَطَاعَ أَمِيرِي فَقَدْ أَطَاعَنِي ، وَمَنْ عَصَى أَمِيرِي فَقَدْ عَصَانِي» يەنى «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى مەن تەيىنلىگەن ئىش باشقۇرغۇچىغا بويسۇنىدىكەن، ئۇ ماڭا بويسۇنغان بولىدۇ. كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. كىمكى مەن تەيىنلىگەن ئىش باشقۇرغۇچىغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[1] دېگەن.

4. تالاش-تارتىشتا قالغان دىنىي مەسىلىلەرنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم.

## مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ ءَامَنُوا۟ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ
مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُوٓا۟ إِلَى ٱلطَّـٰغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوٓا۟ أَن
يَكْفُرُوا۟ بِهِۦ وَيُرِيدُ ٱلشَّيْطَـٰنُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلَـٰلًۢا بَعِيدًا ﴿٦٠﴾ وَإِذَا
قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا۟ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ رَأَيْتَ ٱلْمُنَـٰفِقِينَ
يَصُدُّونَ عَنكَ صُدُودًا ﴿٦١﴾ فَكَيْفَ إِذَآ أَصَـٰبَتْهُم مُّصِيبَةٌۢ بِمَا
قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ثُمَّ جَآءُوكَ يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنْ أَرَدْنَآ إِلَّآ إِحْسَـٰنًا
وَتَوْفِيقًا ﴿٦٢﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَعْلَمُ ٱللَّهُ مَا فِى قُلُوبِهِمْ فَأَعْرِضْ
عَنْهُمْ وَعِظْهُمْ وَقُل لَّهُمْ فِىٓ أَنفُسِهِمْ قَوْلًۢا بَلِيغًا ﴿٦٣﴾﴾

## تەرجىمىسى

60-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سەندىن ئىلگىرى

[1] «صحيح البخاري» 9-توم، 61-بەت، 7137-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1466-بەت، 1835-ھەدىس.

نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان (مۇناپىق)لارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار تاغۇتنى[1] ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئەرزىنى ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنماقچى بولۇۋاتىدۇ. شەيتان ئۇلارنى قاتتىق ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

61ـ مۇناپىقلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن.

62ـ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بېشىغا بىرەر پالاكەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە ياراشتۇرۇشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولار؟

63ـ ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىلىغا تەسىر قىلغۇدەك سۆزلەرنى قىلغىن.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، «﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ ءَامَنُواْ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ ...﴾ دېگەن ئايەت مەدىنىلىك بىر مۇناپىق ئادەم ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، بۇ ئادەم بىر يەھۇدىي بىلەن دەۋالىشىپ قالغان. يەھۇدىي ئۇ مۇناپىق ئادەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا چاقىرسا، ئۇ مۇناپىق يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى كەئب ئىبنى ئەشرەف دېگەن ئادەمگە ھۆكۈم قىلدۇرماقچى بولىدۇ، ئەمما يەھۇدىي ئادەم بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. چۈنكى كەئب ئىبنى ئەشرەف كۆپ پارا تەلەپ قىلىدىغان ئاچكۆز بولغانلىقتىن، يەھۇدىي ئادەم ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا ئۇنىماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. دەۋادا يەھۇدىي ھەقلىق بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىينىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىققاندا، ھېلىقى مۇناپىق يەھۇدىيغا ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ھۆكۈم

[1] بۇ يەردىكى «تاغۇت» **دېگەن** سۆزدىن ھۆيەي ئىبنى ئەختەب بىلەن كەئب ئىبنى ئەشرەف ئىسىملىك ئىككى نەپەر يەھۇدىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قىلدۇرۇشنى ئېيتىدۇ ۋە ئىككىسى ئۇنىڭ يېنىغا بارىدۇ. يەھۇدىي ئۆمەرگە: ‹بىز رەسۇلۇللاھقا ھۆكۈم قىلدۇرغان ئىدۇق، بۇ ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولمىدى ۋە ساڭا ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن مېنى ئېلىپ كەلدى› دەيدۇ. ئۆمەر مۇناپىقتىن ‹راستمۇ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ‹ھەئە› دېگەندە، ئۆمەر ‹ئەمىسە توختاپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە كىرىپ چىقاي› دەپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، قىلىچىنى ئېلىپ چىقىدۇ ۋە مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئاندىن ‹ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغاننىڭ جازاسىنى شۇنداق بېرىمەن› دەيدۇ. يەھۇدىي دەرھال قېچىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا يۇقىرىقى بىرىنچى ئايەت نازىل بولىدۇ. جىبرىل ئەلەيھىسسالام ‹ئۆمەر ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ‹فارۇق› يەنى (ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ»[1].

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب تاغۇتنىڭ باشچىلىرىنى بەش تۈرگە خۇلاسىلاپ مۇنداق دېگەن: «تاغۇتلار كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ باشچىلىرى بەش بولۇپ، بىرىنچىسى، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغۇچى شەيتان، ئىككىنچىسى، ئاللاھ چۈشۈرگەن شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان ھۆكۈمدار، ئۈچىنچىسى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن باشقىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچى، تۆتىنچىسى، غەيبنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلغۇچى، بەشىنچىسى، كىشىلەر ئۆزىگە چوقۇنسا بۇنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر»[2].

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»گە ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن ئىلاھىي كىتابلارغا ئىمان كەلتۈردۇق، دەپ يالغان ئېيتىۋاتقان مۇناپىقلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان بۇ مۇناپىقلار ئەرزلىرىنى تاغۇتنىڭ (يەنى ئادىمىي شەيتاننىڭ) ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. (بۇ ئورۇندىكى ئادىمىي شەيتان يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىبېشى كەئب ئىبنى ئەشرەفتۇر، دېگەنلەرمۇ بار. چۈنكى كەئب ئىبنى ئەشرەف ئاسىيلىقتا ئۇچىغا چىققانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، «ئادىمىي شەيتان»

[1] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 166-بەت.
[2] «مجموعة رسائل في التوحيد والإيمان للإمام محمد بن عبد الوهاب» 377-388-بەت.

دەپ ئاتالغان). ھالبۇكى ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دە تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتۇشقا ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ﴿وَلَقَدۡ بَعَثۡنَا فِي كُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولًا أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجۡتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَۖ﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[1]، ﴿مَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ﴾ يەنى ﴿كىمكى (ھەرقانداق) ساختا ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ﴾[2]. ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان بارلىق ساماۋى كىتابلارغا ئىمان ئېيتتۇق دەۋالغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى، خۇسۇسەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن يولباشچىلىرىغا ئەگىشىپ، ئادالەتسىز، ئازغۇن ھۆكۈمدارلارغا بويسۇنۇپ، ئەرزلىرىنى ئۇلارغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى ئاللاھ تائالانىڭ چۈشۈرگەن قانۇنلىرىدىن ئەۋزەل كۆرۈشى ئۇلارنىڭ راستتىنلا كاپىرلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شەيتانلار ئۇلارنى تۈرلۈك ئاسىيلىقلارغا كۈشكۈرتۈش، ھەر خىل يامان ئويلارغا سېلىش ۋە كۆڭۈللىرىگە شەك ۋە كۇفرىلىقنى سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقىقەتتىن ۋە توغرىلىقتىن تامامەن يىراقلاشقان ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پاتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئۇلارغا: كېلىڭلار! ھەرقانداق ئەرز ئىشلىرىڭلاردا ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ساماۋى كىتاب «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ ھەقىقىي توغرا يولدۇر، دېيىلسە، بۇ مۇناپىقلار سەندىن ۋە سېنىڭ ھەق دەۋىتىڭدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە بارلىق سەپسەتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سېنىڭ ھەق يولۇڭنى توسماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ نەپسى ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئىدى. بۇ مۇناپىقلارنىڭ بېشىغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قاتتىق پالاكەتلەر كېلىپ، ئۇلارنىڭ رەسۋالىقى پاش بولسا ۋە ئەيتى-بەشىرىسى ئېچىلىپ كەتسە، ئۇلار قانداقمۇ قىلار ۋە ھالى قانداق بولار؟!

شەكسىزكى، بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلارنىڭ چوقۇم رەسۋا بولىدىغانلىقىنىڭ

[1] نەھل سۈرىسى: 36- ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 256- ئايەت.

سىگنالى بېرىلگەن. مۇناپىقلارنىڭ چۈمپەردىسى يىرتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغاندا، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ يالغاندىن قەسەملەرنى قىلىشىدۇ ۋە «بىز بۇ ئىشلىرىمىزدا پەقەت ياخشى ئىش قىلىش، شۇنداقلا ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئارىسىنى سۈلھى بىلەن مۇۋاپىق ھالدا ياخشىلاپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدۇق» دېيىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى ۋە بارلىق رەزىللىكلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىك، كۆرەلمەسلىك ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەر سەۋەبلىك ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن قوغلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش، ئۇلارغا ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق، سۆز قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى قارشى ئالماسلىقتۇر. بەلكى بۇ جازالار ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىشىغا ۋە سېنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىڭنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇناپىقلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ قويغىن ۋە ئۇلارنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبىنى يۇمشاتقۇدەك ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتەلىگۈدەك تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن.

بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنىڭ قەلب قاتلىرىغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىشتا تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن گۇۋاھلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «أُعْطِيتُ جَوَامِعَ الْكَلِمِ»يەنى «ماڭا لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول سۆزلەر بېرىلدى»[1] دېگەن.

مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئازابلىنىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمۡ نَصِيرًا﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا بىرەر مەدەتكارمۇ تاپالمايسەن﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئۆلىمالار بار تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلماي، پاسىقلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەرز سۇنۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قەتئىي توغرا ئەمەس.

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 371-بەت، 523-ھەدىس.

[2] نىسا سۈرىسى: 145- ئايەت.

2. ئاللاھ تائالادىن باشقا بارلىق مەبۇدلارنى ۋە ساختا ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىش ئىماننىڭ شەرتلىرىدىندۇر.

3. ھەرقانداق مەسىلىنى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ھەل قىلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

4. كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا، تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك دەۋەتچىنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

## ◄ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق پىرىنسىپلىرى

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ إِذ
ظَّلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ جَآءُوكَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡتَغۡفَرَ لَهُمُ ٱلرَّسُولُ
لَوَجَدُواْ ٱللَّهَ تَوَّابٗا رَّحِيمٗا ٦٤ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ
فِيمَا شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ
وَيُسَلِّمُواْ تَسۡلِيمٗا ٦٥ وَلَوۡ أَنَّا كَتَبۡنَا عَلَيۡهِمۡ أَنِ ٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ أَوِ
ٱخۡرُجُواْ مِن دِيَٰرِكُم مَّا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٞ مِّنۡهُمۡۖ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ فَعَلُواْ مَا
يُوعَظُونَ بِهِۦ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡ وَأَشَدَّ تَثۡبِيتٗا ٦٦ وَإِذٗا لَّأٓتَيۡنَٰهُم مِّن
لَّدُنَّآ أَجۡرًا عَظِيمٗا ٦٧ وَلَهَدَيۡنَٰهُمۡ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ٦٨ وَمَن يُطِعِ
ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ
وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّٰلِحِينَۚ وَحَسُنَ أُوْلَٰٓئِكَ رَفِيقٗا ٦٩
ذَٰلِكَ ٱلۡفَضۡلُ مِنَ ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ عَلِيمٗا ٧٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

64-بىز ھەربىر پەيغەمبەرنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن پەقەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنسۇن دەپلا ئەۋەتتۇق. مۇناپىقلار (ساڭا ئىتائەت قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاندا، ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەن بولسا، سەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە، ئۇلار

ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتى.

65-(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم قىلدۇرمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غوم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

66-ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان بولاتتى.

67-ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك مۇكاپات ئاتا قىلاتتۇق.

68-ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق.

69-كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار[1]، شېھىتلەر ۋە سالىھلار[2] بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!

70-بۇ پەزل-كەرەم ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ئاللاھ (ھەممىنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر.

## ◄ تەپسىرى

بىز ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنى بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە ئەمرىمىز بىلەن پەقەت كىشىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنسۇن، ئىتائەت قىلسۇن دەپلا ئەۋەتتۇق. پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئاشۇ مۇناپىقلار ۋە ھەرقانداق گۇناھكار دەرھال پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئاللاھ تائالاغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىپ، گۇناھىغا مەغپىرەت تىلىگەن ۋە پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ

[1] سىددىقلار – پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى تەستىقلىغان، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن كىشىلەردۇر.

[2] سالىھلار – ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان، ئەمەللىرى تەلەپكە لايىق بولغان مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر.

تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان بولاتتى.

بۇيسۇنۇش پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئەمەلىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، گۇناھ سادىر قىلغانلارنى ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشقا ۋە تەۋبە – ئىستىغپارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۆپ ئېيتىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەپ بېرىشىنى ھاسىل قىلىشقا چاقىردۇ. گۇناھ قىلىپ قويغانلار ئەگەر شۇنداق سەمىمىي تەۋبە قىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان زاتتۇر. بىرەر گۇناھنى سادىر قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا پۇشايمان قىلغان ئادەم دەرھال گۇناھىغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايدىكەن، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى مېھرىبان ۋە تەۋبە قىلغۇچىلارنى بەكمۇ كەچۈرگۈچى ھەم ئۇلارنى دوست تۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

بىر كۈنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارلاردىن بولغان بىر كىشى بىلەن سۇ تالىشىپ جېدەللىشىپ قېلىپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەرز ئېيتىشىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسىلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، «اسْقِ يَا زُبَيْرُ، ثُمَّ أَرْسِلِ الْمَاءَ إِلَى جَارِكَ» يەنى«ئى زۇبەير! سەن زېمىنىڭنى سۇغارغىن، ئاندىن سۇنى قوشناڭنىڭ زېمىنىغا باشلاپ قويغىن» دېگەندە، بۇ دەۋانىڭ يەنە بىر دەۋاگەرى بولغان ئەنسار غەزەپلەنگەن ھالدا: «ئۇ سىلىنىڭ تاغا ئاچىلىرىڭىزنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ھۆكۈم قىلدىلا» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ ۋە دەيدۇ: «اسْقِ يَا زُبَيْرُ، ثُمَّ احْبِسِ الْمَاءَ حَتَّى يَرْجِعَ إِلَى الْجَدْرِ» يەنى «ئى زۇبەير! سەن زېمىنىڭنى سۇغىرىپ بولۇپ، بۇ سۇ زېمىنىڭگە ياخشى سىڭىپ بولغۇچە سۇنى تۇتۇپ تۇرغىن»[1] دەپ بۇيرۇيدۇ. ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەير بىلەن ئۇنىڭ قوشنىسى بولغان ئەنسارغا تەڭ رىئايە قىلغان. كېيىن، ئۇ ئەنسار ئۆكتەملىك قىلغانلىقى ئۈچۈن،

---

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 111-بەت، 2359-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 1829-بەت، 2357-ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەيرنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشنى قارار قىلغان. شۇ چاغدا، ﴿رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتى شەرىپى بىلەن قەسەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ھۆكۈم قىلدۇرمىغۇچە، ئاندىن ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە دىلىدا قىلچە نارازىلىق ياكى شەك ياكى بىئاراملىق ھېس قىلمىغان ھالدا، چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ، قوبۇل قىلمىغۇچە ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولالمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز مۇسۇلمانلار دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىمىزدا ھەرقانداق بىر مەسىلىدە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ ئىككى دەستۇردا بەلگىلەنگەن ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلىشتا ھېچقانداق راھەتسىزلىك ياكى بىئاراملىق ھېس قىلماستىن، تولۇق رازىمەنلىك ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلمىغۇچە ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولالمايمىز. ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان دەستۇر بويىچە ئىش كۆرمىگەنلەر ۋە ئۇنىڭغا قايىل بولمىغۇچىلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملاردۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردۇر، ئەگەر ئىسلام دىنىنى بۇ ئەسىرگە يارىمايدىغان قالاق تۈزۈم دەپ كەمسىتىدىغانلار بولسا، مۇنداقلار شەكسىز كاپىرلاردۇر.

«ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىلگىرىكى ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇلارنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىق گۇناھى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى ئاللاھ يولىدا يۇرتلىرىنى تاشلاپ چىقىشقا بۇيرۇغاندەك قىيىن ئىشلارغا بۇيرۇغان بولسا ئىدى، بۇنى ئورۇندايدىغانلار ئىنتايىن ئاز چىقاتتى. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرى توغرۇلۇق قىلىنغان بارلىق ۋەز - نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرسە ئىدى، ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولاتتى، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ دىندا مەھكەم بولۇشىغا تۈرتكە بولاتتى، ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن كۆپ ئەجىر ۋە كاتتا مۇكاپاتلارنى بېرەتتى ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتى»[1].

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 395- بەت.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، «يارەسۇلۇللاھ! مەن سىلىنى ئۆزۈمدىن ۋە پەرزەنتلىرىمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھەمىشە سىلىنى ياد ئېتىمەن، سەۋر- تاقىتىم قالمىغان چاغدا، ھۇزۇرلىرىغا كېلىمەن ۋە مۇبارەك چىرايلىرىنى كۆرىمەن، ئەمما سىلىنىڭ ۋە مېنىڭ ئۆلۈمىمىزنى ئويلىغىنىمدا، بىلدىمكى، ئۆزلىرى جەننەتكە كىرگەندە ئەڭ يۇقىرىقى جەننەتلەردە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولىلا، ئەمما مەن بولسام جەننەتكە كىرسەممۇ سىلىنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن دەپ قالدىم» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ﴿كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر ۋە سالىھلار (يەنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان مۇئمىنلەر) بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!﴾ دېگەن ئايەتنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ھەدىستە: «مَنْ أَحَبَّ قَوْمًا حُشِرَ مَعَهُمْ» يەنى «كىمكى بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ قەۋم بىلەن بىللە قوپىدۇ»[1] دەپ كەلگەن، يەنە بىر ھەدىستە «مَنْ أَحَبَّ قَوْمًا حَشَرَهُ اللّٰهُ فِي زُمْرَتِهِمْ» يەنى «كىمكى بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنى شۇ قەۋمنىڭ قاتارىدىن قىلىدۇ»[2] دەپ كەلگەن.

ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ۋە راستچىل ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تولۇق ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا ئەمەل قىلغان ئادەم قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر ۋە سالىھلار بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي ئىخلاس ۋە چىن مۇھەببەت بىلەن باغلانغانلىقى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ شۇنداق ئۇلۇغ ماقامغا نائىل بولغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن كاتتا ئىپتىخار ۋە چوڭ شەرەپتۇر. بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان كاتتا مەرھەمەت ۋە تۈگىمەس پەزل- كەرەم بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇناپىقلارنىڭ ۋە رىياكارلارنىڭ بۇ گۈزەل نەسىھەتلەرگە قۇلاق سېلىپ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە توغرا يولغا

[1] «المستدرك علي الصحيحين للحاكم» 3-توم، 18-بەت، 4294-ھەدىس.
[2] «المعجم الكبير للطبراني» 3-توم، 19-بەت، 2519-ھەدىس.

قايتىشقا ئالدىرىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. شۇنداقلا، مۇئمىنلەرنىڭمۇ ئىماندا مۇستەھكەم بولۇپ، ئاخىرەتتىكى كاتتا مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن ھالدا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشى ۋە گۇناھ ئىشلاردىن يىنىشتا جىددىي بولۇشى لازىم.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھ قىلغان ئادەم مەيلى چوڭ گۇناھ قىلغان بولسۇن، مەيلى كىچىك گۇناھ قىلغان بولسۇن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ ۋە ھەرقانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە قىلىش كېرەك بولىدۇ.

2. ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش كۆرۈش پەرزدۇر. ھەرقانداق مەسىلىدە بۇ ئىككىسىگە مۇراجىئەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش ۋە ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىش مۇئمىنلىكنىڭ شەرتىدۇر.

4. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇغان ئەمەس.

5. ئىمان تائەت-ئىبادەت بىلەن كۈچەيگەندەك، گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ئاجىزلىشىدۇ.

6. جەننەتلەردە پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر ۋە سالىھلار بىلەن بىللە بولۇش بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## ئىسلامدا ئۇرۇش سىياسىتى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ خُذُواْ حِذۡرَكُمۡ فَٱنفِرُواْ ثُبَاتٍ أَوِ ٱنفِرُواْ
جَمِيعٗا ٧١ وَإِنَّ مِنكُمۡ لَمَن لَّيُبَطِّئَنَّ فَإِنۡ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَالَ
قَدۡ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيَّ إِذۡ لَمۡ أَكُن مَّعَهُمۡ شَهِيدٗا ٧٢ وَلَئِنۡ أَصَٰبَكُمۡ
فَضۡلٞ مِّنَ ٱللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَن لَّمۡ تَكُنۢ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُۥ مَوَدَّةٞ
يَٰلَيۡتَنِي كُنتُ مَعَهُمۡ فَأَفُوزَ فَوۡزًا عَظِيمٗا ٧٣ ۞ فَلۡيُقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ

ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يَشۡرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا بِٱلۡأٓخِرَةِۚ وَمَن يُقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِ فَيُقۡتَلۡ أَوۡ يَغۡلِبۡ فَسَوۡفَ نُؤۡتِيهِ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٧٤﴾ وَمَا لَكُمۡ
لَا تُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ
وَٱلۡوِلۡدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا مِنۡ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلظَّالِمِ
أَهۡلُهَا وَٱجۡعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيّٗا وَٱجۡعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي
سَبِيلِ ٱلطَّٰغُوتِ فَقَٰتِلُوٓاْ أَوۡلِيَآءَ ٱلشَّيۡطَٰنِۖ إِنَّ كَيۡدَ ٱلشَّيۡطَٰنِ كَانَ
ضَعِيفًا ﴿٧٦﴾

### تەرجىمىسى

71ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇڭلار، (ئۇرۇشقا) تۈركۈم-تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار.

72ـ شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) ئۇرۇشتىن سوۋۇتىدىغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار. ئەگەر سىلەرگە بىرەر تالاپەت يەتسە: ئۇ (مۇناپىق) «ئاللاھ ھەقىقەتەن ماڭا ياخشىلىق قىپتىكەن، ھېلىمۇ مەن ئۇلار بىلەن بىللە (ئۇرۇشقا) قاتناشماپتىكەنمەن (بولمىسا مەنمۇ ئۆلتۈرۈلەركەنمەن)» دەيدۇ.

73ـ ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى (بولغان زەپەر) ئاتا قىلىنسا، گويا سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر دوستلۇق يوقتەك، «كاشكى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسامچۇ، ئەلۋەتتە چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەر-كەنمەن» دەيدۇ.

74ـ شۇڭا، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىمىز.

75ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا، «ئى رەببىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى ئاتا قىلغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى بەرگىن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقان ئاجىز ئەر-ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر؟

**76ـ مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. (ئى مۆئمىنلەر!) سىلەر شەيتاننىڭ دوستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار. شەكسىزكى، شەيتاننىڭ ھىيلىسى ئاجىزدۇر.**

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، بىزگە كىشىلەر بىلەن، خۇسۇسەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، يېتىملەر ۋە پېقىرلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى، نىكاھ، مىراس قاتارلىق ئائىلە تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ پرىنسىپلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، ۋەتىنىمىزنى قوغداش، دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە دىنىمىزنى ھىمايە قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ «ئۇرۇش سىياسىتى» ياكى «ئۇرۇش تاكتىكىسى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئىچكى قىسىمنى ساپلاشتۇرۇش ۋە كىشىلەرنى جىھادقا تەشەببۇس قىلىش، شۇنداقلا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ كاتتا ساۋابىنى ۋە ئېزىلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىش ۋە ئۇرۇشنىڭ توغرا نىيەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىملىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھوشيار بولۇڭلار، ھەمىشە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇڭلار، دۈشمىنىڭلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، دۈشمىنىڭلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ھەمىشە تەييار تۇرۇڭلار. دۈشمەنگە قارشى پۇختا تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئۇلارغا ھەيۋە كۆرسىتىش گاھىدا ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتىكى تەييارلىق ئەسكەرلەرنى رەتكە سېلىش، زامانغا مۇناسىپ ھالدا قورال ـ ياراق ھازىرلاش، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە يۆنىلىشىنى كۆزىتىدىغان جاسۇسلارنى ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇرۇش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن بولىدۇ.

تەييارلىقلار پۇتكەندە، ۋەزىيەتكە قاراپ تۈركۈم-تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ بىرلىكتە ئۇرۇشقا چىقىڭلار. بۇنىڭدا ئىسلام ئۈممىتىنى ھەربىي ئىشلاردا يېتىشتۈرۈش، ياشلىرىغا ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلىنغان. بۇ ۋەتەننىڭ ئېھتىياجى ئۇرۇش قىلىشنى تەقەززا قىلغان ۋاقىتتا ھەممە بىردەك قوراللىق ھالدا جەڭگە ئاتلىنىشى ئۈچۈن ئىدى. ئەمما ئىچكى قىسىمغا كەلسەك، دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت قورقۇنچاقلار، جانباقارلار ۋە

مۇناپىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇلار مال-دۇنيانى قاتتىق سۆيگەنلىكى، ئۆلۈمدىن قورققانلىقى، ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىرادىسىزلىكىدىن جىهادقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» بۇ مەنىدە بايان قىلىدۇكى، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مۇناپىقلاردىن ئىبارەت بىر جامائە باركى، ئۇلار جىهادقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، سىلەرگە غازاتتا مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىغان بىرەر تالاپەت يەتسە، ئۇلار ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ماڭا ياخشىلىق قىپتىكەن، ھېلىمۇ مەن ئۇلار بىلەن بىللە (ئۇرۇشقا) قاتناشماپتىكەنمەن (بولمىسا مەنمۇ ئۆلتۈرۈلەركەنمەن)﴾ يەنى ناۋادا ئۇلار بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىققان بولسام، ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم، دېيىشىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى چىقماپتىمەن، دەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا غازاتتا سىلەرگە زەپەر ئاتا قىلىپ دۈشمەننى يېڭىپ چىقساڭلار، ئۇ مۇناپىقلاردىن ھەربىرى: ﴿كاشكى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسامچۇ، ئەلۋەتتە چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەركەنمەن﴾ دېيىشىدۇ. بۇ مۇناپىقلار خۇددى ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا ھېچقانداق يېقىنلىق رىشتىسى يوقتەكلا ئىش كۆرىدۇ. ئۇلار ئېغىزىدا سۆزلەپ يۈرگەن يېقىنلىق رىشتىسى ئەسلىدە، ياخشى كۆڭلەردىمۇ، يامان كۆڭلەردىمۇ داۋام قىلسا بولاتتى، ئۇلار ھەممە ۋاقىتتا سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا بولسا بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۇنداق بولالمىدى. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرۇنغان يامانلىقلارنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشتىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى تونۇغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان دىن-ئىسلام دىنىنى قانات يايدۇرۇش، ئۇنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىڭلار. شۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ئاخىرەتلىك مەڭگۈلۈك سائادەتلەر ئۈچۈن پىدا قىلالايدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلغۇچىلار ئىككى ياخشىلىقنىڭ - يا غەلىبە ياكى شېھىتلىق - بىرىنى كەلتۈرگۈچىلەردۇر. ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇلارغا ئاللاھ تائالا مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ. ئەھۋال بۇنداق تۇرسا، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ۋە ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىشتىن ئاجىز قالغان ئاجىز ئەر-ئاياللارنى، ياشانغانلارنى ۋە نارەسىدىلەرنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش يولىدا جىهاد قىلمايدىغانسىلەر؟ كاپىرلارنىڭ قولىدا ئېزىلگەن بۇ بىچارىلەر ﴿ئى رەببىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز

دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى ئاتا قىلغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى بەرگىن﴾ دەپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ. سىلەر بۇنى بىلەمسىلەر؟

مەلۇمكى، مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى مەككىدىكى مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە قىيىن - قىستاقلىرى ئاستىدا قاتتىق ئېزىلگەن ئىدى. بىلال، سۇھەيب ۋە ئەممار قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ قىسسىلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» سىياسىتىنى بەلگىلىگەن ئۇرۇش ھەرگىزمۇ ھازىر بىز كۆرۈۋاتقاندەك باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىش ياكى باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش بەدىلىگە كېڭىيىش ياكى باشقىلارنى بوزەك قىلىش ئۇرۇشى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش، ئېزىلگەنلەرنى ھۆرلۈككە چىقىرىش، بارچە مىللەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادتۇر. مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدىكى ھەققانىي جىھاد سايىسىدا كۆپلىگەن مىللەتلەر ۋە خەلقلەر كۇفرىنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن، ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خارلىقىدىن ئازاد بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئازادلىكىگە ۋە ئىمانىنىڭ نۇرىغا چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى. دۇنيادا كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئىمان ئېيتقانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. پەقەت مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىشقا باشلىغان ئەسىرلەردىن كېيىنلا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ قالغان ۋە مۇسۇلمانلار كۈچ - قۇۋۋەتتە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان.

«قۇرئان كەرىم» ئۇرۇش قىلىشنىڭ غايىسى ۋە ئاساسلىق مەقسىتىنى بېكىتكەن. مۇئمىنلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار بولسا باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكلىرىنى تارتىۋېلىش ۋە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىش ئۈچۈن شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر كاپىرلارنىڭ زامانىۋىي قوراللىرىدىن قورقۇپ قالماڭلار، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدانماڭلار. چۈنكى كاپىرلارنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار بولغان ئاللاھ تائالا ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر. سىلەر دىنىڭلارغا ئەمەل قىلىپ، ھەقىقىي مۇئمىن ھالىتىڭلاردا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە سىلەرگە ئاللاھ تائالا ھەر زامان ياردەم قىلىپ، نۇسرەت بېرىپ

تۇرىدۇ. شەيتانلارنىڭ مۆئمىنلەرنى ئازدۇرۇش يولىدىكى ھىيلە – مىكىرلىرى ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرلىرى ئالدىدا ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرى ھەرقاچان غالىب كەلگۈچىلەردۇر، شەيتاننىڭ تەرەپدارلىرى بولسا مەغلۇپ بولغۇچىلاردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلارنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشى ۋە جەڭ تەييارلىقىدا تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي تەربىيە كۆرۈشى پەرز كۇپايە، بەلگىلەنگەن ياكى تاللانغان كىشىلەرنىڭ ھەربىي مەشىق ۋە ئەسكىرى تەربىيە ئېلىشى پەرز ئەيندۇر.

3. ئىسلام دىنىدىكى جىھاد پەرزى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش ۋە ئاجىز، بىچارىلەرنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى تاجاۋۇزچىلاردىن مۇداپىئە قىلىش ھەم ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى ئېچىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان.

4. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار يا غەلىبە ياكى شېھىتلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرى ئالدىدا شەيتانلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ كۈچ – قۇۋۋىتى ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ.

### ◄ ئىرادىسىزلارنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوٓاْ أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ
ٱلزَّكَوٰةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَخْشَوْنَ ٱلنَّاسَ
كَخَشْيَةِ ٱللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً وَقَالُواْ رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا ٱلْقِتَالَ
لَوْلَآ أَخَّرْتَنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٍ قَرِيبٍ قُلْ مَتَٰعُ ٱلدُّنْيَا قَلِيلٌ وَٱلْءَاخِرَةُ خَيْرٌ
لِّمَنِ ٱتَّقَىٰ وَلَا تُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٧٧﴾ أَيْنَمَا تَكُونُواْ يُدْرِككُّمُ ٱلْمَوْتُ
وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ وَإِن تُصِبْهُمْ حَسَنَةٌ يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنْ
عِندِ ٱللَّهِ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنْ عِندِكَ قُلْ كُلٌّ مِّنْ

عِندِ ٱللَّهِۖ فَمَالِ هَٰٓؤُلَآءِ ٱلۡقَوۡمِ لَا يَكَادُونَ يَفۡقَهُونَ حَدِيثٗا ٧٨ مَّآ
أَصَابَكَ مِنۡ حَسَنَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ وَمَآ أَصَابَكَ مِن سَيِّئَةٖ فَمِن نَّفۡسِكَۚ
وَأَرۡسَلۡنَٰكَ لِلنَّاسِ رَسُولٗاۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدٗا ٧٩

## ◄ تەرجىمىسى

77ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «(ئۇرۇش قىلىشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېيىلگەن، جىهاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا بولسا بىر تۈركۈمى دۈشمەندىن خۇددى ئاللاھتىن قورققاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ: «ئى رەببىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىهاد قىلىشنى پەرز قىلدىڭ؟ بىزنى يېقىن مۇددەتكە قەدەر كېچىكتۈرسەڭ بولماسمىدى؟» دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر، تەقۋادارلار ئۈچۈن ئاخىرەت ئەڭ ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ».

78ـسىلەر قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، ھەتتا مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ. ئەگەر ئۇ (مۇناپىق)لار بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ ئاللاھتىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن بولدى» دەيدۇ. «ھەممىسى ئاللاھتىندۇر» دېگىن. بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن؟ ھېچبىر سۆزنى چۈشىنەي دېمەيدۇ.

79ـ(ئى ئىنسان!) ساڭا كەلگەن (ھەرقانداق) ياخشىلىق ئاللاھتىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق ئۆزۈڭدىندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (بۇنىڭغا) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە تەبەري ﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ قِيلَ لَهُمۡ كُفُّوٓاْ أَيۡدِيَكُمۡ...﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار جىهاد پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارغا ناماز ۋە زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەر پەرز قىلىنغاندا، ئۇلار ئاللاھنىڭ جىهادنى پەرز قىلىشىنى تىلىگەن ئىدى. كېيىنچە ئۇلارغا جىهاد پەرز قىلىنىۋىدى، جىهاد قىلىش

ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان مەزكۇر سۆزلەرنى قىلدى»[1].

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇرۇن مۇشرىكلارغا قارشى جىهاد قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغىنىدا، ئۆزلىرىگە: «ئۇرۇش قىلىشتىن قولۇڭلارنى يىغىڭلار، مەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلمىدىم. ئۇرۇش قىلىشقا شەرت - شارائىت ھازىرلىنىپ، رەببىڭلار ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر، سىلەر ناماز ۋە زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل ئورۇنداش بىلەن كۇپايىلىنىپ تۇرۇڭلار» دېيىلگەن، ئەمدىلىكتە ئۇلارغا مۇشرىكلارغا قارشى جىهاد قىلىش پەرز قىلىنىۋىدى، ئۆز ئارىسىدىن بىر تۈركۈمى مۇشرىكلاردىن خۇددى ئاللاھ تائالادىن قورققاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كېتىشتى، جىهاد قىلىشتىن قورقۇپ: ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىهاد قىلىشنى پەرز قىلدىڭ؟ بىزنى يېقىن مۇددەتكە قەدەر كېچىكتۈرسەڭ بولماسمىدى؟﴾ يەنى بىزگە جىهادنى پەرز قىلمىساڭ بولماسمىدى؟ ئەجىلىمىز كەلگۈچە ياشىساق ۋە جىهادتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟ دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر دۇنيا مەنپەئەتىنى دەپ قانداقمۇ جىهادتىن قاچىسىلەر؟ ھالبۇكى، دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئاز ۋە ۋاقىتلىقتۇر، ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە نېمەتلىرى كۆپ ۋە مەڭگۈلۈك تۇرسا، قانداقمۇ دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويىسىلەر؟ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورققان، ئۇنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى جان-دىل بىلەن ئورۇندىغان ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بارلىق يامان ئىشلارنى تاشلاپ، ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشتىن قورقمىغان، تەقۋادار كىشىلەرگە خاستۇر. سىلەر قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر ۋە شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا ئالىسىلەر. ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن ياكى يامان قىلمىشلىرىڭلارنى كۆپەيتىۋېتىش بىلەن سىلەرگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. سىلەرنىڭ زەررىچىلىك ياخشىلىقىڭلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم كۆرىسىلەر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشتىن

[1] «تفسير الطبري» 8-توم، 547-بەت.

قورقىسىلەر؟ ئەجەل كەلگەندە سىلەر نەدىلا بولساڭلار، ئۆلۈم سىلەرنى چوقۇم تاپىدۇ، ھەتتا مۇستەھكەم قەلئەدە مۇداپىئەلەنگەن تەقدىردىمۇ ئۆلۈم پەرىشتىسى سىلەرنى تاپماي قالمايدۇ. چۈنكى ئۆلۈم پەرىشتىسىنى توساقلار، قەلئەلەر ۋە سېپىللار توسۇپ قالالمايدۇ. قانچىلىغان مۇجاھىدلار جىھاد مەيدانلىرىدىن ساق-سالامەت قايتىپ كېلىدۇ ۋە قانچىلىغان قورقۇنچاقلار ياتقان يېرىدە ئۆلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

مۇناپىقلارنىڭ سۆزلىرى ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇلار غەنىيمەت ياكى كەڭ رىزىقتىن بەھرىمەن بولسا، «بۇ پەقەت ئاللاھتىن ۋە ئۇنىڭ پەزل - كەرەمىدىن بولدى، بۇنىڭدا باشقا ھېچكىمنىڭ تۆھپىسى يوق» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئۇرۇشتا يېڭىلىش ياكى قۇرغاقچىلىققا ئوخشىغان بىرەر بەختسىزلىك يەتسە، «بۇ مۇھەممەدنىڭ كاساپىتىدىن بولدى» دەيدۇ. مۇناپىقلارنىڭ بۇ سۆزى خۇددى يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئېيتقان قەبىھ سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡحَسَنَةُ قَالُواْ لَنَا هَٰذِهِۦۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓۗ أَلَآ إِنَّمَا طَٰٓئِرُهُمۡ عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئەگەر بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە «بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، «بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى» دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ھەرقانداق ياخشىلىق، يامانلىق، مولچىلىق ۋە قەھەتچىلىك ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە تەقدىر قىلغۇچىدۇر. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ۋە ئەجەلنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن قالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ ئۇلار سەۋەبلەرنى نەتىجىلەرگە باغلىۋالىدۇ. ھالبۇكى، سەۋەب بىلەن نەتىجىلەرنى ياراتقۇچى ۋە بەلگىلىگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ئى ئىنسان! ساڭا كەلگەن ھەرقانداق ياخشىلىق پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزل - كەرەمىدىن ۋە سېنى توغرا نەتىجە چىقىدىغان ئىشلارنى، يېتەرلىك سەۋەبلەرنى ۋە ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى قىلىشقا يېتەكلىگەنلىكىدىندۇر. ئەمما ساڭا كەلگەن بەختسىزلىكلەر ۋە يامانلىقلار

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 131- ئايەت.

پەقەت ئۆزۈڭدىن، يەنى ئەقىل ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرمىگەنلىكىڭ ۋە چارە – تەدبىردە خاتالاشقانلىقىڭدىندۇر.

ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى «ياخشىلىقنى ۋە يامانلىقنى تەقدىر قىلىش پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر» دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. سېنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىشكە ئاللاھ تائالا ئۆزى كۇپايە ۋە يېتەرلىكتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئالدىراقسانلىق بىلەن قورقۇنچاقلىق پۇشايمانغا سەۋەب بولىدىغان ئىللەتتۇر.

2. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن خاستۇر.

3. ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئەجەل كەلگەندە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئارا تۇرالمايدۇ.

4. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

5. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەردۇر.

## ◄ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗا ٨٠ وَيَقُولُونَ طَاعَةٞ فَإِذَا بَرَزُواْ مِنۡ عِندِكَ بَيَّتَ طَآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ غَيۡرَ ٱلَّذِي تَقُولُۖ وَٱللَّهُ يَكۡتُبُ مَا يُبَيِّتُونَۖ فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ٨١﴾

## ◄ تەرجىمىسى

80-كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.

81-(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلار: «ساڭا ئىتائەت قىلىمىز» دەيدۇ. سېنىڭ يېنىڭدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا بولسا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى يوشۇرۇن ھالدا (سېنىڭ يېنىڭدا) دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىنى پىلانلايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن پىلانلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. سەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن، (ئۇلار ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ). ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ ساڭا يېتەرلىك تايانچتۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

كەلبىنىڭ بايان قىلىشىچە، ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ﴾ دېگەن ئايەت سەۋبان دېگەن ساھابە ھەققىدە نازىل بولغان. سەۋبان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنتايىن بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى سەۋبان چىرايىدىن قاتتىق غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «ئى سەۋبان ساڭا نىمە بولدى، چىرايىڭ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇغۇ؟» دېگەن. سەۋبان جاۋاب بېرىپ: «يارەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ھېچبىر يېرىم ئاغرىمايدۇ، باشقا دەردىممۇ يوق، پەقەت سىلىنى كۆرمىسەم مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدىكەنمەن، سىلىنى قاتتىق سېغىنىپ كېتىمەن، سىلىنى كۆرمىگۈچە تۇرالماي قالىمەن. بىلمەنكى، ئاخىرەتتە ئۆزلىرى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك جەننەتتە بولىلا، ئەمما مەن جەننەتكە كىرگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىدىن تۆۋەن دەرىجىدە بولىمەن، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنى كۆرەلمەسلىكىمدىن قورقىمەن» دېگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

## ◄ تەپسىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن ئالەملەرگە ئەۋەتكەن ھەق ئەلچىسىدۇر. ﴿وَأَرۡسَلۡنَٰكَ لِلنَّاسِ رَسُولٗاۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدٗا ٧٩﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (بۇنىڭغا) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر﴾[2]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان ۋەھيىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈش، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش، «قۇرئان

[1] «أسباب النزول للواحدي» 334-بەت.
[2] نىسا سۈرىسى: 79-ئايەت.

كەرىم»نى ئىزاھلاش ۋە كۇفرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇ-رۇشتىن ئىبارەتتۇر. دىنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامدۇر. شۇڭا بۇيرۇغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزگۈچى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ يولىغا كىرىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يولدا ماڭغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام دىن توغرىسىدا ئۆز خاھىشىدىن سۆزلىگەن ئەمەس. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ۝٣ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ ۝٤ عَلَّمَهُۥ شَدِيدُ ٱلۡقُوَىٰ ۝٥﴾ يەنى ﴿ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بۇ (قۇرئان) پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىل) ئۆگەتتى﴾[1].

ئەمما دۇنيالىققا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆز خاھىشى بىلەنمۇ سۆزلەيتتى. بەزىدە ساھابىلەر ئۇنىڭدىن «يا رەسۇلۇللاھ! بۇ دېگەنلىرى ۋەھيىمۇ ياكى ئۆز خاھىشلىرىدىن سۆزلىگەن گەپمۇ؟» دەپ سورىشاتتى. ئەگەر ۋەھيى بولسا، ئۇلار ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، نېمە ئۈچۈنلىكىنى سورۇشتە قىلماستىن دەرھال ئۇنى ئىجرا قىلاتتى، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆز خاھىشىدىن سۆزلىگەن سۆزى بولسا، ئۇنى مەسلىھەتلىشەتتى. گاھىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆز پىكرىدىن يېنىپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلاتتى. بەدرى ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان كېڭەشلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان مۇناپىقلار توغرۇلۇق قايغۇرمىغىن، چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشتۇر، سەن ئۇلارغا مەسئۇل ئەمەس ياكى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئەمەسسەن. ئۇلار ئىنسانلاردىن خۇددى ئاللاھ تائالادىن قورققاندەك، گاھىدا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقىشىدۇ، بۇ مۇناپىقلارنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇساڭ، سېنىڭ ئالدىڭدا «باش ئۈستىگە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايمىز» دېيىشىدۇ، سېنىڭ يېنىڭدىن تار-

[1] نەجم سۈرىسى: 3-5-ئايەتلەر.

قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ شۇ كېچىسىلا ساڭا دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرىدۇ ۋە ساڭا قارشى رەزىل پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ۋە ساڭا قارشى پىلانلىغان رەزىل تەدبىرلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ، ئاندىن ساڭا نازىل قىلغان ۋەھيلىرىدە بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ، سېنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ۋە يامان نىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى، ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىكى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇلارنىڭ جازاسىنى بىز بېرىمىز. ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا پەرۋا قىلمىغىن، پەقەت ئاللاھ تائالاغا تايانغىن، جىمى ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن. چۈنكى ئاللاھ تائالا سېنى ئۇلارنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرىدىن ۋە بارلىق يامانلىقلىرىدىن ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر. بەربىر ئۇلار قىلمىشلىرى سەۋەبلىك دەردلىك ئازابلارغا دۇچار بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىشمۇ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر. چۈنكى بۇيرۇغۇچى ئاللاھ تائالادۇر، پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە سۆزلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىشتۇر.

2. مۇناپىقلار ھەر جايدا ۋە ھەر مىللەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش مۇھىمدۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر

﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ ۚ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُوا۟ فِيهِ ٱخْتِلَٰفًا كَثِيرًا ﴿٨٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

82-ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئان كاپىرلار ئويلىغاندەك) ئاللاھتىن باشقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىتلىقلارنى تاپقان بولاتتى.

## تەپسىرى

بۇ مۇناپىقلار دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمىدىمۇ؟ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىردىنبىر ھىدايەت مەشئىلى ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلمامدۇ ياكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرى پېچەتلەنگەنمۇ؟ ئەگەر ئۇلار «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرسە ئىدى، ئۇنىڭ ھەقلىقىنى چوقۇم بىلگەن بولاتتى. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىرىنى پاش قىلىپ، كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىدىن ئېنىق خەۋەر بەردى ئەمەسمۇ؟! ئەگەر «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولمىسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ خەۋىرىنى نەدىن بىلىدى؟ ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ، بۇ مەسىلىنى ئويلاپ باقمامدۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن پېچەتلەنگەنلىكتىن، ئۇلار بۇ روشەن ھەقىقەتنى كۆرەلمەي ئازغۇنلۇقتا پاتقان. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولماي، ئۇلار ئويلىغاندەك ئىنسان سۆزى بولسا ئىدى، ئۇنىڭ مەنىلەرگە دالالەت قىلىشتا گاھ يېتەرسىز قالغان، گاھ ئاشۇرۇۋەتكەن، غەيبلەردىن ۋە ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن خەۋەر بېرىشتە بەزىسى توغرا، بەزىسى خاتا، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھالەتلەرنى تەسۋىرلەشتە بەزىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، بەزىسى ئۇيغۇن ئەمەس چىققان بولاتتى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ بەدىئىيلىكىدە ۋە ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىدا كۆپلىگەن زىتلىقلار كۆرۈلگەن بولاتتى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنىڭ تەرتىپلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بەلگىلەنگەن. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالادىن ھازىرقى تەرتىپى بويىچە نازىل بولمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى تەرتىپى كېيىن جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسىتىشى ئارقىسىدا رەتلەنگەن. «قۇرئان كەرىم» قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولمىسۇن؟! ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىلارمۇ بىلمەيدىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۇرسا، ئۇ ئىنساننىڭ ئەقلىي يەتمەيدىغان دەرىجىدىكى بەدىئىيلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى ئەدىبلەرنى ۋە تالانتلىق شائىرلارنى ھەيران قالدۇرغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئىنسان سۆزى بولسۇن؟!

«قۇرئان كەرىم»دە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپمۇ

باقمىغان، ھەتتا ئىزدىنىپ بىلەي دېسىمۇ بىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئۆتمۈش خەۋەرلىرى خىرىستىيان، يەھۇدىي ۋە باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان بويىچە بايان قىلىنغان. ھالبۇكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي مەكتىپىدىن باشقا ھېچقانداق مەكتەپ كۆرمىگەن ۋە خەت يېزىش ياكى ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن ساۋاتسىز پەيغەمبەر ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدە-پىرىنسىپلىرى، شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنىڭ ۋە سىياسەتلىرىنىڭ ئادىللىقى، ئۇنىڭ ھەر قايسى زامانلارغا ۋە جايلارغا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايىل قىلغان بىر ھەقىقەتتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىشىلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئويلىنىشقا ۋە ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرىشتىكى بەدىئىيلىكى بىلەن كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە تامامەن جەلپ قىلىشتەك مۆجىزىسىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغان ۋە قىلالمايدۇ. بۇنى پەقەت دىلى كور ۋە ھەددىدىن ئاشقان مۇتەكەببىرلەرلا ئىنكار قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ بەدىئىيلىكىگە قايىل بولغان ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۈستۈنلۈكى ئۆتمۈشتىن تاھازىرغىچە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەرەبلەرنىڭ تالانتلىق كىشىلىرىمۇ تا ھازىرغىچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام ئۈممىتى «قۇرئان كەرىم»نى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئەسرار-لىرىغا يەتكەن ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگە قالمىغان بولاتتى. ﴿ٱللَّهُ نَزَّلَ أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ كِتَٰبٗا مُّتَشَٰبِهٗا مَّثَانِيَ تَقۡشَعِرُّ مِنۡهُ جُلُودُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمۡ وَقُلُوبُهُمۡ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)نى (ئايەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، (مەزمۇنلىرى) تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. (ئۇ تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭ (تەسىرى)دىن تىترەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ (مۆئمىنلەرگە بولغان) رەھمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئاللاھ شۇ (قۇرئان) بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ

ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچبىر يول كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ﴾[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك كالامى ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلمەس مۆجىزىسىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىش ئىماننى كۈچەيتىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتمۈشلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى، ھازىرقى ۋە كېلەچەك ھاياتنى تەسۋىرلەشتىكى چىنلىقىمۇ ئۇنىڭ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ خەتىرى

﴿وَإِذَا جَآءَهُمۡ أَمۡرٞ مِّنَ ٱلۡأَمۡنِ أَوِ ٱلۡخَوۡفِ أَذَاعُواْ بِهِۦۖ وَلَوۡ رَدُّوهُ إِلَى ٱلرَّسُولِ وَإِلَىٰٓ أُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنۡهُمۡ لَعَلِمَهُ ٱلَّذِينَ يَسۡتَنۢبِطُونَهُۥ مِنۡهُمۡۗ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ لَٱتَّبَعۡتُمُ ٱلشَّيۡطَٰنَ إِلَّا قَلِيلٗا ٨٣﴾

## تەرجىمىسى

83-مۇناپىقلارغا (مۆئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى يەتسە، ئۇلار ئۇنى يېيىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە مۆئمىنلەر ئىچىدىكى ئىش باشقۇرغۇچىلارغا (ياكى دىنىي ئالىملارغا) مەلۇم قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇ خەۋەرنى تەھلىل قىلىپ نەتىجە چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئەلۋەتتە ئۇنى (تارقىتىش ياكى تارقاتماسلىق كېرەكلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئاز قىسمىڭلاردىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار.

## تەپسىرى

ئى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، بەندىلىرىنىڭ جىمى ئەھۋالىنى ۋە

[1] زۇمەر سۈرىسى: 23- ئايەت.

ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلارنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى ئىگىمىز ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن جىمى نۇقسانلاردىن ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك، تەڭداشسىز ئىلاھسەن! سەن بىزگە ھاجەت بولغان نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتىڭ، بىزنى كۇفرىنىڭ ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردۇڭ، ھەتتا ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، خەۋەر تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىدىنمۇ بىزنى ئاگاھلاندۇرماي قويمىدىڭ. ئى ئۇلۇغ رەببىمىز! ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، بىزگە نۇرلۇق شەرىئەتنى ئاتا قىلغانلىقىڭغا شۈكۈر قىلىمىز.

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ياخشى نىيەت بىلەن ياكى ھېچبىر مەقسەتسىز ھالدا خەۋەر تارقىتىدىغانلاردىن ۋە مۇناپىقلارغا ئوخشاش يامان نىيەت بىلەن سۆز- چۆچەكلەرنى تارقىتىدىغانلاردىن خالىي ئەمەس. ئاللاھ تائالا بىزنى بۇ خىل ئىشلارنى قانداق ھەل قىلىشىمىز ۋە خەۋپسىزلىككە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز توغرىسىدا تەلىماتلىرىنى بېرىدۇ ۋە بىزگە يول كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر تارقالغاندا، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا بۇ دىنىنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچىلىرىغا، ئۆلىمالىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت مەسىلىلىرى ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، خۇسۇسەن ئۇرۇش خەۋەرلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرى بىلگەنچە قالايمىقان سۆز تارقىتىشى، خەۋەرلەرنى ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە تەھلىل قىلىشى دۆلەتكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىقتۇر. شۇڭا ھازىرقى دۆلەتلەر ئومۇم خەلقنىڭ قايمۇقۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن گېزىت، ژۇرنال ۋە رادىيو-تېلېۋىزورلاردا بېرىلىدىغان خەۋەرلەرنى شۇ ساھەنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن تارقىتىش پرىنسىپىنى بەلگىلىگەن. ئەمما ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۆز رايىنى سۆزلەش ۋە ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشتىن توسمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ توسقىنى ئىغۋاگەرچىلىك ۋە پىتنە-پاسات تۇغدۇرۇشتۇر. مەلۇمكى، مۇنداق ئىشلارغا يول قويۇش مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى ھىدايەت قىلىش

ۋە ياخشى ئىشلارغا مۇيەسسەر قىلىشتەك ئۇلۇغ پەزل - كەرەملىرى سىلەرنى قورشاپ تۇرمىغان بولسا ئىدى، كۆپىنچىڭلار شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قالغان ۋە ئىنسانىي شەيتانلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغان بولاتتىڭلار، ئۇ ۋاقىتتا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ئىنتايىن ئاز چىقاتتى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۇرۇش خەۋەرلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان تەدبىرلەر پەقەت دۆلەت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئۇنى ۋاقتى كەلمىگۈچە خەلققە بىلدۈرلمەيدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پرىنسىپىدۇر.

2. پىتنە - پاساتچىلارنىڭ تارقاتقان خەۋەرلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا بولغان پەزل-كەرەمى ناھايىتى چوڭ ۋە كۆپتۇر. بۇنى كىشىلەرنىڭ تولىسى ھېس قىلمايدۇ.

### ◄ جىھاد چاقىرىقى

﴿فَقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ ۚ وَحَرِّضِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأْسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ وَٱللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنكِيلًا ﴿٨٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**84**-(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغىن. سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن، مۇئمىنلەرنى (جىھاد قىلىشقا) ئىلھاملاندۇرغىن. ئاللاھ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ ئۇرۇشىنى توسۇپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى،

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا، يەنى مۇناپىقلار ساقچا ئىتائەت قىلمىغان، ئىسلام ئەھلىگە دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ۋە كۆپ كىشىلەر جىھادقا چىقىشتىن قاچقان بولسا، سەن ئۆزۈڭ يالغۇز قالساڭمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغىن، ئەگەر دۈشمەنگە غالىب كېلىشنى خالىساڭ، چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرگىن. بۇ ساقچىلا قويۇلغان تەلەپتۇر، ساقچا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۆئمىنلەرنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغىن، ئۇلارنى قىزىقتۇرغىن ۋە روھلاندۇرغىن. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگىن. «ئى رەببىمىز! نېمە ئۈچۈن بىزگە جىھادنى پەرز قىلدىڭ» دەيدىغانلارنى ۋە كىشىلەردىن خۇددى ئاللاھ تائالادىن قورققاندەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەك قورقىدىغانلارنىمۇ قويۇپ تۇرغىن. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا ئۇلارنى جىھادقا ئۈندەش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ئۇلۇغ ئەمەلگە تەشەببۇس قىلىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد غازىتىدىن بىر يىل كېيىن، كىچىك بەدرى غازىتىغا[1] 1500 كىشىلىك پىيادە ۋە ئون كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئاتلىنىش قارارىغا كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار بەدرىدە مەككىدىن كېلىدىغان ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مۇشرىك قوشۇنلىرىنى كۈتەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە چوقۇم مۇسۇلمانلارغا بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. لېكىن ئەبۇ سۇفيان يولدىن قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ئىشتا دۈشمەنلەرنىڭ كۈچىنى ئۆزلىكىدىن تارمار قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دېيىلدىكى، ئاللاھ تائالا سېنىڭ مەدەتكارىڭدۇر، مەيلى سەن ئۆزۈڭ يالغۇز جىھاد قىلغىن ياكى مىڭلارچە مۇجاھىدلار بىلەن بىللە جىھاد قىلغىن. ئاللاھ تائالا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئۇرۇش خۇمار كاپىرلارنىڭ ئۇرۇشىنى توسۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى جازالاشقا ۋە ساقچا نۇسرەت ئاتا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ئۇ چەكسىز كۈچ – قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى شۇنداق قاتتىق جازالايدۇكى، ئۇلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلار ھەقىقەتكە قارشى

---

[1] ھىجرىيەنىڭ 4- يىلى شەئبان ئايدا (636م) مۇسۇلمانلار مەككىلىك مۇشرىك قوشۇن بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن بەدرى **دېگەن** جايغا چىققان بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇش ئەمەلگە ئاشمىغان. بۇ ۋەقەلىك «كىچىك بەدرى غازىتى» دەپ ئاتالغان.

چىقىشقا پېتىنالمايدىغان ھالغا كېلىدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەرىپىدىن سادىر بولغان‹عسى› دېگەن سۆز قۇرئاننىڭ ھەممە ئايەتلىرىدە ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت ﴿عَسَىٰ رَبُّهُۥٓ إِن طَلَّقَكُنَّ أَن يُبْدِلَهُۥٓ أَزْوَٰجًا خَيْرًا مِّنكُنَّ مُسْلِمَٰتٍ مُّؤْمِنَٰتٍ قَٰنِتَٰتٍ تَٰٓئِبَٰتٍ عَٰبِدَٰتٍ سَٰٓئِحَٰتٍ ثَيِّبَٰتٍ وَأَبْكَارًا﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، رەببى (سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا) سىلەردىن ياخشى، بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىشى مۇمكىن﴾[1] دېگەن ئايەتتىلا مۇمكىن مەنىسىدە كەلگەن»[2]. ئەللامە جازائىرىي مۇنداق دېگەن: «‹عسى› دېگەن سۆز ئۈمىد قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇ سۆز ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سادىر بولغاندا، ۋەدە قىلىنغان ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ئەسلا خىلاپلىق قىلمايدۇ»[3].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇغانلىقىغا تۈرتكە بولغان نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شىجائىتى، قورقماسلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئىمانىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئىدى.

2. جىھادقا چىقىدىغانلارنى ئىسلام دۆلىتىدىكى ئىش باشقۇرغۇچىلار بەلگىلەيدۇ. ئەمما دۈشمەن دۆلەتكە بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، ھەممە كىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەينىغا ئايلىنىدۇ.

## ◄ قۇرئاننىڭ ئەدەپ-ئەخلاق دەستۇرلىرىدىن

﴿مَّن يَشْفَعْ شَفَٰعَةً حَسَنَةً يَكُن لَّهُۥ نَصِيبٌ مِّنْهَا ۖ وَمَن يَشْفَعْ شَفَٰعَةً سَيِّئَةً يَكُن لَّهُۥ كِفْلٌ مِّنْهَا ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ مُّقِيتًا

[1] تەھرىم سۈرىسى: 5- ئايەت.
[2] «تفسير القرطبي» 3- توم، 37- بەت.
[3] «أيسر التفاسير» 4-توم، 90-بەت.

﴿٨٥﴾ وَإِذَا حُيِّيتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّواْ بِأَحۡسَنَ مِنۡهَآ أَوۡ رُدُّوهَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ حَسِيبًا ﴿٨٦﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ
ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِۗ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ حَدِيثٗا ﴿٨٧﴾

## تەرجىمىسى

85-كىمكى بىرەر ياخشى ئىش ئۈچۈن ۋاستە بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ ساۋابىدىن بىر نېسىۋە بولىدۇ؛ كىمكى بىرەر يامان ئىش ئۈچۈن ۋاستە بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ گۇناھىدىن بىر نېسىۋە بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

86-بىر كىشى سىلەرگە سالام بەرسە، ئۇنىڭ سالىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بىلەن قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ھېسابىنى ئالغۇچىدۇر.

87-ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ سىلەرنى (ھېساب مەيدانىغا) چوقۇم توپلايدۇ. ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟!

## تەپسىرى

شاپائەت-بىراۋغا بىرەر ئىشتا ۋاستە بولۇش، ياردەم قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، يۇقىرىدا ﴿كىمكى بىرەر ياخشى ئىش ئۈچۈن ۋاستە بولسا﴾ دەپ تەرجىمە قىلىنغان ﴿مَّن يَشۡفَعۡ شَفَٰعَةً حَسَنَةً﴾ دېگەن ئايەتتىكى﴿شَفَٰعَةً﴾ يەنى (شاپائەت) دېگەن سۆز ئىسلام ئاتالغۇسىدا بىراۋغا ۋاستە بولۇش، ياردەم قىلىش، ھەمكارلىشىش، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشكە مەدەت بېرىش، ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇئمىنلەرنى جىھادقا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش قىزغىنلىقىنى سېلىش، ۋاستە بولۇش ۋە ئۇلارغا ھەمكارلىشىش شاپائەتتىن سانىلىدۇ. چۈنكى بۇ مۇئمىنلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىشتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بەزى مۇناپىقلار جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراشتىن باشقا، يەنە يېقىنلىرىنىڭمۇ جىھادقا چىقماسلىقى ئۈچۈن رۇخسەت سورايتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مۇناپىقلارنىڭ باشقىلار ئۈچۈن رۇخسەت سورىغانلىقى ئۇلارنىڭ باشقىلارغا يامان ئىش ئۈچۈن شاپائەت قىلغانلىقى (يەنى يامان ئىشقا دەۋەت قىلغانلىقى) ئىدى. شاپائەت

سۆزىنىڭ مەنىسىنى كېڭەيتىدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشىشىمۇ شاپائەتكە كىرىدۇ، ھەتتا سالاملىشىشىمۇ بىر خىل شاپائەتتۇر. شاپائەت بۇ مەنىسىدە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى «ياخشى شاپائەت» يەنە بىرى «يامان شاپائەت»تۇر.

«ئومۇمىي قائىدە شۇكى، ياخشىلىق پەقەت دىن نەزىرىدە ياخشىلىق سانالغان ئىشلاردۇر، يامانلىق پەقەت دىن نەزىرىدە يامان كۆرۈلگەن ياكى چەكلەنگەن ئىشلاردۇر»[1]. ياخشى ئىشقا شاپائەت قىلىش دېگەن ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۆزلىگەن ھالدا، بىرەر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ئۇنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ياكى ئۇنىڭغا ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق شاپائەت قىلغان ئادەم قىلغان شاپائىتى (يەنى ياخشىلىقى) ئۈچۈن مۇكاپات تەلەپ قىلمايدۇ، پارا ئالمايدۇ ۋە بىراۋغا ياخشىلىق قىلىمەن، دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ئەمما يامان ئىشقا شاپائەت قىلىش دېگەن ئاۋۋالقىسىنىڭ تامامەن ئەكسى بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى زايە قىلىۋېتىشكە ياردەملىشىشنى كۆرسىتىدۇ. زامانىمىزدا بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش ياكى پۇل - مېلىنى ناھەق يېۋېلىش ئۈچۈن يېقىنلىرىدىن ياردەم سورايدۇ، ئۇ يېقىنلىرىمۇ بۇ ناھەق ۋە ھارام ئىشقا شېرىك بولۇپ ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. پارىخورلۇق مەسىلىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىردۇر ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ ھەممە تۈرىنى ئىسلام دىنى قاتتىق چەكلەيدۇ، قاتتىق يامان كۆرىدۇ. شاپائەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قىلغان ئىشلىرىدىن چوقۇم ھېساب بېرىدۇ. ياخشى ئىشقا شاپائەت قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندەك، يامان ئىشقا شاپائەت قىلغانلارمۇ بۇ ناھەق ئىشنىڭ جازاسىنى تولۇق تارتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئىشتىن ھېساب ئالغۇچى ۋە ھەرقانداق شاپائەت قىلغۇچىغا مۇكاپات ياكى جازاسىنى بەرگۈچىدۇر. يامان ئىشقا شاپائەت قىلغانلار ئىككى چوڭ گۇناھنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ: بىرى، بىراۋغا ئۆزى ھەقلىق بولمىغان بىر ھەقنى ياكى بىر خىزمەتنى ۋەياكى بىرەر مەنسەپنى يولسىزلىق بىلەن ئېلىپ بەرگەنلىكى، يەنە بىرى، ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان كىشىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلغانلىقىدۇر. بۇ ئەلۋەتتە چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھەق ئىگىلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 407- بەت.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۈچۈن شاپائەت قىلىشنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە جازاسىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا سالاملىشىشنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ياخشى شاپائەت ۋە سالاملىشىش ھەر ئىككىسى كىشىلەرنى بىر-بىرىگە يېقىن قىلىدىغان ياخشى ئىشلاردىندۇر. شۇڭا سالاممۇ شاپائەتتىن سانالغان. سالام بېرىلگەن كىشى سالام بەرگەن كىشىگە ئۇنىڭ سالىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر سالام بىلەن، يەنى ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق سۆز ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن قايتۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇشقا بۇيرۇلغان. قارشى تەرەپنىڭ سالىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بىلەن قايتۇرۇش دېگەنلىك سالامغا بەزى چىرايلىق سۆزلەرنى قوشۇپ ئېيتىش ۋە تەبەسسۇم قىلىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: سىزگە بىراۋ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم (ئاللاھنىڭ ئامانلىقى سىزگە بولسۇن!) دەپ سالام بەرسە، سىزنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئوچۇق چىراي ئېچىپ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ (سىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى يار بولسۇن!)» دېيىشىڭىزدۇر. سالام بەرگۈچىنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇش دېگەن: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام (سىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن!)» دېيىشتۇر.

سالامنى مەنىۋى جەھەتتىن زىيادە قىلىپ قايتۇرۇش ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. ئۇ بولسىمۇ، سالام قىلغان كىشىگە ئوچۇق چىراي بىلەن تەبەسسۇم قىلىشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تَبَسُّمُكَ فِي وَجْهِ أَخِيكَ لَكَ صَدَقَةٌ» يەنى «بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭدا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. سالام بېرىشنىڭ سۈننەت، ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. بۇنىڭغا بىنائەن، بىرەر مۇسۇلمانغا سالام بەرمىگەن ئادەم ئەدەپ-ئەخلاقتا دەخلى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما سالامنى قايتۇرمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ قىلمىشى بىلەن بىر پەرزنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «سالامنى قايتۇرۇش بارلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن پەرزدۇر. سالام بىر كىشىگە قىلىنغان بولسا، سالامنى قايتۇرۇش شۇ كىشى ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. ئەگەر سالام كۆپ كىشىلەرگە قىلىنغان بولسا، ئۇ كىشىلەرنىڭ سالامنى قايتۇرۇشى پەرز كىفايە[2] بولۇپ، ئارىسىدىن بىرەر

[1] «سنن الترمذي» 4-توم، 339-بەت، 1956-ھەدىس.

[2] پەرز كىفايە-مۇسۇلمانلاردىن بەزىسى ئادا قىلسا، ئادا قىلمىغانلاردىن ساقىت بولىدىغان پەرز دېگەنلىكتۇر.

كىشى سالامنى قايتۇرسا، بۇ پەرز باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ، ئەگەر ھەممىسى قايتۇرسا، بۇ پەرزنى ھەممىسى ئادا قىلغان بولىدۇ، ئەگەر ھېچكىم قايتۇرمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە سالام قىلىنمىغان بىر ئادەم ئۇلار ئۈچۈن سالامنى قايتۇرسا، بۇ پەرز ئۇلاردىن ساقىت بولمايدۇ، سالامنى قايتۇرمىغانلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ». سالام قىلىشتا كەلگەنلەر ئولتۇرغانلارغا، كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۇلاغ ئۈستىدىكىلەر پىيادىلەرگە، ئاز كىشىلەر كۆپ كىشىلەرگە سالام قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالاملىشىشنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «لَا تَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ حَتَّى تُؤْمِنُوا ، وَلَا تُؤْمِنُوا حَتَّى تَحَابُّوا ، أَوَلَا أَدُلُّكُمْ عَلَى شَيْءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوهُ تَحَابَبْتُمْ؟ أَفْشُوا السَّلَامَ بَيْنَكُمْ» يەنى «سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى سۆيمىگۈچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، سىلەرنى بىر-بىرىڭلارنى سۆيىدىغان ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ ئۇنداقتا، ئاراڭلاردا سالاملىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»[1]. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قىلغان بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن تولۇق ھېساب ئالغۇچىدۇر.

ئاخىرقى ئايەتتە، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يادروسى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش ئەقىدىسى تەكىتلەنگەن. شۈبھىسىزكى، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. قىيامەت كېلىشتىن ئىلگىرى ھەركىم ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئاخىرەت ھاياتىغا تەييارلىق كۆرۈشى زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالادىنمۇ راست سۆزلىگۈچى بارمۇ؟! ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچى ۋە بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى بەلگىلىگۈچى، ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان ياكى خاتالاشمايدىغان، ھەممىگە قادىر ئەڭ كۈچلۈك زاتتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قانداقمۇ راستچىل بولمىسۇن؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى ئىشلارغا ھەمكارلىشىش ساۋابلىق ئىشلاردىن بولسا، يامان ئىشلارغا، ناھەقچىلىككە ياردەم قىلىش رەزىللىك ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 74-بەت، 54-ھەدىس.

يامان ئىشقا ياردەم قىلغۇچىلار شۇ يامان ئىشنى قىلغانلارغا ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ.

2. سالام قىلىش سۈننەت، ئەمما سالامنى قايتۇرۇش پەرزدۇر.

### ◄ مۇناپىقلار ۋە ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى

﴿فَمَا لَكُمۡ فِي ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِئَتَيۡنِ وَٱللَّهُ أَرۡكَسَهُم بِمَا كَسَبُوٓاْۚ
أَتُرِيدُونَ أَن تَهۡدُواْ مَنۡ أَضَلَّ ٱللَّهُۖ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ
سَبِيلٗا ٨٨ وَدُّواْ لَوۡ تَكۡفُرُونَ كَمَا كَفَرُواْ فَتَكُونُونَ سَوَآءٗۖ فَلَا
تَتَّخِذُواْ مِنۡهُمۡ أَوۡلِيَآءَ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ فَإِن تَوَلَّوۡاْ
فَخُذُوهُمۡ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ وَجَدتُّمُوهُمۡۖ وَلَا تَتَّخِذُواْ مِنۡهُمۡ وَلِيّٗا وَلَا
نَصِيرًا ٨٩ إِلَّا ٱلَّذِينَ يَصِلُونَ إِلَىٰ قَوۡمِۭ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٌ أَوۡ
جَآءُوكُمۡ حَصِرَتۡ صُدُورُهُمۡ أَن يُقَٰتِلُوكُمۡ أَوۡ يُقَٰتِلُواْ قَوۡمَهُمۡۚ وَلَوۡ
شَآءَ ٱللَّهُ لَسَلَّطَهُمۡ عَلَيۡكُمۡ فَلَقَٰتَلُوكُمۡۚ فَإِنِ ٱعۡتَزَلُوكُمۡ فَلَمۡ
يُقَٰتِلُوكُمۡ وَأَلۡقَوۡاْ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَمَ فَمَا جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمۡ عَلَيۡهِمۡ سَبِيلٗا
٩٠ سَتَجِدُونَ ءَاخَرِينَ يُرِيدُونَ أَن يَأۡمَنُوكُمۡ وَيَأۡمَنُواْ قَوۡمَهُمۡ كُلَّ
مَا رُدُّوٓاْ إِلَى ٱلۡفِتۡنَةِ أُرۡكِسُواْ فِيهَاۚ فَإِن لَّمۡ يَعۡتَزِلُوكُمۡ وَيُلۡقُوٓاْ إِلَيۡكُمُ
ٱلسَّلَمَ وَيَكُفُّوٓاْ أَيۡدِيَهُمۡ فَخُذُوهُمۡ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡۚ
وَأُوْلَٰٓئِكُمۡ جَعَلۡنَا لَكُمۡ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا ٩١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

88-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن كۇفرىغا قايتۇرۇۋەتتى، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ ئاللاھ كىمنى ئازدۇرىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز يول تېپىپ بېرەلمەيسەن.

89-ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنداقلا، ئۆزلىرى

بىلەن (كاپىرلىقتا، مۇناپىقلىقتا) باراۋەر بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئەگەر (ھىجرەتتىن) باش تارتسا، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، (ئۆزۈڭلارغا) ياردەمچىمۇ قىلماڭلار.

90ـ پەقەت سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئەھدە بولغان بىر قەۋمگە قوشۇلغانلار ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يۈرەكلىرى سىقىلىپ يېنىڭلارغا كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى سىلەرگە قارشى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىپ قوياتتى، ئاندىن ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تىنچلىق تەكلىپى سۇنسا، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ.

91ـ ھەم سىلەردىن ھەم ئۆز قەۋمىدىن ئامانلىقتا ئىرىشمەكچى بولغان ئىككىنچى بىر خىل كىشىلەرنى كۆرىسىلەر، ئۇلار ھەرقاچان كاپىرلىققا چاقىرىلسا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە تىنچلىق تەكلىپى سۇنمىسا، (سىلەر بىلەن) ئۇرۇش قىلىشتىن قول يىغمىسا، بۇ چاغدا ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇڭلار ۋە ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلارغا قارشى (ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۈچۈن) سىلەرگە ئوپئوچۇق دەلىل تۇرغۇزۇپ بەردۇق.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، سىلەر نېمە ئۈچۈن مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ ئىككى پىرقىغا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ بىر پىرقە مۇناپىقلارنى ياخشى دەيدۇ، يەنە بىر پىرقە ئۇلارنى كاپىرلاردىن سانايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئەمەلىيەت شۇكى، مۇناپىقلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى- ئالدامچىلىقى، مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىكى، ھىجرەت قىلىشنى قوبۇل قىلمىغانلىقى قاتارلىق گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇلارنى ئىلگىرىكى مۇشرىكلىك ۋە كاپىرلىق ھالىتىگە قايتۇرۇپ قويدى. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازغۇنلار توغرۇلۇق بېكىتكەن بۇ ئەزەلىي قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىپ ئازغۇننى يول تاپقان، كاپىرنى مۇسۇلمان قىلماقچىمۇ؟ بۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. ئۇلار سىلەرگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ ۋە سىلەرنىمۇ ئازدۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئوخشاش

كاپىرلاردىن قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلار توغرۇلۇق ئىختىلاپلىشىپ ئىككىگە بۆلۈنۈشۈڭلارنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق، مۇناپىقلارنىڭ شەكسىز كاپىرلار ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كېلىڭلار، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار ئىمانىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارغا ھەرگىز ئىشەنمەڭلار. ئەگەر ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلالماي، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن باش تارتسا، يەنە بۇرۇنقى ھالىتى بويىچە سىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى يوشۇرۇپ يۈرسە ۋە ئېپى كەلگەندە سىلەرگە دۈشمەنلىك كۆرسىتىپ تۇرسا، ئۇرۇشتىن قولىنى يىغمىسا، سىلەرمۇ ئۇلارنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، ئۇلارنى تاپقانلا يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى دوست ياكى يېقىن تۇتماڭلار، ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ياردەمچىمۇ قىلماڭلار.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، ئۆزلىرى ئاجىز ئىدى. كاپىرلار ئۇلارنى ئىمانىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇللارنى قوللانغان ئىدى. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن باشقا جايلارغا ھىجرەت قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، سان جەھەتتىن كۆپىيىش ۋە كۈچ جەھەتتىن قۇدرەت تېپىش ئارقىلىق مەدىنىدە يېڭى قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلارغا شۇ چاغدا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش پەرز ئىدى. بۇنداق مۇھىم بىر پەيتتە ئۆزرىسىز تۇرۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغانلار گۇناھكار ھېسابلىناتتى. ئەمما كېيىنچە، مەككە پەتھى (ئازاد) قىلىنغاندىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ هِجْرَةَ ، وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ ، وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ ، فَانْفِرُوا» يەنى «ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەتلا قالدى، قانداقلا ۋاقىتتا جىھادقا چاقىرىلساڭلار دەرھال چىقىڭلار»[1] دەپ ئېلان قىلدى. ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىگەنلىكىنى، ئەمما كۇفرى دىياردىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشنىڭ تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، شارائىتقا قاراپ ھىجرەتنىڭ ھۆكمىنىڭ پەرز، مۇستەھەب دېگەندەك ھەر خىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 14-بەت، 1834-ھەدىس.

«ئاللاھ تائالا مۇناپىقلاردىن تۆۋەندىكى ئىككى پىرقىنى مۇستەسنا قىلغان:

بىرىنچىسى، سىلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەنلەر، يەنى بىر-بىرىڭلارغا زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەسلىك توغرۇلۇق ئاراڭلاردا ئەھدە قىلىشقانلار.

ئىككىنچىسى، سىلەر بىلەن قەۋمىنىڭ ئۇرۇشىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالماي سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر»[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىلىڭلاركى، ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئۇلارنى سىلەرگە قارشى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ قوياتتى- دە، ئۇلارمۇ سىلەرگە قارشى دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سالدى، ئۇلارنى سىلەردىن ئاجىز قىلىپ قويدى، شۇڭا ئۇلار سىلەردىن قورقىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، سىلەرگە دۈشمەنلىك كۆرسەتمىسە ۋە سىلەرگە بويسۇنسا، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلساڭلار بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلارنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىش ئالدىدا ھىلال ئىبنى ئامىر دېگەن ئادەمدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى مۇشرىكلارغىمۇ ياردەم قىلمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئامانلىق تىلىگەن كىشىگە ئامانلىق بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە ئالغان»[2].

ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، سەن مۇناپىقلاردىن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كۆرىسەن، ئۇلار سىلەرگە يالغاندىن ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن كۆرسىتىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارغا ۋە ئۆز قەۋمىگە قەلبلىرىدىكىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلاردىنمۇ ئامانلىققا ئېرىشمەكچى بولغانلاردۇر. ئۇلار ھەر قېتىم قەۋمى تەرىپىدىن كۇفرىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىرىلسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئازغۇنلۇققا تىخىمۇ

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 410- بەت.

[2] «التفسير الواضح» 1-توم، 410-بەت.

پېتىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشتىن قولىنى يىغمىسا ۋە دۈشمەنلىكنى تۈگىتىپ سىلەر بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى خالىمىسا، ئۇلارنى تاپقانلا يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار. چۈنكى بۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سىلەرگە تولۇق سالاھىيەت بەردى ۋە ئۇلارغا قارشى سىلەرگە دەلىل تۇرغۇزۇپ بەردى.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «﴿سَتَجِدُونَ ءَاخَرِينَ يُرِيدُونَ أَن يَأۡمَنُوكُمۡ وَيَأۡمَنُواْ قَوۡمَهُمۡ كُلَّ مَا رُدُّوٓاْ إِلَى ٱلۡفِتۡنَةِ أُرۡكِسُواْ فِيهَاۚ﴾ دېگەن ئايەت مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر پىرقىسى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ياكى ئەسىرگە ئېلىنىشىدىن ياكى پۇل – مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇئمىنلەرگە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق قىلىۋاتقانلىقىنى قەبىلىسىدىكىلەرمۇ بىلەتتى. ئۇلار قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا بارغىنىدا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى، ئائىلىسىنى ۋە پۇل – مېلىنى قوغداپ قالالماقچى بولاتتى. ﴿كُلَّ مَا رُدُّوٓاْ إِلَى ٱلۡفِتۡنَةِ أُرۡكِسُواْ فِيهَاۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ھەرقاچان قەۋمى ئۇلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرسا، مۇرتەد بولۇپ قەۋمىگە ئوخشاش مۇشرىكلاردىن بولاتتى، دېگەنلىك بولىدۇ»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەمئىيەتتىكى ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە قارشى ھوشيار بولۇش ۋە ئۇلارغا تەدبىرلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىش لازىم. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇناپىقلار توغرۇلۇق بىزگە ئۆگەتكەن تەلىماتلىرى ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئەگەر بىز بۇ تەلىماتلارغا ئەمەل قىلساق، بىزنى مۇناپىقلارنىڭ ھەر تۈرلۈك زىيان– زەخمەتلىرىدىن ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر.

2. ئىسلام ئەھلىگە دۈشمەنلىك كۆرسەتمىگەن كاپىرلارغا چېقىلىشقا ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن كاپىرلارنى يۈرەكتىن دوست تۇتۇشقىمۇ بولمايدۇ.

### ◄ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤۡمِنٍ أَن يَقۡتُلَ مُؤۡمِنًا إِلَّا خَطَـًٔاۚ وَمَن قَتَلَ مُؤۡمِنًا

[1] «تفسير الطبري» 9-توم، 27-بەت.

خَطَـًٔا فَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ مُّؤۡمِنَةٖ وَدِيَةٞ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦٓ إِلَّآ أَن
يَصَّدَّقُواْۚ فَإِن كَانَ مِن قَوۡمٍ عَدُوّٖ لَّكُمۡ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ
مُّؤۡمِنَةٖۖ وَإِن كَانَ مِن قَوۡمِۭ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٞ فَدِيَةٞ مُّسَلَّمَةٌ
إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ وَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ مُّؤۡمِنَةٖۖ فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ فَصِيَامُ شَهۡرَيۡنِ
مُتَتَابِعَيۡنِ تَوۡبَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿٩٢﴾ وَمَن يَقۡتُلۡ
مُؤۡمِنٗا مُّتَعَمِّدٗا فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَٰلِدٗا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ
وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا عَظِيمٗا ﴿٩٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**92**- سەۋەنلىكتىن بولمىسىلا، ھەرگىز بىر مۇئمىننىڭ يەنە بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق. كىمكى بىرەر مۇئمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت[1] تۆلىشى كېرەك. پەقەت ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ دىيەتنى كەچۈرۈم قىلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا (بۇ چاغدا قاتىل ئۇنى تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ). ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇئمىن سىلەرگە دۈشمەن قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم بىر مۇئمىن قۇلنىلا ئازاد قىلسا بولىدۇ؛ ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا كېلىشىم بولغان قەۋمدىن بولسا، قاتىل ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت تۆلەيدۇ ۋە بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىدۇ. قۇل ئازاد قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئادەم ئاللاھقا تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن ئۈزمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

**93**- كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا چوڭ ئازاب تەييارلايدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿سەۋەنلىكتىن بولمىسىلا، ھەرگىز بىر

[1] دىيەت-سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمدىن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۆلەمدۇر.

مۆئمىننىڭ يەنە بىر مۆئمىننى ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنۇ رىۋايەتنى بايان قىلغان: «ئامىر قەبىلىسىدىن ھارىس ئىبنى يەزىد ئىسىملىك بىر ئادەم ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رەبىئە ئىسىملىك بىرىنى ئىلگىرى مەككىدە قاتتىق ئازابلىغان ئىكەن، ئەيياش مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ھارىسنى ئۇچرىتىدۇ، ھارىسنىڭمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلمىگەن ئەيياش ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «ئى ئەيياش! تۇر ئورنۇڭدىن، سەن بىر مۆئمىن قۇلنى ئازاد قىلىپ گۇناھىڭنىڭ كاپارىتىنى ئادا قىلغىن»[1] دەيدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ھەقىقىي ئىمان كىشىنىڭ قەلبىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم ئورۇن ئالغاندا، بۇ ئىمان ئۇنى بارلىق يامان ئىشلاردىن، خۇسۇسەن باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا چېقىلىشتىن توسىدۇ. مۆئمىن كىشى ئۆز ئۈستىدىكى ھەق - ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ھەقلىرىنى قوغدايدۇ، بىر كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن ۋە ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿أَنَّهُۥ مَن قَتَلَ نَفۡسَۢا بِغَيۡرِ نَفۡسٍ أَوۡ فَسَادٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ ٱلنَّاسَ جَمِيعٗا﴾ يەنى ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزىگە ئىشىنىدۇ. ھەرگىز بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى قەستەن ئۆلتۈرمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سەۋەنلىكتىن بولمىسىلا، ھەرگىز بىر مۆئمىننىڭ يەنە بىر مۆئمىننى ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش مۇسۇلماننىڭ قىلىقى ئەمەس، بۇنداق قىلىش مۇسۇلماننىڭ شەنىگە ياراشمايدۇ. مۇنداق ئىش ئۇنىڭدىن سادىر بولمايدۇ، بۇنداق جىنايەت پەقەت سەۋەنلىكتىنلا سادىر بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

---

[1] «تفسير الطبري» 9ـ توم، 32ـ بەت، «التفسير الواضح» 1ـتوم، 401ـبەت.

[2] مائىدە سۈرىسى: 32ـئايەت.

بىر مۇئمىن يەنە بىر مۇئمىننى سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا جازا كېلىدۇ. چۈنكى خاتالىق بىلەن سەۋەنلىك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىشنى ئاددىي سانىغانلىقتىن ياكى ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەنلىكتىن بولىدۇ. خاتالىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇش ئوۋغا ئاتقان ئوقنىڭ ئادەمزاتقا تېگىپ كېتىشى ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنگە ئاتقان ئوقنىڭ مۇسۇلمانغا تېگىپ كېتىشى ۋەياكى بىرىنى دۈشمەن دەپ ئويلاپ قېلىپ ئېتىپ تاشلىغىنىغا ئوخشاش سەۋەنلىكلەردۇر.

مۇسۇلمان كىشىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقنىڭ جازاسى مۇنۇ ئىككى ئىشنى بېجىرىش بىلەن بولىدۇ:

1. بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىش. چۈنكى ئۇ بىر مۇسۇلمان جاننى سەۋەنلىكتىن يوق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىپ ياشىتىشى لازىم.

2. ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت تۆلەش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە دىيەتنىڭ مىقدارى 100 تۆگە ياكى ئۇنىڭ قىممىتى دەپ بەلگىلەنگەن. قاتىل بۇ مىقداردىكى دىيەتنى تۆلىيەلمىسە، ئىسلام دۆلىتىنىڭ مالىيە تارماقلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۆلەمنى تۆلەپ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىنى رازى قىلىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دىيەت ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ قاتىلنى كەچۈرۈۋەتسە، بۇ كەچۈرۈم قوبۇل قىلىنىدۇ. فىقھى كىتابلاردا بۇ مەسىلە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇئمىن بولۇپ، ئۇ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كاپىر قەۋمدىن بولسا، ئۇنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىشلا بەلگىلەنگەن، دىيەت بېرىش بەلگىلەنمىگەن.

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۆزى مۇئمىن بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى بار كاپىر قەۋمدىن بولسا، ئەھدىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت تۆلەش بىلەن بىرگە بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىش بەلگىلەنگەن.

«ئەمدى سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن كاپىرنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىسلام ئۆلىمالىرى سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن غەيرى مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىگە تۆلىنىدىغان دىيەت توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقان. ئۇلاردىن بەزىلەر تولۇق دىيەت كېلىدۇ، يەنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بىر

مۇسۇلمان ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەتنىڭ ئۈزى كېلىدۇ، دېگەن. يەنە بەزىلىرى يېرىم دىيەت، يەنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بىر مۇسۇلماننىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمى كېلىدۇ دېگەن. ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە «دىيەت»نىڭ مىقدارىنى بەلگىلىمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش ئىشى مۇسۇلمان ئىش باشقۇر- غۇچىلارنىڭ دىن ۋە ۋىجدانىنىڭ قانائىتى بويىچە بەلگىلىشىگە تاپشۇرۇلغان»[1].

ھازىرقى زاماندا ئازاد قىلغىلى قۇل تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە بەلگىلەنگەن دىيەتنى تۆلەش بىلەن بىرگە، ئارقا - ئارقىدىن ئۈزمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ چوڭ خاتالىقىنى يۇيۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا كەچۈرۈمگە لايىق بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

كىمكى بىرەر مۆمىننى ئادەتتە ئۆلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان قىلىچ، ئوق ۋە پىچاقتەك نەرسىلەر بىلەن قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراش، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولۇش ۋە قانداقلىقىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان قاتتىق ۋە چوڭ ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. چۈنكى مۇنداق ئادەم بىر مۆمىن كىشىنى قەستەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان چوڭ جىنايەتنى سادىر قىلغان بولىدۇ. بۇ بەقەرە ۋە مائىدە سۈرىلىرىدە بايان قىلىنغان قىساسقا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرگۈچىگە قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ قاتتىقلىقىدىن بەزى ئۆلىمالار «قاتىلغا تەۋبە يوق» دېگەن، بۇ سۆزنى كۈچلەندۈرىدىغان ھەدىسلەرمۇ بار. بەزىلەر بۇنداق ئېغىر جازا بىگۇناھ مۆمىن ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى راۋا كۆرگۈچىلەرگە خاستۇر، دېگەن. يەنە بەزىلەر ﴿إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَٰلِحًا فَأُوْلَٰٓئِكَ يُبَدِّلُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِهِمْ حَسَنَٰتٍۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ٧٠﴾ يەنى ﴿پەقەت تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 413- بەت.

قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەن ئايەت قاتىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم يەنە بىر مۇسۇلماننى قەستەن ئۆلتۈرمەيدۇ.

2. سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى بىر قۇل ئازاد قىلىش (ھازىر قۇل بولمىغاچقا، ئىككى ئاي ئۈزمەستىن ئارقا- ئارقىدىن روزا تۇتۇش) بىلەن بىرگە، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت تۆلەشتۇر.

3. مۇسۇلماننى قەستەن ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، بۇ ئازابنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدۇ. چۈنكى ئازابنى تەييارلىغۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

4. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى قىساس ياكى دىيەتتىن ئىبارەت ئىككى جازانىڭ بىرىنى تارتىدۇ، يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشنى قوبۇل قىلسا، قاتىل ئۆلتۈرۈلمەيدۇ ۋە دىيەتنى تولۇق تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسى قاتىلنى دىيەتسىز كەچۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەجىر بېرىدۇ. قاتىل بۇ دۇنيادا جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىسا جازالايدۇ، خالىسا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسى كەچۈرۈۋەتكەن قاتىلنىڭ مەسىلىسىدۇر. ئەمما ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسى كەچۈرمىگەن، بۇ دۇنيادا جازاسىنىمۇ تارتمىغان قاتىل جازاسىنى ئاخىرەتتە چوقۇم تارتىدۇ.

## كىشىلەرگە ئالدىراپ باھا بېرىشنىڭ خاتالىقى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا ضَرَبۡتُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَتَبَيَّنُواْ وَلَا
تَقُولُواْ لِمَنۡ أَلۡقَىٰٓ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَٰمَ لَسۡتَ مُؤۡمِنٗا تَبۡتَغُونَ عَرَضَ
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فَعِندَ ٱللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٞۚ كَذَٰلِكَ كُنتُم مِّن قَبۡلُ فَمَنَّ
ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ فَتَبَيَّنُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٗا ٩٤﴾

[1] فۇرقان سۈرىسى: 70-ئايەت.

## تەرجىمىسى

**94-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ يولىدا (جىھاد قىلىشقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا (ئۇچرىغانلارنىڭ مۆئمىن ياكى ئەمەسلىكىنى) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار، سىلەرگە (ئۆزىنىڭ مۆئمىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ) ئىسلامىي سالام بەرگەن ئادەمگە-دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ-«سەن مۆئمىن ئەمەسسەن» دېمەڭلار. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بار. ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ھىدايەتنى) ئېھسان قىلدى، شۇڭا (ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.**

## نازىل بولۇش سەۋەبى

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق ھەرخىل رىۋايەتلەر كەلگەن. ھەممىسى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىق مەسىلىسىنى چۆرىدەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «سۇلەيم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم قوي يېتىلەپ كېتىۋېتىپ، ساھابىلەردىن بىر قانچە كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ ۋە ئۇلارغا سالام قىلىدۇ. لېكىن ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا «بىزگە سالام قىلما! سەن پەقەت بىزدىن قورقۇپلا شۇنداق قىلىۋاتىسەن» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ، ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ساھابىلەر ئۇنىڭ يېتىلەپ كېلىۋاتقان قويىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا ضَرَبْتُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ»[1].

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇسۇلمان ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ياكى قەستەن ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە بىراۋنى ئالدىراپ كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان چوڭ پالاكەتنى بايان قىلىدۇ.

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 128-بەت.

ئى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئاتلانغان چىغىڭلاردا، سىلەر ئۇچراشقان كىشىلەر ئىمان ئېيتقانلاردىنمۇ ياكى كۇفرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن جان تىكىۋاتقانلاردىنمۇ؟ بۇنى ئايرىماي تۇرۇپ، ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار ۋە ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا مۇسۇلمانچە سالام قىلىش، تەكبىر - تەھلىل ئېيتىشتەك مۇسۇلمانلىق ئالامەتلىرى بارمۇ-يوق؟ بۇنىڭغا قاراڭلار! ئەگەر ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلىق ئالامەتلىرىدىن بىرەرسى كۆرۈلسە ياكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېيتسا ۋەياكى مۇسۇلمانچە سالام قىلسا، ئۇنىڭغا قەتئىي چېقىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. سىلەر پەقەت كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغانسىلەر، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، قەلب قاتلىرىدىكىلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلىرىنى غەنىيمەت نامى بىلەن يېۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى «بۇ بىزدىن قورقۇپلا ئۆزىنى مۇسۇلماندەك كۆرسىتىۋالدى، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس» دېيىش ھەققىڭلار يوق. ئۇنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. سىلەر باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز تىكمىسەڭلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان بايلىقلار، نېمەتلەر ۋە رىزىقلار تولۇپ تاشقان بولۇپ، خالىغان بەندىسىگە ھېسابسىز بېرىدۇ. چۈنكى ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇڭا رىزىقنى ئاللاھ تائالادىن كۈتۈڭلار ۋە ئۇنىڭدىن تىلەڭلار.

غەنىيمەتكە ئېرىشىشنى كۆزلەپ كىشىلەرگە ئالدىراپ ھۆكۈم بېرىش قەتئىي توغرا ئەمەس، بۇنداق قىلىش سىلەردەك مۆئمىنلەرنىڭ شەنىگە ھەرگىزمۇ ياراشمايدۇ. ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرمۇ بۇرۇن كاپىرلاردىن قورقۇپ يوشۇرۇن ئىمان ئېيتقان، كېيىنچە ئىمانىڭلارنى ئاشكارا قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن ئاشكارا ئورۇن ئېلىش پۇرسىتىگە، خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىققا ئېرىشكەن ئىدىڭلار. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇلارغا ئوخشاش كاپىر ئىدىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئىمان ۋە ھىدايەتنى ئىلتىپات قىلدى. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرگە نىيىتىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈڭلار، پۈتۈن ئىش-ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە بىرەر مۇسۇلماننى يوقلاش ئۈچۈن سەپەر قىلىش پەزىلەتلىك ئىشلاردۇر.

2. كىشىلەرنىڭ ھەققىدە ئالدىراپ باھا بېرىش چوڭ خاتالىقتۇر. ئۇنىڭ زىيىنى چوڭدۇر.

3. دىننى قالقان قىلىپ دۇنيالىقنى كۆزلەش ئېغىر گۇناھتۇر.

### ◄ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى

﴿لَّا يَسْتَوِى ٱلْقَٰعِدُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُو۟لِى ٱلضَّرَرِ وَٱلْمُجَٰهِدُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ ۚ فَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ عَلَى ٱلْقَٰعِدِينَ دَرَجَةً ۚ وَكُلًّا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ وَفَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ عَلَى ٱلْقَٰعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٩٥﴾ دَرَجَٰتٍ مِّنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٩٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

95ـ مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا پۇل ـ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ پۇل ـ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى (بىرەر ئۆزرە تۈپەيلىدىن) جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەتنى ۋەدە قىلدى، مۇجاھىدلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ) جىھادقا چىقمىغانلاردىن كاتتا بىر مۇكاپات بىلەن ئۈستۈن قىلدى.

96ـ ئاللاھ (ئۇلارغا) يۇقىرى مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى. ئاللاھ ئەزەلدىن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### ◄ تەپسىرى

راھەتكە بېرىلىپ جاپادىن قورققانلىقتىن، پۇل ـ مېلىغا بېخىللىق قىلىپ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشنى خالىمىغانلىقتىن، جىھادقا چىقماي،

مۇجاھىدلاردىن ئايرىلىپ قالغانلار ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى تىكىپ ۋە پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلىپ جىھاد قىلغانلار بىلەن ھەرگىز باراۋەر بولالمايدۇ.

ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قېلىش ئېغىر گۇناھتۇر. ئەمما راستتىنلا ئۆزرىلىك بولغانلىقتىن جىھادقا چىقالمىغانلار ئەيىبلەنمەيدۇ. مەسىلەن: مېيىپلىك، كېسەلچانلىق ۋە بەك ياشىنىپ قالغانلىققا ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ: «إِنَّ أَقْوَامَاً خَلْفَنَا بِالْمَدِينَةِ مَا سَلَكْنَا شِعْباً وَلاَ وَادِياً إِلاَّ وَهُمْ مَعَنَا ، حَبَسَهُمُ الْعُذْرُ» يەنى «مەدىنىدە شۇنداق بىر كىشىلەر قالدىكى، گەرچە ئۇلار جىھادقا چىقالمىغان بولسىمۇ، بىز جىھاد يولىدا قانداقلا بىر ئويمانلىقتىن كەچسەك ۋە قانداقلا بىر ئۆزۈن سەپەرنى باسساق، ئۇلار بىز بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى ئۆزرە توسۇپ قويغان» دېگەن[1]. يەنى ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىھادقا چىقالمىغانلارغىمۇ ئاللاھ تائالا مۇجاھىدلارغا ساۋاب بەرگەندەك ساۋاب بېرىدۇ، مۇجاھىدلارغا ۋەدە قىلغان مۇكاپاتلاردىن ئۇلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا جېنىنى ۋە بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغانلارنى ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىھادقا چىقالمىغانلاردىن مەرتىۋە ۋە دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈن قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەممىسىگە جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، دەرىجە ۋە پەزىلەت جەھەتتە ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلىق قىلدى، يەنى جىھادقا چىققان مۇجاھىدلارنى ئۆزرىسى تۈپەيلىدىن چىقالمىغانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ تائالا دەرىجە ۋە پەزىلەتتە ئارتۇق قىلغان بەندىلىرىنى ئالاھىدە كاتتا ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلىغۇچىدۇر.

دېمەك، ئاللاھ تائالا جىھادقا چىققان مۇجاھىدلارنى مەلۇم ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئەلۋەتتە ئەجىر- ساۋاب، يۇقىرى دەرىجە، مۇكاپات ۋە كاتتا مەغپىرەت جەھەتتە ئارتۇق قىلدى. چۈنكى مۇجاھىدلار ئاللاھ يولىدا يۈرۈپ قانداقلا بىر ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، جاپا - مۇشەققەت ۋە كۈلپەت تارتسا، ئۇلارغا بۇ جاپالىرىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى ئۇلارنى قورشايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مەغپىرەتكە ۋە

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 26- بەت، 2838- ھەدىس.

رەھىم-شەپقەتكە لايىق بولغۇچىلار ئۈچۈن بەكمۇ كەچۈرۈمچاندۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ھەرقانداق بىر سەۋەب بىلەن جىھادقا چىقمىغان مۇسۇلمانلاردىن ئەلۋەتتە ئارتۇقتۇر ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر.

2. ھەقىقىي ئۆزرە سەۋەبلىك جىھادقا چىقالمىغان ۋە چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى بىئارام بولغانلار مۇجاھىدلارغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

### ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭدىن قېلىپ قالغۇچىلار

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِىٓ أَنفُسِهِمْ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمْ ۖ قَالُواْ
كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ قَالُوٓاْ أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةً
فَتُهَاجِرُواْ فِيهَا ۚ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا ﴿٩٧﴾ إِلَّا
ٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ لَا يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً
وَلَا يَهْتَدُونَ سَبِيلًا ﴿٩٨﴾ فَأُوْلَٰٓئِكَ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَعْفُوَ عَنْهُمْ ۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٩٩﴾ ۞ وَمَن يُهَاجِرْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدْ فِى ٱلْأَرْضِ
مُرَٰغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً ۚ وَمَن يَخْرُجْ مِنۢ بَيْتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى ٱللَّهِ
وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدْرِكْهُ ٱلْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ
غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٠٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

97-(ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەر بۇرۇن قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «بىز يەر يۈزىدە بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

**98ـ پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، باللاردىن (ھىجرەتكە) چارىسىز قالغان، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.**

**99ـ ئەنە شۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىد بار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.**

**100ـ كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا نۇرغۇن چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.**

## ◄ تەپسىرى

كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى، تەھدىتلىرى ۋە قىيىن – قىستاقلىرى ھەددىدىن ئاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، يەنە بەزىسى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مىلادىيەنىڭ 622ـ يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتى دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز ئەيىن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلدى، بەزىسى بولسا يۇرتىدىن، ئائىلىسىدىن ۋە مال – دۇنياسىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي ھىجرەتتىن قېلىپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىسى ياشىنىپ قالغانلىقى ياكى ئاغرىقچانلىقى ياكى ھىجرەت قىلىدىغان يولنى بىلمىگەنلىكى ۋە يول خىراجىتى تاپالمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن راستتىنلا ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھىجرەتكە ئاتلىنىپ چىقىپ يولدا ۋاپات بولدى.

ئۆز ۋاقتىدا، ھىجرەت قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان ۋە ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق مەدىنىدە قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، مەككىدە قېلىپ ئۆز راھىتى بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشنى تاللىغانلار ھەقىقەتەن كاپىرلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ۋە بېسىملىرىغا رازى بولغان ۋە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلار ئىدى. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ

جانلىرىنى ئالىدىغان ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ھىجرەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بىر ئىبادەتنى تەرك ئېتىپ، يالغاندىن ئۆزرىلەرنى كۆرسىتىپ، خارلانغان ھالدا ئۆلگەنلىكىگە كايىپ ﴿سىلەر بۇرۇن قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟﴾ دەپ سورايدۇ. ئۇلار يالغاندىن ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ، ﴿بىز يەر يۈزىدە بوزەك قىلىنغان ئىدۇق﴾ يەنى بىز مەككىدە دىنىنى بەرپا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن، ھىجرەت قىلىشقىمۇ كۈچىمىز يەتمىگەن ۋە كاپىرلار تەرىپىدىن ئېزىلگەن بىچارىلەر ئىدۇق، دەيدۇ. شۇڭا پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ﴿ھىجرەت قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟﴾ يەنى ئەگەر سىلەر راستتىنلا ھىجرەت قىلىشنى خالىغان بولساڭلار، دىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنداش ۋە پەيغەمبەر بىللەن بىللە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ زېمىنى كەڭ ئەمەسمىدى؟ ئەمما سىلەر خارلىققا ۋە ئېزىلىشكە رازى بولدۇڭلار، دۇنيا مەنپەئەتىنى ھەق دىنغا ياردەم قىلىشتىن، ئۇنى گۈللەندۈرۈشتىن ئەۋزەل كۆردۈڭلار، دەپ كايىغان. شۇڭا مۇنداقلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ ھەقىقەتەن يامان جايدۇر!

بۇ ئايەتلەردە، كاپىرلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلگەن ۋە خارلانغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز ئەقىدىسىنى قوغداش، دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشىنىڭ پەرزلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ ھىجرەت قىلىشقا راستتىنلا كۈچى يەتمەيدىغان، ھەقىقىي ئۆزرىلىك كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلىنغان. مەسىلەن: ياشىنىپ قالغانلار، بالىلار، ئاياللار، ئاغرىقچانلار ۋە ھىجرەت قىلىشقا يول تاپالمىغان ياكى خىراجەت تاپالمىغانلار ھىجرەت قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. ئەيياش ئىبنى رەبىئە، مەسلەمە ئىبنى ھىشام، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە باشقىلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشىدا ۋە ئۇلارنىڭ مەجبۇرلۇقتىن ھىجرەتكە چىقالماي كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالغانلىقىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشىدە ئۈمىد بار. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا يۇرتلىرىدىن ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاغرىقچان، كېسەل كىشىلەر بولسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىپ ھىجرەتكە ئاتلىنىدىكەن، ئۇلار زېمىندا چىقىش يولى ۋە ماكانلىشىدىغان بىرەر جاينى تاپىدۇ ۋە كۆپلىگەن ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ. بۇ كىشىلەرنى ھىجرەت قىلىشقا تەرغىب قىلىش بولۇپ، بۇنىڭدا ئائىلىسىنى ۋە مال - مۈلۈكىنى تاشلاپ يۇرتىدىن

ئايرىلىشتىن ئەنسىرەيدىغانلارغا-ئەگەر ئۇلارنىڭ نىيىتى خالىس بولىدىغان بولسا-چوقۇم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چىقىش يولى بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشنى نىيەت قىلىپ چىقىپ مەدىنىگە يېتىپ بولغۇچە يولدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق پۈتۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ئۇنىڭغا ھىجرەتنىڭ ساۋابىنى تولۇق بېرىدۇ.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پەرز ئىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىپ ئىسلامنى كۈچەيتىش، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى مۇداپىئە قىلىش، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئۆگىنىش، دىنىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ھاياتلىققا تەتبىقلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، مەدىنىدە قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ۋە بۇ يېڭى دىنىي قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ دىنغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشتى، ساھابىلەر كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. ئىسلام دىنى كۈچلەندى، ئىسلام دۆلىتى قۇدرەت تاپتى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا ھاجەت قالمىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرزلىكىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَا هِجْرَةَ بَعْدَ الْفَتْحِ ، وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ ، وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ فَانْفِرُوا» يەنى «مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىشلا قالدى. جىھادقا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردا دەرھال چىقىڭلار»[1] دېگەن مەشھۇر سۆزنى جاكارلىدى. ئۆلىمالار ھەدىستىكى «مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق» دېگەن سۆزنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشلا يوق، دەپ شەرھلىگەن.

### ◄ ھىجرەتنىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىدىكى «الهجرة» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن تەرك ئېتىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئىسلام ئىستىلاھىدا بولسا، تەرك ئېتىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش،

[1] «صحيح البخاري» 9-توم، 5-بەت، 6878-ھەدىس.

يەنە بىرى، ماددىي جەھەتتىن تەرك ئېتىشتۇر. مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ۋە ناچار قىلىقلارنى تەرك ئېتىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ مَا نَهَى اللَّهُ عَنْهُ» يەنى «مۇھاجىر ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىدىكى تەرك ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما ماددىي جەھەتتىن تەرك ئېتىش دېگەن ئەقىدىنى ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان، ئىسلام پەرزلىرىنى ئاشكارا ئورۇندىغىلى بولمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى سەۋەبلىك تەھدىتلەرگە ئۇچرىغان جايدىن ئەقىدىسىنى ۋە جېنىنى قوغداپ قالالايدىغان بىر جايغا كۆچۈش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھىجرەت مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بۇيرۇلغان.

## ◄ ھىجرەتنىڭ باسقۇچلىرى

ئىسلام تارىخىدا ھىجرەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بىرى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككىدىكى باشلىنىش دەۋرى، يەنە بىرى، مەككە ئازاد بولغاندىن كېيىنكى دەۋردۇر.

1. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلىرى سەۋەبلىك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاۋۋال ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىئوپىيەگە)، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىش، كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى.

2. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرگەن، مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى بەرپا بولغان ۋە ئىسلامغا

---

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 11-بەت، 10-ھەدىس.

قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككە پەتھى قىلىنىپ، مەدىنىدىكى ئىسلام دۆلىتىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ئۆزگەردى. يەنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالدى.

## ◄ ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟

ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَا تَنْقَطِعُ الْهِجْرَةُ حَتَّى تَنْقَطِعَ التَّوْبَةُ ، وَلَا تَنْقَطِعُ التَّوْبَةُ حَتَّى تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا» يەنى «تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىمىگۈچە ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىمەيدۇ، قۇياش مەغرىبتىن چىقمىغۇچە تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئىسلام ئەقىدىسى خەتەرگە ئۇچرىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى قىلىشتىن مەنئى قىلىنغان جايدىن ئىسلام ئەقىدىسى قوغدىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئىلىنىدىغان ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر.

## ◄ ھىجرەتنىڭ شەرتى

ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە مۇھاجىرلارنىڭ جېنى بىلەن مال-مۈلۈكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت قىلىشى شەرتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلار ھىجرەت قىلىپ بارسا بولىدىغان جاينى تاللىغان ۋە ئۇ جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقىدىن كۆڭلى تامامەن خاتىرجەم بولغان، ئاندىن ساھابىلەرنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغاندا، ئۇلارنى ھەبەشىستانغا بېرىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇلارغا «ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان، ئادالەتلىك بىر پادىشاھ بار» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. ھەتتا مەدىنە ھىجرەتتىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغۇچىلارنى قوغدىشى

---

[1] «سنن أبي داود»3-توم، 3-بەت، 2479-ھەدىس.

توغرۇلۇق ئەھدە ئالغان. مەسىلەن: مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بىرىنچى قېتىم ئەقەبە[1] دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندا، مەككىدىن بارىدىغان مۇھاجىرلارنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىغا دائىر ئۇلاردىن ئەھدە ئالغاندىن كېيىن، مەدىنىگە ئۇلارغا دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بىلەن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئەۋەتكەن. ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلىپ بارىدىغانلارنى ئۆز بالىلىرىنى ۋە ئاياللىرىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقىغا دائىر ئەھدە ئالغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس ئەقەبە دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان يەتمىش ئۈچ ئەر، ئىككى ئايال، جەمئىي يەتمىش بەش كىشىگە: «ئى مەدىنىلىكلەر! مۇھەممەدنىڭ قەۋمىمىز ئىچىدىكى ھۆرمىتىنى بىلىسىلەر، ئۇنى بىز ھازىرغىچە قوغداپ كەلدۇق. ئۇ ئەمدى سىلەر تەرەپكە كېتىشنى قارار قىلدى. ئەگەر سىلەر ئۇنى قوغدىيالىساڭلار، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئالالىساڭلار، بولىدى، سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بارسۇن، ئەگەر سىلەر بۇ يەردە ماقۇل دەپ قويۇپ، كېيىن سۆزۈڭلارغا ئەمەل قىلالمىساڭلار، بۇنى مۇشۇ يەردە ئېنىق ئېيتىڭلار» دېگەندە، مەدىنىلىكلەر ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئابباس! ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدۇق. ئەمدى رەسۇلۇللاھ سۆزلىسۇن، ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بولسا بىز ئورۇندايلى» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مېنى بالىلىرىڭلارنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغدىشىڭلار ئۈچۈن بەيئىتىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەدىنىلىكلەر: «يارەسۇلۇللاھ! سىلىنى ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز سىلىنى ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز» دەپ ئەھدە بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇنىڭغا كۇپايە قىلماستىن، بۇ يەتمىش بەش كىشىدىن ئون ئىككى كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ مۇھاجىرلارنى قوغدىشىغا كاپالەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇلار كاپالەت بېرىدۇ.

ھەبەشىستان ھىجرىتىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا تۇنجى قېتىم ئەۋەتكىنىدە، ئۇلارغا «ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان، ئادالەتلىك بىر پادىشاھ

---

[1] ئەقەبە ـ مەككە مۇكەررەمە (مىنا) دىكى بىر جاينىڭ نامى.

بار»[1] دېگەن سۆزى ساھابىلىرىگە بەرگەن بىر كاپالەتنامە ئىدى. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدە ساھابىلىرىنىڭ ھەبەشىستاندا ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە بۇ ئىشەنچ بولمىسا ئىدى، ساھابىلىرىنىڭ ئۇ جايغا ھىجرەت قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمىغان بولار ئىدى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىۋاتقان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن يۇقىرىقىدەك مەھكەم ئەھدىنى ئالغانلىقى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىن ئالغان كاپالەت ئىدى. ئەگەر مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق كاپالەت بېرىپ، ئۇنى، تاغىسىنى ۋە جەمەتى تۇغقانلىرىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغان ۋە ساھابىلىرىگىمۇ رۇخسەت قىلمىغان بولار ئىدى. چۈنكى بۇ يەردە كاپالەت مەسىلىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى كاپالەتسىز يەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بىرەر دۆلەتكە ھىجرەت قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇھاجىرلارنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا تولۇق كاپالەت قىلىشى شەرتتۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر.

2. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ياكى ھىجرەت قىلىش ۋەياكى ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن ئاتلىنىپ چىقىپ يولدا ۋاپات بولغانلار جىھاد قىلغان، ھىجرەت قىلغان ۋە ھەج قىلغانلارغا ئوخشاش ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ساۋابى قىلچە كەم بولمايدۇ.

## سەپەر ۋە جىھاد ئەسناسىدا ناماز ئوقۇش كەيپىيىتى

﴿وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي ٱلْأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَقْصُرُوا۟ مِنَ ٱلصَّلَوٰةِ إِنْ خِفْتُمْ أَن يَفْتِنَكُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنَّ ٱلْكَٰفِرِينَ كَانُوا۟

[1] «سيرة ابن هشام» 1- توم، 343- بەت.

لَكُمْ عَدُوًّا مُّبِينًا ﴿١٠١﴾ وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَلْتَقُمْ
طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُوٓا۟ أَسْلِحَتَهُمْ ۖ فَإِذَا سَجَدُوا۟ فَلْيَكُونُوا۟
مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَىٰ لَمْ يُصَلُّوا۟ فَلْيُصَلُّوا۟ مَعَكَ
وَلْيَأْخُذُوا۟ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ ۗ وَدَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَوْ تَغْفُلُونَ
عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَٰحِدَةً ۚ وَلَا
جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَن
تَضَعُوٓا۟ أَسْلِحَتَكُمْ ۖ وَخُذُوا۟ حِذْرَكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابًا
مُّهِينًا ﴿١٠٢﴾ فَإِذَا قَضَيْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ قِيَٰمًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ
جُنُوبِكُمْ ۚ فَإِذَا ٱطْمَأْنَنتُمْ فَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۚ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ كَانَتْ عَلَى
ٱلْمُؤْمِنِينَ كِتَٰبًا مَّوْقُوتًا ﴿١٠٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

101-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سەپەرگە چىققان ۋاقىتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى (تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەتكە) قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

102-(ئى پەيغەمبەر!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن، (ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى قىسمى كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇسۇن، ھوشيار تۇرسۇن، قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن. كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلارنى، ماددىي ئەشيالىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ دىققەتسىزلىك قىلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىز) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك قىيىنچىلىق تۇغۇلسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھوشيار بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلار ئۈچۈن خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.

103ـ نامازنى ئوقۇپ بولغان ۋاقتىڭلاردا، ئۆرە تۇرۇپمۇ، ئولتۇرۇپمۇ ۋە يېتىپمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار. شەكسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر.

## تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھىجرەت، غازات، ھەج، ئۆمرە، سودا، ساياھەت، زىيارەت ۋە باشقا ھەرقانداق بىر مەقسەت بىلەن سەپەرگە چىقساڭلار، تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ (يەنى قەسىر قىلىپ) ئوقۇساڭلار، بۇنىڭدا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ مەسىلە فىقھى كىتابلاردا «نامازنى قەسىر قىلىش» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا سەپەردە بولىدىغان ئاز-تولا مۇشەققەتلەرنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، مۇسۇلمانلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشنىڭ قائىدە-تەرتىپى سۈننەت دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن. ئەمما قورقۇنچ نامىزىنىڭ (يەنى دۈشمەن ۋەھىمىسى بولغان ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشنىڭ) قائىدىسى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن بېكىتىلگەن. ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەر سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش «ۋاجىپتۇر» دېسە، شافىئىي مەزھىپىدىكىلەر «رۇخسەتتۇر» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ھەنەفىي مەزھىپىدە تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما شافىئىي مەزھىپىدە تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ ئوقۇش ئىختىيارىدۇر، يەنى خالىسا تولۇق ئوقۇيدۇ، خالىسا قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارىشى ئەمەل قىلىشقا ئۇيغۇندۇر.

نامازلارنى قەسىر قىلىشقا بولىدىغان سەپەر مۇساپىسى شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، 83 كىلومېتىر، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە 90 كىلومېتىرلىق يولدۇر. بۇ مۇساپىدىن ئاز مۇساپىلىك يەرگە سەپەر قىلغان كىشى ئىسلامدا يولۇچى ھېسابلانمايدۇ، نەتىجىدە، نامازنى قەسىر قىلماي، تولۇق ئوقۇيدۇ. بۇ مۇساپىگە ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق مۇساپىگە سەپەر قىلغان كىشى يولۇچى ھېسابلىنىدۇ ۋە تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى قەسىر قىلىش، ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇش، رامىزاندا روزا تۇتماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەردە يولۇچىلارغا خاس كەڭچىلىكلەردىن پايدىلىنىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر سەپەردە بولغىنىڭلاردا، كاپىرلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقساڭلار، نامازنى قەسىر قىلىشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەللامە ئەبۇ سۇئۇد[1] بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە: «مۇشۇ شەرت ئۇنىڭدىن كېيىن بايان قىلىنغان قورقۇنچ نامىزىنىڭ بۇيرۇلغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ. ئەمما سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش ئۈچۈن دۈشمەن قورقۇنچىسى شەرت ئەمەس»[2] دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى (تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەتكە) قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «فَسَأَلْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ ذَلِكَ ، فَقَالَ «صَدَقَةٌ تَصَدَّقَ اللّٰهُ بِهَا عَلَيْكُمْ ، فَاقْبَلُوا صَدَقَتَهُ» يەنى «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇنى سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ‹بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن سەدىقىسىدۇر، ئاللاھنىڭ بەرگەن سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار› دېگەن ئىدى»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئېنىقكى، سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇش شەرت قىلىنمايدۇ. يەنى مەيلى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇلىدىغان ئەھۋال بولسۇن، ياكى بولمىسۇن، سەپەرگە چىققان ئادەم نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

﴿كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر﴾ يەنى كاپىرلار سىلەرنىڭ ئوپئوچۇق دۈشمىنىڭلار بولغانلىقتىن، مەيلى سەپەردە بولۇڭلار، مەيلى يۇرتۇڭلاردا بولۇڭلار ئۇلاردىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇڭلار. ئاللاھ تائالا قورقۇنچ نامىزىنى بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ياكى سېنىڭ ئورنۇڭدا قانداقلا بىر ئىمام جامائەتكە ئىمام بولۇپ نامازنى باشلاپ ئوقۇپ بەرگىنىڭلاردا، سىلەر ئەسكەرلەرنى ئىككى پىرقىغا بۆلۈشۈڭلار لازىم. بىر پىرقە سەن بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىدا،

[1] ئەللامە ئەبۇ سۇئۇد ئەپەندى-ئوسمانىيلار دۆلىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ، «مۇپەسسىرلەرنىڭ ناتىقى، پادىشاھقا نەسىھەت قىلغۇچى، خەلقنىڭ يېتەكچىسى» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئۇ «إرشاد العقل السليم إلى مزايا الكتاب الكريم» ناملىق 9 توملۇق تەپسىرنىڭ ئاپتورى بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 982-يىلى ئىستانبۇلدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

[2] «تفسير أبي سعود» 2-توم، 421-بەت.

[3] «صحيح مسلم» 1-توم، 478-بەت، 686-ھەدىس.

ئۇلار قورallىرىنى يېنىدا تۇتقان ھالدا نامازغا تۇرسۇن. بۇ دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىغا قارشى تەدبىردۇر. بۇلار نامازدا بولغىنىدا، ئىككىنچى پىرقە دۈشمەن تەرەپكە قاراپ دىققەت بىلەن تۇرىدۇ، بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، ئۇلار دەرھال قايتۇرما زەربە بېرىدۇ. بىرىنچى پىرقە بىر رەكئەتنى تاماملاپ بولغاندا، سەن يەنە ئىككىنچى رەكئەتنىڭ باشلىنىشىدا ئۆرە تۇرغان پېتىڭ ئىككىنچى پىرقە كېلىپ ساڭا ئەگىشىدۇ، ئۇلارمۇ قوراللىرىنى يېنىدا تۇتقان ھالدا ھوشيارلىق بىلەن تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرىنچىسى نامازنىڭ بېشىدا ئىمام بىلەن باشلىغان بولسا، ئىككىنچىسى نامازنىڭ ئاخىرىدا ئىمام بىلەن تاماملىغان بولىدۇ. قورقۇنچ نامىزىنىڭ ئەھكاملىرى فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

نامازدا ھوشيار تۇرۇش ۋە قورالنى يېنىدا ساقلاشقا بۇيرۇشتىن مەقسەت كاپىرلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى كاپىرلار ھەر زامان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى ئىزدەيدۇ، ئۇلارنىڭ غەپلەتتە بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنداق بىر ئاجىز نۇقتىسىنى تېپىۋالغاندا دەرھال ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ – دە، مۇسۇلمانلارنى مۆلچەرلىگۈسىز زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىنى خالىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت دۈشمەننىڭ ھىيلە – مىكىرلىرىگە قارشى ھوشيار ۋە تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇشىنى ئەمر قىلىدۇ.

ئەگەر سىلەردە يامغۇر ياكى كېسەللىك ۋەياكى باشقا بىرەر ئۆزرە بولغانلىقتىن قورالنى قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالساڭلار، ھوشيارلىقنى ۋە تەييارلىقنى قولدىن بەرمىگەن ھالدا ئىش كۆرسەڭلار، سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ. بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى تارقىتىشقا ياردەم قىلىدىغان بولساڭلار، نۇسرەت ۋە غەلىبە سىلەرنىڭدۇر، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى مۇداپىئە قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن قوغدايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارنى تەييارلىدى.

«زاتى رىقا»[1] ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنچى پىرقىسى بىلەن نامازنى باشلىغان. ئاندىن بۇ

[1] ھىجرىيەنىڭ 7- يىلى غەتەفان قەبىلىسىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىق خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتۇر.

پىرقە ئۆزلىرى ئىككىنچى رەكئەتنى تاماملاپ سالام بېرىپ، دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەن، ئاندىن ئىككىنچى پىرقە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە نامازنى تاماملىغان. كاتتا ساھابىلەر ۋە شافىئىي، مالىكى مەزھەپلىرىمۇ «قورقۇنچ نامىزى» نى بۇ تەرىقىدە ئادا قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

قورقۇنچ نامىزىنى ئادا قىلغىنىڭلاردا ئاللاھ تائالانى تىلىڭلار ۋە دىلىڭلار بىلەن كۆپ ياد ئېتىڭلار، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش ئارقىلىق دىلىڭلار بىلەن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، دۇئا قىلىش ئارقىلىق تىلىڭلار بىلەن ھەر ۋاقىت ئۇنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

بىز ئۇرۇش ئەسناسىدىمۇ ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا بۇيرۇلغان بولساق، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىز ۋە ئۇنى كۆپ ياد ئېتىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇرۇشنى تۈگىتىپ سەپىرىنى تاماملاپ بولغاندا، نامازلىرىنى ئەسلىدىكى قائىدىسى بويىچە تولۇق ئوقۇيدۇ. مەلۇمكى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا نامازنى ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىپ بېكىتكەن. شۇڭا مۇسۇلمانلار نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ھەتتا ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىدا بولسىمۇ، ھەتتا قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئاستىدا بولسىمۇ، نامازنى كېچىكتۈرمەي، ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان. ﴿فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا ۖ فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُوا۟ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، نامازنى پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ئوقۇساڭلار بولىدۇ. ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا، نامازنى ئاللاھ سىلەرگە تەلىم بەرگەن بويىچە تولۇق ئوقۇڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەر بىلمىگەن ئەھكاملارنى سىلەرگە تەلىم بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار)﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقىدا، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا نامازنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سەپەردە تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى ئىككى رەكئەتكە قىسقار-

[1] بەقەرە سۈرىسى: 239- ئايەت.

تىپ ئوقۇش شافىئىي مەزھىپىدە رۇخسەت، ھەنەفىي مەزھىپىدە بۇيرۇق-تۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ھەنەفىي مەزھىپىدە، سەپەردە تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن تولۇق ئوقۇپ قويغان كىشىگە نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى (سەۋەنلىك سەجدىسى) قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەمما نامىزى دۇرۇستۇر. شافىئىي مەزھىپىگە كۆرە سەپەردە نامازلارنى قىسقارتىپ ئوقۇش ياكى تولۇق ئوقۇش ئىختىيارىدۇر.

2. قورقۇنچ نامىزى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا خاس نامازدۇر.

3. پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇش تەكىتلىك سۈننەتتۇر.

4. نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش ئەڭ مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرىدۇر.

6. دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرىگە قارشى ھەمىشە ھوشيار تۇرۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

## ◄ دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىش

﴿وَلَا تَهِنُوا۟ فِى ٱبْتِغَآءِ ٱلْقَوْمِ ۖ إِن تَكُونُوا۟ تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمُونَ ۖ وَتَرْجُونَ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا يَرْجُونَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٠٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

104-دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشتا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر ئەلەم چەكسەڭلار، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئەلەم چېكىدۇ. سىلەر ئاللاھتىن (شېھىتلىقتىن ئىبارەت) ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى ئۈمىد قىلىسىلەر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلغان، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان ۋە ئۇلارنى ئازابلىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشتا قەتئىي بوشاڭلىق ۋە سۇسلۇق قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، دۈشمەننى قوغلاپ يوق قىلىشتىن ئاجىزلىق قىلماڭلار، سۇسلۇق قىلماڭلار، سىلەر كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇش جەريانىدا

قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا قىينىلىدۇ. سىلەر تالاپەتكە ئۇچرىغانلىق سەۋەبتىن ئەلەم چەككەن بولساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا ئەلەم چېكىدۇ. لېكىن سىلەر «يا غەلىبە ياكى شېھىتلىق» تىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى كۈتىسىلەر، ئاللاھ تائالادىن بۇ دۇنيادا نۇسرەت بېرىشىنى، مۆئمىنلەرنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنى تىلەيسىلەر ۋە دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن كۆپ ساۋاب ۋە ئەجىر-مۇكاپات كۈتىسىلەر. ھالبۇكى، كاپىرلاردا مۇنداق ئالىي تىلەكلەر ۋە ئۇلۇغۋار غايىلەر بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت مۇشۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىڭلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، سىلەرگە بۇيرۇغانلىرىدا، ھەمدە سىلەرنى مەنئى قىلغان ئىشلىرىدا ناھايىتى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

بۇلار ئىسلام ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن ئۇرۇنىدىغان كاپىرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك تەدبىردۇر. ئەمما مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن ۋە ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچمىغان ياكى ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارمىغان كاپىرلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿لَّا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمْ يُقَٰتِلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوٓا۟ إِلَيْهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى (كاپىرلاردىن) سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تاجاۋۇزچى كاپىرلارغا قارشى قەتئىي بولۇش، ئاجىزلىق ياكى سۇسلۇق قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش يولىنى ئىزدەيدۇ.

2. ئۇرۇشتا ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەش بىلەن بىرگە بارچە كۈچى ۋە بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش غەلىبىنىڭ كاپالىتى ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

---

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى: 8-ئايەت

### ◄ ھەق- ھوقۇقلارنى قوغداشتا ۋە ھۆكۈم ئىجرا قىلىشتا يۈز- خاتىرە قىلماسلىق

﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِتَحۡكُمَ بَيۡنَ ٱلنَّاسِ بِمَآ أَرَىٰكَ
ٱللَّهُۚ وَلَا تَكُن لِّلۡخَآئِنِينَ خَصِيمٗا ١٠٥ وَٱسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
غَفُورٗا رَّحِيمٗا ١٠٦ وَلَا تُجَٰدِلۡ عَنِ ٱلَّذِينَ يَخۡتَانُونَ أَنفُسَهُمۡۚ إِنَّ
ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمٗا ١٠٧ يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱلنَّاسِ
وَلَا يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمۡ إِذۡ يُبَيِّتُونَ مَا لَا يَرۡضَىٰ مِنَ
ٱلۡقَوۡلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطًا ١٠٨ هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ جَٰدَلۡتُمۡ
عَنۡهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فَمَن يُجَٰدِلُ ٱللَّهَ عَنۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَم
مَّن يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا ١٠٩ وَمَن يَعۡمَلۡ سُوٓءًا أَوۡ يَظۡلِمۡ نَفۡسَهُۥ
ثُمَّ يَسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَ يَجِدِ ٱللَّهَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ١١٠ وَمَن يَكۡسِبۡ إِثۡمٗا
فَإِنَّمَا يَكۡسِبُهُۥ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ١١١ وَمَن
يَكۡسِبۡ خَطِيٓـَٔةً أَوۡ إِثۡمٗا ثُمَّ يَرۡمِ بِهِۦ بَرِيٓـٔٗا فَقَدِ ٱحۡتَمَلَ بُهۡتَٰنٗا
وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ١١٢ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ وَرَحۡمَتُهُۥ لَهَمَّت طَّآئِفَةٞ
مِّنۡهُمۡ أَن يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡۖ وَمَا يَضُرُّونَكَ مِن شَيۡءٖۚ
وَأَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمۡ تَكُن تَعۡلَمُۚ
وَكَانَ فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ عَظِيمٗا ١١٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

105-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خىيانەتكارلارغا بولۇشمىغىن.

106-ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر.

107-خىيانەت قىلىپ ئۆزىگە زىيان سالغۇچىلارغا بولۇشمىغىن. شەكسىزكى،

ئاللاھ خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا پاتقان ئادەمنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

108ـ ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، ئاللاھتىن (ھايا قىلىپ) يوشۇرمايدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆزنى يوشۇرۇن پىلانلىغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تامامەن بىلگۈچىدۇر.

109ـ سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، دۇنيا ھاياتىدا ئۇلارنىڭ (ئوغرى ۋە خائىنلارنىڭ) تەرىپىنى ئالدىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم ئاللاھقا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالالايدۇ؟ ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولالايدۇ؟

110ـ كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

111ـ كىمكى، بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

112ـ كىمكى سەۋەنلىكتىن ياكى قەستەن بىرەر گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ.

113ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ساڭا ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم سېنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ساڭا كىتاب (قۇرئان)نى ۋە ھېكمەت (سۈننەت)نى نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا بولغان ئىلتىپاتى چوڭدۇر.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِتَحۡكُمَ بَيۡنَ ٱلنَّاسِ بِمَآ أَرَىٰكَ ٱللَّهُ...﴾ دېگەن ئايەت تۇئمە ئىبنى ئۇبەيرىق دېگەن ئادەم ھەققىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ. كەششاف، بەغەۋىي قاتارلىق تەپسىرلەردە مۇنداق كەلگەن: «زەفەر قەبىلىسىدىن بولغان تۇئمە ئىبنى ئۇبەيرىق ئىسىملىك بىر كىشى قوشنىسىنىڭ بىر ساۋۇتىنى بىر خالتا ئۇننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئوغرىلاپ كېتىدۇ. خالتا يىرتىق بولغانلىقتىن ئۇن سىزىپ يەرگە چېچىلىپ ماڭىدۇ. ئۇ ساۋۇتنى زەيد ئىبنى سەمىن ئىسىملىك بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. ساۋۇتنىڭ ئىگىلىرى تۇئمەنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئۇنى تاپالمايدۇ ۋە تۇئمە ئۇنى

ئالمىغانلىقىغا ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىدۇ. ئۇلار ئۇن تۆكۈلگەن يولنى بويلاپ مېڭىش ئارقىلىق ساۋۇت يوشۇرۇپ قويۇلغان ھېلىقى يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ۋە ساۋۇتنى تاپىدۇ. مەزكۇر يەھۇدىي بۇ ساۋۇتنى تۇئمەنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما تۇئمە ئۇنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. زەفەر قەبىلىسىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ھۆكۈم سورىماقچى بولىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹يارەسۇلۇللاھ! ئەگەر بىر ئىش قىلمىسىلا تۇئمە رەسۋا بولىدۇ، يەھۇدىي ئاقلىنىپ قالىدۇ› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىدۇ»[1].

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، گەرچە بەزى ئايەتلەر مەلۇم بىر سەۋەب تۈپەيلى نازىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان مۇقەددەس دەستۇر-«قۇرئان كەرىم» نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغان. نەتىجىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ شانلىق ھاياتى بويىچە، دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىنىڭ دەۋىتى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن تەڭداشسىز ئۈلگە بولۇپ تارىختا قەيت قىلىندى.

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا يېتەكلىسۇن، دەپ نازىل قىلدۇق. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەھكاملار ھەممىسى شەكسىز ھەقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، خىيانەتكارلارغا ۋەگۇناھكارلارغا ھەرگىز تەرەپدار بولمىغىن.

ھۆكۈم قىلغۇچىلار، قازىيلار ۋە سوتچىلار ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئاۋۋال مەسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئېنىقلاپ چىقىشى، دەۋاگەرلەرنىڭ سۆزگە ئۇستىلىقىغا ئالدىنىپ قالماسلىقى، دەۋاگەرلەر ئوتتۇرىسىدا دىنىي ياكى مىللىي ھىسسىياتلارغا بېرىلىپ ناھەق ھۆكۈم چىقارماسلىقى تەلەپ

[1] «تفسير البغوي» 2-توم، 284-بەت، «التفسير الواضح» 1-توم، 425-بەت.

قىلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئوغرىلىق دېلوسىدا، تۇئمەنى ئۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن راست سۆزلىگەن بولۇشى، يەھۇدىي ئادەم يالغان ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئېتىقادقا كەلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىشنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلغان.

دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەت چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇلار توغرۇلۇق ھۆكۈم ئېلان قىلمىغان، پەقەت مۇسۇلماننى ياخشى دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇنىڭغا دەرھال بىلدۈرگەن، يەنى ئۇ ياخشى دەپ ئويلىغان مۇسۇلماننىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يالغان ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان يەھۇدىينىڭ راست سۆزلىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئى پەيغەمبەر! سەن بەزى مەسىلىلەردە دەۋاگەرلەرنىڭ سۆزمەنلىكىگە ياكى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇلارنى يالغان سۆزلىمەيدۇ، دەپ خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالغىنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلغىن. گەرچە بۇ خىل چۈشەنچە گۇناھ ياكى خاتالىق دائىرىسىگە كىرمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى خاتالىق سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

ئى پەيغەمبەر! باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغان خىيانەتكارلار بىلەن جېدەللەشمىگىن. ئاللاھ تائالا خىيانەتكار، گۇناھكار ۋە يالغانچى ئادەمنى ئىنتايىن بەك يامان كۆرىدۇ. خىيانەتكارلىق ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغان گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر. تۇئمەنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئوغرىلىق جىنايىتىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغۇچىلارنىڭ ئىشى ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇلار كىشىلەردىن يوشۇرماقچى بولۇشىدۇ-يۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى، رەزىل پىلانلىرىنى ۋە ھىيلە- مىكىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىنى ۋە مەخپىي پىلانلىرىنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان جىنايەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇشنى كېچىدە پىلانلىغانلىقىدىن باشلاپ ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇلار پەقەت ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى، نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن شۇنداق قىلىشقان.

ئى تۇئمەنىڭ تۇغقانلىرى! سىلەر تۇئمەنى ئاقلاش ئۈچۈن يالغاندىن

گۇناھسىز بىرىنى قارىلىماقچى بولىدىغانلار، بۇ دۇنيادا ئۆز تۇغقىنىڭلارنى ئاقلاپ، باشقىلارنى قارىلاپ ئاللاھ تائالا بىلەن شۇنداق مۇنازىرىلەشتىڭلار، ئەمما قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا بىلەن كىم مۇنازىرىلىشەلەيدۇ؟ پۈتۈن سىرلار ئېچىلغان، ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم ياكى شاپائەت قىلالمايدىغان، ئىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىلا بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى ۋە تۇغقانلىرىڭلارنى كىم قوغدايدۇ ۋە ئازابتىن كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟ شەكسىزكى، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ چارىسى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن ھېسابلاشسۇن!

كىمكى بىرەر يامان ئىشنى قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەن ياكى گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايتىدىكەن ۋە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ياخشى ئەمەللەر دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشكە نىيەت قىلىدىكەن، ئۇ ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھىم - شەپقەت قىلىشنى ئۇلارغا ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئۈستىگە ئالغان زاتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك لازىم. خۇسۇسەن، گۇناھ قىلغان ۋە قىلغان گۇناھىدا باشقىلارغا زىيان يەتمەيدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىلەر بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ۋە بۇ قىلمىشلارنىڭ باشقىلارغىمۇ قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر، گۇناھكارلارغا جازا بەلگىلەشتە ناھايىتى ھېكمەتلىك ۋە ئادالەتلىك ئىش كۆرگۈچى زاتتۇر.

كىمكى سەۋەنلىكتىن بىرەر گۇناھنى سادىر قىلىپ قويسا، ياكى بىلىپ تۇرۇپ بىر جىنايەتنى سادىر قىلسا، ئاندىن بۇ جىنايەتنى بىگۇناھ كىشىلەردىن بىرىگە ئارتىپ قويۇش بىلەن بىگۇناھ ئادەمگە تۆھمەت قىلىشتىن ئىبارەت يەنە بىر چوڭ جىنايەتنى سادىر قىلسا، ئۇ ئەڭ چوڭ بوھتاننى ۋە ئېغىر گۇناھنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ بىگۇناھ ئادەمنى قارىلاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا كەچۈرۈلمەس جىنايەتنى سادىر قىلغان بولدى.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداش! ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەتنى قانچىلىك

قوغدايدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمان بولسۇن ياكى باشقا دىندا بولسۇن، ھەممىگە ئادالەت تارازىسىنى قانداق ئوخشاش تۇتىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟!

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا ساڭا ۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭگە كاتتا ئىلتىپات قىلىپ، سېنى ھەر تۈرلۈك خاتالىقلاردىن ساقلىمىغان ۋە سېنى ھەم ئۈممىتىڭنى يوق قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن كاپىرلار قوشۇنىدىن قوغداپ قالمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن بىر تائىپە كىشىلەر سېنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولاتتى. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ بارلىق يامانلىقلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يىراقلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارلاق نۇرى ئارقىسىدا ئىزچىل يۇرۇشكە شەرت- شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ھەقىقەت شۇكى، دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ھەر قانچە زور كۈچ چىقارسىمۇ، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ گۇناھى ئۇلارنىڭ ئۆزىگىدۇر. ئۇلار ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا سېنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن چوقۇم ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ مەخسۇس ئايەت نازىل قىلدى ئەمەسمۇ؟! ئاللاھ تائالا ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە سۈننەتتىن ئىبارەت ھېكمەتنى ئاتا قىلدى.

بۇ ئورۇندىكى ھېكمەت دىنىنىڭ مەقسەت-غايىلىرىنى ۋە سىر - ئەسرارلىرىنى چۈشىنىش قابىلىيىتىدۇر. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا ساڭا بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ھېچ بىلمىگەن ھەقىقەتلەرنى ئۆگەتتى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا سېنى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى، پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى سەن بىلەن تاماملىدى، ئۇ سېنى يەنە قىيامەت كۈنىدە باشقا بارلىق ئۈممەتلەرگە ۋە پەيغەمبەرلەرگە گۇۋاھچى قىلىدۇ. رەببىڭ سېنى كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئامان قىلدى، ئۈممىتىڭنى ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى ئۆلچەم قىلىدىغان ئۈلگىلىك ئۈممەت قىلدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەر ئىشتا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسىنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈش

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر. ھۆكۈم ئىشلىرىدا بۇ ئىككى مەنبە بويىچە ئىش كۆرمەسلىك ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر.

2. زالىملارغا، ساتقۇنلارغا ۋە ئازغۇنلارغا تەرەپدار بولۇش قەتئىي ھارامدۇر.

3. چوڭ-كىچىك ھەرقانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن دەرھال تەۋبە قىلىش پەرزدۇر.

4. ساتقۇنلارغا ۋە زىيانكەشلىك قىلغان كاپىرلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر.

5. ئاللاھ تائالا كىمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى پۈتۈن گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ.

6. بىگۇناھ كىشىلەرگە قارا چاپلاش گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر.

## ◄ ئىلاھىي تەلىماتلار

﴿لَّا خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَىٰهُمْ إِلَّا مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلَٰحٍۭ بَيْنَ ٱلنَّاسِۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١١٤﴾ وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلْهُدَىٰ وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ ٱلْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصْلِهِۦ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتْ مَصِيرًا ﴿١١٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

114-ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ياخشىلىق يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ۋەياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان كىشىلەر (نىڭ پىچىرلىشىشلىرى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا پات يېقىندا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز.

115-كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، (ئاخىرى) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم

نېمىدېگەن يامان جاي!

### ◄ تەپسىرى

ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن پىچىرلىشىشىنىڭ كۆپىنچىسىدە ياخشىلىق يوق. پەقەت كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا، يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىشقا دەۋەت قىلىش، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ياكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان كىشىلەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرى ئۇنداق ئەمەستۇر، يەنى بۇنداق پىچىرلىشىش پايدىلىقتۇر. چۈنكى بۇلار ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ. كىمكى بۇ ئىشلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پىچىرلاشماقچى بولساڭلار، گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزۈش ياكى بىراۋغا يامانلىق قىلىش ھەققىدە پىچىرلاشماستىن، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، تەقۋادار بولۇش ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش توغرۇلۇق پىچىرلىشىڭلار. چۈنكى بەزى كىشىلەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرى گۇناھتىن خالىي بولالمايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ﴿إِنَّمَا ٱلنَّجۡوَىٰ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ لِيَحۡزُنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ...﴾ يەنى ﴿(گۇناھ، دۈشمەنلىك ۋە ئاسىيلىق توغرىسىدا) پىچىرلىشىش پەقەتلا شەيتاندىن بولۇپ، مۇئمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈندۇر﴾[1] دەپ كەلگەن. مەلۇمكى، بۇ ئايەتتىكى «پىچىرلىشىش»تىن گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش ياكى مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن پىچىرلىشىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈن ئۆزئارىسىدا پىچىرلىشاتتى ۋە رەزىل پىلانلارنى تۈزەتتى. ئادەتتە پىچىر-لىشىشلارنىڭ كۆپۈنچىسىدە گۇناھ يوشۇرۇنغان بولىدۇ. چۈنكى دېيىشىدىغان گەپ يامان گەپ بولمىسا، ئىنسانلار كۆپىنچە مۇنداق گەپنى مەخپىي ئېيتىشمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «الْبِرُّ حُسْنُ الْخُلُقِ ، وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ ، وَكَرِهْتَ أَنْ يَطَّلِعَ عَلَيْهِ النَّاسُ» يەنى «ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ ـ كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ئىشتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

پىچىرلىشىش ئادەتتىكى دۇنيا ئىشلىرى ئۈستىدە بولغىنىغا

---

[1] مۇجادەلە سۈرىسى: 10 ـ ئايەت.

[2] «صحيح مسلم» 4ـ توم، 1980ـ بەت، 2553ـ ھەدىس.

ئوخشاش، دىنىي جەھەتتە زىيانلىق ئىشلار ئۈستىدىمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنىڭ ۋە ئۆزئارا پىچىرلىشىشلىرىنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، سەدىقە بېرىش، ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇشتىن باشقا پىچىر-لىشىشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ياخشىلىق يوقلۇقىنى بايان قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، سەدىقە بېرىش، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يوشۇرۇن بولغىنى ئاشكارا بولغىنىدىن ئەۋزەلدۇر. ﴿إِن تُبۡدُواْ ٱلصَّدَقَٰتِ فَنِعِمَّا هِيَۖ وَإِن تُخۡفُوهَا وَتُؤۡتُوهَا ٱلۡفُقَرَآءَ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾[1].

شۇنداقلا، نەسىھەتنى مەخپىي قىلىش ئەۋزەل ۋە پايدىلىقتۇر. جامائەتكە قىلىنىدىغان ئومۇمىي نەسىھەتنى ئاشكارا قىلىش ياخشى بولغاندەك، يالغۇز بىرەر ئادەمگە نەسىھەت قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇنى چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشى كېرەك. چۈنكى نەسىھەتنى ئادەم بار يەردە قىلغاندىن ئادەم يوق يەردە قىلىش ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنىمۇ مەخپىي قىلىش ياخشىدۇر. كىمكى بۇ ئىشلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ شۇنداق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە كاتتا ئەجىر بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە خالىس قىلىنغان ئەمەلنى ھەرگىز مۇكاپاتسىز قويمايدۇ.

كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق ھىدايەت ئۆزىگە ئايان بولغاندىن كېيىن، بۇ ھىدايەتتىن ۋاز كېچىپ، ئىماندىن كۇفرىلىققا يېنىپ كېتىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى شۇ ئازغۇنلۇقىدا قويۇپ قويىدۇ، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ قاتمۇقات ئازغۇنلۇققا پاتىدۇ. ﴿فَلَمَّا زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كېتىشۈدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ھىدايەتتىن) بۇرۇۋەتتى﴾[2]. مۇنداقلارنىڭ جايى دوزاخ بولۇپ، دوزاخ ئەڭ يامان جايدۇر. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئىنسان قانداقلا بىر

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 271- ئايەت.

[2] سەف سۈرىسى: 5- ئايەت.

يولنى تاللاپ شۇنىڭغا رازى بولۇپ، شۇنىڭغا قاراپ يول ئالىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ ۋە يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئازغۇنلارنىڭ ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشىغا ئۆزلىرى سەۋەبچىدۇر، چۈنكى بۇ ئازابلىق يولنى ئۆزلىرى تاللىۋالغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۈچ ئادەم بار يەردە، ئىككىسىنىڭ ئايرىم پىچىرلىشىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِذَا كَانُوا ثَلَاثَةٌ ، فَلَا يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ الثَّالِثِ» يەنى «ئۈچ كىشى بار يەردە، ئۈچىنچىسىنى قارىتىپ قويۇپ ئىككىسى ئۆزئارا پىچىرلاشمىسۇن» دېگەن[1].

2. پىچىرلىشىشلارنىڭ ۋە ھەرقانداق مەخپىي سۆھبەتنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشتىن باشقىسىدا ياخشىلىق يوقتۇر.

3. ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنى تاللاشنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان ۋە ھەسرەتتۇر.

## ◄ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ خەتىرى ۋە شەيتاننىڭ پالاكىتى

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغۡفِرُ أَن يُشۡرَكَ بِهِۦ وَيَغۡفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُۚ
وَمَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدۡ ضَلَّ ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا ١١٦ إِن يَدۡعُونَ مِن
دُونِهِۦٓ إِلَّآ إِنَٰثٗا وَإِن يَدۡعُونَ إِلَّا شَيۡطَٰنٗا مَّرِيدٗا ١١٧ لَّعَنَهُ ٱللَّهُۘ وَقَالَ
لَأَتَّخِذَنَّ مِنۡ عِبَادِكَ نَصِيبٗا مَّفۡرُوضٗا ١١٨ وَلَأُضِلَّنَّهُمۡ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمۡ
وَّهُمۡ فَلَيُبَتِّكُنَّ ءَاذَانَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ وَلَأٓمُرَنَّهُمۡ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلۡقَ ٱللَّهِۚ
وَمَن يَتَّخِذِ ٱلشَّيۡطَٰنَ وَلِيّٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِ فَقَدۡ خَسِرَ خُسۡرَانٗا مُّبِينٗا
١١٩ يَعِدُهُمۡ وَيُمَنِّيهِمۡۖ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ١٢٠ أُوْلَٰٓئِكَ
مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ وَلَا يَجِدُونَ عَنۡهَا مَحِيصٗا ١٢١ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 64-بەت، 6288-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 1717-بەت، 2183-ھەدىس، «موطأ مالك» 2-توم، 989-بەت، 14-ھەدىس.

وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدۡخِلُهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ
خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٗاۚ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلٗا ﴿١٢٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

116ـ ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئۆزى خالىغان ئادەمدىن كەچۈرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ.

117ـ (مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ، پەقەت چىشى (ناملىرى بىلەن ئۆزلىرى ئاتىۋالغان) بۇتلارغىلا چوقۇنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغىلا چوقۇنىدۇ.

118ـ ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلغان، شەيتان مۇنداق دېگەن: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئېگىلەيمەن.

119ـ شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، خام خىيال قىلدۇرىمەن، ئۇلارنى چوقۇم (بۇتلارغا ئاتالغانلىقىغا بەلگە قىلىپ) ھايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن». كىمكى ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ.

120ـ شەيتان ئۇلارغا ۋەدە بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىدۇ، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغانىلا ۋەدە قىلىدۇ.

121ـ ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ.

122ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ جازاسى بايان قىلىنغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈر-

گەنلىكنىڭ گۇناھىنىڭ تەۋبە قىلىپ قايتا ئىمان ئېيتمىسا قەتئىي مەغپىرەت قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىدىن كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

زەررىچىلىك ئىمان بار قەلبتىن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش سادىر بولمايدۇ. چۈنكى ئىمان بىلەن كۇفرى بىر قەلبتە بىرلەشمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئەمما شېرىكتىن باشقا ھەرقانداق گۇناھنى ئۆزى خالىغان كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى شېرىك كەلتۈرگۈچى گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، قايتا ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. ﴿قَدۡ أَفۡلَحَ مَن زَكَّىٰهَا﴾ يەنى ﴿نەپسىنى پاكلىغان ئادەم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾[1]. چۈنكى قەلبىنى ۋە نەپسىنى پاكلىغان ھالدا، بارلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەمما تەۋبە قىلىشنى خالىمىغان، گۇناھتىن يانمىغان ۋە پاكلىنىشنى خالىمىغانلارنى كەچۈرمەيدۇ. ﴿ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دە بۇ مەنىدىكى ئايەتلەر بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلىنىغان. كىمكى سۆز-ھەرىكىتى ۋە ئېتىقادى ياكى پىكرىدە ئاللاھ تائالاغا بىرەر مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ياخشىلىقتىن، توغرا يولدىن ۋە ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پاتقان بولىدۇ. ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەشمۇ شېرىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆلۈكلەرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئۇلار كىشىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئىنسانلار تەرىپىدىن قىلىۋېلىنغان بارلىق مەبۇدلار مۇنۇ ئايەتتە تەسۋىرلەنگەندىنمۇ بەك ئاجىزدۇر: ﴿وَإِن يَسۡلُبۡهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيۡـٔٗا لَّا يَسۡتَنقِذُوهُ مِنۡهُۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىۋالالمايدۇ﴾[2].

شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان رەزىل مەخلۇق بولۇپ،

---

[1] شەمس سۈرىسى: 9-ئايەت.
[2] ھەج سۈرىسى: 73-ئايەت.

ئۇ بارچە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ۋە يامانلىقنىڭ باشلامچىسىدۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا ئەدەپسىزلىك قىلىپ: ﴿مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئېگىلەيمەن﴾ دېگەن. يەنە بىر ئايەتتە ئۇنىڭ ﴿وَلَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ۝٣٩ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ ٱلْمُخْلَصِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا مۇستەسنا﴾[1] دەپ قەسەم قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. ھەرقانداق ئادەمدە ياخشى ئىش قىلىش ياكى يامان ئىش قىلىشقا يېتەرلىك قابىلىيەت ۋە ئەركىنلىك بار. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا شۇنداق قابىلىيەتنى ۋە ئەركىنلىكنى بەرگەن. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَهَدَيْنَٰهُ ٱلنَّجْدَيْنِ ۝١٠﴾ يەنى ﴿بىز ئۇنىڭغا (ياخشى ۋە يامان) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾[2] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. شەيتان كۆرەڭلەپ دەيدۇكى، مەن ئىنسانلارنى ھەرخىل ھىيلە-مىكىرلىرىم بىلەن چوقۇم توغرا ئەقىدە ۋە ھەق يولدىن ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى گاھ «ھاياتلىق ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب بېرىش دېگەنلەر ھەممىسى قۇرۇق گەپ» دېگەندەك كۇفرىلىقنى كۆڭلىگە سېلىش بىلەن، گاھ ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنىڭ بارلىقىغا ئېسىلىۋېلىپ گۇناھ قىلىشقا كۈشكۈرتۈش بىلەن خام خىيال قىلدۇرىمەن، ئۇلارنى يەنە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن.

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلْقَ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ئاللاھنىڭ ياراتقىنى﴾ دېگەننى ئاللاھنىڭ دىنى دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس، ھەسەن، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە زەھھاك قاتارلىق مۇپەسسىرلەرمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان.

﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا ۚ فِطْرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِى فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيْهَا ۚ لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا-ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ توپتوغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى

[1] ھىجر سۈرىسى: 40-ئايەت.
[2] بەلەد سۈرىسى: 10- ئايەت.

بىلمەيدۇ﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا مِنْ مَوْلُودٍ إِلاَّ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ ، أَوْ يُمَجِّسَانِهِ» يەنى «ھەرقانداق بوۋاق مۇسۇلمانلىققا ھازىر بولغان ھالدا تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا - ئانىسى يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان ياكى مەجۇسىي قىلىۋېتىدۇ»[2] دېگەن.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش﴾ دېگەننى قۇللارنى ئاختا قىلىش، مەڭ چېكىش، ھايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى كېسىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىش، دەپ تەپسىر قىلغان.

كىمكى ئاللاھ تائالانى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ ئېنتايىن قاتتىق ئازغان بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىنى قويۇپ شەيتاننىڭ ئازغۇنلۇقىغا ئەگەشىشتىنمۇ چوڭ ئازغۇنلۇق بارمۇ؟!

شەيتان ئىنسانلارغا يالغان ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قۇرۇق ئۈمىدلەر بىلەن ئالدايدۇ. شۇ ئېنىقكى، شەيتاننىڭ ۋەدىلىرى ۋە قۇرۇق ئۈمىتلەندۈرۈشلىرى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئالدامچىلىقتۇر. شەيتاننىڭ يولىغا ئەگەشكەن، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ جايى دوزاختۇر. ئۇلار قىيامەت كۈنىدە دوزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرەر نىجاتكار ياكى ياردەمچى تاپالمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان جايدۇر.

ئەمما ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىغا لايىق ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان، ئۆزىنىڭ نەپسى شەيتىنىغا قارشى تۇرغان ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرگەن كىشىلەرنى رەببى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇ-نېمەتلىك ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ، جەننەتلەردە كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار، ئۇلار كۆڭۈللىرى خالىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھ تائالادىن راستچىل كىم بار؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنىڭ گۇناھىنى تەۋبە قىلىپ

[1] رۇم سۈرىسى: 30- ئايەت

[2] «صحيح البخاري» 2-توم، 94-بەت، 1358-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 2047-بەت، 2658-ھەدىس.

ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى خالىسا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، خالىسا تەۋبىسىزمۇ كەچۈرىدۇ.

2. بۇتلارغا ۋە شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەرسىگە چوقۇنۇش شەيتانغا چوقۇنغانلىقتۇر.

3. شەيتانغا ئەگەشكەنلىكنىڭ ئىپادىسى گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتۇر. چۈنكى كىشىلەرنى گۇناھقا چاقىرىدىغان مەخلۇق شەيتاندۇر.

4. شەيتانلارنىڭ قورالى يالغان ۋەدىلەر بىلەن قۇرۇق ئارزۇ- ئۈمىدلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالداشتۇر.

### ◄ قۇرۇق ئارزۇنىڭ پايدىسىزلىقى ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى

﴿لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَآ أَمَانِيِّ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ ۗ مَن يَعْمَلْ سُوٓءًا
يُجْزَ بِهِۦ وَلَا يَجِدْ لَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿١٢٣﴾ وَمَن
يَعْمَلْ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُو۟لَٰٓئِكَ
يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ نَقِيرًا ﴿١٢٤﴾ وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ
أَسْلَمَ وَجْهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ وَٱتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًا ۗ وَٱتَّخَذَ
ٱللَّهُ إِبْرَٰهِيمَ خَلِيلًا ﴿١٢٥﴾ وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ مُّحِيطًا ﴿١٢٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

123-جەننەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.

124-ئەر ياكى ئاياللاردىن مۆئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

125-(تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن

ئاللاھقا بويسۇنغان، ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ياخشى ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى.

126-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) ھەممە نەرسىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە شەيتاننىڭ بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنى قۇرۇق ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرگە ئىشەندۈرۈپ ئالدايدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە قۇرۇق ئارزۇ-ھەۋەسلەرنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە ئىشلەشنىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى مۇسۇلمانلار! جەننەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىغا كەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئىمان ۋە ئەمەل بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامانلىق سادىر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان يامانلىقىغا تېگىشلىك جازاسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئۇلار مال-دۇنيا ۋە باللار ئەسقاتمايدىغان پەقەت ساغلام ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەرلا پايدا بېرىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىنى ئازابتىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى ۋە ھېچقانداق شاپائەتچى تاپالمايدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، مەيلى ئۇ ئەرەب بولسۇن ياكى ئەجەم بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ياخشى ئەمەلنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشەنگەن ھالدا خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى «قۇرئان كەرىم»دە تەرىپلەنگەن ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. قىيامەتتە كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى گۇناھلىرىنى كۆپەيتىۋېتىشتەك زۇلۇم ۋە يولسىزلىقلار ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئاللاھ تائالا شۇنچە رەھىم ـ شەپقەتلىك زاتكى، ئۇ ھېچ كىشىگە زەررىچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ، گۇناھكارلارنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشىغا تېگىشلىك جازالايدۇ.

﴿وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ ۝٨﴾ يەنى ﴿كىمكى زەررىچىلىك يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1].

---

[1] زەلزەلە سۈرىسى: 8-ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلارنىڭ ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ۋە قۇرۇق ئارزۇلارنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كامالەت دەرىجىلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇپ، جىمى ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىدىنمۇ ياخشى بىرى يوقتۇر! چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئېتىقادى، ھەقىقىي مۇھەببىتى ۋە سەمىمىي ئىخلاسى يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇنى دوست تۇتقان، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى قىلىپ تاللىغان ئىدى. بۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان بىرىگە ئەگىشىش ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. چۈنكى بۇنداق كىشى ئەگىشىشكە ۋە ئۈلگە قىلىنىشقا تولىمۇ لايىق بولغان بىرىدۇر.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ وَٱتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًاۗ وَٱتَّخَذَ ٱللَّهُ إِبْرَٰهِيمَ خَلِيلًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿أَسْلَمَ وَجْهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ﴾ دېگەن قىسمىغا «ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ئەمەللىرىنى ئورۇندىغان، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى ھارام دەپ بىلگەن، ئاللاھ ھالال قىلغان ئىشلارنى ھالال دەپ تونۇغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن بويسۇنغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى تەستىق قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان كىشى»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. ئايەتتىكى ﴿مُحْسِنٌ﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس-تۇيغۇ بىلەن ئىبادەت قىلىشنى ئىپادىلىگەندەك، ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز يەنە ئەمەل-ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئادا قىلىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش دېگەندەك مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە ئاللاھ تائالاغا تولۇپ تاشقان چىن ئىخلاس، سەمىمىي مۇھەببەت ۋە تولۇق ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

بىلىڭلاركى، ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھ تائالانىڭدۇر، بۇلارنى يارىتىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش، باشقۇرۇش ۋە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بىرلا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ئىكەن، ئۇ ياخشىلىق

---

[1] «تفسير الطبري» 2- توم، 511- بەت.

قىلغانغا مۇكاپات، يامانلىق قىلغانغا جازا بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى بەندىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھەممىشە ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبادەت قىلىنىشقا، ئىتائەت قىلىنىشقا ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تامامەن لايىق زاتتۇر. شۇڭا ئىبادەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقانلىقى ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. پۈتۈن كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكى بولغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتقا موھتاج بولۇپ قالسۇن؟! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ كەمتەر، ئەڭ ئىتائەتمەن بەندىسى بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇنى دوست تۇتقان. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى، تەڭداشسىز قۇدرىتى ۋە ئاجايىپ ھېكمىتى بىلەن ھەر نەرسىنى تولۇق قورشاپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ئېرىشىلىدىغان نەرسىلەر ئەمەس، ئۇلارغا پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2. مۇكاپات بىلەن جازا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلارنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر.

3. ئىسلام دىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن ۋە بىردىنبىر ھەق دىندۇر.

4. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

5. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ئەكسىچە، بارلىق مەخلۇقات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر.

## ◄ ئاجىزلارنىڭ ھەقلىرى ۋە ئەر- ئاياللارنىڭ جىدەللىرى

﴿وَيَسۡتَفۡتُونَكَ فِي ٱلنِّسَآءِۖ قُلِ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ فِيهِنَّ وَمَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ فِي يَتَٰمَى ٱلنِّسَآءِ ٱلَّٰتِي لَا تُؤۡتُونَهُنَّ مَا كُتِبَ لَهُنَّ وَتَرۡغَبُونَ أَن تَنكِحُوهُنَّ وَٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلۡوِلۡدَٰنِ وَأَن

تَقُومُواْ لِلۡيَتَـٰمَىٰ بِٱلۡقِسۡطِۚ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِهِۦ
عَلِيمًا ﴿١٢٧﴾ وَإِنِ ٱمۡرَأَةٌ خَافَتۡ مِنۢ بَعۡلِهَا نُشُوزًا أَوۡ إِعۡرَاضًا فَلَا
جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ أَن يُصۡلِحَا بَيۡنَهُمَا صُلۡحًاۚ وَٱلصُّلۡحُ خَيۡرٌۗ وَأُحۡضِرَتِ
ٱلۡأَنفُسُ ٱلشُّحَّۚ وَإِن تُحۡسِنُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ
خَبِيرًا ﴿١٢٨﴾ وَلَن تَسۡتَطِيعُوٓاْ أَن تَعۡدِلُواْ بَيۡنَ ٱلنِّسَآءِ وَلَوۡ حَرَصۡتُمۡۖ
فَلَا تَمِيلُواْ كُلَّ ٱلۡمَيۡلِ فَتَذَرُوهَا كَٱلۡمُعَلَّقَةِۚ وَإِن تُصۡلِحُواْ وَتَتَّقُواْ
فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٢٩﴾ وَإِن يَتَفَرَّقَا يُغۡنِ ٱللَّهُ كُلًّا مِّن
سَعَتِهِۦۚ وَكَانَ ٱللَّهُ وَٰسِعًا حَكِيمًا ﴿١٣٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**127**ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئاللاھ سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئايەتلەر باركى، ئۇ ئايەتلەر سىلەر تەيىن قىلىنغان (مىراسى)نى بەرمەيدىغان، (مىراس قولىمىزدىن كېتىپ قالمىسۇن دەپ) ئەرگىمۇ بەرمەيدىغان، (ياكى چىراي كۆرۈمسىز دەپ، ئۆزۈڭلارمۇ ئالماي تۇتۇپ تۇرىدىغان) يېتىم قىزلار توغرىسىدىكى، بوزەك قىلىنغان بالىلار ۋە يېتىملەرگە ئادالەتلىك بولۇشۇڭلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.

**128**ـئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ ئىش كۆرسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كېلىشىپ ئىش قىلىش (ئاجرىشىشتىن) ياخشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن. ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ئاللاھ قىلغۇاتقىنىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر (سىلەرنى تولۇق مۇكاپاتلايدۇ).

**129**ـھەر قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (دىلنىڭ مايىللىقىدا) ئادىللىق قىلىشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى بار-يوقنىڭ ئورنىدا) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر (ئۆزۈڭلارنى) تۈزىسەڭلار ۋە

(ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ رەھىم قىلغۇچىدۇر.

130ـ ئەگەر ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتسە، ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىهاجەت قىلىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ سۈرىنىڭ باشلىنىشى يېتىملەر، ئاياللار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار، شۇنداقلا مىراس ۋە قۇدا- باجىلىق مەسىلىلىرىنى بايان قىلىش بىلەن باشلانغان. ئاندىن ﴿وَٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُشۡرِكُواْ بِهِۦ شَيۡـٔٗا﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتتىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، ئەھلى كىتابنىڭ ئەھۋالى، جىهاد قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن ئاياللار بىلەن يېتىملەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى ۋە ئۇلار ئۈتتۈرىسىدىكى ئادالەت توغرۇلۇق سوئاللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ سورىلىشقا باشلايدۇ: «ئۆز كاپالىتىدىكى يېتىم قىزلارنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ئاتا - ئانىلىرىدىن قالغان مىراسىنى بەرمەسلىكى دۇرۇسمۇ؟ ئائىلە ئىناقسىزلىقىغا مۇپتىلا بولغان ئەرلەر ئاياللىرى بىلەن قانداق يارىشىپ قالىدۇ؟... ۋاھاكازالار. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك تۇرمۇشتا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ۋەقەلەر بولۇپ، بۇ توغرىدا مەلۇماتقا ئىگە بولۇشقا ئېهتىياج كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ ھەقتىكى سوئاللار كۆپ سورالغان. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ داۋامى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلار سەندىن ئاياللارنىڭ پۈتۈن ھەق- ھوقۇقلىرى، ئۇلارنىڭ مىراس مەسىلىسى، ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھەق-ھوقۇقلار توغرۇلۇق پەتىۋا سورايدۇ. سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرۇلۇق سىلەرگە ئاللاھ تائالا يېتەرلىك پەتىۋا بېرىدۇ ۋە ئاياللار توغرۇلۇق چۈشەنمىگەن مەسىلىلىرىڭلارنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان مىراس

---

[1] نىسا سۈرىسى: 36ـ ئايەت.

مەسىلىلىرىنىمۇ تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ. سىلەردە يېتىم قىزلارغا تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بەرمەيدىغان ئادەت بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ پۇل - مېلى قولىمىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن، دەپ ئۇلارنى ياتلىق قىلمايسىلەر، ئۇلارنىڭ جامالى بىلەن پۇل - مېلىغا قىزىقىپ ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىۋېلىشنى، بەزىسىنى چىرايى كۆرۈمسىز دەپ، يا ئۆزۈڭلار نىكاھلانماي ياكى باشقا ئەرگە بەرمەي تۇتۇپ تۇرۇۋېلىشنى ئويلايسىلەر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَءَاتُواْ ٱلۡيَتَـٰمَىٰٓ أَمۡوَٰلَهُمۡۖ وَلَا تَتَبَدَّلُواْ ٱلۡخَبِيثَ بِٱلطَّيِّبِۖ وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَهُمۡ إِلَىٰٓ أَمۡوَٰلِكُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حُوبٗا كَبِيرٗا ٢ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا تُقۡسِطُواْ فِي ٱلۡيَتَـٰمَىٰ فَٱنكِحُواْ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ مَثۡنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَۖ فَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا تَعۡدِلُواْ فَوَٰحِدَةً أَوۡ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۚ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَعُولُواْ﴾ يەنى ﴿يېتىملەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە) بېرىڭلار، ياخشىسىنى ناچارغا تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال-مۈلۈكىگە قوشۇپ يېۋالماڭلار. چۈنكى بۇ چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىڭلار، (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر﴾[1].

جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ئۆز كاپالىتىدە بولغان يېتىم قىزلارنىڭ مال - دۇنياسىنى كۆزلەپ ئۇلارنى سىرتقا ياتلىق قىلمايتتى. چىرايلىق بولسا ئۆزى ئالاتتى، ئەگەر كۆرۈمسىز بولسا يا ياتلىق قىلماي ياكى ئۆزى ئالماي ئۇلارنى تۇرمۇش لەززىتىدىن مەھرۇم قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە يەنە ئوغۇللارنىڭمۇ مىراس ھەقلىرىنى جايىدا بېرىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ﴿يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِيٓ أَوۡلَٰدِكُمۡۖ لِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۚ فَإِن كُنَّ نِسَآءٗ فَوۡقَ ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَۖ وَإِن كَانَتۡ وَٰحِدَةٗ فَلَهَا ٱلنِّصۡفُۚ وَلِأَبَوَيۡهِ لِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِن كَانَ لَهُۥ وَلَدٞۚ فَإِن لَّمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلَدٞ وَوَرِثَهُۥٓ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ ٱلثُّلُثُۚ فَإِن كَانَ لَهُۥٓ إِخۡوَةٞ فَلِأُمِّهِ ٱلسُّدُسُۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصِي بِهَآ أَوۡ دَيۡنٍۗ ءَابَآؤُكُمۡ وَأَبۡنَآؤُكُمۡ لَا تَدۡرُونَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ

[1] نىسا سۈرىسى: 2-3- ئايەتلەر.

﴿... لَكُمۡ نَفۡعٗاۚ فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمٗا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا-ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىلەر ئاتا-ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئۈلۈشتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا سىلەرگە يۇقىرىقى ئايەتلەرنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار كۆپ ئۇنتۇغاق بولغانلىقتىن، مۇھىم مەسىلىلەردىن كۆپرەك غەپلەتتە قالىدۇ. خۇسۇسەن، ئىنسان نەپسى ئۆز خاھىشىغا ياقمىغان ۋە ئۆزىگە نەق پايدا كەلتۈرمەيدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يېتىملەر ۋە ئاياللار توغرۇلۇق شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قايتا تەكىتلەش ئارقىلىق ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغىتىدۇ ۋە مەسىلىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يېتىملەرگە ۋە ئاياللارغا ئادالەتلىك ھەم رەھىم - شەپقەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

ياخشىلىقتىن مەيلى ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، قانچىلىك قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۇنىڭغا يارىشا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىدۇ. يامانلىقتىنمۇ قانچىلىك قىلغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى شۇ قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالايدۇ.

ئايال ئەگەر ئېرىنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىقىدىن ۋە

---

[1] نىسا سۈرىسى11- ئايەت.

ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىپ، ئۇنى تاشلىۋېتىشتىن ئەنسىرىسە ۋە توختام تۈزۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ھەر ئىككىسى ئۈچۈن پايدىلىقتەك كۆرۈنسە، ئەرـ خوتۇن ئىككىسى توختام تۈزۈپ، ئايال ئېرى ئۈستىدىكى نەپىقە ھەققىگە ئوخشىغان بىر قىسىم ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ئېرىنىڭ قولىدا قېلىۋېرىشى ياكى ئەگەر ئايال ئۈچۈن ياخشى بولىدىغان بولسا، ئېرىدىن ئىددەتنىڭ نەپىقىسىنى سورىماسلىق بەدىلىگە ئايرىلىپ كېتىشكە كېلىشسە بولىدۇ. ئايالنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن بەرگەن نەرسىسى ئەرگە ھالالدۇر، يەنى ھەر ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ.

«ئۆز ۋاقتىدا بىر ئايالنى ئېرى ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالغانلىقتىن قويۇۋېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نارەسىدە بالىمۇ بار بولۇپ، مەزكۇر ئايال ئېرىگە يالۋۇرۇپ: ‹مېنى قويۇۋەتمىگىن، بالىمىز يېتىم قالمىسۇن، مەن ئۇنى ئۆزۈم تەربىيەلەيمەن، ماڭا ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ۋاقىت ئايرىساڭ، شۇ چاغدىلا بىللە بولساق، مەن شۇنىڭغا رازى› دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېرى: ‹بۇ ياخشى ئىش ئىكەن، كېلىشىپ ئىش كۆرۈش ئاجرىشىشتىن ياخشى ئەمەسمۇ؟› دەيدۇـدە، شۇنداق قىلىدۇ»[1].

دېمەك، ئائىلىنى بۇزۇش ئەر – خوتۇن ئىككىسى ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر كېلىدىغان ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدىغان بىر ئىش. ئەر – خوتۇنلۇق رىشتىسى ئىنتايىن مۇقەددەستۇر. شۇڭا ئەرـخوتۇن ئىككىسى كېلىشىپ ئىش كۆرۈش ئارقىلىق ئائىلىسىنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قالغىنى ئاجرىشىپ كېتىشتىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى بۇنىڭدا بالىلار يېتىم بولمايدۇ، ئائىلە پارچىلانمايدۇ، تۇغقانلار پەرىشان بولمايدۇ، ئارىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولمايدۇ. بېخىللىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقتىن، ھەر ئىشتا بېخىللىق قىلىدىغان، ھەتتا بەزى ئەرـخوتۇنلار بىرـبىرىگە قارىتا ئارتۇقراق ياخشىلىق قىلىشقىمۇ چىدىمايدىغان، بىرەر مەنپەئەت كۆرمىسە، بىرـبىرىگە ئارتۇقچە ياخشىلىق قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ بېخىللىق ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىش، بىرـبىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئۆزلۈكىدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئىشلىرىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى بېخىللىق ئىنسان تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن نەرسە. «قۇرئان كەرىم» ئەرـخوتۇن ئىككىسىنى ئائىلە بۇزۇلۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ھالقىلىق پەيتلەردە، نەپسىنىڭ بېخىللىقىنى يېڭىپ، بىرـبىرىگە ئۆتۈنۈش، بېرىۋېتىش ۋە كەچۈرۈۋېتىش قاتارلىق چارىلارنى قوللىنىشقا چاقىرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»

[1] «التفسير الواضح» 1ـ توم، 437ـ بەت.

يەنە ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىر-بىرىدىن سادىر بولغان خاتالىقلارغا سەۋر قىلىپ، بىر-بىرىگە قارىتا مۇئامىلىسىنى ياخشىلاپ ئائىلىنى بۇزماسلىقنىڭ يولىنى ئىزدەشكە چاقىرىدۇ. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قارىتا قىلغان-ئەتكەنلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئى بىردىن ئارتۇق خوتۇنى بولغان ئەرلەر! ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەممە ئىشتا تولۇق ئادالەتلىك بولالمايسىلەر، خۇسۇسەن، كۆڭۈل مايىللىقى مەسىلىسىدە سىلەر ئادالەتلىك بولالمايسىلەر. چۈنكى سىلەر قانچىلىك ئادالەتلىك بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، ماددىي مەنپەئەتلەردە ئادالەتلىك بولالىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما مەنىۋى ئىشلاردا يەنى كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت قاتارلىق ئىشلاردا خوتۇنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولالمايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا سىلەرنى قولۇڭلاردىن كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، خوتۇنلىرىڭلارنىڭ بىرسىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كېتىپ، يەنە بىرى ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس، مۇئەللەقتە قويماڭلار. بەلكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇشقا تىرىشىڭلار.

ئائىلىنى بۇزماسلىق، بالىلارنى يېتىم قىلماسلىق ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن بۇ ئىلاھىي چارىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇلارغا كار قىلماي، بۇ ئەر-خوتۇنلار ئۈچۈن ئاجرىشىشتىن باشقا چارە قالمىغان شارائىتتا، ئاللاھ تائالا تالاق قىلىشنى رۇخسەت قىلغان. ھەرقانداق ئۇستا ئۆزى ياسىغان نەرسىسىنىڭ خاراكتېرىنى ياخشى بىلگىنىدەك، ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ۋە خاراكتېرلىرىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، قىسمەن ھاللاردا تالاققا ئېھتىياج بارلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، ياخشى ئۆتۈشكە ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالمىغاندا، ئاياللارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن. تالاق قىيىنچىلىقتىن چىقىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىسىدۇر. ئاجراشمىسا بولمايدىغان شارائىتقا كېلىپ قالغانلار ئايرىلىپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالا ھەر ئىككىسىنى ئۆز مەرھەمىتى ۋە پەزلى بىلەن بىر-بىرىدىن بىھاجەت قىلىدۇ. بەلكى ئايرىلىپ بىر مۇددەت يالغۇزلۇق تارتقان ۋە بىر-بىرىنى سېغىنغاندىن كېيىن، ئىككىلىسى بىر-بىرىنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئەسلىگە قايتىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى قەلبلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئاللاھ تائالا كاتتا پەزل-كەرەم ئىگىسىدۇر. ئۇ ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئايالـلار بىلـەن بالىلارنىـڭ مىراسـلىرىنى تولـۇق بېرىـش ۋە ئۇلارنىـڭ ھەقلىرىنـى يېۋالماسـلىق ئىسـلام دىنىنىـڭ ئـەڭ مۇھـىم كۆرسـەتمىلىرىدىن بىرىدۇر.

2. ئەر-خوتۇنـلار تۇرمۇشـتا دۇچـار بولغـان قىيىنچىلىقلىرىنـى ھـەل قىلىـش ئۈچـۈن ئۆزئـارا كېلىشـىپ ئىـش قىلسـا بولىـدۇ. ئەمـما تـالاق ئـەڭ ئاخىرقى چارە ۋە ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتۇر.

3. بىردىـن كـۆپ ئايالى بولغـان ئـادەم ئۇلارنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا ھـەر ئىشـتا ئادالـەت بىلـەن ئىـش كۆرۈشـكە بۇيرۇلغـان بولـۇپ، بىرگـە يېتىـپ قوپـۇش، چىقىـم قىلىـش، يېمەك-ئىچمـەك، كىيىم-كېچـەك، داۋالىتىـش دېگەنـدەك ئېھتىياجلىرىدىـن چىقىـش ئىشـلىرىدا ئاياللىرىنـى تـەڭ كۆرمىگـەن ئـەر گۇناھـكار بولىـدۇ. ئەمـما كۆڭـۈل مايىللىقى، مۇھەببـەت قاتارلىـق ئۆزىنىـڭ ئىختىيارىـدا بولمىغـان ئىشـلاردا، ھەممىنـى تـەڭ كۆرەلمىسـە، گۇناھـكار بولمايدۇ.

### ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى

﴿وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَلَقَدۡ وَصَّيۡنَا ٱلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَإِيَّاكُمۡ أَنِ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَإِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ
لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَنِيًّا حَمِيدٗا ١٣١ وَلِلَّهِ
مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ١٣٢ إِن يَشَأۡ
يُذۡهِبۡكُمۡ أَيُّهَا ٱلنَّاسُ وَيَأۡتِ بِـَٔاخَرِينَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ ذَٰلِكَ قَدِيرٗا
١٣٣ مَّن كَانَ يُرِيدُ ثَوَابَ ٱلدُّنۡيَا فَعِندَ ٱللَّهِ ثَوَابُ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعَۢا بَصِيرٗا ١٣٤﴾

### تەرجىمىسى

131-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە ۋە سىلەرگە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، ئەگەر كاپىر بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ

(ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

132ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

133ـ ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ بۇنىڭغا قادىردۇر.

134ـ كىمكى دۇنيانىڭ نېمىتىنى تىلەيدىكەن، (ئۇ بىلىپ قويسۇنكى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭدۇر، بۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش، پەرۋىش قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىشى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر. ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان مۇسۇلمانلار! سىلەردىن ئىلگىرى بىز «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ئىلاھىي كىتابلارنى بەرگەن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا ۋە سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا يولۇقۇشتىن ھەزەر قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىلگىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەربىر پەيغەمبەرگە كەلگەن دىن ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش پرىنسىپىدا بىردۇر. جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرى زامان ۋە ماكانلارنىڭ شارائىتى سەۋەبلىك ئوخشاش بولمىغان. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا كۇفرىلىق قىلماقچى بولساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە بىھاجەتتۇر. ﴿مَآ أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ خالىمايمەن﴾[1]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارچە شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكى ۋە مەخلۇقاتىدۇر. ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە

[1] زارىيات سۈرىسى: 57ـ ئايەت.

پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىغا ئاللاھ تائالا ئۆزى يېتەرلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەسكىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ:

ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەرگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەردىن كىمكى ئۆز ئەمەلى بىلەن دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىكەن، ئۇ زىيان تارتقان بولىدۇ. چۈنكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بارچە نېمىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەركىم قىلغان ئەمەلى بىلەن بۇ دۇنيالىق مەنپەئەتنىلا كۆزلىمەستىن، ھەر ئىككى ئالەملىك مەنپەئەتنى كۆزلىسۇن. مۇسۇلمان ئادەم ﴿رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[1] دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق دۇئا قىلاتتى[2]. بۇ نېمىدېگەن ئېسىل مۇناجات! نېمىدېگەن ئېسىل تىلەك! ئاللاھ تائالا ھەرقانداق سۆز ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلىغۇچى، ھەركىمنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام نۇرىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ داغدام يولىدا ماڭغان ھەرقانداق كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىغا ئوچۇق ئىشارەت قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ۋەدىسى ھەر زامان ئەمەلگە ئاشىدۇ، خۇسۇسەن ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى چاغلىرىدا تولۇق ئەمەلگە ئاشقاندى. كېيىنچە، ئىنسانلارنىڭ ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار بۇ دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قالغان. ئەگەر مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ئەسلىگە قايتىپ، خۇددى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلاردەك ئۇلۇغ دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا سادىق بولۇپ، ئىسلامغا تولۇق ئەمەل

[1] بەقەرە سۈرىسى: 201-ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 6-توم، 28-بەت، 4522-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 2071-بەت، 2690-ھەدىس.

قىلىدىغان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە قولىدىن كېتىپ قالغان بەخت-سائادىتىنى ۋە ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن شانلىق نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا جىمى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە تەقۋالىقنى ئەمر قىلغان.

2. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن بىھا-جەتتۇر. چۈنكى ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسى بەندىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالا خالىغان خەلقنى يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا خەلقلەرنى كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇ خۇددى ئاد، سەمۇد قەۋم-لىرىنىڭ ھالاك قىلىنىپ، ئورنىغا باشقا خەلقلەرنىڭ كەلتۈرۈلگەنلىكىگە ئوخشاش.

4. ئەمەل-ئىبادەتلەرنى پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا قىلىش لازىم. شۇنداق قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلا قوبۇل بولىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُونُوا۟ قَوَّٰمِينَ بِٱلْقِسْطِ شُهَدَآءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَىٰٓ
أَنفُسِكُمْ أَوِ ٱلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ ۚ إِن يَكُنْ غَنِيًّا أَوْ فَقِيرًا فَٱللَّهُ
أَوْلَىٰ بِهِمَا ۖ فَلَا تَتَّبِعُوا۟ ٱلْهَوَىٰٓ أَن تَعْدِلُوا۟ ۚ وَإِن تَلْوُۥٓا۟ أَوْ تُعْرِضُوا۟ فَإِنَّ
ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿١٣٥﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ ءَامِنُوا۟ بِٱللَّهِ
وَرَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَـٰبِ ٱلَّذِى نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَـٰبِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ
مِن قَبْلُ ۚ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلَـٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَٱلْيَوْمِ
ٱلْـَٔاخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَـٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١٣٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

135-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ۋە ئەڭ

يېقىن كىشىلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بەرپا قىلغۇچى ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگۈچى بولۇڭلار. (سىلەر گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشى) باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن (گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتماڭلار). چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن بەكرەك يېقىندۇر (ئۇلارغا نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ). نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ ئادالەتتىن بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار) ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار (ئاللاھ سىلەرنى جازالايدۇ). چۈنكى ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ.

136-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئادالەتنى تولۇق بەرپا قىلىشقا، ھەق يولىدا باشقىلارنىڭ مالامەت قىلىش ۋە ئەيىبلەشلىرىدىن قورقماستىن دادىل بولۇشقا ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئۆزلىرىنىڭ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ راست سۆزلەشكە ۋە ھەقىقەتنى كۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ. ئاتا-ئانىغا كۆيۈنۈش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا يار يۆلەك بولۇش ھەرگىزمۇ ئۇلارغا يان باسمەن دەپ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش بىلەن، ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن بولمايدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى يەر يۈزىدە گۇۋاھچى قىلىپ تاللىدى. سىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىڭلار بىلەن ھەق-ھوقۇقلار بىر شەخستىن يەنە بىر شەخسنىڭ قولىغا يۆتكىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ھەققانىي بولۇڭلار، بايلارغا ئۇلارنىڭ بايلىقى يۈزىسىدىن تەرەپدار بولماڭلار، پېقىرلارغا ئۇلارنىڭ پېقىرلىقى ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتماڭلار، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ گۇۋاھلىق ۋەزىپىسىنى ئادالەتلىك ھالدا تەرەپسىزلىك بىلەن بېجىرىڭلار. كىشىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ياكى تەرەپدارلىقىڭلار ۋەياكى تەمەخورلۇقۇڭلار سىلەرنى

ھەقىقەتنى بۇرمىلاشقا، ناھەق گۇۋاھلىق بېرىشكە ئېلىپ بارمىسۇن.

ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەيبەرلىك يەھۇدىيلارنىڭ مېۋە ۋە ئاشلىقلىرىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئەۋەتكەندە، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە تەرەپدار بولۇپ تۇرۇپ ئۆلچىشىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭغا پارا بەرمەكچى بولغىنىدا، ئابدۇللاھ ئۇلارغا: ‹ئى يەھۇدىيلار! مەن سىلەرنى ھەممىدىن بەك ئۆچ كۆرىمەن. ئەمما مېنىڭ ئۆچمەنلىكىم سىلەرگە ئادالەتلىك بولۇشۇمغا توسالغۇ بولمايدۇ› دېگەندە، يەھۇدىيلار: ‹ئاسمان-زېمىن بۇنىڭ بىلەنلا (يەنى ئادالەت بىلەنلا) بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ› دېگەن»[1].

ئەگەر سىلەر گۇۋاھلىقتا ھەقىقىي پاكىتنى يوشۇرۇپ يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولساڭلار ياكى ھەق ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ، ئاخىرەتكە بارغاندا، سىلەرنى قىلمىشىڭلارغا قاراپ جازالايدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَـٰبِ ٱلَّذِى نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَـٰبِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِن قَبْلُ ۚ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلَـٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَـٰلًۢا بَعِيدًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دېگەن خىتابنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى كەسىر، جەلالەين ۋە قۇرتۇبىي قاتارلىق تەپسىرلەردە، ئايەتتىكى خىتابنى مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان دەپ قارالغان. تەپسىرى ئىبنى كەسىردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىن بەندىلىرىنى ئىماننىڭ بارلىق ئاساسلىرىغا، شاخچىلىرىغا، شەرتلىرىگە ۋە تەلەپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ دىنغا مۇكەممەل كىرىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ھاسىل بولۇپ بولغان ئىماننى يەنە ھاسىل قىلىشقا بۇيرۇغانلىق ئەمەس، بەلكى بار ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، كۈچلەندۈرۈشكە ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقتۇر»[2]. تەپسىرى جەلالەيندە «ئىمانىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ دېيىلگەن. يۇقىرىقى تەپسىرلەرگە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانىڭلاردا چىڭ

[1] «المؤطأ» 9-توم، 139- بەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 2-توم، 435-بەت.

تورۇشلار، ئۇنى كۆچەيتىشلار، «قۇرئان كەرىم»نىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭمۇ ئەسلىدە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىگە بولغان ئىمانىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەھكاملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا چىن ئىشىنىڭلار.

ئەللامە تەبەرىي يۇقىرىقى ئايەت ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ ۋە ئايەتنى مۇنداق دەپ تەپسىر قىلىدۇ: «ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋە بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇلار ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنى تەستىقلىغان كىشىلەر! سىلەر ئاللاھقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سىلەرگە ۋە جىمى ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە چىن ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب ــ قۇرئانغا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق كىتابلارغا ئىمان ئېيتىڭلار»[1].

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ئەللامە فەخرۇددىن رازىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بولغان بىر توپ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يارەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا ۋە ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، مۇساغا، تەۋراتقا ۋە ئۇزەيرگە ئىمان كەلتۈرىمىز، بۇلاردىن باشقا پەيغەمبەرلەرنى ۋە كىتابلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دەيدۇ، ئۇلار: «ياق، بىز ئۇنداق قىلمايمىز» دەيدۇ. شۇ چاغدا يۇقىرىقى ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِن قَبۡلُۚ وَمَن يَكۡفُرۡ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ فَقَدۡ ضَلَّ ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىدۇ»[2].

يۇقىرىقى ئايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، يەنە

---

[1] «تفسير الطبري» 9ـ توم، 313ـ بەت.

[2] «مفاتيح الغيب للرازي» 11ـ توم، 243ـ بەت.

بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتقان، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمىگەنلەرنىڭ ئۇپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلايدۇ. شۇڭا خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتماستىن، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، خىرىستىيانلار بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن ئۆز كىتابلىرىنى ۋە ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا بېرىلگەن ساماۋى كىتابلار بىلەن ئۇلارغا كەلگەن پەيغەمبەرلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرۇلۇق بېشارەتلەرنى بەرگەن، ئەمما ئۇلار ئۆز كىتابلىرىغا ئەمەل قىلمىغان، پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بولسا ئۇنتۇغان، بەزىسىنى يوشۇرغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھۆكۈمدە ۋە گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر.

2. يالغان ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىش ياكى گۇۋاھلىق بەرگەندە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. شۇنداقلا گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇشنىڭ گۇناھىمۇ ئېغىردۇر.

3. ئىماننى ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە سالامەت ساقلاشنىڭ يولى ئۇنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن كۈچەيتىپ تۇرۇشتۇر.

4. ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە ئىماننىڭ بىرەرسىگە ئىشەنمىگەن ئادەم مۇئمىن، مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

### ◄ مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ٱزۡدَادُواْ
كُفۡرٗا لَّمۡ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغۡفِرَ لَهُمۡ وَلَا لِيَهۡدِيَهُمۡ سَبِيلَۢا ١٣٧ بَشِّرِ
ٱلۡمُنَٰفِقِينَ بِأَنَّ لَهُمۡ عَذَابًا أَلِيمًا ١٣٨ ٱلَّذِينَ يَتَّخِذُونَ ٱلۡكَٰفِرِينَ
أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۚ أَيَبۡتَغُونَ عِندَهُمُ ٱلۡعِزَّةَ فَإِنَّ ٱلۡعِزَّةَ لِلَّهِ
جَمِيعٗا ١٣٩ وَقَدۡ نَزَّلَ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ أَنۡ إِذَا سَمِعۡتُمۡ ءَايَٰتِ

ٱللَّهِ يُكۡفَرُ بِهَا وَيُسۡتَهۡزَأُ بِهَا فَلَا تَقۡعُدُواْ مَعَهُمۡ حَتَّىٰ يَخُوضُواْ
فِي حَدِيثٍ غَيۡرِهِۦٓ إِنَّكُمۡ إِذٗا مِّثۡلُهُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ جَامِعُ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ
وَٱلۡكَٰفِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعًا ﴿١٤٠﴾ ٱلَّذِينَ يَتَرَبَّصُونَ بِكُمۡ فَإِن كَانَ
لَكُمۡ فَتۡحٞ مِّنَ ٱللَّهِ قَالُوٓاْ أَلَمۡ نَكُن مَّعَكُمۡ وَإِن كَانَ لِلۡكَٰفِرِينَ
نَصِيبٞ قَالُوٓاْ أَلَمۡ نَسۡتَحۡوِذۡ عَلَيۡكُمۡ وَنَمۡنَعۡكُم مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۚ
فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَلَن يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لِلۡكَٰفِرِينَ عَلَى
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ سَبِيلًا ﴿١٤١﴾ إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَهُوَ خَٰدِعُهُمۡ
وَإِذَا قَامُوٓاْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ قَامُواْ كُسَالَىٰ يُرَآءُونَ ٱلنَّاسَ وَلَا يَذۡكُرُونَ
ٱللَّهَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿١٤٢﴾ مُّذَبۡذَبِينَ بَيۡنَ ذَٰلِكَ لَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ وَلَآ إِلَىٰ
هَٰٓؤُلَآءِۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلٗا ﴿١٤٣﴾

### تەرجىمىسى

137ـ ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن يەنە ئىمان ئېيتقان، ئاندىن يەنە كاپىر بولغان، ئاندىن كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلارنى ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ ۋە توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

138ـ (ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر.

139ـ مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدىغان بۇ مۇناپىقلار ئىززەت ۋە شەرەپنى كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىزدەۋاتامدۇ؟ شەكسىزكى، ئىززەت ۋە شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

140ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ كىتابتا سىلەرگە شۇنداق (ھۆكۈم) چۈشۈردىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلار) باشقا پاراڭغا يۆتكەلمىگۈچە، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا سىلەرمۇ (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە توپلىغۇچىدۇر.

141 ـ سىلەرنى كۈزىتىپ تۇرغان مۇناپىقلار ئەگەر سىلەرگە ئاللاھتىن بىرەر زەپەر نېسىپ بولسا، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار زەپەر قۇچسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىپ كەلگەن ۋە سىلەرنى مۆئمىنلەردىن قوغدىغان ئەمەسمىدۇق؟» دەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا (ھەققانىي) ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ.

142 ـ شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار نامازغا تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئاللاھنى بەك ئاز ياد ئېتىدۇ.

143 ـ مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار مۆئمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ تەۋە ئەمەس، ئاللاھ كىمنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان ئىكەن، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇنىڭغا (يەنى ھىدايەت تېپىشىغا) ھەرگىز يول تاپالمايسەن.

## ◄ تەپسىرى

بەزى ئىنسانلارنىڭ دىللىرى ئازغۇنلۇقنىڭ كىرلىرى بىلەن قارىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى كۆرىدىغان كۆزىنى پەردىلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نە قەلبى، نە ئەقلى ئىماننىڭ نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ. نەتىجىدە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرەلمەيدۇ. بۇلار مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا بارغىنىدا مۇسۇلمان، كاپىرلارنىڭ يېنىغا بارغىنىدا كاپىر بولۇپ، ئىككى ئارىلىقتا يۈرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، قەلبىدە كۇفرىنى يوشۇرىدۇ. ئۇلار مۆئمىنلەرنىڭ يېنىغا كەلسە، قايتا ئىمان ئېيتىدۇ، ئاندىن يەنە كۇفرىلىقىغا قايتىدۇ، يەنە ئىمان ئېيتىپ، يەنە كۇفرىغا قايتىدۇ. ئاندىن بۇرۇنقىدىنمۇ ئەشەددىي كاپىر بولۇپ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلامغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە خەتىرى ئىنتايىن چوڭدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەبىرى بويىچە مۇناپىقلار بۇ ناچار ئىللەتنى بىلەن تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ ھىدايەت تاپالمايدۇ. چۈنكى دىلمۇ خۇددى تۆمۈر داتلاشقاندەك داتلىشىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ قەلبى قاتمۇقات دات بېسىپ كەتكەنلىكتىن قارىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھىدايەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ھىدايەت تېپىش ئۈچۈن ئىنتىلمىدى، كۆزلىرىنى ھىدايەت

نۇرىغا ئاچمىدى. ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب باردۇر. ئۇلارنىڭ جايى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدۇر.

كاپىرلارنى چىن يۈرىكىدىن دوست تۇتىدىغان بۇ مۇناپىقلار مۇئمىنلەرنى كۆزىگە ئىلماي، كۈچ-قۇۋۋەت، غەلىبە-نۇسرەت ۋە شان شەرەپنى ئاشۇ كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىزدىمەكچى بولۇشىدۇ. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلار ياخشى ئاقىۋەتنىڭ مۇئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، بۇ مۇناپىقلار مۇئمىنلەرنى قويۇپ، ئىززەت، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە شان-شەرەپنى كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىزدەۋاتامدۇ؟ ھالبۇكى، كۈچ-قۇۋۋەت، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاس تۇرسا، ئۇ مۇناپىقلار بۇنى قانداقلارچە كاپىرلاردىن تىلەيدۇ؟

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە «قۇرئان كەرىم»دە شۇنداق ھۆكۈملەرنى چۈشۈردىكى، كاپىرلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ۋە مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، بۇ كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىماڭلار، ئۇلارغا قۇلاق سالماڭلار. ئۇلار باشقا سۆزلەرگە يۆتكەلمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ كۇفرى سۆزلىرىگە سۈكۈت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرساڭلار، سىلەرمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا گۇناھكار بولۇپ قالىسىلەر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارنى جەھەننەمگە توپلايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلار بىلەن شۇنىڭغا رازى بولۇپ سۈكۈت قىلغان ۋە كاپىرلارنى شۇنداق مەسخىرىگە تەشەببۇس قىلغان مۇناپىقلار جەھەننەمدە ئەڭ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدۇ.

«يۇقىرىقى خىتاب ساداقەتلىك مۇئمىنلەرگە قارىتىلغاندەك، مۇناپىقلارغىمۇ قارىتىلغان (چۈنكى مۇناپىقلارمۇ ئۆزلىرىنى مۇئمىن دەپ يۈرەتتى). ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى كاپىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى مەسخىرە قىلىدىغان سورۇنلىرىغا بارماسلىق ۋە كۇفرى سۆز بار يەردە تۇرماسلىققا ئەمر قىلغان. مەلۇمكى، ئۆز ۋاقتىدىكى مۇناپىقلار مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ - قوپۇشاتتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى. يەھۇدىيلار «قۇرئان كەرىم»نى سۆكسە ۋە مەسخىرە قىلسا، ھېلىقى مۇناپىقلار ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمەيتتى، بەلكى خۇشاللىناتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، «قۇرئان كەرىم»نى مەسخىرە

قىلغان كاپىرلار بىلەن ئۇنىڭغا رازى بولۇپ تۇرغان مۇناپىقلارنى قىيامەت كۈنىدە بىر يەرگە توپلاپ قاتتىق ئازابلايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ»[1].

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر مۇناپىقلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلاركى، ئۇلار سىلەرگە ئېغىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار پەلەكنىڭ چاقىنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا چۆگىلىشىنى كۈرۈشكە ئالدىرايدۇ. سىلەرگە نۇسرەت كەلگەن چاغدا ئۇلار «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا، بىزمۇ سىلەر ئالغان غەنىيمەتكە ھەقلىقمىز، بىزگىمۇ بېرىڭلار» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار ئۇھۇد غازىتىدىكىگە ئوخشاش بىرەر زەپەرگە ئېرىشىپ قالسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا: «بىز سىلەردىن غالىب كېلىپ تۇرۇپ سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق ئەمەسمۇ؟ بىز مۆئمىنلەرگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يالغان ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنئۇيىتىنى چۈشۈرۈش ۋە ئۇلارنى قورقۇنچقا سېلىش ئارقىلىق سىلەرنى ئۇلارنىڭ مەغلۇپ قىلىشىدىن قوغداپ قالدۇق ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇشتىنىمۇ مەنئى قىلىنغان تۇرۇپ، ئۇلارنى يۈرەكتىن دوست تۇتساق ھالىمىز نېمە بولماقچى؟!

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ھەممە ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتقا ياكى جازاغا ئېرىشىدۇ. بىر تۈركۈم كىشىلەر جەننەتتىن ئۆز ئورۇنلىرىنى ئالسا، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر دوزاختا ھەيدىلىدۇ ۋە دوزاختىن ئۆز ئورۇنلىرىنى ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلار ئۈچۈن مۆئمىنلەرنى مەغلۇپ قىلىشقا يول بەرمەيدۇ. بۇ يەردىكى «مۆئمىن» دېگەن سۆزدىن ھەقىقىي مۆئمىنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەنە شۇنداق ھەقىقىي مەنىدىكى چىن مۆئمىنلەرگە خاستۇر. مۆئمىنلەردە ھەقىقىي ئىمان يېتىلگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ -دە، مۆئمىنلەر كاپىرلارغا غالىب كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقا ئايەتلىرىدىمۇ غەلىبىنىڭ مۆئمىنلەرگىلا خاس ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ﴾[2]، ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿مۆئمىنلەرگە

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 444- بەت.

[2] ھەج سۈرىسى: 38-ئايەت.

يـاردەم بېرىــش بىـزنىــڭ قىلىــشقا تېگىــشلىك ئىــشىمىزدۇر﴾[1] دېگــەن ئايەتلـەر بۇنـىڭ مـىسالى. ئەپسۇسكى، ھازىرقى زامـانـدا ئـىمانـىدا راستچىل بولغان ھەقىقىي مۆئمىنلەر ئىنتايىن ئاز تېپىلىدۇ.

مۇناپىقــلار ئۆزلىرىنــىڭ ئەبگالىقــى، نادانلىقــى ۋە ئەخمەقلىقىدىــن ئۆزلىرىنىــڭ كاپىرلىقىنــى يوشــۇرۇپ، ئۆزلىرىنــى مۆئمىنلەرنىــڭ قاتارىدىــن قىلىــپ كۆرسىتىــشتە ئالدامچىلىــق قىلماقچــى بولىــدۇ، كىشــىلەرنىڭ كۆزىنــى بوياشــقا ئۇرۇنىــدۇ. ئەمــما ئالــلاھ تائــالا مۇناپىقلارنىــڭ بارلىــق قىلمىشــلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىــدۇر، ئۇلارغــا قىلمىشــلىرىغا يارىشــا جازا بەرگۈچىــدۇر. ئالــلاھ تائــالا بــۇ دۇنيــادا مۇناپىقلارنــى رەسـۋا قىلماسـلىقنى ۋە ئـۇلار تىلــى بىلــەن بولســىمۇ ئــىمان كەلتۈرســىنى ئېيتقــان ئىكــەن، ئۇلارغــا مۇســۇلمانلىق مۇئامىلىســى قىلىــشنى بۇيرۇغــان، ئەمــما ئاخىرەتتــە بولســا، ئالــلاھ تائــالا ئۇلارغــا دوزاخنىــڭ ئــەڭ ئاســتىنقى قەۋىتىــدىن ئــورۇن تەييارلىغان. مۇناپىقــلار ئۆزلىرىنــىڭ ئىككــى يۈزلىمىچىلىــك قىلمىشــلىرى بىلــەن مۆئمىنلەرنــى «ئالداۋاتىمىــز» دەپ ئويلىغىنــى بىلــەن ئــۇلار ئالــلاھ تائالانــى قەتئىــي ئالدىيالمايــدۇ. چۈنكــى ئالــلاھ تائــالا كۆڭۈللەردىكــى سىــرلارنى تولۇق بىلگۈچى زاتتۇر.

مۇناپىقلارنىــڭ نامازنىمــۇ، خــۇش ياقماسلىــق ۋە كىشــىلەرگە كۆرسىــتىش ئۈچــۈنلا ئوقۇيدىغانلىقــى ئەجەبلىنەرلىــك ئەمــەس، چۈنكــى ئــۇلاردا ئــىمان يــوق. ئــىمان يــوق قەلبتــە قانداقمــۇ ئالــلاھ تائالادىــن قورقــۇش ۋە ئۇنىڭدىــن ساۋاب كۈتۈش بولسۇن؟!

مۇناپىقــلار دىلــى بـۇزۇق، نىيىتــى يامــان ۋە كۆڭلــى قــارا مەخلۇقــلاردۇر. ئــۇلار ھېچقانــداق بىــر ئىــشنى ئىخــلاس بىلــەن قىلمايــدۇ، ئالــلاھ تائالادىــن قورقمايــدۇ، ئەيمەنمەيــدۇ. بارلىــق ئىبادەتلىرىــدە ۋە ياخشــى ئىشــلىرىدا رىياكارلىقنــى ئاســاس قىلىــدۇ. ئــۇلار كىشــىلەرگە ئۆزلىرىنــى مۆئمىنلــەردەك كۆرســىتىش ئارقىلىــق ئالــداش بىلــەن ئۇلارنــى تــوۋەن ســانايدۇ، كۆزگــە ئىلمايــدۇ ۋە بىزگــە ئالدىنىدىغــان ئەخمەقلــەر، دەپ كۆرىــدۇ. ئــۇلار نامازغــا تۇرغانــدا كىشــىلەرگە ئۆزلىرىنــى مۇســۇلمانلار قاتارىدىــن كۆرســىتىش ئۈچــۈن تۇرىــدۇ، ئالــلاھ تائالانــى بــەك ئــاز يــاد ئېتىــدۇ، ئــۇلار ھەمىشــە كۇفرى بىلــەن ئــىمان ئوتتۇرىســىدا ئارىسالدى بولــۇپ تۇرىــدۇ. ﴿كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوۡاْ فِيهِ وَإِذَآ أَظۡلَمَ عَلَيۡهِمۡ قَامُواْۚ﴾ يەنــى ﴿چاقمــاق ئۇلارنــى كــۆز نۇرىدىــن ئايرىــپ قويغىلــى تــاس قالــدۇ، چاقمــاق ئۇلارغــا ھەرقاچــان يورۇق چۈشۈرگەندە، ئــۇلار

[1] رۇم سۈرىسى: 47-ئايەت.

چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. (چاقماق ئۆچۈپ) قاراڭغۇلۇق باسقاندا بولسا تۇرۇپ قالىدۇ﴾[1].

مۇناپىقلار يا مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ ئەمەس، ياكى كاپىرلارغا ئاشكارا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئىككى ئارىدا تۇرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا توغرا يولنى نېسىپ قىلمايدۇ، ئۇلار ياخشىلىققا قاراپ مېڭىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆمرى ھەمىشە شۇنداق ئازغۇنلۇقتا ئۆتىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى ۋە مۇناپىقلارنى دوست تۇتۇش مۇناپىقلارنىڭ ئادىتىدۇر.

2. كاپىرلاردىن كۈچ-قۇۋۋەت، ئابرۇي ۋە شان-شەرەپ تەلەپ قىلىش كىشىلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنداق قىلىش كۇفرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى كۈچ-قۇۋۋەت، ئابرۇي -ئىززەت ۋە شان-شەرەپ پەقەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ ۋە ئۇنىڭدىنلا كېلىدۇ.

3. ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلىدىغان ياكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى سۆكىدىغان، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە تىل تەگكۈزىلىدىغان سورۇنلاردا ئولتۇرۇش مۆئمىنلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنىدۇ. دۈشمەنلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇلارنى سۈكۈت قىلدۇرۇشقا ئىشەنچىسى بولمىغان كىشىلەرگە ئۇلار بىلەن مۇنداق سورۇنلاردا ئولتۇرۇش چەكلىنىدۇ. چۈنكى «كۇفرىلىققا رازىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ئۆزى كۇفرىلىقتۇر، گۇناھقا رازى بولۇشنىڭ ئۆزى گۇناھتۇر» دېيىدىغان ھەقىقەت بار.

4. ھەقىقىي مەنىدىكى مۆئمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەقتۇر.

5. مۇناپىقلارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرى ئەمەللەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىشتۇر.

6. ئىسلام ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان سۆزلەر قىلىنىغان سورۇنلاردىن تۇرۇپ كېتىش لازىم.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 20 -ئايەت.

## ◄ كاپىرلارغا تەرەپدار بولۇشنىڭ ۋە مۇناپىقلىقنىڭ جازاسى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَۚ أَتُرِيدُونَ أَن تَجۡعَلُواْ لِلَّهِ عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينًا ١٤٤ إِنَّ
ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمۡ نَصِيرًا ١٤٥
إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَٱعۡتَصَمُواْ بِٱللَّهِ وَأَخۡلَصُواْ دِينَهُمۡ لِلَّهِ
فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَسَوۡفَ يُؤۡتِ ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَجۡرًا عَظِيمٗا
١٤٦ مَّا يَفۡعَلُ ٱللَّهُ بِعَذَابِكُمۡ إِن شَكَرۡتُمۡ وَءَامَنتُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ شَاكِرًا
عَلِيمٗا ١٤٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

144-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۆئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، (بۇنداق قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارنىڭ زىيىنىڭلارغا ئاللاھقا ئوپئوچۇق بىر پاكىت ھازىرلاپ بېرىشنى خالامسىلەر؟

145-مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا بىرەر ياردەم قىلغۇچىمۇ تاپالمايسەن.

146-پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، ئاللاھقا چىڭ ئېسىلغان، دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ مۆئمىنلەرگە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

147-ئەگەر سىلەر (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنىڭ ئەجرىنى بەرگۈچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشەنگەن مۆئمىنلەر! سىلەر ھەرگىز كاپىرلاردىن كۈچ-قۇۋۋەت تەمە قىلىپ ئۇلارغا تەرەپدار بولماڭلار. چۈنكى بارچە كۈچ-قۇۋۋەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر. سىلەر مۆئمىن تۇرۇپ،

قانداقمۇ مۇناپىقلارغا خاس بولغان بۇ ناچار ئىشنى قىلىسىلەر؟ سىلەر بۇ قىلىقىڭلار بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ھەقلىق بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا پاكىت تەييار قىلماقچىمۇ؟ مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇلارغا تەرەپدار بولۇش مۇئمىن كىشىدىن سادىر بولمايدىغان، پەقەت مۇناپىقلاردىنلا سادىر بولىدىغان بىر خىل ناچار ئىللەتتۇر. مۇناپىقلار ئەمەللىرىنىڭ ساختىلىقى، دىللىرىنىڭ بۇزۇقلۇقى تۈپەيلىدىن قىيامەت كۈنىدە دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ. دوزاخ چوڭقۇرلۇقتا بىر قانچە قەۋەت بولغاندەك، جەننەتمۇ مەرتىۋە جەھەتتە بىر-بىرىدىن بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى بولىدۇ. مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئازابلىنىشقا تولىمۇ تېگىشلىك بولغان مەخلۇقلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىسلامنى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگەشكەنلەردۇر. ئەمما كاپىرلار ھەق دىننى بىلىشتىن مەھرۇم، ئەقىل كۆزلىرى پەردىلەنگەن مەخلۇقلار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دوزاختىكى دەرىجىلىرى مۇناپىقلارنىڭكىدىن ئازراق پەرقلىق يەنى مۇناپىقلار چۈشكەن ئاستىنقى قەۋەتنىڭ بىر قەۋەت ئۈستىدە بولىدۇ. قىيامەت كۈنى كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇش ياكى ئۇلاردىن ئازابنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بىرەر مەدەتكار ياكى ياردەمچى چىقمايدۇ. ئەمما مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ شەرت بار:

1. ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشقا تىرىشىش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگىشىپ ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەش.

3. ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسمەن بولۇش، ئىبادەت ۋە دۇئالىرىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىش.

يۇقىرىقى شەرتلەرگە تولۇق توشقان كىشىلەر مۇئمىنلەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە قانداق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان كاتتا ئەجىر ۋە مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلىدۇ. ﴿فَلَا تَعۡلَمُ نَفۡسٞ مَّآ أُخۡفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعۡيُنٖ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا) ئۇلار ئۈچۈن ساقلانغان ھۇزۇر-

ھالاۋەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾[1].

﴿ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نىمە قىلىدۇ؟﴾ يەنى ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئازابلاشتىن نىمىنى مەقسەت قىلىدۇ؟ سىلەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ؟ ياق! ئۆزىگە بىرەر پايدا كەلتۈرۈش ياكى زىياندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇيا؟ ياق! ئاللاھ تائالا ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە ھەممىدىن بىھاجەت زاتتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئادالەتلىك زات بولغانلىقتىن ياخشى بىلەن ياماننى، كاپىر بىلەن مۇئمىننى، مۇناپىق بىلەن راستچىلنى پەرقلەندۈرۈشنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىپ ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلغان مۇئمىن بىلەن ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەرنى ئۆز مېھنىتىم ۋە ئەقىل-پاراسىتىم بىلەن تاپتىمغۇ، دەپ كۆرەڭلەپ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان، ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ئۇنىڭ موھتاج بەندىلىرىگە بەرمىگەنلەر قانداقمۇ تەڭ بولسۇن؟!

ئەگەر كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇپ، بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەلۋەتتە مۇكاپاتلايدۇ ۋە مۇئمىنلەرگە تەييارلانغان ئېسىل جەننەتلەردىن ئۇلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنى ياخشى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر. ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر﴾[2] ئاللاھ تائالا ناھايىتى سېخىي ۋە كەرەملىك زات بولۇپ، ئۇ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ بېرىدۇ، بىر ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان مۇنۇ دۇئالار بىلەن بۇ ماۋزۇنى تۈگىتىمىز: «اللَّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً ، وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً ، وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ» يەنى«ئى ئاللاھ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[3].

---

[1] سەجدە سۈرىسى: 17-ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 7- ئايەت.

[3] «صحيح البخاري» 6-توم، 28-بەت، 4522-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 2071-بەت، 2690-ھەدىس.

«اللهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتُّقَى ، وَالْعَفَافَ وَالْغِنَى» يەنى «ئى ئاللاھ! بىز سەندىن بىزگە ھىدايەت، تەقۋالىق، ئىپپەت ۋە سەندىن باشقىسىغا موھتاج بولمايدىغان قانائەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمىز»[1]. «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ ، وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ ، أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ ، وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» يەنى «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئاشكارا-يوشۇرۇن، بۇرۇن ۋە كېيىن قىلغان بارلىق گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ۋە مەڭگۈگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان زاتسەن، سەن ھەممىگە قادىرسەن»[2].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتۇش مۇناپىقلارنىڭ رەزىل قىلىقى بولۇپ، مۇسۇلمان ئادەم ھېچ ۋاقىت كاپىرلارنى مۇئمىنلەردىن ئارتۇق كۆرمەيدۇ ۋە ئۇلارغا يۈرەكتىن بېرىلمەيدۇ.

2. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، كاپىرلارنىڭ قوينىغا ئۆزلىرىنى ئاتقان ۋە كاپىرلارنى ئۆز دىنداشلىرىدىن ئەۋزەل كۆرگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ-دە، كاپىرلار ئۇلارنى خارلايدۇ، بوزەك قىلىدۇ، بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىدۇ.

3. تەۋبە بۇرۇن سادىر قىلغان بارلىق گۇناھلارنى يۇيۇشقا يېتەرلىكتۇر. تەۋبە قىلغان ئادەم خۇددى ھېچ گۇناھ قىلمىغانغا ئوخشاش بولىدۇ. گۇناھ قانچىلىك ئېغىر ۋە كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنى چوقۇم كەچۈرىدۇ.

4. شۈكۈر قىلغۇچى مۇسۇلماننى ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان نېمەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ئىمان بىلەن شۈكۈر ئىككىسى ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىلدۇر.

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2087-بەت، 2721-ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 8-توم، 84-بەت، 6398-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 534-بەت، 771-ھەدىس.

## يامان سۆزنى ئاشكارىلاشنىڭ زىيىنى

﴿لَّا يُحِبُّ ٱللَّهُ ٱلۡجَهۡرَ بِٱلسُّوٓءِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ إِلَّا مَن ظُلِمَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ
سَمِيعًا عَلِيمًا ﴿١٤٨﴾ إِن تُبۡدُواْ خَيۡرًا أَوۡ تُخۡفُوهُ أَوۡ تَعۡفُواْ عَن سُوٓءٖ فَإِنَّ
ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا ﴿١٤٩﴾﴾

### تەرجىمىسى

148ـ ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى (نىڭ زالىم ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى)دىن باشقا (ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ) يامان سۆزنى ئاشكارىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

149ـ سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىرەر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى (باشقىلار قىلغان) بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى كەچۈرگۈچىدۇر، چەكسىز قۇدرەتلىكتۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتكە كەلگۈچىلىك بولغان بايانلار مۇناپىقلار بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ كاپىرلىرى ئۈستىدە بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىن كېيىن يەنە سۆز كاپىرلارنىڭ سۈيىقەستلىرى، ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە ئازغۇنلۇقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىشقا قايتىدۇ. بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بىلىش زۆرۈردۇر. بۇ ئايەتلەردە ۋە باشقا نۇرغۇن ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان.

ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە يامانلىقلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يامان سۆزنى ئاشكارىلاشنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى بۇ

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە جەڭگى- جېدەللەرنى پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ يامان تەسىر قالدۇرىدۇ. ئەمما زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەم ئۆزىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتىپ، زالىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوقتۇر. چۈنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى بۇ توغرىدا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئەرز سۇنۇش ۋە مەھكىمىدە ئۇنى بايان قىلىشقا موھتاجدۇر.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۆز- چۆچەكلەرنى تارقىتىپ يۈرۈش خەتەرلىك بىر ئىجتىمائىي ئىللەت بولۇپ، ئۇ غەيۋەت، يالغان سۆز، سۇخەنچىلىك، تۆھمەت قاتارلىق سۆز ۋە يېزىق ئارقىلىق سادىر بولىدىغان بارلىق قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مەيلى زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن، مەيلى زۇلۇم قىلىنغۇچى بولسۇن، ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆزىنى ۋە پەريادىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەركىمنىڭ قىلغان ۋە قىلىشقا نىيەت قىلغانلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ھەركىمنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

سىلەر بىرەر ياخشىلىقنى ياكى ياخشى سۆزنى ئاشكارا ياكى مەخپىي قىلساڭلار ياكى باشقىلار قىلغان بىرەر يامانلىقنى كەچۈرۈۋەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ كىشىلەرنى كەچۈرگۈچىلەرنى دوست تۇتقۇچىدۇر. ئۇنداقتا، سىلەرمۇ كىشىلەرنى كەچۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ۋە ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىتائەتمەنلەرگە مۇكاپات بېرىشكە يېتەرلىكتۇر. ھەقىقىي كەچۈرۈم- ئۆزىگە يامانلىق قىلغۇچىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشتۇر.

ئۆزى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ياخشى ئەمەس، خۇسۇسەن، رىيا ۋە نىفاق گىرداۋىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغانلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى، خۇسۇسەن خەير- ساخاۋەتلەرنى مەخپىي قىلىش ۋە قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى مەخپىي تۇتۇش ئەۋزەلدۇر. بۇنداق قىلىش پېقىرلار ۋە موھتاجلارنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ ئەڭ ياخشى ئىشتۇر. ئەمما قەلبى ئىمان ۋە ئىخلاس بىلەن بېزەلگەن، كىشىلەرگە ئۈلگە بولالايدىغان ۋە رىياكارلىقتىن ساقلىنالايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش يۈزىسىدىن، ئۇلارغا بىلدۈرۈشى جائىزدۇر. خۇسۇسەن،

ئۆلگىلىك كىشىلەرنىڭ، مۆئەللىمنىڭ ۋە ھەرقانداق بىر تەربىيەچىنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى نامايان قىلىشى ئۇلاردىن ئۈگەنگۈچىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. شۇنداقلا، ئاتا-ئانىنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى پەرزەنتلىرىگە كۆرسىتىپ قىلىشى پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيەسى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكىدىغان يامان سۆزلەرنى قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر. باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ۋە قىلمىشلىرىنى يېيىپ يۇرۇشمۇ قەتئىي ھارامدۇر. پەقەتلا ئەمەلىي ئەھۋالدىن گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئەرز-شىكايەت ئىشلىرىدا كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنى ئاشكارا ئېيتىشقا بولىدۇ.

2. خەير-ساخاۋەتنى ۋە ھەرقانداق بىر سەدىقىنى مەخپىي قىلىش ئاشكارا قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. پېقىرلارنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈن، خەير-ساخاۋەتنى ۋە سەدىقىنى مەخپىي قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش پەرزدۇر.

3. كىشىلەرنى كەچۈرگۈچىلەرنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ، يەنى كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدىغان، كەڭ قورساق، كەچۈرۈمچان كىشىلەرنىڭ بۇ ياخشى ئەخلاقى يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ياپىدۇ ۋە كەچۈرۈۋېتىدۇ.

## ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ نەتىجىسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ ٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيَقُولُونَ نُؤۡمِنُ بِبَعۡضٖ وَنَكۡفُرُ بِبَعۡضٖ وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ١٥٠ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ حَقّٗاۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ١٥١ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَلَمۡ يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ أُوْلَٰٓئِكَ سَوۡفَ يُؤۡتِيهِمۡ أُجُورَهُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ١٥٢﴾

## تەرجىمىسى

**150 ـ 151ـشۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەكچى (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلماقچى) بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ۋە ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار ـ ئەنە شۇلار راستتىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق.**

**152ـئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىپ قويمىغان (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.**

## تەپسىرى

كۇفرى بىلەن ئىمان بىر-بىرىگە زىت ئىككى نەرسە بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر قەلبتە ئورۇن ئالالىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق قانداقمۇ بىرلىشەلىسۇن؟ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئاشكارا ئىنكار قىلىدىغانلار بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانى ئاشكارا ئىنكار قىلمىسىمۇ، ئۆز ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلارمۇ كۆپتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىماقچى بولغانلار بار. بۇنداقلار ئىسلام نەزىرىدە، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىغان كاپىرلارغا ئوخشاش سانىلىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار دەل شۇلارنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنى ئىنكار قىلىدۇ. خرىستىيانلار مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئىمان ئېيتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كاپىرلار يەرشارى نوپۇسىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇلار بۇ قىلمىشى ئارقىلىق كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتماقچى بولىدۇ. مۇنداقلار ھەقىقىي كاپىرلار ۋە ئازغۇنلۇققا

پاتقانلاردۇر. ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىدىنمۇ توغرا ۋە كۈچلۈك قانۇن بارمۇ؟ بۇنداق كاپىرلارغا ئاللاھ تائالا دەردلىك ئازابنى تەييارلىدى.

ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى ياكى ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانلارغا بۇنداق قاتتىق ئازابنىڭ ۋەدە قىلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش دېگەنلىك ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە، دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ پەقەت پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىش ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەردۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەسلىكنى قانداقمۇ ئىمان دېگىلى بولسۇن؟!

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتتۇق دەپ، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردەك مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغىلا ئىمان ئېيتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش ئىمان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى. خرىستىيانلارمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىمان ئېيتقان بولاتتى. چۈنكى ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ۋە كىتابلىرى ئارقىلىق ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىلاھىي دەستۇرلىرىدا ـ «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردا ـ سۈپىتى بايان قىلىنغان ۋە كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەتلەر بېرىلگەن پەيغەمبەردۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى باشقا ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭكىدىن كۆپ ۋە ئېنىقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» ھىدايەتنىڭ مەشئىلى ۋە ئىلىم ـ ئىرپاننىڭ مەنبەسى بولغان، ئىچىدىكى بايانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك بولمىغان ئىلاھىي كىتابتۇر. ﴿ذَٰلِكَ ٱلْكِتَٰبُ لَا رَيْبَ ۛ فِيهِ ۛ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر،

تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾[1].

مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ھەقىقىي مەنىدە چىن ئىمان ئېيتىدىغان، ئىمان ئېيتىشتا پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنىمۇ ئايرىپ قويمايدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىيامەت كۈنىدە تولۇق ۋە كامىل بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئىمانى دۇرۇس ئەمەس، ئۇلار ئەقىدە جەھەتتە بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلاردىن سانىلىدۇ.

2. چىن ئىشىنىش تەلەپ قىلىنغان دىنىي مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان كىشى ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش كاپىر بولىدۇ.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەستۇر.

4. ئىسلام دىنى ھەقتۇر. ئەمما يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرى ئۆزگەرتىلگەن دىنلاردۇر.

5. ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرى مۆئمىنلەرگە خاستۇر. كاپىرلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابتىن باشقىسى يوقتۇر.

## ◄ يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسىم قىلمىشلىرى

﴿يَسْـَٔلُكَ أَهْلُ ٱلْكِتَـٰبِ أَن تُنَزِّلَ عَلَيْهِمْ كِتَـٰبًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۚ فَقَدْ
سَأَلُوا۟ مُوسَىٰٓ أَكْبَرَ مِن ذَٰلِكَ فَقَالُوٓا۟ أَرِنَا ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْهُمُ
ٱلصَّـٰعِقَةُ بِظُلْمِهِمْ ۚ ثُمَّ ٱتَّخَذُوا۟ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَـٰتُ
فَعَفَوْنَا عَن ذَٰلِكَ ۚ وَءَاتَيْنَا مُوسَىٰ سُلْطَـٰنًا مُّبِينًا ﴿١٥٣﴾ وَرَفَعْنَا فَوْقَهُمُ
ٱلطُّورَ بِمِيثَـٰقِهِمْ وَقُلْنَا لَهُمُ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْبَابَ سُجَّدًا وَقُلْنَا لَهُمْ لَا
تَعْدُوا۟ فِى ٱلسَّبْتِ وَأَخَذْنَا مِنْهُم مِّيثَـٰقًا غَلِيظًا ﴿١٥٤﴾ فَبِمَا نَقْضِهِم

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 2-ئايەت.

مِّيثَٰقَهُمۡ وَكُفۡرِهِم بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَقَتۡلِهِمُ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ بِغَيۡرِ حَقّٖ وَقَوۡلِهِمۡ
قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ بَلۡ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَيۡهَا بِكُفۡرِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُونَ إِلَّا
قَلِيلٗا ﴿١٥٥﴾ وَبِكُفۡرِهِمۡ وَقَوۡلِهِمۡ عَلَىٰ مَرۡيَمَ بُهۡتَٰنًا عَظِيمٗا ﴿١٥٦﴾ وَقَوۡلِهِمۡ
إِنَّا قَتَلۡنَا ٱلۡمَسِيحَ عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ رَسُولَ ٱللَّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا
صَلَبُوهُ وَلَٰكِن شُبِّهَ لَهُمۡۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ لَفِي شَكّٖ مِّنۡهُۚ
مَا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٍ إِلَّا ٱتِّبَاعَ ٱلظَّنِّۚ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينَۢا ﴿١٥٧﴾ بَل رَّفَعَهُ
ٱللَّهُ إِلَيۡهِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمٗا ﴿١٥٨﴾ وَإِن مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا
لَيُؤۡمِنَنَّ بِهِۦ قَبۡلَ مَوۡتِهِۦۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ شَهِيدٗا ﴿١٥٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**153**ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئەھلى كىتاب سەندىن ئۆزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشۈڭنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى تەلەپ قىلىپ: «بىزگە ئاللاھنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى چاقماق سوقتى. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدى. كېيىن بىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلدۇق. بىز مۇساغا (پەيغەمبەر-لىكىنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئاتا قىلغان ئىدۇق.

**154**ـئۇلار (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقانلىقى تۈپەيلى) ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇر (تېغى)نى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: «(بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن ئېگىلگەن هالدا كىرىڭلار» ۋە «شەنبىدە (بېلىق تۇتۇپ) ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار» دەپ، ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق (كېيىن ئۇلار ئەھدىنى بۇزدى).

**155**ـئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە (سۆزۈڭنى چۈشىنىشتىن) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ئاز ئىمان ئېيتىدۇ.

**156**ـيەنە ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلارنى جازالىدۇق).

157ـيەنە (ئۇلار) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مەسىھنى - مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ھالبۇكى، ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگەنمۇ ئەمەس، دارغا ئاسقانمۇ ئەمەس، لېكىن (ئۇلار ئۆلتۈرگەن ئادەم) ئۇلارغا ئىيساغا ئوخشاش كۆرسىتىلدى، ئىيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ (ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسى)دا شەك ئىچىدىدۇر. ئۇلار بۇ (توغرىدا ھېچقانداق) مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرەلمىدى.

158ـبەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

159ـئەھلى كىتابتىن ھەرقاندىقى (ئىيسا ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشكەندىن كېيىن) ئۇ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن چوقۇم ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ. ئىيسا قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار سەندىن سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا ساماۋى خەت بىلەن يېزىلغان بىر كىتابنىڭ نازىل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ تەلىپى ئۇلارنىڭ نەقەدەر ئەخمەق، نەقەدەر ھاكاۋۇر قەۋم ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ﴿وَلَوۡ نَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ كِتَٰبٗا فِي قِرۡطَاسٖ فَلَمَسُوهُ بِأَيۡدِيهِمۡ لَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلار: «بۇ پەقەتلا ئوپئوچۇق بىر سېھىردۇر» دەيتتى﴾[1]. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپنى قىلىشتىكى غەرىزى ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت پەيغەمبەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتلار كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! بۇ يەھۇدىيلار سېنى چارىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، سەندىن بۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ مۇنداق تەلەپلىرىدىن ئەجەبلىنىپ كەتمىگىن ۋە بۇنى كۆپ ساناپ كەتمىگىن. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىنمۇ بۇنىڭدىن چوڭراقىنى تەلەپ قىلىپ: ﴿لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 7- ئايەت.

﴿حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهۡرَةً﴾ يەنى ﴿بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾[1] دەپ تۇرۇۋالغان ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھازىرقى زامان يەھۇدىيلىرىغىمۇ مەنسۇپ قىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ بايانلار ئۆتتى. چۈنكى ھازىرقىلىرى ئۆتمۈشتىكىلىرىنىڭ ئىللەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ناچارلىقلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. «ئەھلى كىتاب»دېگەن سۆز يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ھازىرقىلىرى ۋە ئۆتمۈشتىكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي ئاتالغۇدۇر. يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىمۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كۆز بىلەن كۆرۈلۈشتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، مۇنداق بىھۇدە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى ساڭا ئاسماندىن قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتاب چۈشۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن بەك ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇلار بۇ تەلىپى سەۋەبلىك جازاغا ئۇچرىغان ئىدى. ﴿وَإِذۡ قُلۡتُمۡ يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهۡرَةً فَأَخَذَتۡكُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا سىلەر: «ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار-دە، قاراپ تۇرغان چېغىڭلاردا سىلەرنى چاقماق سوقتى﴾[2].

ئۇلار چاقماق سوقۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ قايتا ھاياتلىققا ئىگە قىلغان تۇرسا، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئىبادەتنىڭ پەقەت شۇ بىرلا ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، موزاينى ئىلاھ قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار گۇناھلىرى ئۈچۈن سەممىي تەۋبە قىلغان چېغىدا بىز ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدۇق، موزايغا چوقۇنغانلىق گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتتۇق.

﴿وَءَاتَيۡنَا مُوسَىٰ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا﴾ دېگەن ئايەتنى كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ﴿بىز مۇساغا (پەيغەمبەرلىكىنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئاتا قىلغان ئىدۇق﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتكە: «بىز مۇساغا ھۆججەت ۋە دەلىل-پاكىت ئاتا قىلدۇق. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا

[1] بەقەرە سۈرىسى: 55-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 55- ئايەت

بېرىلگەن مۆجىزىلەردۇر»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنىڭ ﴿سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا﴾ دېگەن قىسمىغا «تولۇق سالاھىيەت» دەپ مەنە ئېيتقان. شۇڭا ئۇلار ئايەتنى «بىز مۇساغا موزايغا چوقۇنغانلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن تولۇق سالاھىيەت بەردۇق» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ تەپسىرگە ئاساسلانغاندا، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا موزايغا چوقۇنغانلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تولۇق سالاھىيەت بەرگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىچىدىكى موزايغا چوقۇنمىغانلارنى موزايغا چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ﴿وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِنَّكُمۡ ظَلَمۡتُمۡ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلۡعِجۡلَ فَتُوبُوٓاْ إِلَىٰ بَارِئِكُمۡ فَٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ عِندَ بَارِئِكُمۡ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى (يەنى موزايغا چوقۇنمىغانلىرىڭلار چوقۇنغانلارنى) ئۆلتۈرۈڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئىدى. (سىلەر بۇنى ئورۇندىدىڭلار) شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنىڭ ﴿سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا﴾ دېگەن قىسمىغا «ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپات ۋە قۇدرەت» دەپ مەنە ئېيتقان. بۇنداق مەنە ئېيتىش يۇقىرىقى ھەر ئىككى تەپسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى «ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپات» مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ، «قۇدرەت» مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئىلگىرى ئۇلاردىن «تەۋرات»تا بۇيرۇلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش توغرۇلۇق مەھكەم ئەھدە ئالغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئەھدىسىدىن يېنىۋېلىپ، «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقان، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتماڭلار دېسە، ئۇلار شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق ھەددىدىن ئاشقان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنى تىكلەپ قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى بۇرۇن

---

[1] «تفسير القرطبي» 5- توم، 370- بەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 54- ئايەت.

بەرگەن ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىشقا ۋە بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئېگىلگەن هالدا كىرىشكە بۇيرۇغان. يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا تۇر تېغىنى تىكلەپ قويۇش ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۆجىزە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى، لېكىن يەھۇدىيلارغا مۆجىزىلەر كار قىلمىدى، ئۇلار بەرگەن ئەھدىسىگە يەنىلا خىلاپلىق قىلدى.

ئاللاھ تائالانىڭ يەھۇدىيلارغا بۇيرۇغانلىرى ئۇلارنى سىناش ۋە ئىمتىهان قىلىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن ئۇلار سىناقتىن ئۆتەلمىدى ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى. ئۇلاردىن ئېلىنغان ئەھدىدە ئۇلارنىڭ «تەۋرات»قا ئىزچىل ئەمەل قىلىشى، ئۇنى يوقىلىشتىن، بۇرمىلىنىشتىن ساقلىشى، ئۇنى چىڭ مۇهاپىزەت قىلىشى، ئىيسا ۋە مۇهەممەد ئەلەيهىسسالاملار توغرۇلۇق بېرىلگەن بېشارەتلەرنى يوشۇرماسلىقى قاتارلىقلار قەيت قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئەگەر ئۇز ئەھدىسىدىن يېنىۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تۈرلۈك ئازابلىرىغا ھەقلىق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم بېرىشكەن.

ئۇلار شۇنچە مەھكەم ئېلىنغان ئەھدە ۋە قەسەمدىن كېيىن قانداق قىلدى؟

«قۇرئان كەرىم» يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتلىرىنى، ئەھدە ۋە قەسەملىرىنى بۇزۇشتەك نامەردلىكىنى قەيت قىلغان.

ئەللامە تەبەري ﴿فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ وَكُفْرِهِم بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَقَتْلِهِمُ
ٱلْأَنۢبِيَآءَ بِغَيْرِ حَقٍّ وَقَوْلِهِمْ قُلُوبُنَا غُلْفٌۢ ۚ بَلْ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَيْهَا بِكُفْرِهِمْ فَلَا
يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٥٥﴾ وَبِكُفْرِهِمْ وَقَوْلِهِمْ عَلَىٰ مَرْيَمَ بُهْتَٰنًا عَظِيمًا ﴿١٥٦﴾ وَقَوْلِهِمْ إِنَّا
قَتَلْنَا ٱلْمَسِيحَ عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتلەرنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ تەۋراتقا ئەمەل قىلىش ھەققىدە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغانلىقى، پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى ۋە دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرگەن دەلىل - پاكىتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ھېچبىر سەۋەبسىز ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە سېنىڭ سۆزۈڭنى چۈشىنىشتىن، سەن دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاشتىن دىللىرىمىز پەردىلەنگەن، شۇڭا بىزگە قىلغان ۋەز-نەسىھەتلىرىڭنىڭ بىزگە قىلچە پايدىسى يوق، دېگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، شۇڭا، ئۇلار- يەنى

ئاللاھ سۆيەتلىرىنى بايان قىلغان كاپىرلار دىللىرى پېچەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن ــ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇ پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ناھايىتى ئاز ئىمان ئېيتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا ئىشەنمەيدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى تەستىقلاپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىدۇ، ساماۋى كىتابلارنىڭمۇ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەستىق قىلىپ ئېيتقان ئىمانى ئىنتايىن ئاز ۋە يېتەرسىزدۇر»[1].

مۇپەسسىرلەر يەنە ﴿فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئالدىدىكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ ياكى مۇستەقىل مەنىگە ئىگىمۇ دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە دەپ قارايدۇ. ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: يەھۇدىيلارنىڭ ۋەدىسىنى بۇزغانلىقى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى، دىللىرىمىز پەردىلەنگەن، دېگەنلىكىدەك بىر قاتار جىنايەتلىرى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئالدىنقى ئايەت بىلەن مۇنا- سىۋەتلىكتۇر دەپ قارايدۇ. ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىسىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى چاقماق سوقتى، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئەڭ توغرا قاراش ﴿فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ﴾ دېگەن ئايەت ئالدىنقى ئايەتتىن مۇستەقىل مەنىگە ئىگە دەيدىغان قاراشتۇر. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، چاقماق سوققان يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلاردۇر. ئەمما پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلغان، ‹ئىيسانى ئۆلتۈردۇق› دېگەن يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن ئۇزۇن زامانلار كېيىن كەلگەن يەھۇدىيلاردۇر. شۇڭا ھەزرىتى مەريەمگە تۆھمەت چاپلىغانلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ياكى چاقماق سوققانلارنى كۆرگەن ئەمەس»[2].

---

[1] «تفسير الطبري» 9- توم، 363- 364- بەتلەر.

[2] «تفسير الطبري» 9- توم، 366- بەت.

يەھۇدىيلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا نازىل بولغان «ئىنجىل» نى ئىنكار قىلىشى ۋە ھەزرىتى مەريەمگە زىنا قىلغان دەپ تۆھمەت قىلىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردۇق، دەپ جۆيلۈشى قاتارلىق قىلمىشلىرى ھەقىقەتەن ئېغىر جىنايەتلەردۇر.

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» ۋە «مەريەمنىڭ ئوغلى» دەپ سۈپەتلىگەن. بۇ خرىستىيانلار-نىڭ «ئىيسا-ئاللاھتۇر»، «ئىيسا-ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېگەن سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە پاكتۇر.

يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈردۇق، دەپ گۇمان قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلىگەن ئەمەس، دارغا ئاسقانمۇ ئەمەس، ئۇلار باشقا بىر شەخسنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەپ ئويلاپ قىلىپ شۇ شەخسنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قانداقمۇ ئۆلتۈرەلىسۇن؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ[1] ھەممىسىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىغان. مەسىلەن: نۇھ ئە-لەيھىسسالامنى توپان بالاسىدىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى نەمرۇدنىڭ ئوتىدىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ قەستىدىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىس-سالامنى مۇشرىكلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغان.

ئەھلى كىتابتىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقانلار شەك ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ياكى ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەنلا ئىش كۆرمەكتە.

خرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك «ئىنجىللار»دا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان كېچىسى مۇرىتلىرىغا: «بۇ كېچە ھەممىڭلار شەكتە قالىسىلەر» دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

---

[1] ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالا ئەھقاف سۈرىسىدىكى ﴿فَٱصۡبِرۡ كَمَا صَبَرَ أُوْلُواْ ٱلۡعَزۡمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ وَلَا تَسۡتَعۡجِل لَّهُمۡ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر!) سەن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر چىداملىق بولغاندەك چىداملىق بولغىن، ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا كېلىدىغان ئازابقا) ئالدىراپ كەتمىگىن﴾ دېگەن ئايەتتە «أولوالعزم» (ئىرادىلىك) دەپ سۈپەتلىگەن نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلاردۇر.

ھازىرقى «ئىنجىللار»دا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارغا تۇتۇپ بەرگەن كىشىنىڭ يەھۇزا ئىسىملىك بىر خائىن ئىكەنلىكى، كېيىن يەھۇدىيلار يەھۇزانى ئىيسا دەپ ئويلاپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

## ◄ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى

مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرەلمىدى، دارغىمۇ ئاسالمىدى، لېكىن (ئۇلار ئۆلتۈرگەن ئادەم) ئۇلارغا ئىيساغا ئوخشاش كۆرسىتىلدى﴾ دېگەن خەۋىرىگە ئاساسەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلمىگەن، دارغىمۇ ئېسىلمىغان، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان. مۇپەسسىرلەر﴿بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئۇ ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشىدۇ، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، كىرېستلارنى چېقىپ تاشلايدۇ، دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلىغان زاتتۇر. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى خرىستىيان بولسۇن، ئەھلى كىتابتىن بولغان قانداقلا بىرسى ئاخىر زاماندا ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا چوقۇم توغرا رەۋىشتە ئىمان ئېيتىدۇ، شۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى، ھەزرىتى مەريەمگە تاشلىغان «بول» دېگەن كەلىمىسى ۋە ئاللاھ تائالا ياراتقان بىر روھ ئىكەنلىكىگە، خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى، بەندىسى ۋە كەلىمىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى ياكى ئىلاھ ئەمەسلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى شۇنداق تۇرسا، ئۇلارنىڭ جېنى ھەلقۇمغا يەتكەندە ۋە ئۆلىدىغان چېغىدا ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە ئىمان ئېيتقانلىقىنىڭ پايدىسى بولامدۇ؟ ھەرگىز پايدىسى بولمايدۇ. كاشكى، ئۇلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئىمانىنى تۈزىتىشكە ئالدىرىسا ئىدى.

## خرىستىيان دىنىغا چاقىرغۇچىلارنىڭ سەپسەتىسى

خرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كرېستتا مىخلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە بۇ سەپسەتىسىگە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالاشقانلىق قىسسىسىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار دەيدۇكى، «ئادالەت بىلەن رەھمەت ئۆزئارا جىدەللىشىپ قېلىپ، ئىش ئاخىرى ئىيسانىڭ ئىنسانىيەتنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇيۇش ئۇچۇن ئۆزىنى پىدا قىلىپ دارغا ئېسىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان». ئەمما «قۇرئان كەرىم» بۇ ئەقىدىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ ۋە توغرا ئەمەس دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بىزمۇ بۇ ئەقىدىنى رەت قىلىمىز. ﴿ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگەنمۇ ئەمەس، دارغا ئاسقانمۇ ئەمەس، لېكىن (ئۇلار ئۆلتۈرگەن ئادەم) ئۇلارغا ئىيساغا ئوخشاش كۆرسىتىلدى﴾.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە دارغا ئېسىلغان دەيدىغان مەسىلىدە ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئورۇن يوق، بەلكى ئىشەنچلىك مەنبەدىن كېلىشى لازىم. بىز مۇسۇلمانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكىنى، دارغىمۇ ئېسىلمىغانلىقىنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئۆگەندۇق.

«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى تا ھازىرغىچە تولۇق يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتابتۇر. ھەرقانداق كىشى ئىنساپ بىلەن ئويلاپ كۆرسە، «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بىر خىل ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا بۇ كىتابنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، ھەق ۋە راست كىتاب ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. ئەمما ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەيدىغان كىتابلار بىرەر ئىشەنچلىك مەنبەدىن ياكى ئىشەنچلىك يول بىلەن كەلگەن ئەمەس. چۈنكى خرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى «ئىنجىل»لار ئوخشاش بولمىغان ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان. شۇڭا دۇنيادا «ئىنجىل» نۇسخىلىرى كۆپ ۋە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

خرىستىيانلار قانداقمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھ»، «ئاللاھنىڭ ئوغلى»، «ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى» دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ دارغا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار تېخى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دارغا مىخلانغاندا قاتتىق ئاغرىققا چىديالماي، ۋارقىراپ يىغلىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. «ئىنجىل»لارنىڭ بىرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى ئاتا! مۇمكىن بولسا بۇ قەدەھنى مەندىن

ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ئەگەر بۇ قەدەھنى زادى ئىچمىسەم بولمىسا، مەيلى ئىش سېنىڭ خالىغىنىڭچە بولسۇن» دەپ، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

يەنە كېلىپ ئەقلى بار ئادەم «ئىيسا ئادەم (ئەلەيھىسسالام)نىڭ خاتالىقىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان» دېيىدىغان سەپسەتىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟ ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقىنى يوق قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن تاكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگۈچىلىك كۆپ ۋاقىت ئويلانغانمىدۇ؟ شۇ ۋاقىتقىچە كۈتۈپ تۇرغانمىدۇ؟ ئەگەر ئىش شۇلار دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھىدىن پاكلانماستىن، ئاسىي-گۇناھكار پېتى ۋاپات بولغان بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشتىن بۇرۇن ئۆلگەن ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن ئادالىتى قانداقلارچە جىدەللىشىپ قالسۇن؟ بۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ كونتروللىدا بولۇپ، ھەر ئىش ئاللاھ تائالا خالىغان بويىچە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

دۇنيادا قانداق بىر دىن ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە «پەيغەمبىرىڭلار گۇناھلىرىڭلارنى يۇيۇپ بولغان» دېگەن سەپسەتە بىلەن گۇناھ قىلىشنى، يامان ئىش قىلىشنى ئۇلار ئۈچۈن راۋا كۆرىدۇ؟ بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ؟! ئەپسۇسكى، مۇتلەق كۆپ سانلىق خىرىستىيانلار شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالاغا مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، بىزنى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت توپتوغرا دىنغا ھىدايەت قىلدى. جانابى ئاللاھ تائالادىن ئىمانىمىزنى ئاخىرغىچە شۇ پېتى داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى تىلەيمىز.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار گەرچە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار كاپىرلاردىن سانىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانى ياكى ئىسلامدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ.

3-پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئىمان پەيغەمبەر-

لەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ ئاسىيلىقى

﴿فَبِظُلۡمٖ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ طَيِّبَٰتٍ أُحِلَّتۡ لَهُمۡ
وَبِصَدِّهِمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ كَثِيرٗا ١٦٠ وَأَخۡذِهِمُ ٱلرِّبَوٰاْ وَقَدۡ نُهُواْ عَنۡهُ
وَأَكۡلِهِمۡ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ مِنۡهُمۡ عَذَابًا
أَلِيمٗا ١٦١ لَّٰكِنِ ٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ مِنۡهُمۡ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ يُؤۡمِنُونَ
بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَۚ وَٱلۡمُقِيمِينَ ٱلصَّلَوٰةَۚ وَٱلۡمُؤۡتُونَ
ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ أُوْلَٰٓئِكَ سَنُؤۡتِيهِمۡ أَجۡرًا
عَظِيمًا ١٦٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

160ـ161ـ يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان زۇلمى، نۇرغۇن (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقى، جازانىدىن چەكلەنگەن تۇرۇقلۇق ئۇنى ئالغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ناھەق يېۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق.

162ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق كىتابلار)غا ئىمان ئېيتىدىغان مۇئمىنلەرگە، بولۇپمۇ نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارغا، زاكات بەرگۈچىلەرگە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.

### ◄ تەپسىرى

بۇرۇنقى يەھۇدىيلار گۇناھ ۋە يامان ئىشلارغا پاتقانسېرى، خۇسۇسەن مۇزايغا چوقۇنۇشتەك كۇفرىلىقنى سادىر قىلغانسېرى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلىرىگە ھارام قىلىنمىغان بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلغان ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھتا، زۇلۇمدا، يولسىزلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ

تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ «بۇ نەرسىلەر بۇرۇن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغىمۇ، نۇھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارغىمۇ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگىمۇ ھارام ئىدى» دەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٖۖ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ وَٱلۡغَنَمِ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ شُحُومَهُمَآ إِلَّا مَا حَمَلَتۡ ظُهُورُهُمَآ أَوِ ٱلۡحَوَايَآ أَوۡ مَا ٱخۡتَلَطَ بِعَظۡمٖۚ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِبَغۡيِهِمۡۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ﴾ يەنى ﴿يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا ۋە قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلاشقان ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلار ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ (پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىش ئارقىلىق) ئۇلارنى جازالىدۇق، بىز ئەلۋەتتە راستچىلمىز﴾[1]. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، يەھۇدىيلارغا ھارام قىلىنغان يۇقىرىقى نەرسىلەر نۇھ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنىڭ شەرىئەتلىرىدە ھارام ئەمەس ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ يولسىزلىق قىلمىشلىرىدىن بەزىسىنى بايان قىلدى. يەھۇدىيلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىدىن توسۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى، كۇفرىلىقتا باشقىلارغا باشلامچى بولغانلىقى، كىشىلەرنى يامان ئىشلارغا ئۈندەپ، ياخشى ئىشلاردىن توسقانلىقى، ھەقىقەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغانلىقى، «تەۋرات»تىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق كەلگەن بېشارەتلەرنى بۇرمىلىغانلىقى، جازانە قىلغانلىقى ۋە جازانىنى ھالال ساناپ يېگەنلىكى، ئالداش، پارا ئېلىش، بۇلاش، ئوغرىلاش ۋە قورقۇتۇش قاتارلىق يولسىزلىقلار بىلەن كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى يېۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلىدى.

مەلۇمكى، بۇرۇن ھالال قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ كېيىن ھارام قىلىنىشى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ھۆكۈم ئىدى. ئەمما ئازاب ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارغىلا خاستۇر.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرىنى ۋە بۇ قىلمىشلارنىڭ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 146- ئايەت

جازالىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلىمگە چوڭقۇرلاپ كىرگەن ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم بولغان كىشىلەرنىڭ گۇناھكارلاردىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئى پەيغەمبەر! بىلگىنكى، بۇلار ھىدايەتنى زالالەتكە تېگىشمەيدىغان، ئىلىم ۋە ھىدايەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولغان، ئاللاھ تائالاغا ئىمانى كامىل، ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيى-«قۇرئان كەرىم»گە، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىلەرگە چىن ئىشەنگەن، پەيغەمبەر-لەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئىمان ئېيتقان، نامازلىرىنى ۋاقتىدا، تولۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكاتنى تېگىشلىك بولغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ ئادا قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىدىغان، «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» ياكى «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېمەيدىغان، «بىزنى دوزاخ ئوتى پەقەت ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دېمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قانداق ئىكەنلىكى پەقەت ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قۇلاق سالماسلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقانلىقىدىن ئىدى.

2. يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكى ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس خاراكتېرى بولۇپ، بۇ رەزىللىك ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى بويىچە داۋاملىشىدۇ.

3. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن ۋەدىسىنى بۇزۇپ كەلگەن مىللەتتۇر.

## ◄ پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ھېكمىتى

﴿إِنَّآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ كَمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ نُوحٖ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ
وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ
وَعِيسَىٰ وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَٰرُونَ وَسُلَيۡمَٰنَۚ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ زَبُورٗا
١٦٣ وَرُسُلٗا قَدۡ قَصَصۡنَٰهُمۡ عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُ وَرُسُلٗا لَّمۡ نَقۡصُصۡهُمۡ
عَلَيۡكَۚ وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ تَكۡلِيمٗا ١٦٤ رُّسُلٗا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ

لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ بَعْدَ ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا
حَكِيمًا ﴿١٦٥﴾ لَّٰكِنِ ٱللَّهُ يَشْهَدُ بِمَآ أَنزَلَ إِلَيْكَۖ أَنزَلَهُۥ بِعِلْمِهِۦۖ
وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَشْهَدُونَۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ﴿١٦٦﴾

### تەرجىمىسى

163-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ساڭىمۇ ۋەھيى قىلدۇق، ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىيساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلەيمانغا ۋەھيى قىلغان ئىدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلغان ئىدۇق.

164-(بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا) ئىلگىرى بىز ساڭا بايان قىلغان پەيغەمبەرلەرمۇ، بايان قىلمىغان پەيغەمبەرلەرمۇ بار. ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان ئىدى.

165-بىزنىڭ پەيغەمبەرلەرنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىمىز كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىن (ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا) ئاللاھنىڭ ئالدىدا باھانە كۆرسەتمەسلىكى ئۈ-چۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

166-(ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلمايدۇ) لېكىن ئاللاھ ساڭا ئۆز ئىلمى بىلەن نازىل قىلغان (قۇرئان) ئار-قىلىق (سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ گۇ-ۋاھلىق بېرىدۇ. گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئەھلى كىتابنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. ئاندىن يەھۇدىيلارغا يۈزلىنىپ ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە بويۇنتاۋلۇق بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاسماندىن قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتاب نازىل قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇرۇنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ چوڭراقىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئانىسى

ھەزرىتى مەريەمگە تۆھمەت چاپلىغانلىقى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى قاتارلىق بىر يۈرۈش جىنايەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن.

بۇ ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى شۇ پەيغەمبەرلەر-نىڭ داۋامى، پەيغەمبەرلىكنى تاماملىغۇچى ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ گۇۋاھ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ھەقىقەتنى ئىسپات-لايدىغانلىقىنى ئوچۇقلايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز كامالىي قۇدرىتىمىز ۋە چەكسىز ئىلمىمىز بىلەن خۇددى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغىنىمىزغا ئوخشاش ساڭا بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ۋەھيى قىلدۇق. سەنمۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا پەيغەمبەرسەن. يەھۇدىيلارمۇ مەزكۇر پەيغەمبەر-لەرگە ئىشىنىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ سەندىن ئاسماندىن قەغەزگە يېزىلغان كىتاب چۈشۈرۈپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلغىنى نېمىسى؟! ئەگەر ئۇلار ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە راستتىنلا ئىمان ئېيتقان بولسا، ئەلۋەتتە ساڭىمۇ ئىمان ئېيتقان بولاتتى. چۈنكى ۋەھيى ئەزەلدىن بىردۇر، ئۇ ئۆزگەرگىنى يوق. سېنىڭ ئاخىر زاماندا كېلىدىغان ھەق پەيغەمبەرلىكىڭ توغرۇلۇق بېشارەتلەر ۋە سېنىڭ سۈپىتىڭ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بار.

ۋەھيىنىڭ ھەقىقىتى توغرۇلۇق ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ «تەۋھىد رىسالىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ۋەھيى-ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەنلىكىگە شەكسىز ئىشەنگەندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ دىلىدا پەيدا بولغان مەرىپەتتۇر»[1].

ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر پەيغەمبەرلەردىن نۇھ ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارغا ۋەھيى قىلغىنىمىزدەك، ساڭىمۇ ۋەھيى قىلدۇق ۋە ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدۇق. نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئالاھىدە ئىسمى بىلەن زىكىر قىلىش ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى

---

[1] «رسالة التوحيد للشيخ محمد عبده» 123-بەت.

ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى بولغانلىقى، ئۇنىمۇ قەۋمىنىڭ ئىنكار قىلغانلىقى ۋە قەۋمىنىڭ توپان بالاسىدا ھالاك بولۇپ، ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى يۈزىسىدىن بولسا كېرەك.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كاتتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى»دەپ تونۇلغان. ئەرەبلەر ۋە ئەھلى كىتاب ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشاتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ ئاتىسى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئىدى. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام «ئىسرائىل» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر «ئىسرائىل ئەۋلادى» دەپ ئاتالغان. «قۇرئان كەرىم» دە «ئەسبات» دەپ ئاتالغانلار ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تارماقلىرى بولۇپ، ئۇلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىدۇر. (يەنە بىر قاراشقا كۆرە ئەۋلادلىرىدۇر). بۇ تارماقلارنىڭ سانى 12 بولۇپ، 10ى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ئىككىسى باشقا تۇغقانلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ خۇددى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كۆپەيگەن ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئوخشاش كۆپەيگەن ئىدى.

گەرچە ئىيسا ئەلەيھىسسالام كېيىنرەك كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەييۇب، يۇنۇس، ھارۇن، سۇلەيمان ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىلگىرى زىكىر قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمەت نىشانىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن «زەبۇر»-ئىمام قۇرتۇبىي ئېيتقاندەك - 150 سۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ دۇئا، ھېكمەت، ۋەز-نەسىھەت، تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»دە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن قەۋملەر ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قەۋملەر بولغانلىقتىن، ئۇلارنى بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. «قۇرئان كەرىم» دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ۋە ئۇنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن بەزى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسسىلىرى

باyan قىلىنغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! خۇددى بىز ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن نۇھ، ئىبراھىم، ئىسمائىل قاتارلىقلارنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندەك، سېنىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا «زەبۇر» نى نازىل قىلغاندەك، ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدۇق ۋە سېنى پۈتۈن ئالەملەرگە ئومۇمىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمايدىغاندۇ؟

ئى پەيغەمبەر! ساڭا قىسسىلىرى بايان قىلىنغان مەزكۇر پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرنىڭ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئاللاھ تائالانى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئىنسان ۋە تاش يېقىلغۇ بولىدىغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىدا جازالىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئاللاھقا: ﴿رَبَّنَا لَوۡلَآ أَرۡسَلۡتَ إِلَيۡنَا رَسُولٗا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ مِن قَبۡلِ أَن نَّذِلَّ وَنَخۡزَىٰ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭچۇ! (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ)، بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ئەمەسمۇ؟!﴾[1] دەپ تۇرۇۋالماسلىقى ۋە باھانە تېپىشىنىڭ يوللىرىنى تاقاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسان ئەقلى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ، خۇسۇسەن ئاۋام خەلق نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولىغا باشلايدىغان يېتەكچىلەرگە شۇنچىلىك زور ئېھتىياجلىق تۇرۇقلۇق، ئاخىرەتتىكى ھېساب، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق غەيبنىڭ خەۋەرلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىن تەبىئىتى ساپ، ئەقلى ساغلام كىشىلەرگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك زات بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا قىلغان ھەربىر ئىشىدا شۇنچىلىك ھېكمەتلىك بولۇپ، نۇقساندىن پۈتۈنلەي خالىيدۇر.

---

[1] تاھا سۈرىسى: 134- ئايەت.

ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىنكار قىلىپ، روشەنلىكتە قۇياشتىنمۇ ئوچۇق، ناھايىتى ئېنىق ۋە ھېچ شۈبھىسىز «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمەي ئاسماندىن قەغەزگە يېزىلغان كىتاب چۈشۈرۈپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلغان بولسا، سەن بۇنىڭغا قايغۇرمىغىن، چۈنكى ئاللاھ تائالا سېنىڭ ۋە ساڭا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر. باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىلىم ۋە ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ، ئۇنىڭ بارلىق ئايەتلىرىنىڭ ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان بايانلىرىنىڭ شەكسىز ھەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بېشىدىلا ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر﴾ دېگەن سۆزىدە ئۆزى تەستىقلىدى. ئاللاھ تائالا بۇ كىتاب بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مۇنازىرە ئېلان قىلدى. ئەمما ھەممە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئىنسان ۋە جىنلار بىرلىشىپ بىرگە ھەمكارلىشىپمۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتاب تۈزۈپ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. چۈنكى بۇ ھەممە تەرەپتىن كامالىغا يەتكەن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئېسىل قانۇن پرىنسىپلار ۋە ئۇلۇغۋار تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دۇر!

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ﴿ئاللاھ ساڭا ئۆز ئىلمى بىلەن نازىل قىلغان (قۇرئان)﴾ دېگەن قىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسان سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى مۇ-ھىتىدا بۇنداق بولۇشىنىڭ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوچۇقلىغان. گويا «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، دەيدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدە راستچىلدۇر. ئى پەيغەمبەر! پەرىشتىلەر، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن جىبرىل سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئەلۋەتتە گۇۋاھتۇر. ئاللاھ تائالامۇ ساڭا ئىنسان ۋە جىنلار ھەممىسى بىرلىشىپمۇ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدىغان بۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىش ئارقىلىق سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىدى. شۇنداق بىر ئۇلۇغ مۆجىزە بولغان «قۇرئان كەرىم»نى سەندەك مەكتەپ كۆرمىگەن،

ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر كىشىنىڭ مەيدانغا چىقىرالىشى مۇمكىنمۇ؟! ئېيتقىنكى، ﴿قُلۡ أَيُّ شَيۡءٍ أَكۡبَرُ شَهَٰدَةٗۖ قُلِ ٱللَّهُۖ شَهِيدُۢ بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر﴾[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە بىۋاستە ياكى جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا سۆز قىلغان.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ۋە تۇنجى پەيغەمبەر بولغان بولسىمۇ، كاپىرلار بىلەن مۇجادىلە قىلغان ۋە ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇنجى پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالامدۇر. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى دەپ ئاتالغان.

3. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ كالام (يەنى سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ ئەسىرىدۇر.

4. ئىنسانلارنىڭ ئەقلى، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشتىكى پاك ۋە ساپ تەبىئىتى ئاللاھ تائالانى بىۋاستە تونۇشقا يېتەرلىك بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ھەق يولدا يۈرمىگەنلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە «بىزگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا، بىزمۇ توغرا يولغا ئەگەشكەن بولار ئىدۇق» دەپ باھانە كۆرسىتىشىگە پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ جىمى پەرىشتىلىرى گۇۋاھتۇر ھەم بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغۇچىدۇر.

6. «قۇرئان كەرىم» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم-ھېكمەتلەر، مەرىپەتلەر ۋە مۆجىزىلەر، شۇنداقلا بۇ ئادالەتلىك پىرىنسىپلار ۋە ئەھكاملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 19- ئايەت.

## ◄ كاپىرلارنىڭ جازاسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ قَدۡ ضَلُّواْ ضَلَٰلَۢا
بَعِيدًا ١٦٧ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَظَلَمُواْ لَمۡ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغۡفِرَ لَهُمۡ وَلَا
لِيَهۡدِيَهُمۡ طَرِيقًا ١٦٨ إِلَّا طَرِيقَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ
عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٗا ١٦٩ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَكُمُ ٱلرَّسُولُ بِٱلۡحَقِّ مِن
رَّبِّكُمۡ فَـَٔامِنُواْ خَيۡرٗا لَّكُمۡۚ وَإِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ١٧٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

167-شۈبھىسىزكى، (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلار ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلار ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا پاتتى.

168-شۈبھىسىزكى، (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلارنى ۋە (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى ئاللاھ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، توغرا يولغىمۇ باشلىمايدۇ.

169-ئۇلارنى پەقەت دوزاخنىڭ يولىغىلا قويۇۋېتىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

170-ئى ئىنسانلار! بۇ پەيغەمبەر سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئىمان ئېيتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالساڭلار (بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ سىلەردىن ۋە ئىمانىڭلاردىن بىھاجەتتۇر. چۈنكى) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، كاپىرلارنىڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ

ئايەتلەردە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت شەكسىز ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلار ۋە بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، باشقىلارنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسقانلار، ئۆزىنىڭ ناچار قىلمىشلىرى ۋە يالغان سۆزلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا توسقۇن بولغانلار ھەقىقەتتىن ئىنتايىن يىراقلىشىپ چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا پاتقان ئەشەددىي كاپىرلاردۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئورۇندىكى كاپىرلاردىن ئاۋۋال يەھۇدىيلار، ئاندىن باشقا بارلىق كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئىسلام دىنىغا كىرمەكچى بولغان ئەرەبلەرگە: «تەۋرات»تا مۇھەممەدنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دائىر بىشارەت يوق» دېگەنگە ئوخشىغان يالغان سۆزلەرنى قىلاتتى[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلارنى ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئازدۇرۇپ، ھەم ئۆزلىرىگە ھەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، توغرا يولغىمۇ باشلىمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت دوزاخنىڭ يولىغىلا قويىۋېتىدۇ-دە، ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىپ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى چېكىدۇ. مۇنداق كاپىرلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار دوزاختىن ھەرگىز چىقالمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىدۇر. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى تەۋبە قىلىپ، قايتا ئىمان ئېيتمىغۇچە قەتئىي كەچۈرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەمما ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن چوڭ ۋە كەچۈرۈلمەس گۇناھتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق ھاكاۋۇر كاپىرلارنى جەننەتنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا قويىۋېتىدۇ. دوزاخ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئەڭ يامان جايدۇر. كاپىرلارنىڭ دىللىرى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاتمۇقات كىرلىرى بىلەن قارىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرى كىرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ. ئۇلارنىڭ

---

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1- توم، 578-بەت.

دوزاختا مەڭگۈلۈك جازالىنىشى ئۇلارنىڭ بۇ كاپىرلىقتىكى دەرىجىسىگە يارىشا بولىدۇ. كاپىرلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىش ئاللاھ تائالاغا ئاساندۇر.

ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى تاماملىغۇچى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ھەم خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا بېشارەت بېرىلگەن ھەق پەيغەمبەر سىلەرگە كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر سىلەرگە ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى، ھەقىقەتنى، ياخشىلىقنى، ھىدايەتنى ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ كاپالەتلىك ئۇ-سۇللىرىنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار! چۈنكى بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ، كۇفرىلىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرساڭلار ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرساڭلار، شۇنى ئېنىق بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەردىن ۋە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلاردىن بىھاجەتتۇر. چۈنكى ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارغا ياكى ئىبادىتىڭلارغا قىلچە ھاجىتى يوق. ئاللاھ تائالا سىلەرنى كاپىرلىقىڭلار سەۋەبلىك قاتتىق جازالايدۇ، سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلارغا لايىق قاتتىق جازالارنى بەلگىلەيدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۆزرە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۆلۈمدىن كېيىن جەننەت ياكى دوزاختىن ئىبارەت ئىككىلا يول بار. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر زاتكى، ئۇنىڭغا ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچبىر كۈچ-قۇۋۋەت تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكى بولۇپ، يارىتىش، باشقۇرۇش، ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئىدارە قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا قىلغان ۋە قىلىدىغان ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن، دانالىق بىلەن قىلىدىغان زاتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كۇفرىنىڭ ئەڭ چوڭى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇش ۋە زۇلۇم قىلىشتۇر. مانا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ كۇفرىلىقىدۇر.

2. ئىنسانلار زالالەت پاتقاقلىرىغا پېتىپ، يامانلىقتا ۋە بۇزغۇنچىلىقتا قانچىلىك ھەددىدىن ئاشقانسېرى ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋە ھەقىقەتكە قايتىشى شۇنچىلىك قىيىن بولىدۇ، ئەگەر شۇ پېتى ئۆلسە دوزاختا

مەڭگۈ قالىدۇ.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئومۇمىي پەيغەمبەردۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى چەكسىز، ھېكمەتلىرى مول بولۇپ، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىلىم ۋە ھېكمەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

### «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام

﴿يَـٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَـٰبِ لَا تَغۡلُواْ فِي دِينِكُمۡ وَلَا تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا
ٱلۡحَقَّۚ إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ
إِلَىٰ مَرۡيَمَ وَرُوحٞ مِّنۡهُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۖ وَلَا تَقُولُواْ ثَلَٰثَةٌۚ
ٱنتَهُواْ خَيۡرٗا لَّكُمۡۚ إِنَّمَا ٱللَّهُ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ سُبۡحَٰنَهُۥٓ أَن يَكُونَ لَهُۥ
وَلَدٞۘ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلٗا ١٧١ لَّن
يَسۡتَنكِفَ ٱلۡمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبۡدٗا لِّلَّهِ وَلَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ٱلۡمُقَرَّبُونَۚ
وَمَن يَسۡتَنكِفۡ عَنۡ عِبَادَتِهِۦ وَيَسۡتَكۡبِرۡ فَسَيَحۡشُرُهُمۡ إِلَيۡهِ جَمِيعٗا
١٧٢ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمۡ أُجُورَهُمۡ
وَيَزِيدُهُم مِّن فَضۡلِهِۦۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسۡتَنكَفُواْ وَٱسۡتَكۡبَرُواْ فَيُعَذِّبُهُمۡ
عَذَابًا أَلِيمٗا وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ١٧٣﴾

### تەرجىمىسى

171-ئى ئەھلى كىتاب (يەنى خىرىستىيانلار)! دىنىڭلار توغرىسىدا ھەددىڭلار-دىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەق گەپنىلا قىلىڭلار. مەسىھ- مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئاللاھنىڭ مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر[1]، ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر. شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، «(ئاللاھ) ئۈچتۇر»[2] دېمەڭلار، بۇ

---

[1] يەنى ئاللاھنىڭ «بول!» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر.

[2] خىرىستىيانلارنىڭ بەزىسى«ئاللاھ، مەريەم ۋە ئىيسا ئۈچى بىر ئىلاھتۇر» دېسە، يەنە بەزىسى«ئاللاھ، ئىيسا ۋە رۇھۇلقۇدۇس ئۈچى بىر ئىلاھتۇر» دەيدۇ.

ئېتىقادىڭلاردىن يېنىڭلار، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، بالىلىق بولۇشتىن پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ يېتەرلىك ھامىيدۇر.

172ـ مەسىھمۇ، (ئاللاھقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن (بىلىپ قويسۇنكى)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ.

173ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۆز پەزلىدىن (نېمىتىنى) ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، (ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، يەھۇدىيلارنى توغرا سۆز ۋە توغرا ئىش قىلىشقا، ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا چاقىرغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە خرىستىيانلارنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توغرا ۋە ھەققانىي يول تۇتۇشقا، ئۇنى «ئىلاھ» دېۋالماستىن، «ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى» دەپ ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئەھلى كىتابتىن بولغان خرىستىيانلار! سىلەر يەھۇدىيلارغا ئوخشاش دىن ئىشلىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى زىنا قىلغان دەپ تۆھمەت قىلىدىغانلاردىن بولماڭلار ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىپ «ئىيسا ـ ئاللاھتۇر»، «ئىيسا ـ ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دەپمۇ ئېتىقاد قىلماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن پەقەت ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەدىن كەلگەن، شەك قوبۇل قىلمايدىغان، ئەقلىي دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ھەق ۋە توغرا گەپنىلا قىلىڭلار. ئاللاھ تائالانى شېرىكى ياكى بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار. چۈنكى «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» ياكى «ئىيسا ـ ئاللاھتۇر» دېيىش ئويپۇچۇق تۆھمەت، يالغان، خۇراپات ۋە بۇتپەرەسلىكتۇر. مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار،

شۇنداقلا جىمى پەيغەمبەرلەر بۇنداق تۆھمەتلەرگە ھەرگىز رازى ئەمەستۇر.

ھەقىقەتەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئەر تائىپىسى يېقىن كېلىپ باقمىغان، پاك، راستچىل، ئىپپەتلىك ئايال ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ «كن» يەنى (بول!) دېگەن ئەمرى ئارقىلىق ھەزرىتى مەريەمنىڭ قورسىقىدا پەيدا قىلغان. ھەزرىتى مەريەم ئىنتايىن پاك ئايال بولۇپ، ئۇ پاك ئۆسكەن ۋە پاك ياشىغان، ئاللاھ تائالا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا تەيىنلىگەن، «قۇرئان كەرىم» ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىغان، تەقۋادار، ئۇلۇغلۇق ئايال ئىدى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقلاردىن توساتتى، ئۇلارنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى، ئاللاھ تائالاغا كۇفرىلىق قىلىش ۋە شېرىك كەلتۈرۈش قاتارلىق يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلاتتى، ئۇلارنى دۇنيادا تەقۋادارلىققا ئۈندەيتتى، ئاخىر زامان پەيغەمبىرىدىن بېشارەتلەرنى بېرەتتى. ﴿وَإِذْ قَالَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ يَٰبَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَمُبَشِّرًۢا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِنۢ بَعْدِي ٱسْمُهُۥٓ أَحْمَدُ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبىرىمەن» دېگەن ئىدى﴾[1].

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بول!﴾ دېگەن سۆزىدىن تۆرەلگەن پەيغەمبەردۇر. ﴿وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ﴾ يەنى ﴿ئۇ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ‹بول!› دەيدۇ-دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ﴾[2].

توغرا، ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە ھەقىقىي سەۋەبلىرى بولىدۇ، ئىككى جىنسنىڭ ئۇچرىشىشى بالا تۆرىلىشنىڭ ئاشكارا سەۋەبى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆرىلىشىدە بىرىنچى سەۋەب تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئىككىنچى سەۋەب ئەلۋەتتە

---

[1] سەف سۈرىسى: 6-ئايەت

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 47- ئايەت.

تېپىلغان. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بول!﴾ دېگەن كەلىمىسىنىڭ ئەسىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كەلىمىنى پەرىشتە جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەزرىتى مەريەمگە ئىلقا قىلغان (يەنى تاشلىغان). ﴿إِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِّنْهُ ٱسْمُهُ ٱلْمَسِيحُ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ وَجِيهًا فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ وَمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ (‹بول!› دېگەن كەلىمىسى (ئارقىلىق تۆرىلىدىغان بىر پەرزەنت) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەريەم ئوغلى مەسىھ ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولىدۇ﴾[1].

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن كەلگەن بىر روھ بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەردۇر. ئۇ خرىستىيانلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئاللاھ تائالادىن بىر پارچە ئەمەستۇر. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن بىر پارچە بولۇپ قالغان بولاتتى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىنىڭ ۋاستىسىز يارىتىلغانلىقى راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىك ئىشمۇ؟ بۇ سەۋەبتىن خرىستىيانلار ھەقىقەتتىن ئېزىپ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ، روھۇلقۇدۇس ۋە ئىيسادىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەيدىغان كۇفرى ئېتىقادنى تاللىدىمۇ؟ ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاتىنىڭ ۋە ئانىنىڭ ۋاستىسىز يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋا ئۇنىڭدىن يارىتىلغان ئەمەسمۇ؟

«جانلىقلارنىڭ ئەسلىسى توغرۇلۇق ‹تۇخۇم بۇرۇنمۇ ياكى چۈجىمۇ؟› دېگەن سوئالغا ئۆلىمالار مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: ‹مەيلى تۇخۇم بۇرۇن يارىتىلغان بولۇپ، ئاندىن چۈجە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان بولسۇن، مەيلى بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنىڭ ئەسلىسىنى (يەنى ئەڭ ئاۋۋالقىسىنى) بىزگە تونۇشلۇق بولغان قائىدە-يوسۇن بويىچە جۈپلەشتۈرمەستىن، ئۆزىگە خاس ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن يوقتىن پەيدا قىلغان زات- ئاللاھ تائالادۇر!› »[2].

بەزى خرىستىيانلارنىڭ ﴿ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر﴾ دېگەن ئايەتنى «ئىيسا-ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر»، «ئىيسا-ئاللاھتىن بىر پارچىدۇر» دەپ چۈشىنىۋېلىشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر! خرىستىيانلارنى بۇنداق

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 45- ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 1- توم، 467- بەت.

خۇراپاتلارغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە قەدىمقى مىسىر، يۇنان ۋە رىم بۇددىستلىرىنىڭ خۇراپاتلىرى ۋە بىراھما دىنىنىڭ تەسىرى ئىدى. چۈنكى بۇ باتىل دىنلاردىمۇ «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدىغان ئېتىقاد مەۋجۇت.

توغرا، ئەسلى خىرىستىيانلىق ئاللاھ تائالانى مەۋجۇتلۇقىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا يەككە-يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت «تەۋھىد» ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان ھەقىقىي ساماۋى دىندۇر. ئەمما خىرىستىيان چېركاۋلىرى ھەر خىل باتىل دىنلارنىڭ خۇراپاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خىرىستىيان ياشلىرىغا مەجبۇرىي تېڭىش ئارقىلىق، بۇ دىننى خۇراپاتقا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە جىمى خىرىستىيانلارنى خۇراپات ۋە ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پاتۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇنداق خۇراپىي دىندىن زېرىكىپ، كۆپ قېتىملىق كۈرەشلەرنى قىلىپ، ئاخىرى چېركاۋلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلغان ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلاپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك شەنىگە لايىق ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئۇنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىشتەك ئاشقۇنلۇقىغا رەددىيە بەرگەندىن كېيىن، خىرىستىيان چېركاۋلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلارنىڭ خاھىشلىرىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ئۇنىڭغا قارشى چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى رەت قىلىشقا، ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنى ئاللاھ سۆزى ئەمەس دەپ، تۆھمەت قىلىشقا باشلىغان. ﴿ذَٰلِكَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَۖ قَوۡلَ ٱلۡحَقِّ ٱلَّذِي فِيهِ يَمۡتَرُونَ﴾ يەنى ﴿ئەنە شۇ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر، ئۇلار شەك قىلىۋاتقان ھەق سۆز (مۇشۇدۇر)﴾[1]. بەزى خىرىستىيان مۇتەپەككۇرلىرىمۇ بۇ پىكىردە بىز بىلەن ئورتاقتۇر. شەيخ مۇھەممەد رەشىد رىزا «مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەپسىرى» 6-تومدا ۋە ئەللامە رەھمەتۇللاھ ھىندى «اظهار الحق» (ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىش) ناملىق ئەسىرىدە، بەزى خىرىستىيان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇ ماۋزۇدا ئېيتقان ئىنساپلىق سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ تۇغۇلمىغانلىقىغا، بالىلىق بولمىغانلىقىغا ۋە ئىلاھلىقتا يېگانە، تەڭداشسىز ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ

[1] مەريەم سۈرىسى: 34-ئايەت.

تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىڭلار، «ئۈچ ئىلاھ سەپسەتىسى»نى تاشلاڭلار، چۈنكى بۇنداق ئېتىقاد قىلىش شېرىك ئەقىدىسى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ «تەۋھىد(ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش)»تىن ئىبارەت دىنىغا خىلاپ بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئەقىلغىمۇ مۇۋاپىق ئەمەستۇر. چۈنكى «بىر» قانداق بولۇپ «ئۈچ» بولۇپ قالسۇن؟! ئىلاھ قانداقمۇ ئۆز مەخلۇقاتلىرىدا ئورۇن ئالسۇن؟! ئىلاھنىڭ تەبىئىتى بىلەن مەخلۇقاتنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش بولمىسا، ئۇلار قانداقمۇ بىرسى يەنە بىرسىدە بىرلەشسۇن؟! ئىلاھ يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ. ھالبۇكى، مەخلۇقات يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى تەرىپلىگەن سۆزىدىمۇ: ﴿مَّا ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَ إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِ ٱلرُّسُلُ وَأُمُّهُۥ صِدِّيقَةٞۖ كَانَا يَأۡكُلَانِ ٱلطَّعَامَۗ﴾ يەنى ﴿مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال ئىدى، ئۇ ئىككىسى (باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا) تاماق يەيتتى﴾[1] دېگەن. يەنى بۇ ئىككىسى سىلەر ئېتىقاد قىلغاندەك ئىلاھ ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇلار باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا يەپ، ئىچىدىغان، ئۇخلاپ دەم ئالىدىغان ئىنسان ئىدى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىر پەيغەمبەر-دۇر. ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۆجىزىمۇ خۇددى باشقا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەردەك تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن ھېسابلاشماستىن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەنلا مەيدانغا كەلگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئى خىرىستىيانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەۋالىسىلەر؟ سىلەر بۇ باتىل ئېتىقا-دىڭلاردىن يېنىڭلار ۋە توغرا گەپنى قىلىڭلار. چۈنكى ھەقىقەتنى سۆزلەش ۋە توغرا گەپنى قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى ياكى بالىسى ۋەياكى ھەمراھى يوقتۇر!

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەرگىز ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ئەمەس. چۈنكى بالىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۇنىڭغا بىر ئانىنىڭ بولۇشىنى ۋە بۇ ئانىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالاغا

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 75- ئايەت.

لايىق كېلەمدۇ؟! بالىلىق بولۇش مەخلۇقاتقا خاس ئەھۋال تۇرسا، ئاللاھ تائالانى قانداقمۇ مەخلۇقاتقا ئوخشاتقىلى بولسۇن؟!

ئى ئىنسانلار! شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، ئاسمانلار بىلەن زېمىندىكى جىمى مەۋجۇدات مەيلى ئېگىدارچىلىق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى يارىتىش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى باشقۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكىدۇر. ﴿إِن كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدٗا ۝٩٣ لَّقَدۡ أَحۡصَىٰهُمۡ وَعَدَّهُمۡ عَدّٗا﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا رەھمان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بەندە بولۇپ كەلمەيدىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى (ئىلمى بىلەن) قورشىدى ۋە سانىنى تولۇق ئېگىلىدى﴾[1].

ئاللاھ تائالاغا بەندىلىكتە پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە جىمى ئىنسانلار ئوخشاشتۇر. ئۇلار قانداقمۇ بالىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسۇن؟! ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش پەرزەنت كۆرۈش ئارقىلىق نام-نىشانىسىنىڭ يادلىنىشىغا، مىراسىنى قالدۇرۇشقا ۋە خىزمەتلىرىگە سېلىپ پايدىلىنىشقا موھتاجمۇ؟ ياق! ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممىنى باشقۇرۇپ ھەم پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە ھەممە يوق بولغاندىمۇ مەڭگۈگە داۋام قىلغۇچى زات-ئاللاھ تائالا ھەممىگە يېتەرلىك ھامىيدۇر.

«ئىيسا ئەلەيھىسسالام ‹يۇھەننا ئىنجىلى›دا ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ‹ئى ئاللاھ! بۇ مەڭگۈلۈك ھايات ئۇلارنىڭ سېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىڭنى بىلىشى ۋە سەن ئەۋەتكەن يەسۇئ مەسىھنى تونۇشى ئۈچۈندۇر›. بۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان سۆزىدۇر. دېمەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ ئۆتكەن. چۈنكى يارىتىلىش ۋە كۈچ جەھەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈن بولغان پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندە ئىكەنلىكتىن باش تارتمايدىغانلىقى تۇرغان يەردە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندە بولۇشتىن باش تارتىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە كاتتىلىقىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالاغا بەندە ئىكەنلىكىدىن باش تارتىپ تەكەببۇرلۇق قىلغان،

[1] مەريەم سۈرىسى: 93-94- ئايەتلەر.
[2] «التفسير الواضح» 1- توم، 469- بەت.

مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە ئاللاھ تائالانى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا توپلىنىدۇ ۋە قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالىرىنى تارتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتلىرى تولۇق بېرىلگەنىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارغا نېمەتلىرىنى ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كەڭ ئاتا-ئېھسان ئىگىسىدۇر.

ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقان مۇتەكەببىرلەرگە كەلسەك، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار ياكى دوست تېپىلمايدۇ. ﴿يَوۡمَ لَا تَمۡلِكُ نَفۡسٞ لِّنَفۡسٖ شَيۡـٔٗاۖ وَٱلۡأَمۡرُ يَوۡمَئِذٖ لِّلَّهِ ١٩﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۇ كۈندە ھۆكۈم تامامەن ئاللاھقا خاستۇر﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىشلارنى شەرىئەت بەلگىلىگەن چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بارچە بەختسىزلىكلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر. چۈنكى ھەرقانداق ئازغۇنلۇق ۋە بىدئەتلەر شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن بىلمىگەن نەرسىسىنى سۆزلەش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەش ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتقانلىقتۇر.

3. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئانىسى ھەزرىتى مەريەمگە چۈشۈرۈلگەن «بول!» دېگەن كەلىمىدىن تۆرەلگەن پەيغەمبەردۇر.

4. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

5. ئاخىرەتتە جەننەت ياكى دوزاختىن ئىبارەت ئىككىلا يول باردۇر.

---

[1] ئىنفىتار سۈرىسى: 19- ئايەت.

### ◄ ئومۇمىي دەۋەت

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَكُم بُرۡهَٰنٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ
نُورٗا مُّبِينٗا ١٧٤ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱعۡتَصَمُواْ بِهِۦ فَسَيُدۡخِلُهُمۡ
فِي رَحۡمَةٖ مِّنۡهُ وَفَضۡلٖ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَيۡهِ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ١٧٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

174-ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن كەسكىن دەلىل كەلدى، سىلەرگە ئوپئوچۇق نۇر (قۇرئان) نى نازىل قىلدۇق.

175-ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، ئىماندا چىڭ تۇرغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ ۋە ئۇلارنى (جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان) توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، يەھۇدىيلارنىڭ، ئاندىن خىرىستىيانلارنىڭ باتىل ئېتىقادىغا ۋە خاتا چۈشەنچىلىرىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى بىتچىت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇناپىقلارنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتلەردە بولسا كىشىلەرنى پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرى خۇددى كۈندۈزدىكى نۇرلۇق قۇياشتەك ئوپئوچۇق تۇرغان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ئاخىرقى ساماۋى كىتاب-«قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ، شۇنداقلا ئىمان ئېيتقانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىكى شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت روشەن ۋە كەسكىن دەلىل كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۆگىتىدۇ، ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىمان ئېيتىش ۋە قانداق ئىبادەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلارغا ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

ئۇ بىرەر مەكتەپ كۆرمىدى، بىرەر مۇئەللىمدە تەربىيە ئالمىدى، ئۇ ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۈنداق كاتتا بىر دىنىنىڭ پەيغەمبىرى بولۇپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىن باشلاپلا «ئىشەنچلىك ۋە راستچىل» دېگەن ئىسىمنى ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن تونۇلغان بولسا، 40 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنىڭ تەربىيەسىدە ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل- چارىلەرنى قوللىنىپ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. ئۇ قىلغان ھەربىر ئىشىدا-مۇئامىلىسىدە، دەۋەت ئۇسۇلىدا، سىياسەتتە، باشلامچىلىقتا، قوماندانلىقتا ۋە ئىبادەتلىرىدە-كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئەڭ ئۆچمەس ئۈلگىلەرنى ياراتتى.

توغرا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرەر مەكتەپ كۆرۈپ باقمىدى، ئەمما ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، ئۆگەتتى، قوللىدى ۋە كۈچلەندۈردى. شۇڭا ئۇ ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە جانلىق دەلىل بولۇپ كەلدى ۋە شۇنداق تونۇلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ھاياتىدا بىر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغانلىقى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە روشەن دەلىل ئىدى. ئۇنىڭغا قارشى سەپ تۈزگەن مۇشرىكلارمۇ ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ماختايتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەت قوياتتى.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك پەيغەمبەر بىلەن بىرگە سىلەرگە يەنە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت روشەن ۋە پارلاق نۇرنى نازىل قىلدى. ساختىلاشتۇرۇلغان يەھۇدىيلىق، بۇزۇلغان خىرىستىيانلىق ۋە ئەۋج ئالغان بۇتپەرەسلىك تۈپەيلىدىن ھەقىقەتنى ھېس قىلىدىغان دىللار ئۆلگەن، ھەقنى كۆرىدىغان كۆزلەر كور بولغان، ھەقنى ئاڭلايدىغان قۇلاقلار گاس بولۇپ كەتكەن بىر ئومۇمىي ۋەزىيەتتە «قۇرئان كەرىم» يەر شارىدا تۇنجى قېتىم پارلاش بىلەن كائىناتقا نۇر چاچتى، قەلبلەرنى يورۇتتى، ۋىجدانلارنى تىرىلدۈردى، ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالاغا توغرا يوسۇندا ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتى.

«قۇرئان كەرىم» ئېتىقاد ۋە ئىبادەت مەسىلىلىرىدىن باشقا، سىياسەت، ئىقتىساد، جەمئىيەت، تەرەققىيات، ئىلىم-پەن، تەبىئەت، ئۇرۇش تاكتىكىسى، تىنچلىق پىرىنسىپى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ كىتابتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك مەھكەم ئارغامچىسى ۋە روشەن نۇرىدۇر. مۆھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك ۋە روشەن دەلىل بىلەن«قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ ساماۋى نۇر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئەقلىنى ئىشلەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك دىنىنىڭ ۋە بۇ دىنىنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىگە مۆھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوپئوچۇق پاكىت ئىكەنلىكى خۇددى قۇياشتەك ئاياندۇر!

ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا چىڭ باغلانغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرىغا ئەگەشكەن ۋە ئىسلام دىنىغا مەھكەم ئېسىلغانلارنى ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىگە ئېلىپ بارىدىغان داغدام ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرگەنلەر بۇ دۇنيادا ھۆرمەت، ئىززەت ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشكىنىدەك، ئاخىرەتتە جەننەت، ئېسىل مەرتىۋە ۋە مەڭگۈلۈك ئامانلىققا ئېرىشىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنىنىڭ دەۋىتى بارلىق ئىرق ۋە مىللەتكە ئومۇمىي دەۋەتتۇر.

2. مۆھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى- گۈزەل ئەخلاقى، راستچىل-لىقى، پەزىلىتى، شانلىق ئىش - ئىزلىرى ئىسلام دىنى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە روشەن دەلىلدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشى ۋە ئىنسانىي كامالەتكە يۈكسىلىشى يولىدا چاقنىغان نۇردۇر.

4. ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك رەھمىتىگە نائىل بولۇشنىڭ يولى «قۇرئان كەرىم» بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋە ئەمەل قىلىشتۇر.

### مىراستا قېرىنداشلارنىڭ ھەقلىرى

﴿يَسۡتَفۡتُونَكَ قُلِ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ فِي ٱلۡكَلَٰلَةِۚ إِنِ ٱمۡرُؤٌاْ هَلَكَ لَيۡسَ

لَهُۥ وَلَدٌ وَلَهُۥٓ أُخْتٌ فَلَهَا نِصْفُ مَا تَرَكَۚ وَهُوَ يَرِثُهَآ إِن لَّمْ يَكُن لَّهَا
وَلَدٌۚ فَإِن كَانَتَا ٱثْنَتَيْنِ فَلَهُمَا ٱلثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَۚ وَإِن كَانُوٓا۟ إِخْوَةً
رِّجَالًا وَنِسَآءً فَلِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ ٱلْأُنثَيَيْنِ ۗ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ أَن
تَضِلُّوا۟ ۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌۢ ﴿١٧٦﴾

## تەرجىمىسى

**176-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئاتىسى ۋە بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولۇپ بالىسى بولمىسا، پەقەت بىرلا ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ ھەمشىرىسى مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ؛ ئەگەر (بۇ ھەمشىرە ۋاپات بولۇپ) ئۇنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ مىراسىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر (ئۇ كىشىنىڭ) ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ئۈلۈشى بېرىلىدۇ. (ھەقىقەتتىن) ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر».**

## نازىل بولۇش سەۋەبى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن قاتتىق كېسەللىكتىن ئەس-ھوشۇمنى بىلمەي ياتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يوقلاپ كېلىپ، تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ماڭا سۇ چېچىۋىدى، مەن ھوشۇمغا كەلدىم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاتىسى ياكى بالىسى يوق كىشىنىڭ مىراس قالدۇرۇشى توغرۇلۇق سورىۋىدىم، شۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىراس توغرۇلۇق بۇ ئايەت نازىل بولدى»[1].

ئەللامە خەتتابى[2] مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئاتىسى ياكى بالىسى يوق ئادەمنىڭ مىراسى توغرۇلۇق ئىككى ئايەت نازىل قىلغان. بىرىنچىسى قىش پەسلىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى

[1] «صحيح مسلم» 3-توم، 1235-بەت، 1616-ھەدىس.

[2] ئەبۇ سۇلەيمان مۇھەممەد خەتتابى (931-988) شافىئىي مەزھىپىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرى، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئىلىملەردە تونۇلغان ئالىم.

تەپسىلىي مىراس ئايىتى، ئەككىنچىسى ياز پەسلىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بۇ سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدۇر. بۇنىڭدا تولۇق بايان بار»[1].

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەندىن ئاتىسى ياكى بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسىنى قانداق تەقسىم قىلىش توغرۇلۇق سورىشىدۇ. بىراۋ ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئاتىسى ياكى بالىسى بولماي، پەقەت ئاتا تەرەپتىن ياكى ئاتا ـ ئانا تەرەپتىن بولغان بىرلا ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ ھەمشىرىسى مېيىتنىڭ مىراسىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغۇل قېرىندىشى بولسا ۋە ئۆلگۈچى ئايالنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ ئايالنىڭ مىراسىنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر ئوغۇل قېرىندىشى ئالىدۇ.

مېيىتنىڭ مىراسىنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك ئالىدىغانلار ئىككى قىز بولسا، ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى ئىككىدىن كۆپ بولسىمۇ شۇنداق ئالىدۇ. يەنى ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ھەممىسى بىرلىكتە ئېلىپ، ئاندىن ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن بۆلۈشىدۇ.

ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ مىراس تەقسىم قىلىش ئىشلىرىدا خاتالىشىپ قالماسلىقىڭلار ۋە توغرا رەۋىشتە ئىش ئېلىپ بېرىشىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، بۇ ئايەتلەرنى سىلەرگە بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. سىلەر بۇ ئەھكاملارغا ئىزچىل ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى بۇ ئەھكاملار سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە بەرىكەت مەنبەسىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىش پەزىلەتتۇر. سوراشتىن خىجىل بولماسلىق كېرەك.

2. كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىنىڭ ۋەھيى يولى بىلەن جاۋابلاندۇرۇلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى، كۆرگۈچى، بىلگۈچى ۋە تەقدىر قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ھەم

[1] «معالم السنن للخطابي» 4 ـ توم، 94 ـ بەت.

ئىلمىي ھەم ئەمەلىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

3. ئىسلام دىنىدىكى مىراس قانۇنى ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئەڭ ئىلغار قانۇندۇر.